خۇاڭ جيەنخۇا

# گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەخمەت پاسار

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# كىرىش سۆز

## 1

1928 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ياڭ زېڭشىن مىللىي ھۆكۈمەت (گومىن جېڭفۇ)نى ھىمايە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تېلېگرامما يوللىغاندىن تارتىپ، 1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا 21 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مۇشۇ 21 يىللىق شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەر ئاز ئەمەس، مەملىكىتىمىزدىكىلەردىن جاڭ داجۈننىڭ «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»[1] دېگەن كىتابى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۈچ قىسىم[2]، بەي جېنشېڭ بىلەن لىيۇەن شىنيى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي - ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»[3]، جۇ پېيمىن يازغان «شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي تارىخى»[4]، لى شېڭ يازغان «شىنجاڭنىڭ سوۋېت (روسىيە) بىلەن بولغان سودا تارىخى (1600 - 1990 - يىللار)»[5]، سەي جىنسۇڭنىڭ «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا»[6] دېگەن ئەسىرى، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»[7]، چېن خۇيشېڭ بىلەن چېن چاۋ يازغان «مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخى»[8] دېگەنلەر بار؛ چەت ئەللىكلەردىن فورېس يازغان «شىنجاڭ مىلىتارىستلىرى ۋە مۇسۇلمانلار: 1911 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە داۋام قىلغان مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى»[9] دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلەر بار. ئەمما بۇ ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ تېمىسى ۋە تۈزۈلۈشى بىلەن چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردا گومىنداڭ

ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن سىياسىتى مەخسۇس، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنمىغان. مۇشۇ مەخسۇس تېمىغا ئائىت ماقالىلەردىن پېقىرنىڭ «گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى ھەققىدە مۇلاھىزە»[10]، «مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭنى شىبىڭ شىسەي قولىدىن پەم بىلەن تارتىۋېلىش يولىدىكى ئىككى قېتىملىق پىلانى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەر توغرىسىدا تەھلىل»[11] دېگەن ماقالىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇشۇ مەسىلە مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىنغان ماقالە تا ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچكى جەھەتتە مىللىي ماجىرا بولۇۋاتقان، تاشقى جەھەتتە خەلقئارا مۇھىتى مۇرەككەپ بولۇۋاتقان شىنجاڭنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋاقىت ۋە يەر شارائىتىغا قاراپ بىر مۇنچە سىياسەت، تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ياكى ساقلاپ قېلىشنى كۆزلىگەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ مەزمۇنى، ئۇنىڭ ئۆزگىرىش يوللىرى ۋە پايدا-زىيانلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش بۈگۈنكى كۈندە چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەينەكلىك قىممىتىگە ئىگە.

بۇ تېما ئۈستىدىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش مەلۇم دەرىجىدە قىيىن: بىرىنچىدىن ئىلمىي ساھەسىدە ئۆرنەك قىلىشقا بولىدىغان تەييار تەتقىقات رامكىسى كەمچىل؛ ئىككىنچىدىن مۇشۇ مەخسۇس تېمىغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنىڭ تېپىلىشى ھەم رەتلىنىشى يېتەرسىز، بىر مۇنچە ماتېرىياللار تولىمۇ تارقاق جايلاشقانلىقى ئۈچۈن يىغىش، رەتلەش بەكمۇ تەس؛ ئۈچىنچىدىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسى شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ جۇڭگو ۋە دۇنيادا تۇتقان مۇھىم ئورنىغا تولىمۇ زىت بولغان[12]. شىنجاڭ ھەققىدىكى بىر مۇنچە

سىياسەتلەر ۋاقىت ۋە ئىشقا قاراپ تۈزۈلگەچكە ئۇلارنى سىستېمىلىق رەتلەش تەس. پېقىر ئۆزۈم ئۇچراتقان ئارخىپ، كىتاب ـ ماتېرىياللارنى تور يېيىتىش شەكلىدە يىغىپ باققان بولساممۇ، لېكىن يەنىلا ماتېرىيال يېتىشمەسلىكىدىن ئەپسۇسلاندىم، ئۈمىدىمنى كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ يېڭى ماتېرىياللار تېپىلسا شۇنىڭ بىلەن تولۇقلاشقا باغلىدىم. خالاس.

## 2

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا نامدا 21 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئەمما 1928 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئەمەلىيەتتە مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيلەرنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا تۇرغان. ئۇلار كۆرۈنۈشتە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بويسۇنغاندەك قىلغان، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىمۇ مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «كېيىن ئېتىراپ قىلىنغان»؛ ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلارنى مەركىزىي ھۆكۈمەت كونترول قىلالمىغان، ئۇلار شىنجاڭ سەددىچىنىنىڭ سىرتىدا تەنھا تۇرۇۋاتقان بېكىنمە جۇغراپىيىۋى شارائىتتىن پايدىلىنىپ بۆلۈنمە ھالەتتە ھۆكۈم سۈرگەن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەمر ـ پەرمانلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغانلىرىنى ئىجرا قىلىپ، ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولمىغانلىرىغا كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلغان بولۇپ، ئاستىرىتتىن خىلاپلىق قىلغان، يا بولمىسا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغان. شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ئارىسىدا خەت ـ ئالاقە يۈرۈشۈپ تۇرغان، ئەمما ئۇنىڭ تولىسى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئۇقتۇرۇپ قويۇش ياكى ئەنگە ئالدۇرۇش توغرىسىدىكى خەت ـ ئالاقىلەرلا بولغان. ئىچكى

ئىشلار ۋە دىپلوماتىيىگە ئائىت مەسىلىلەرنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بىلدۈرۈشنى ئەپسىز كۆرگەنلىرىنى مەخپىي تۇتۇپ ئاشكارىلىمىغان. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئىش-ھەرىكەتلىرى ئارىسىدا جەزمەن مەلۇم باغلىنىش بار دېگەننى كۆزلىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى دېگەن نامنى بېرىشنى لازىم تاپقان بولسا، كۆپىنچە زورمۇزور قۇراشتۇرۇپ، شەكلىنى ئوخشاتقانۇ، روھىنى باشقىچە قىلىۋەتكەن. ئەمما بۇ ھال شۇ كەملەردە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا قارىتا سىياسەت قوللانمىغان دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ، قوللانغان سىياسىتى ئاساسەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭنى قانداق يول بىلەن كونترول قىلىشى ئۈستىدىلا ئىپادىلەنگەن. 1944-يىلى 9-ئايدا جۇ شاۋلياڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ «ۋاقىتلىق مۇۋەققەت» رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان چاغدىن تارتىپ 1949-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى چىن مەنىدە كونترول قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا بۇ كىتابتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ بايان قىلىندى: بىرىنچى قىسمى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىش ئۈچۈن قانداق ئاماللارنى قىلغانلىقى (1928-يىلى 6-ئايدىن 1944-يىلى 8-ئايغىچە)، ئىككىنچى قىسمى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا قانداق يول بىلەن بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى (1944-يىلى 9-ئايدىن 1949-يىلى 9-ئايغىچە).
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەش يىلدا، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسىنى يادرو قىلىپ تەشكىل تاپقان يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن، مەركەز يەرلىك ھوقۇقنى يىغىۋېلىش ۋە قويۇپ بېرىشتە يۇقىرى دەرىجىدىكى مۇستەقىللىق ھوقۇقىغا، يەرلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاخىرقى قارار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، يەرلىك

ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قانداق دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى مۇستەقىل بىر
تەرەپ قىلىشىغا يول قويمىغان.[13] شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى
مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىگە شەرتسىز بويسۇنۇپ، مەركىزىي
ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلغان.[14] ھەممىدىن مۇھىم
نۇقتا شۇكى، مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسىنى
خالىغاندا ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان ۋە ۋەزىپىدىن ئېلىۋېتىدىغان
مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە بولغان. ئەنە شۇ جەھەتلەردىن كۆزىتىدىغان
بولساق، شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە مەركىزىي
ھۆكۈمەتنىڭ «ۋاكالەتلىك» ئورگىنى بولغانلىقىنى كۆرۈمىز.
شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ چاغدا تۇتقان ئەنە شۇ ئەمەلىي
ئورنىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ كىتابتا شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ
سىياسەتلىرىمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىگە تەۋە
قىلىندى.

شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولغانلارنىڭ ھوقۇقىنىڭ چوڭ-
كىچىكلىكى خادىملارنىڭ ئالمىشىشى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر-
بىرىدىن پەرقلەنگەن[15]. ئەمما بۇنداق پەرق ئاساسەن ئۆلكە
رەئىسىنىڭ جياڭ جيېشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق-
يېقىنلىقىغا باغلىق بولۇپ، ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى
قىسمىدا شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە سىياسەت بەلگىلەش ۋە
ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى تەقسىم قىلىش جەھەتتە كۆرۈلگەن ئازغىنا
تەڭشەشتىن ئىبارەت بولغان خالاس. جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ
ئىچىدىكى «ئاڭلىق» زاتلاردىن ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ شىنجاڭ
ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى
ھاكىمىيىتىنىڭ ماھىيىتىگە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن، چۈنكى
شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا بىر قەدەر
«ئاڭلىق» بولغان جاڭ جىجۇڭنى بەلگىلىگەن كىشى يەنىلا جياڭ
جيېشى ئىدى، «ئاڭلىق» جاڭ جىجۇڭنى ئىشقا سېلىش
گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ بىر مەھەللىك

ئېھتىياجى ئىدى، خالاس. شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەربابلىرى، مەسىلەن مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولغاندا ۋەتەننى پارچىلايدىغان پانتۈركىزملىق ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىپ، بارا-بارا «خەنزۇلارغا قارشى تۇرغانلىقى»، «مەركەزگە قارشى تۇرغانلىقى»[16]، تاۋ سىيۆ، بۇرھانلار شىنجاڭنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت چوڭ ھوقۇقىنى ئىگىلەپ تۇرغىنىدا شىنجاڭدا تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى ئاستىرتىن پىلانلىغانلىقى ۋە باشقىلار پۈتۈنلەي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بىلىندۈرمەي ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەت، بۇلارنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى بىلەن ئالاقىسى يوق، بۇ مەسىلىلەر كىتابتا پەقەت تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئېھتىياج ئۈچۈنلا تىلغا ئېلىندى.

ئىزاھلار:


(1) تەيبېي، لەنشى نەشرىياتىنىڭ 1980-يىل نەشرى.
(2) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987-يىل نەش:ى.
(3) جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ 1992-يىل نەشرى.
(4) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1993-يىل نەشرى.
(5) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1993-يىل نەشرى.
(6) خېنەن خەلق نەشرىياتىنىڭ 1998-يىل نەشرى.
(7) بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1998-يىل نەشرى.
(8) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1999-يىل نەشرى.
(9) (ئەنگلىيە) W. D. A. فوربېس «شىنجاڭ مىلىتارىستلىرى ۋە مۇسۇلمانلار: 1911-يىلدىن 1949-يىلغىچە داۋام قىلغان مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى»
(Forbes, Andrew D. W., *Warlords and Muslims in Chinese Central Asia: Political History of Republican Sinkiang* 1911□1949)
كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 1986-يىل نەشرى.

(10) «غەربىي شىمال تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى»نىڭ 1994-يىللىق 4-سانى.

(11) «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2002-يىللىق 2-سانى.

(12) جياڭ جيېشى: «ئاجىز دۆلەتنىڭ مۇداپىئەسىدە ئاساسلىق نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم» دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا ئۇ شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئەزەلدىن يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەي كەلگەن. قاراڭ: جاڭ چىيۈن يازغان «پارتىيە تارىخىدىن ئومۇمىي مەلۇمات»، 10-قىسىم، 676-بەت. گاۋ يى يازغان «جياڭ جيېشى ۋە غەربىي شىمالدىكى ما فامىلىلىك تۆت شەخس» دېگەن كىتاب، ساقچى كوماندىرلار مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 1993-يىل نەشرى، 79-بېتىدىن ئېلىندى.

(13) 1945-يىلى 10-ئايدىن 1946-يىلى 6-ئايغىچە، جاڭ جىجۇڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. جياڭ جيېشىمۇ ئۇنىڭغا شىنجاڭ مەسىلىسىنى تولۇق ھوقۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن. «ھەممىنى مەمۇرىي پالاتا ۋە گومىنداڭ مەركىزىي دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزمەيدىغان بولغان»، ئۇ ئىمزالىغان «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونلىرىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدا تۈزۈلگەن بىتىم» مۇ جياڭ جيېشىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەن، ئۇ گومىنداڭ 6-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «چېگرا رايون مەسىلىسى ھەققىدىكى دوكلاتقا دائىر قارار»دىمۇ ئېتىراپ قىلىنغان. ئەمما، جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدىلەشكەنلىك مەسىلىسىنى سوۋېت تەرەپنىڭ ئارىغا چۈشۈپ ھەل قىلىشىنى بېشارەت قىلىپ ستالىنغا يەرلىك باشلىق سالاھىيىتى بىلەن خەت يازغان. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن نارازى بولۇپ، باشتا جاڭ جىجۇڭدىن ئەسلى خەتنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان، كېيىن يەنە جاڭ جىجۇڭغا تېلېگرامما بېرىپ بۇنىڭدىن كېيىن بىۋاسىتە خەت-ئالاقە قىلىشماسلىقنى ئېيتقان. جاڭ جىجۇڭ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغاندا، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى جاڭ جىجۇڭغا

جياڭ جيېشى نامىدىن تېلېگراممىا بېرىپ، ئالدىنقى تېلېگراممىدىكى مەزمۇننى تەكرار تەكىتلىگەن. جاڭ جىجۇڭ بۇ تېلېگراممىنى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى جياڭ جيېشىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ يوللىغانلىقىنى پەملىگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدىكى سۆھبەتكە بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلغان جاڭ جىجۇڭمۇ ھوقۇق بېرىلمىگىچە سىرت بىلەن يەرلىك باشلىقلىق سالاھىيىتى ئارقىلىق ئالاقە باغلىيالمىغان. قاراڭ: يۇۋي جەنباڭ يازغان «جاڭ جىجۇڭ-جاڭ جىجۇڭنىڭ مەخپىي ئىشلار كاتىپىنىڭ ئەسلىمىسى»، جىلىن مەدەنىيەت-تارىخ نەشرىياتى 1992-يىل نەشرى، 137-بەت؛ جاڭ جىجۇڭ يازغان «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2-قىسىم، بېيجىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى نەشرىياتى 1985-يىل نەشرى، 442-، 525-، 526-بەتلەر؛ جۇ كۈنتيەن يازغان «سەنمىنجۇيىلىق چېگرا رايون سىياسىتى»، تەيبېي «مەركىزىي مەدەنىي يادىكارلىقلار بىلەن تەمىنلەش نەشرىياتى»، 1984-يىل نەشرى، 55.54 بەتلەر.

(14) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشتا، ھەمىشە يەرلىك ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن مۇۋاپىق ھالدا جانلىقلىقنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قەدەر چوڭراق بولغان ھەر قانداق جانلىقلىق مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىقلانغان ياكى ئېتىراپ قىلىنغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

(15) جاڭ جيېشى شىنجاڭ مەسىلىسىدە جاڭ جىجۇڭغا «يول قويۇپ بەرگەن»، شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتىمۇ جياڭ جيېشى جاڭ جىجۇڭنىڭ «تولۇق ھوقۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى»نى نەچچە قېتىم ئېيتقان. مەسئۇد شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان چاغدىمۇ سىرتتا ئۇنى «قورچاق»تىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەمەلىي ھوقۇقلۇق رەئىس يەنىلا جاڭ جىجۇڭ دېگەن گەپلەر تارقالغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا خېلى زور ھوقۇققا ئىگە بولغان. قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2-قىسىم، 556.525 بەتلەر.

(16) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2-قىسىم، 571-بەت.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................ 1

## بىرىنچى قىسىم
## گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىش سىياسىتى ۋە نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى

I باب شىنجاڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ چېگرا رايوننى بۆلۈنمە قىلىۋېلىشىدىكى سەۋەبلەر ۋە ۋەتەنداشلارنىڭ شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ھەققىدىكى تەكلىپلىرى ........................ 2
1- پاراگراف شىنجاڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ چېگرا رايوننى بۆلۈنمە قىلىۋېلىشىدىكى سەۋەبلەر ........................ 2
بىرىنچى، قوشۇمچە تەمىناتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، ئىقتىسادنىڭ ئۆز ئالدىغا يولغا قويۇلۇشى ........................ 2
ئىككىنچى، ئارمىيىنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇلۇشى، جۇغراپىيىۋى مۇھىت بېكىنمىلىكى ........................ 7
ئۈچىنچى، مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇدرىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى ... 12
2- پاراگراف ۋەتەنداشلارنىڭ شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ھەققىدىكى تەكلىپلىرى ...... 16
II باب شىنجاڭنى جىن شۇرېننىڭ قولىدىن پەم بىلەن تارتىۋېلىش تەسەۋۋۇرى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ...... 37
1- پاراگراف جىن شۇرېننىڭ نائىلاج شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس ۋە قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دوبەنى قىلىپ تەيىنلىنىشى ........................ 37
بىرىنچى جىن شۇرېنغا ئۆلكە رەئىسلىكى ۋەزىپىسىنىڭ نائىلاج بېرىلىشى ........................ 37

ئىككىنچى، جىن شۇرېننىڭ نائىلاج شىنجاڭنىڭ چېگرا
مۇدائىپە دۇبەنى قىلىپ تەيىنلىنىشى ...................... 43
2- پاراگراف گومىنداڭ مەركىزىي پىرقەبۆلۈمى كۈچلىرىنىڭ
شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى ........................... 48
3- پاراگراف جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭدا ئۆزى بىلگىنىنى
قىلىشى ........................................ 54
III باب شىنجاڭنى شېڭ شىسەينىڭ قولىدىن پەم بىلەن
تارتىۋېلىش يولىدىكى ئىككى قېتىملىق پىلان ۋە ئۇنىڭ
مەغلۇپ بولۇشى ............................ 75
1- پاراگراف شىنجاڭنى كونترول قىلىش يولىدىكى تۇنجى
ئۇرۇنۇش ۋە ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى.................. 75
بىرىنچى، شىنجاڭغا ھال سوراش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتىلىشى
76 .............................................
ئىككىنچى، ھەر جەھەتتىكى كۈچلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، شېڭ
شىسەينىڭ مۇئەللەق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلۇشى........... 81
ئۈچىنچى، شىنجاڭنى كونترول قىلىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشنىڭ
مەغلۇپ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى................. 85
2- پاراگراف شىنجاڭنى كونترول قىلىش يولىدىكى
ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇنۇش ۋە ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى .... 93
بىرىنچى، ئۈچ تەرەپ تىركىشىپ تۇرىدىغان ئىسكەنجە
تاكتىكىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى.................... 93
ئىككىنچى، جاڭ پېيىۋەن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ شېڭ
شىسەينى بىرلىشىپ ئاغدۇرۇش ئۈچۈن كېلىشتۈرۈلۈشى ..... 96
ئۈچىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ نەنجىڭ
ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىش پىلانىنى بۇزۇپ
تاشلىشى.................................... 104
IV باب شىنجاڭنى كونترول قىلىش تەدبىرى ۋە نىشانىنىڭ

ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ........................... 120
1 ـ پاراگراف شىڭ شىسەينى ئىچكى تەرەپكە يۈزلەندۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىق ........................... 120
2 ـ پاراگراف شىڭ شىسەينىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى ........... 128
3 ـ پاراگراف سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىنىڭ قوغلىنىشى ........................... 137
4 ـ پاراگراف گومىنداڭ ھەربىي كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزۈلۈشى ........................... 146
5 ـ پاراگراف خۇڭ رۇجېن، لىن جىيۇڭلار ۋەقەسىنىڭ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى بىۋاسىتە كونترول قىلىشىغا تۈرتكە بولغانلىقى ........................... 149

## ئىككىنچى قىسىم
## گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتى

I باب شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى چاغلاردا: مۇستەبىت ـ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىتىلىشى ........................... 169
1 ـ پاراگراف خەلق ئۈستىدىكى ئىدىيىۋى كونترولىنىڭ كۈچەيتىلىشى ........................... 169
بىرىنچى، جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭغا كىرىدىغان پارتىيە خادىملىرىغا كۆرسەتكەن يوليورۇقى ........................... 169
ئىككىنچى، «شىنجاڭنى پارتىيە قېلىپىغا سېلىش» يولىدىكى خىزمەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ........................... 172
ئۈچىنچى، مائارىپ ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، كوممۇنىستلارنىڭ تازىلىنىشى ........................... 179

2 ـ پاراگراف خەلق ئۈستىدىكى تەشكىلىي كونترولنىڭ كۈچەيتىلىشى ........ 183
3 ـ پاراگراف مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ........ 186
بىرىنچى، مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ........ 186
ئىككىنچى، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش فۇنكسىيىسىنىڭ كۈچەيتىلىشى ........ 189
ئۈچىنچى، فېئودال دىنىي كۈچلەرنىڭ يېڭىۋاشتىن يۆلەپ تۇرغۇزۇلۇشى ........ 192
تۆتىنچى، خەلقنى بۇلاپ ـ تالاشنىڭ ئېغىرلىشىشى ........ 196
4 ـ پاراگراف شىنجاڭ خەلقىنى خاتىرجەملەندۈرۈش تەدبىرلىرى ........ 199
بىرىنچى، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ئاممىسىدىن هال سوراش ۋە ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ........ 199
ئىككىنچى، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق هەربىيلەردىن، ئەمەلدارلاردىن ۋە ئاممىدىن هال سوراش ........ 220
II باب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىۋاسىتە بېسىمى ئالدىدا: شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ پەسەيتىلىشى ...... 237
1 ـ پاراگراف ئازسانلىق مىللەت زاتلىرىنىڭ هاكىمىيەتكە جەلپ قىلىنىشى ........ 237
2 ـ پاراگراف ئازسانلىق مىللەت خەلقىگە مەلۇم دېموكراتىك، سىياسىي هوقۇقنىڭ بېرىلگەنلىكى ........ 243
3 ـ پاراگراف ئىجتىمائىي زىددىيەتنى پەسەيتىش يولىدىكى بىرقانچە تەدبىر ........ 247
بىرىنچى، باجنىڭ كېمەيتىلىشى ........ 247
ئىككىنچى، شىنجاڭ پۇلى بىلەن قابىنى ئالماشتۇرۇشقا

بولىدىغان سىياسەتنىڭ ساقلاپ قېلىنىشى ...... 249
ئۈچىنچى، غەربىي شىمال خەلق تۇرمۇشى سانائەت شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... 252
تۆتىنچى، قاماقتىكى خادىملارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ...... 253
بەشىنچى، مۇسادىرە قىلىنغان خەلق مۈلكىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشى ...... 254
ئالتىنچى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى ...... 256
4 ـ پاراگراف شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىش ...... 258
III باب شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم چېكىنىپ بېرىلىشى ...... 270
1 ـ پاراگراف شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ چېكىنىپ بېرىلىشىدىكى سەۋەبلەر ...... 270
بىرىنچى، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىگە دائىر سەۋەبلەر ...... 271
ئىككىنچى، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە مۇناسىۋىتىگە دائىر سەۋەبلەر ...... 273
ئۈچىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولغان سەۋەبلەر ...... 277
تۆتىنچى، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولغان سەۋەبلەر ...... 281
بەشىنچى، جاڭ جىجۇڭنىڭ قېيدىشىدىن بولغان سەۋەبلەر ...... 286
2 ـ پاراگراف شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ چېكىنىلگانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى ...... 290
بىرىنچى، تەشۋىقاتتا قارشى تەشۋىقات، تەشكىلاتتا قارشى تەشكىلات، نامايىشقا قارشى نامايىش ...... 290
ئىككىنچى، «دېموكراتىيە»نى چەكلەش ئېلانى ۋە قانۇن لايىھىسىنىڭ جاكارلىنىشى ...... 296

ئۈچىنچى، ئوسماننى گاھ ئاشكارا، گاھ يوشۇرۇن قوللاش ···· 301
تۆتىنچى، مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە قويۇلۇشى ········ 307
بەشىنچى، تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باستۇرۇلۇشى ································ 308
3 - پاراگراف شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ تارقىلىپ «بۆلۈنمەي» تۇرۇشى ························ 314
IV باب چىڭىتىلغان شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ قايتىدىن بوشىتىلىشى ·································· 337
1 - پاراگراف شەرقىي تۈركىستانچىلار ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭ سىياسىي ساھەسىدىكى ئىپادىلىرى ···················· 337
2 - پاراگراف ئۈچ ۋىلايەت بىلەن «ياخشىلىشىش» ······ 344
3 - پاراگراف شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ پارچىلىنىشى: شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشى ································ 353
V باب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە شىنجاڭ مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان سىياسەت ··············· 382
1 - پاراگراف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارىتىلغان سىياسەت ······································ 382
بىرىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەربىي ۋاسىتە بىلەن توسقۇنلۇق قىلىنغانلىقى (1944 - يىل نويابىردىن 1945 - يىل سېنتەبىرگىچە) ·················· 382
ئىككىنچى، ئۈچ ۋىلايەتنى «تىنچلىق بىتىمى» بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش (1945 - يىل سېنتەبىردىن 1947 - يىل ئاۋغۇستقىچە) ························ 394
ئۈچىنچى، ئۈچ ۋىلايەت قوراللىق كۈچلىرى بىلەن تىرىنىشىپ تۇرۇپ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتۈش (1947 - يىل ئاۋغۇستتىن 1948 - يىل دېكابىرغىچە) ················ 397

ئۈچىنچى، شىنجاڭنىڭ رېئال ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەتكە يول قويۇش (1948 - يىل دېكابىردىن 1949 - يىل سېنتەبىرگىچە) ........................ 399

2 - پاراگراف شىنجاڭ مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان سىياسەت ........................ 402

بىرىنچى، باشتىن - ئاخىرغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇرەسسەلىشىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ........................ 402

ئىككىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىگە ئەنگلىيە، ئامېرىكا كۈچلىرى ئارقىلىق توسقۇنلۇق قىلىنىشى ........................ 413

ئۈچىنچى، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا قوشىندارچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە يول قويۇلۇشى ........................ 417

VI باب شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە يولغا قويۇلۇش نەتىجىسى ........................ 438

1 - پاراگراف شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ھاسىل بولۇش سەۋەبلىرى ........................ 438

بىرىنچى، شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ........................ 438

ئىككىنچى، شىنجاڭ سىياسىتىدىكى ئالاھىدىلىكنىڭ ھاسىل بولۇش سەۋەبى ........................ 449

2 - پاراگراف شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇش نەتىجىسى ........................ 456

بىرىنچى، سىياسىي ساھەنى تېخىمۇ زۇلمەت قاپلىغان ........................ 456

ئىككىنچى، خەلق تۇرمۇشى تېخىمۇ مۇشكۈللەشكەن ........................ 458

ئۈچىنچى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان ........................ 461

ئاخىرقى سۆز ........................ 470

# بىرىنچى قىسىم

## گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىش سىياسىتى ۋە نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى

# I باب شىنجاڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ چېگرا رايوننى بۆلۈنمە قىلىۋېلىشىدىكى سەۋەبلەر ۋە ۋەتەنداشلارنىڭ شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ھەققىدىكى تەكلىپلىرى

## 1-پاراگراف شىنجاڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ چېگرا رايوننى بۆلۈنمە قىلىۋېلىشىدىكى سەۋەبلەر

شىنجاڭنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىدىن تارتىپ 1944-يىلى 9-ئايغا قەدەر بولغان تارىخىنى مەلۇم مەنىدە يەرلىك مىلىتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخى دېيىشكە بولىدۇ. چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە، مەركىزىي خاندانلىق شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلغان ھەمدە شىنجاڭدا مەمۇرىي ئۆلكە تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمىنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، شۇنداق تۇرۇقلۇق مىنگو دەۋرىگە قەدەم قويغاندا شىنجاڭ نېمە ئۈچۈن يەرلىك مىلىتارىستلار بۆلۈنمە قىلىۋالىدىغان سىياسىي ۋەزىيەتكە قەدەم قويغان؟

### بىرىنچى، قوشۇمچە تەمىناتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، ئىقتىسادنىڭ ئۆز ئالدىغا يولغا قويۇلۇشى

مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدا يېرىم بۆلۈنمە ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىنى يالغۇز يەرلىك مىلىتارىستلار سۇئىي ھالدا پەيدا قىلمىغان، شىنجاڭنىڭ سىياسىي جەھەتتە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بېقىنىش دەرىجىسى تۆۋەنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا،

ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىچكى جايلارغا بېقىنىش دەرىجىسىمۇ تۆۋەنلەپ كەتكەن. پېقىرنىڭ قارىشىچە، مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدا يېرىم بۆلۈنمە ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىنى تەتقىق قىلىشتا ئالدى بىلەن گەپنى مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد جەھەتتە ئۆزىگە تايىنىش يولىغا ماڭغانلىقىدىن باشلاش لازىم.

چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە شىنجاڭ مالىيە جەھەتتە ئۆزىگە تايىنالمىغاچقا، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر ھەر يىلى شىنجاڭغا مەخسۇس ۋە قوشۇمچە تەمىنات ئۈچۈن تەخمىنەن ئۈچ مىليون سەر پۇل ئاجرىتىپ بەرگەن. ئەمما يىخېتوەن ھەرىكىتىدىن كېيىن، ئىچكى ـ تاشقى مالىمانچىلىق كۆپىيىپ كېتىپ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى كونترول قىلىش كۈچى ئاجىزلاپ قالغان، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ شىنجاڭغا بېرىدىغان «قوشۇمچە تەمىناتى ئۈزۈلۈپ قالغان»، «ھەتتا شىنجاڭغا پېرىۋوت قىلىنىدىغان ئاز ساندىكى پۇلمۇ يېتەرلىك بولمىغان»، شىنجاڭ مالىيىسى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، كىرىم چىقىمنى قامدىيالماي قالغان.[1] مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە، ھەر قايسى ئۆلكىلەر بېرىدىغان قوشۇمچە تەمىنات ئۈزۈلۈپ قالغان، مەركىزىي ھۆكۈمەت 1913 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ھەر يىلى شىنجاڭغا ئاجرىتىپ بېرىدىغان 600 مىڭ يۈەن مالىيىۋى ياردەممۇ ئىچكى مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن نەچچە قېتىم ئۈزۈلۈپ قالغان.[2] ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى مالىيە جەھەتتە ئۆزىگە تايىنىدىغان قىلىش مەقسىتىدە كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەيدىغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى قوللانغان.

ئالدى بىلەن ئۈستەڭ ياساپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. ياڭ زېڭشىن ئۈستەڭ ياساپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلسە، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، غەللە ـ پاراقنى ئاشۇرۇپ، مالىيە بۆھرانىنى پەسەيتىش مۇمكىن بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇنىڭ

بىلەن جەمئىيەتتە تىرىكچىلىك يولى يوق ئېقىپ يۈرگەن نۇرغۇن ئاھالىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، داۋالغۇلۇق شىنجاڭ جەمئىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇشقا بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا، ياڭ زېڭشىن ئاھالە يىغىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغان ھەمدە ئاھالە يىغىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سانىنى ھاكىملارنىڭ نەتىجىسىنى باھالايدىغان ئۆلچەملەرنىڭ بىرسى قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ياڭ زېڭشىن يەنە دېھقانلارنى ئۆزى مەبلەغ توپلاپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرگەن، «باج ئېلىش قەرەلى»نى «ئۈچ يىلغىچە باجنى يېرىم ئېلىش، تۆت يىل بولغاندا تولۇق ئېلىش» دەپ بەلگىلىگەن.[3] شىنجاڭنىڭ كىلىماتى قۇرغاق بولغاچقا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتە ئالدى بىلەن سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش لازىم بولغان. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ سۇچىلىق كومىتېتىنى قۇرۇپ، سۇچىلىق نىزامنامىسىنى تارقىتىپ، سۇچىلىق ئىشلىرىنى پىلانلىغان. شىمالىي شىنجاڭدا ئالدى بىلەن ئېلىپ بېرىش، جەنۇبىي شىنجاڭدا كېيىن ئېلىپ بېرىش پرىنسىپى بويىچە، ھۆكۈمەت ئېلىپ بېرىش، خەلق ئېلىپ بېرىش ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق بىرلىشىپ ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، زور بىر تۈركۈم سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغان. بۇ ھەقتىكى نەتىجىلەر شىنجاڭ تارىخىدا «سۇلۇق يۇن، لىن زېشۈيلەرنىڭكى بىلەن بىرقاتاردا تۇرىدىكەن».[4] ياڭ زېڭشىننىڭ زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشى ئارقىسىدا، يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەر بىر مىليون مو ئەتراپىغا يەتكەن، يىللىق غەللە-پاراق تەخمىنەن 100مىڭ دەندىن ئېشىپ كەتكەن. غەللە-پاراق شىنجاڭدا مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا ئاساسىي مەنبەگە ئايلانغان.

ئاندىن قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان سودىنى قانات يايدۇرغان. شىمال (بېيياڭ) ھۆكۈمىتى 1918-يىلىنىڭ

الدىنقى يېرىمىدا كۆچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا، پەقەت شەرقىي شىمال رايونىدىلا سوۋېت روسىيىسىگە قارشى ماددىي ئەشيا ئىمبارگوسىنى يولغا قويۇپ[5]. شىنجاڭدا يولغا قويمىغان.[6] ئەمما شىنجاڭلىق سودىگەرلەر سوۋېت روسىيىسىنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى بىلەن ئاندا-ساندا سودا ئېلىپ بارغاندا، كونا روسىيە ئەلچىسى سۈرۈشتە قىلغان، ياڭ زېڭشىن جۇڭگو سودىگەرلىرىنى روسىيە سودىگەرلىرى بىلەن سودا قىلىشماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان ھەمدە جۇڭگو سودىگەرلىرىگە چەت ئەلگە چىقىش پاسپورتى تارقىتىشنى توختاتقان.[7] سوۋېت روسىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، ئۇرۇش ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئارقىسىدا تۇرمۇشقا كېرەكلىك ماددىي ئەشيالار ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەيۋاتقان قىيىن ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭ بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىشنى جىددىي ئۈمىد قىلغان. شىمال ھۆكۈمىتى جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتى نورماللىشىشتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ سوۋېت روسىيىسى بىلەن سودا ئالاقىسى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىگە قوشۇلغان.[8] ياڭ زېڭشىن ئىلىنىڭ ۋالىيسى شۈي گوجېن قاتارلىق كىشىلەرنى قورغاسقا ئەۋەتىپ، سوۋېت روسىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن، شىمال ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، 1920-يىلى 5-ئايدا شىنجاڭ سوۋېت روسىيىسى بىلەن «ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى»نى ئىمزالىغان. بۇ كېلىشىمدە روسىيە سودىگەرلىرى ئۆتمۈشتە شىنجاڭدا بەھرىمەن بولغان كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى ۋە باجسىز سودا قىلىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىش ئاساسىدا، شىنجاڭ رايونى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا رەسمىي سودا ئالاقىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. 1922-يىلى ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچىدە ھەر قايسى ئەللەرگە قارىتىلغان

سودا شەھىرىنى بىنا قىلىپ، تاشقى سودىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا شىمال ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇنغان، 1924-يىلى 3-ئايدا، شىمال ھۆكۈمىتى قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 1924-يىلى 6-ئاينىڭ 28-كۈنى دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشى يەنە شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىسىدا تۈزگەن «شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋاقىتلىق سودا شەرتى»[9]نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىغان، ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئوبوروتى داۋاملىق ئېشىپ بارغان. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودىسىغا ئاكتىپ مۇئامىلە قىلغان، چۈنكى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودىسىنى مالىيە كىرىمىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىكى مۇھىم ۋاستە ھېسابلاپ، بۇ ئىشقا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان ھەمدە ئۇنى تىرىشىپ ۋۇجۇدقا چىقارغان.[10] شىنجاڭنىڭ تاموژنا بېجى كىرىمى يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ 23%نى ئىگىلىگەن[11]. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ مالىيىسىنىڭ كېمىنى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى سودىسىنىڭ تاموژنا بېجى كىرىمى بىلەن تولدۇرغان. بىراق شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى سودىسىنىڭ نەتىجىسىدە شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىگۈچى جايغا، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىش بازىرىغا ئايلىنىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادى مەلۇم دەرىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچىيىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە جەھەتتە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تايىنىشى ئازىيىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭغا كۆرسىتىدىغان سىياسىي تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولغان.[12] بەزىلەر تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ:

«جۇڭگونىڭ چېگرا رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ چېگرا رايون بىلەن بولغان سودىسىنىڭ بىر-بىرلەپ خارابلىشىشىدىن بولغان» دېگەن.[13]

ئۇنىڭدىن باشقا، ياڭ زېڭشىن چىرىكلىكنى جازالاش[14]، باجنى كۆپەيتىش، سانائەتنى گۈللەندۈرۈش، قەغەز پۇل تارقىتىش قاتارلىق بىرمۇنچە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مالىيە ياردىمىدىن مەھرۇم بولغان ئەھۋال ئاستىدا، مالىيىنىڭ داۋاملىق يۈرۈشۈپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرغان.

## ئىككىنچى، ئارمىيىنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇلۇشى، جۇغراپىيىۋى مۇھىت بېكىنمىلىكى

«مىلىتارىست ۋە مىلىتارىستلىق سىياسىسىنىڭ پەيدا بولۇش بەلگىسى — خۇسۇسىي ۋە يېرىم خۇسۇسىي خاراكتېردىكى ئارمىيىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئىبارەت».[15] شىنجاڭنىڭ ئەھۋالمۇ دەل شۇنداق، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىنى تىنچلاندۇرغۇچى ۋالىي قوشۇمچە قانۇن تەيتىشى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنى باستۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ باش ۋالىيسى يۈەن داخۇانىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، خۇيزۇ قوشۇنىدىن بەش يىڭ ئەسكەرنى تەشكىللىگەن ۋە ئۆزى سەردار بولغان، ھەر قايسى يىڭنىڭ باشلىقلىرى ۋە قاراۋۇللىرىنىمۇ ئۆزى تاللاپ تەيىنلىگەن. يۈەن داخۇا ئىلىغا قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولغاندا، ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچىگە جايلىشىۋېلىپ، ئەسكەرلەرگە ئۆزىنى قوغدىتىپ، شۇ بىر قىسىم قوراللىق كۈچنى يۈەن داخۇانىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى خالىمىغان.[16] يۈەن داخۇا شىنجاڭدىكى ۋەيرانچىلىقنى ئوڭشاشقا قۇربى يەتمەي، 1912-يىلى 4-ئاينىڭ 25-كۈنى ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولغان. يۈەن داخۇا ئەسلىدە

ئۆزىنىڭ يۇرتدىشى، كونا دوستى، قەشقەر ۋالىيسى يۇەن خۇڭيۇنى ئۆز ئورنىغا كۆرسەتمەكچى بولغان. ئەمما بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن يۇەن خۇڭيۇ قەشقەردىكى گېلاۋخۇي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. يۇەن داخۇا ياڭ زېڭشىننىڭ قولىدا خۇسۇسىي قوراللىق كۈچ بارلىقىنى، ئىلى ۋەزىيىتىگە تاقابىل تۇرۇشتا يەنىلا ئۇنىڭغا تايىنىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغان.

ياڭ زېڭشىن خۇسۇسىي قوراللىق كۈچىگە تايىنىپ ئۆزىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىنى ئۇستىگە ئالغاندىن كېيىن، قوراللىق كۈچنى ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ 102 يىڭغا كۆپەيتكەن. ئەسكەرلەرنىڭ تولىسى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلەر بولغاچقا[17]، ياڭ زېڭشىن ئەسكەرلەرنى ئۆز مەنپەئەتىگە سادىق قىلىش بىلەن يەرلىك ئورۇن مەنپەئەتىگە سادىق قىلىشنى بىرلەشتۈرگەن، شۇ سەۋەبتىن خۇسۇسىي خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بۇ يەرلىك قوشۇن ياڭ زېڭشىننىڭ بىر تەرەپنى بۆلۈنمە قىلىۋېلىشىدىكى ھەربىي ئاساسىغا ئايلانغان. ياڭ زېڭشىننىڭ ئىز باسارلىرى جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيلەرمۇ يەرلىك قوراللىق كۈچكە تايىنىش يولى بىلەن ئۆزىنى كۈچەيتىپ، چېگرا رايون زومىگەرىگە ئايلانغان.

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى ئاز بولغاچقا كۆپ ئەسكەرنى بېقىش مۇمكىن بولمىغان. ياڭ زېڭشىننىڭ دەۋرىدە شىنجاڭدا ئون مىڭ كىشىلىكچە ئەسكەر بولغان[18]. شېڭ شىسەي دەۋرىدە ئەسكەر كۆپرەك بولسىمۇ، بەرىبىر نەچچە ئون مىڭدىن ئاشمىغان. شۇنچىلىكلا قوراللىق كۈچكە تايىنىپ مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇش، نەدىمۇ ئاسان بولسۇن؟ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ تولىمۇ يېتەرسىزلىكىنى شىنجاڭنىڭ چەت-يىراققا جايلاشقان جۇغراپىيىلىك ئورنى تولۇقلاپ بەرگەن.

مىنگو دەۋرىدە، ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا قاتنايدىغان ئاساسلىق ئىككى يول بولغان: بىرى گەنسۇ-شىنجاڭ لىنىيىسى، يەنە بىرى شىنجاڭ-سۇيىيۈەن لىنىيىسى. گەنسۇ-شىنجاڭ لىنىيىسى ئەسلىدە شەنشى-گەنسۇدىن شىنجاڭغا قاتنايدىغان هارۋا يولى بولۇپ، گەنسۇ-شىنجاڭ چوڭ يولى دەپ ئاتالغان، بۇ غەربىي شىمالدىكى غول قاتناش يولى بولۇپ، لەنجۇدىن باشلىنىپ، ۋۇۋېي، جيۇچۈەن، جىيايۈگۈەن، قۇمۇل ئارقىلىق شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە ئۇلاشقان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1970 كىلومېتىر كەلگەن. مىنگونىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگىچە ئات هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ياكى تۆگە مىنىپ سەپەر قىلغاندا 60-70 كۈن ۋاقىت كەتكەن. سەييارە سودىگەرلەر كىرا قىلىپ مېڭىپ يول بويى كېتىدىغان يېمەكلىك، قاچا-قۇچا، يېپىنچىلارنى ئۆزى بىللە ئېلىپ ماڭغان، بەزى يەرلەردە ئىچىملىك سۇنىمۇ ئۆزى ئېلىۋالغان، تالا-تۈزدە قونغان.[19] شىنجاڭ-سۇيىيۈەن لىنىيىسى سۇيىيۈەندىن شىنجاڭغا تۆگە بىلەن قاتنايدىغان سودا يولى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2300 كىلومېتىر كېلىدىكەن. بۇ لىنىيە يەنە ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن: بىرى گەنسۇنىڭ چېگرىسىدىكى شىياۋشاۋدىن باشلىنىپ، باۋتۇ، نىڭشيا، گەنسۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىگە تۇتىشىدىغان يول؛ يەنە بىرى موڭغۇلىيىنىڭ چوڭ ئوتلىقىنى بېسىپ ئۆتۈپ، گۇيخۇا شەھىرىدىن ۋۇچۈەن، بەيلىڭمياۋ، بايانئېبو، خېيشاتۇ، سەنتاڭخۇ، مىڭشۈي ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ باركۆل ۋە گۇچۇڭ دېگەن يېرىگىچە بارىدىغان يول. بۇ ئىككىلا يولدا شۇ چاغدىكى سۇ ۋە ئوتلاق شارائىتىغا قاراپ ئايلىنىپ ماڭغاچقا، مۇساپىسى بىر خىل بولمىغان.[20] سۇيىيۈەن يولىدا 1933-يىلى جۇ بىڭ قۇرغان شىنجاڭ-سۇيىيۈەن ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوموبىل شىركىتى ئاپتوموبىللارنى سىناق تەرىقىسىدە مەجبۇرىي قاتناتقان بولسىمۇ، لېكىن يول بەك ناچار بولغاچقا،

ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدا يەنە مالىمانچىلىق يۈز بەرگەچكە قاتناش توختىتىلغان. 1933-يىلى 9-ئايدا لۇ ۋېنگەن شىنجاڭنى چارلاشتا مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى خۇاڭ شاۋخۇڭنى شىنجاڭنى قورال كۈچى بىلەن تىنچىتىشقا ئەۋەتمەكچى بولغان. دەسلەپتە، بەي چۇڭشى شىنجاڭغا ئەللىك مىڭ ئەسكەر كىرگۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان، خۇاڭ شاۋخۇڭ مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندىن كېيىن، بۇنىڭدا قىيىنچىلىق بەك كۆپ دەپ قارىغان. ئەللىك مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان چۆل-جەزىرىلىك ئۇزۇن يولدا يۈرۈش قىلسا، «ئىنتايىن كۆپ ئۈسكۈنە-جابدۇق ۋە ئىنتايىن ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىكەن»، ئۇ كەملەردە شىنجاڭغا قاتنايدىغان ماشىنا يولى تېخى ياسالمىغان، ماشىنا بىلەن توشۇش تەسكە توختايدىغان ئىش ئىكەن: «ماشىنا قاتنىغان تەقدىردىمۇ، ئەللىك مىڭ ئەسكەرگە كېرەكلىك ئۈسكۈنە-جابدۇقلارنى توشۇش ئىنتايىن قىيىن ئىش ئىكەن، ئۇنى شۇ چاغدىكى مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ بىلەن ئورۇنداش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن». مۇبادا پىيادە يۈرۈشكە توغرا كەلسە، قانچىلىك ۋاقىت كېتىشىنى بىلىپ بولمايدىكەن، «يەنە كېلىپ يول بويىدىكى تەمىنات، مەسىلەن، ئاشلىق، ئىچىملىك سۇ، يېقىلغۇ قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەش ۋە قونالغۇغا كېرەكلىك ئۈسكۈنە، جابدۇقلار ئىنتايىن تەسكە توختايدىغان مەسىلىلەر ئىكەن». ئەمما خۇاڭ شاۋخۇڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتى ھەققىدىكى مۆلچەرنى ئاساس قىلىپ، 1934-يىل 1-ئايدا جياڭ جيېشىغا ئون بەش مىڭ ئەسكەر چىقىرىش، ئۇلارنى شىنجاڭغا پۈتۈنلەي ماشىنا بىلەن توشۇشتىن ئىبارەت زور پىلاننى سۇنغان.[21] جياڭ جيېشى بۇ پىلاننى تەستىقلىغان، مەمۇرىي پالاتامۇ ئون بەش مىليون يۈەنلىك خىراجەت ئاجراتقان. خۇاڭ شاۋخۇڭ ھەربىي جەھەتتىكى مۇددىئاسىنى كۆزدە تۇتۇپ،

سۇيىۇەندىن جۇيەنخەيگە بېرىپ، ئۇ يەردىن جيۇچۇەنگە ئۆتۈپ، يۈيمېنگۇەندىن چىقىپ، ئاندىن قۇمۇل، تۇرپان ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بېرىش قارارىغا كەلگەن. بىراق يول بويى ماشىنىلارغا كېتىدىغان مايىنى ئالدىنئالا ھايۋان ۋە ئادەم كۈچى بىلەن ھەرقايسى ئۆتەڭلەرگە ئۈزمەي توشۇپ، ماشىنىلارغا خالىغاندا قاچىلاش ئۈچۈن بالدۇر تەييارلاپ قويۇش لازىم بولغان. شىنجاڭ-سۇيىۇەن تاشيولى شۇ چاغدا تەبىئىي يوللارنى ئانچە-مۇنچە ياساش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن، بوران چىقسا يولنى قۇم كۆمۈپ تاشلايدىكەن، يامغۇر ياغسا سۇ يىغىلىپ ئازگالغا ئايلىنىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول يۈزى قۇمساڭغۇ بوش توپا بولغاچقا، ماشىنىلارغا يۈكنى جىق قاچىلاش مۇمكىن بولمايدىكەن، سۈرئەتمۇ بەك ئاستا بولۇپ، سائەتتە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاران ئون بەش كىلومېتىر يول يۈرۈشكە بولىدىكەن. يول بويىدىكى بەزى ئۆتەڭلەردە سۇ قۇدۇقىدىن ئاران بىرى بولۇپ، چوڭ قوشۇنغا سۇ يېتىشمەيدىكەن، يېڭىچە قۇدۇق قېزىش ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، قۇدۇقنى كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدىكەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، شۇ چاغدا ئۇزۇن يولغا توشۇش مەسىلىسىنى ئەڭ زامانىۋى قاتناش قورالى بولغان ئاپتوموبىللارنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولغان ھەمدە نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەييارلىق كۆرگەن بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا تۈرلۈك تەييارلىق ئىشلىرى پۈتۈپ بولغىچە شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئۆتمۈشتىكىدىن باشقىچە ئەھۋال كۆرۈلگەچكە، جياڭ جيېشى خۇاڭ شاۋخۇڭغا شىنجاڭنى تىنچىتىش پىلانىنى ئىجرا قىلىشنى توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.(22)

بۇ مىسال شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، شىنجاڭنىڭ چەت-ياقىغا جايلاشقان جۇغراپىيىۋى مۇھىتى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىكى ھەربىي كۈچنىڭ يېتىشسىزلىكىنى پۈتۈنلەي تولدۇرۇش رولىنى ئوينىغان، شىنجاڭ ھۆكۈمرانلىرى ئاشۇ ئازغىنا قوراللىق كۈچكە تايىنىپ

شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىدىغان دەرۋازا ـ شىڭشىڭشىيانى تۇسۇپ، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان چېگرا زومىگەرى بولۇۋالغان.

## ئۈچىنچى، مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇدرىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرىدا مەھەللىۋازلىق تەلىپى كۈچلۈك بولغان يەرلىك ئېسىلزادىلەر ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ئىنقىلابچىلار ئۆز ئۆلكىسىنى كونترول قىلىش ۋە مەركەزنىڭ ھەم ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ قوراللىق تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، يەرلىك قوشۇن تۈپلىغان. يەرلىك قوشۇننىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن چىڭ خاندانلىقى مەركىزىنىڭ نوپۇزى تېز خارابلىشىپ بارغان. مىنگودىن كېيىن، «ئۆز ئۆلكىسىنى ئۆز ئۆلكىلىك كىشىلەر ئىدارە قىلىسۇن» دېگەن مەھەللىۋازلىق ساداسى ئىچىدە يەرلىك ھەربىي قوشۇن باشلىقلىرى كەينى ـ كەينىدىن ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلانغان، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇزى تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ بارغان. مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇدرىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە شىنجاڭ مەركىزىي ھاكىمىيەت كونتروللىقىنىڭ سىرتىدا قېپقالغان.

يۇەن شىكەي دەۋرىدە، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەرھالدا يېقىنراق بولغان. يۇەن شىكەي ياڭ زېڭشىنىنى بىرقەدەر چۈشىنىدىكەن، ئۇنىڭ ئىنقىلابچىلاردىن ئەمەسلىكىنى بىلىدىكەن. شۇڭا، يۇەن شىكەي ياڭ زېڭشىنىنى شىنجاڭغا تۇتۇق قوشۇمچە ساتراپ قىلىپ تەيىنلىگەندىن تاشقىرى، ئۇنى شىمال گۇرۇھىنىڭ بىر قانىتى ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئىنقىلابچىلار پائالىيىتىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ شىنجاڭدا ئۇلغىيىپ كېتىشىنى توسۇشى توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرگەن.[23] ياڭ

زېڭشىنمۇ يۈەن شىكەينى باركۆچى بىلەن «ھىمايە قىلىپ»، «خۇڭشيەن» دېگەن يىلنامىنى قوللىنىپ، «شياڭچېڭ» دېگەن نام بىلەن چاقىرغان، ئۇنىڭ ئاشكارا سىياسىي قارشىمۇ، مەخپىي سىياسىي قارشىمۇ يۈەن شىكەينىڭكى بىلەن ئوخشاش بولغان. ئۇ يۈەن شىكەينى «شىنجاڭنىڭ بارلىق تەدبىرلىرىنى چۈشىنىدۇ ۋە قوللايدۇ»، «كېيىنكى چاغلاردىكى لى يۈەنخۇڭ، دۈەن چىرۇي قاتارلىقلاردىن كۆپ ياخشى» دەپ ھېسابلىغان.[24]

يۈەن شىكەي ئۆلگەندىن كېيىن، شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ بۆلۈنمىسى پارچىلانغان ۋە ئۆزئارا ئۇرۇش قىلغان. ياڭ زېڭشىن كەينى-كەينىدىن ئالمىشىۋاتقان بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن «بۇتخانىنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇتنى ئېتىراپ قىلمايدىغان» يول تۇتۇپ، ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تېلېگرامما يوللاپ تۇرغان، ئەمما كۆڭلىدە لى يۈەنخۇڭ، دۈەن چىرۇي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مىلىتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇش قىلىش ۋە بۆلۈنمە ھالىتىگە ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، «خەلق دۆلىتى ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئوغرىلار دۆلىتى بولۇپ قالدى» دەپ خورسىنغان.[25] ئۇ لى يۈەنخۇڭ، دۈەن چىرۇي، جاڭ زولىن قاتارلىق كىشىلەرنى كۆڭلىدە كۆزگە ئىلماي، بۇنداق مىلىتارىستلارنىڭ «تىرىك يۈرگىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى» دېگەن.[26] شىمالىي مىلىتارىستلارنى كۆزگە ئىلماسلىقى ئارقىسىدا ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي مۇستەقىللىق ئېڭى كۈچەيگەن، ئۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بارغانسېرى كۆز بويامچىلىق پوزىتسىيە تۇتقان، شىنجاڭنىڭ سىياسىي جەھەتتە بۆلۈنمىلىك ھالىتى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىغان.

شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ ھوقۇق تالىشىشى بىر تەرەپتىن ئۆز قۇدرىتىنى ئاجىزلاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭ مەسىلىسىنى نەزەرگە ئالغۇدەك ھالىنى قويمىغان. شىنجاڭنىڭ

چېگرا لىنىيىسى ناھايىتى ئۇزۇن، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش كۈچى ئاجىز بولغانلىقى ئۈستىگە شىنجاڭ چېگرىسىدا كۆپ ۋەقە يۈز بېرىۋاتقان، چاررۇسىيىنىڭ نۇرغۇنلىغان مۇساپىرلىرى، مەغلۇپ بولغان ئەسكەرلىرى توپ - توپى بىلەن شىنجاڭغا كىرىۋاتقان چاغلار ئىدى. ياڭ زېڭشىن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قورال بېرىپ، شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتىشنى ئىلتىماس قىلغان. ياڭ زېڭشىن جىددى مۇراجىئەت قىلىپ نەچچە ئون پارچە تېلېگراممىا يوللىغان بولسىمۇ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئىلگىرى - ئاخىر ئىككى قېتىمدا ئاران 1500 دانە مىلتىق ئاجرىتىپ بەرگەن،[27] ئۇنىڭدىن باشقا ھەربىي ياردەمنى زادى بەرمىگەن. شىمال ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى ھەققىدىكى تەلىپىنى قاندۇرماي، شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇداپىئەسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان، نەتىجىدە مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يىراقلاشقان. ياڭ زېڭشىن نەچچە قېتىملىق خەۋپ - خەتەر ۋە قىيىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تۇراقلاشتۇرغاندىن كېيىن[28]، مەركىزىي ھۆكۈمەتنى بارغانسېرى قۇرۇق سۆلەت ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان.[29] ئۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانلىرىنى تولىمۇ چولتا ئىجرا قىلغان، ھەتتا كۆرۈنۈشتە ئىجرا قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلغان: مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن يوليورۇق سوراشنىمۇ شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ قويغان، ئۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇلۇشىغا كۆزى يەتكەن ئىشلاردا يوليورۇق سورىغان، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇلۇشىغا كۆزى يەتمىگەن ئىشلارنى ئاۋۋال ئىشلەپ كېيىن مەلۇم قىلغان، ھەتتا مەلۇم قىلمىغان. مەسىلەن، 1921 - يىل 9 - ئايدا، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «روسىيە سوۋېت فېدېراتىپ سوتسىيالىستىك

جۇمھۇرىيىتى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ جۇڭخۇا مىنگو تەۋەسىگە كىرىپ ئالتاي رايونىدىكى ئاقلار قوشۇنىنى يوقىتىشى توغرىسىدا كېلىشىم» ئىمزالىغان[30]. ياڭ زېڭشىن بۇنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قىلچە بىلدۈرمىگەن، دېمەك ئۇ شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەل بىلەن ئۆز ئىختىيارىچە كېلىشىم ئىمزالاش ئۆلگىسىنى ياراتقان. شۇنىڭدىن كېيىنكى شىنجاڭ ھۆكۈمرانى جىن شۇرېنمۇ 1931 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە بىلدۈرمەي، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «شىنجاڭ - سوۋېت ۋاقىتلىق سودا نىزامنامىسى» نى ئىمزالىغان.[31] شېڭ شىسەي ئۆزى بىۋاسىتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاش بىلەن قالماي، سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىشقا ئىككى قېتىم تەكلىپ قىلغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل 8 - تۈەنى قاتارلىق قوشۇنلارنىڭ شىنجاڭدا ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇشىغا يول قويغان. مىلتارىستلار دەۋرىدە، يەرلىك رەھبەرلەرنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يولغا قويۇشى ئومۇمىي ھادىسىگە ئايلانغان.[32] بولۇپمۇ شىنجاڭ مىلتارىستلىرى ئۈچۈن «سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش گويا ئەقىلگە مۇۋاپىق، شۇنداقلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ ھېسابلانغان»، يولى يىراق ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشى قىيىن بولغانلىقى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە تۇرۇش شىنجاڭنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا بىردىنبىر يول بولغان.[33] تارىختا ئۆتكەن مەركىزىي ھۆكۈمەتلەر شىنجاڭ مىلتارىستلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش سىياسىتىدىن قاتتىق نەپرەتلەنسىمۇ، لېكىن يول قويۇشقا

مەجبۇر بولغان. بۇ ھەقتە شېڭ شىسەي: «نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مېنىڭ ئۆز ئىختىيارىمچە ئىش قىلىشىمغا يول قويۇپ بېرىشىدىكى سەۋەب ناھايىتى ئاددىي، نەنجىڭنىڭ مېنى ھەيدىۋېتىشكە كۈچى يەتمەيدۇ» دەپ ئوچۇقلا ئېيتقان.[34] چېن فۇلىن ئەپەندى بۇنىڭغا باھا بېرىپ: «مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭنى كونترول قىلىش ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان، بۇنىڭغا كۆپىنچە نەنجىڭ ئۆزى جاۋابكار بولۇشقا تېگىشلىك» دەپ ئېيتقان.[35]

## 2 ـ پاراگراف ۋەتەنداشلارنىڭ شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ھەققىدىكى تەكلىپلىرى

ۋەتەنداشلار شىنجاڭ مەسىلىسىگە جىن شۇرېن دەۋرىدە شىنجاڭدا مالىمانچىلىق بولغان چاغدىن تارتىپ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغان. شىنجاڭدىكى مالىمانچىلىق 1931 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە باشلانغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ قوزغىلاڭ قۇمۇلدىكى شوپۇل ۋەقەسىنى[36] سەۋەبچى قىلىپ، تېز ئارىدىلا پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيگەن. شۇچاغدا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە يۈز بەرگەن داۋالغۇشنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا توختالغۇچىلارنىڭ بىرقەدەر بىرلىككە كەلگەن قارىشى مىللىي مەسىلە بىلەن دىپلوماتىيە مەسىلىسىنىڭ بىرلىشىشى سەۋەب بولدى، دېگەندىن ئىبارەت بولغان.[37] شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي مەسىلە جەھەتتە، ۋەتەنداشلار: جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە مىللىي زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ، مىللىي ماجىرانىڭ پەيدا بولۇشىغا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىشى، قەغەز

پۈلنىڭ قالايمىقان تارقىتىلىشى، نەرسىلەرنىڭ قىممەتلىشىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ خارابلىشىشى سەۋەب بولدى دەپ ھېسابلىغان.[38] چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىش مەسىلىسى جەھەتتە، ۋەتەنداشلارنىڭ قارىشىچە: سوۋېت روسىيىسى شىنجاڭدا ئالاھىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن، ياپونىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىنى يالغۇز ئىشغال قىلغاندىن كېيىن سوۋېت روسىيىسى ئۇ يەردىكى مەنپەئەتىدىن ئىلاجسىز ۋاز كېچىپ، بۇ دورەم يېڭىلسەم، يەنە بىر دورەمدە ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرىمەن دېگەن يولنى تۇتقان؛ ئەنگلىيىنىڭ كۈچلىرى سوۋېت روسىيىسى كۈچلىرىنىڭ بارا-بارا جەنۇبقا سىلجىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا سىڭىپ كىرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئۈستۈنلۈك تالاشقىنىغا ئۇزۇن بولغان، بۇنداق ئېلىشىش ھالىتى ئەمدى تېخىمۇ كەسكىنلەشكەن، ئاخىرقى باسقۇچتا ئىقتىسادىي قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ سىياسىي تالان-تاراجقا ئايلىنىشى ياكى قوراللىق ئىشغال قىلىشقا ئايلىنىشى تۇرغان گەپ بولغان.[39] ياپونىيىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچى نىسپىي ھالدا ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە شېرىك بولۇش خىيالىدا «كۈچىنى بوشاشتۇرۇشنى خالىمىغان».[40] ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدىكى ئايرىم ئاز سانلىق مىللەتنىڭ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى پانئىسلامىزم پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ[41]، جاھانگىرلىكنىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان. مەسىلەن، 1933-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا پارتلىغان «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى» ئەنە شۇ جۈملىگە كىرىدۇ، ئەگەر ئەنگلىيە ئارقىدا تۇرۇپ تىزگىنلەپ يول

كۆرسەتمىگەن، پىلانلاپ ياردەم بەرمىگەن بولسا، ئاشۇ بىر ئۇچۇم كىشىلەرنىڭ قورچاق تەشكىلات قۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.[42] ۋەتەنداشلار شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدىكى ئەنە شۇنداق تونۇشىنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمىغان.

جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئەسى خەۋپكە ئۇچرىغان پەيتتە، ۋەتەنداشلار شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئەسىدە ئوينايدىغان مۇھىم رولىغا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇ چاغدا بىرمۇنچە ئەسەرلەردە زو زۇڭتاڭنىڭ «شىنجاڭغا ئەھمىيەت بېرىشتىكى مەقسەت موڭغۇلىيىنى قوغداپ قېلىش، موڭغۇلىيىنى قوغداپ قېلىشتىكى مەقسەت پايتەختنى ساقلاپ قېلىش» دېگەن سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم بولغان؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن، غەربىي جەنۇبى ئافغانىستان ۋە ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان بىلەن، شەرقى چېڭخەي، گەنسۇلار بىلەن، شەرقىي شىمالى موڭغۇلىيە زېمىنى بىلەن چېگرىداش؛ شىنجاڭنىڭ ئورنى دەل پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىغە، ئەنشىننىڭ غەربىگە، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئۇ دەل ‹غەربىي يۇرت ئومۇمىي تەزكىرىسىدە ئېيتىلغاندەك ئۇرۇش قىلىشقا تولۇق ئىمكان بېرىدىغان ئۆتكۈر ئوق، شىددەتلىك زەمبىرەككە، خەۋپ-خەتەردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە تولۇق ئىمكان بېرىدىغان قاتمۇ-قات تاغ-ئېدىرلارغا ئوخشايدىغان زېمىن. ئۇ دۇنيادىكى مەركىزىي رايون› دېمەكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇق-ھاۋا قاتنىشىنىڭ

مۇھىم يولى، ئۇ يېقىن كەلگۈسىدە ياۋروپا ـ ئاسىيالارنىڭ قاتناش مەركىزىگە ئايلانغۇسى، شىنجاڭ قوغداپ قېلىنسا، ياۋروپا ـ ئاسىيالارنىڭ قاتناش مەركىزىنى قوغداپ قېلىشقا بولىدۇ.[43] ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ خەۋپكە ئۇچرىسا، «غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلەرمۇ خەۋپكە ئۇچرايدۇ».[44] ئاندىن قالسا، كىشىلەر شىنجاڭنىڭ ئاھالىسى ئاز، زېمىنى كەڭ يەر ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان، بۇمۇ شۇچاغدا ۋەتەنداشلارنىڭ دىققىتىنى تولۇق تارتقان بىر مەسىلە بولغان. ۋاڭ كې ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ۋېڭ ۋېنخاۋ غەربىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكە (شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا ۋە شىنجاڭ)نىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى ھېسابلاپ، بەش مىليون بەش يۈز مىڭ كۆچمەننى سىغدۇرالايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرلا شىنجاڭ ئۈچ مىليون كىشى سىغدۇرالايدىغانلىقىنى بىلگەن، دېمەك شۇ كەملەردە ئېيتىلغان غەربىي شىمالغا ئاھالە كۆچۈرۈش ئەمەلىيەتتە شىنجاڭغا ئاھالە كۆچۈرۈش دېگەندىن ئىبارەت بولغان.[45] ئاندىن قالسا، كىشىلەر شىنجاڭنىڭ بايلىقى مول ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان، قېزىلما بايلىقلارنى ئالغاندا، شىنجاڭدا مول ئالتۇن، تۆمۈر، كۆمۈر، مىس، نېفىت قاتارلىق مۇھىم قېزىلما بايلىقلار يوشۇرۇنۇپ ياتىدىكەن. شۇ چاغدىكى كىشىلەر قېزىلما بايلىق دۆلەتنىڭ مۇھىم بايلىقلىرىدىن بىرى، مۇبادا بىرەر جاي دېھقانچىلىق جەھەتتىكى قىممەتكىلا ئىگە بولسا، ئۇ جاينىڭ تەرەققىي تېپىشىدىن ئۈمىد ئازراق بولىدۇ، شىنجاڭ قېزىلما بايلىق جەھەتتىن ئالغاندا ناھايىتى قىممەتكە ئىگە جايدۇر دېگەن تونۇشتا بولغان.[46]

شۇڭا، ۋەتەنداشلار شىنجاڭنىڭ «ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان» ھالىتىدىن بەك ئەندىشە قىلغان، «چۈنكى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمال، ھەتتا پۈتۈن

مەملىكەت ھەم يېقىن كەلگۈسىدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ئۈچۈن ئەھمىيىتى تولىمۇ زور بولغان».[47] شۇڭا ۋەتەنداشلار شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەققىدە تۆرلۈك لايىھىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

لايىھىلەرنىڭ بىرى ئىشنى شىنجاڭدىكى مىللىي زىددىيەتنى پەسەيتىشتىن باشلاپ، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشىش. بۇ لايىھە شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇنۇ تونۇشنى ئاساس قىلغان: جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇرۇلغان ھاكىمىيەت تەشكىلى ھەققىدىكى سەۋەبنى ئىچكى سەۋەب ۋە تاشقى سەۋەب دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىچكى سەۋەب تاشقى سەۋەبتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. مۇبادا ئىچكى جەھەتتە بىرلىككە كېلىنسە، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىستىلى ئوبدان بولىدىغان بولسا، تاشقى ئازدۇرۇشنىڭ قورققۇچىلىكى يوق. شۇڭا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، ئالدى بىلەن قالايمىقان ۋەزىيەتنى تۈگىتىپ، شىنجاڭنى ئىچكى جەھەتتە بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشىش لازىم. «بىرلىككە كەلتۈرۈشتە پۈتۈنلەي قورال كۈچى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، قورال كۈچىنى ئىشقا سېلىش تۈپتىن ھەل قىلىش چارىسى ئەمەس.» بۇگۈنكى داۋالغۇشقا جىن شۇرېننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زۇلۇم سېلىشى سەۋەب بولغان. ھازىر جىن شۇرېن تەختتىن چۈشتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆچمەنلىكى تۈگىدى، «ئەگەر ئىچكىرىدىن ئابرۇيلۇق مۇسۇلمان باشلىق ئەۋەتىلىپ، مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە باراۋەر ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنسا»، شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي داۋالغۇش ۋەزىيەتنى پەسەيتىش تەس ئەمەس.[48] شىنجاڭدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار مەسىلىسىنى ئىنقىلاش

توغرىسىدا بەزىلەر مۇنداق تەكلىپلەرنى بەرگەن: ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنى ھاكىملىقتا قويۇپ، ئۆتمۈشتىكىدەك ناھىيە ھاكىملىقىنى خەنزۇلار ئۈستىگە ئالىدىغان، ئامىنىڭ دەۋا دېلولىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش تەرجىمانلارنىڭ قولىغا قالىدىغان ئىللەتنى ئۆزگەرتىش لازىم؛ ئۇنىڭدىن باشقا ئۆتمۈشتىكىدەك قاتتىق قىيناپ-جازالاشنى يوقىتىپ، كەڭچىلىك بىلەن قاتتىق بولۇشنى ئۆز-ئارا ماسلاشتۇرۇش، خەلققە زىيانداش چاتاق سىياسەتنى يوقىتىپ، خەلقنى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش لازىم.[49] جياڭ جۇنجاڭنىڭ قارىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ قارىشى مۇنداق: شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا مىللىي زىددىيەتتىن ئارتۇق ئەڭ مۇھىم مەسىلە يوق، ھەل قىلىش چارىسى پاسسىپ ۋە ئاكتىپ دېگەن ئىككى خىل. پاسسىپ چارە-«يەرلىك ئەمەلدارلارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئەسكى قانۇننى يوقىتىپ»، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ ئەمەلدارلار ھەققىدىكى ھېسسىياتىنى داۋاملىق يامان بولۇپ كەتمەيدىغان قىلىش؛ ئاكتىپ چارە — مائارىپ ۋە مەدەنىيەت كۈچىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى چېگرىنى يوقىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭمۇ «جۇڭخۇا مىنگو»نىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان قىلىش، شۇنداق قىلغاندىلا شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى داۋالغۇلۇقنىڭ مەنبەسىنى تولۇق يوقىتىشقا بولىدۇ.[50] بەزىلەر مائارىپنىڭ رولىنى تېخىمۇ ئېنىق تەكىتلەپ: «مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئىنتايىن زور»، چۈنكى دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتىكى بىردىنبىر چارە خەلقنى دۆلەت قارىشىغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. «دۆلەت قارىشى ئەمەلىيەتتە مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ». مۇبادا

شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامىنىڭ ھەممىسى سەنمىنجۇيى(ئۇچ مەسلەك) ئىچىدىكى مىللىي مەسلەكنى تولۇق چۈشىنىپ، مۇكەممەل دۆلەت قارىشىغا ئىگە بولسا، شۇنىڭ بىلەن پۇتكۇل «جۇڭخۇا مىللەتلىرى» ئىتتىپاقلىشىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزىغا قارشى ئورتاق كۈرەش قىلسا، چەت ئەل كۈچلىرى ئازدۇرۇش، قۇترىتىش يولىنى تۇتقان ھالەتتىمۇ خەلقىنىڭ قەلبىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، ئەگەر ئالدى بىلەن باشقا كەسپلەر راۋاجلاندۇرۇلىدىغان بولسا، بۇ باشقىلار ئۈچۈن كەتمەن چاپقانلىق بولۇشى مۇمكىن.[51]

1931 - يىلى چۇ مىنيى شىنجاڭدىكى پارتىيە ئىشلىرىنى تەكشۈرگەندە، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىش ئارزۇسى بارلىقىنى بايقىغان، ئۇ جىن شۇرېنغا ياشلارنى ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا كۆپرەك ئەۋەتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن ھەمدە شىنجاڭدىكى ئالىي مائارىپنىڭ قالاقلىقىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تۈپ چارىسى سۈپىتىدە شىنجاڭدا بىر ئالىي مەكتەپ تەسىس قىلىشنى تەكلىپ قىلغان.[52]

يەنە بىر لايىھە شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مەڭگۈ ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭدا چوقۇم ئاھالە كۆچۈرۈپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش لازىم دېگەندىن ئىبارەت. بۇ لايىھىنى قويغۇچىلار شىنجاڭدا تارىختا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈنۈملۈك بولغان، شۇ چاغدىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ئاستىدا، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، شىنجاڭدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش زۆرۈر دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا يۈي چۈيجى شىنجاڭدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا تەپسىلىي پىلان تۈزگەن.[53] تاك شۇتاۋمۇ مۇنداق تونۇشقا كەلگەن: «غەربىي شىمالنى

مۇستەھكەملەش ياكى ئېچىش» تا چوقۇم شىنجاڭنىڭ قاتنىشىنى.گۈللەندۈرۈش ۋە ئاھالە كۆچۈرۈپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش لازىم. ئاھالە كۆچۈرۈپ، چېگرا رايوندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلسە، بىر تەرەپتىن ئىچكىرىدە تىرىكچىلىك قىلىش مۇشكۈل بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ ئارقىلىق «چېگرا رايوننى كۈچلەندۈرۈپ»، «كۈچلۈك قوشنا دۆلەتنىڭ تەمەخورلۇقىنى چەكلەشكە بولىدۇ». ئاھالە كۆچۈرۈشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى توغرىسىدا، ھۆكۈمەت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بانكىسىنى تەسىس قىلىشى لازىم. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى ئاھالە كۆچۈرۈپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە دائىر كونكرېت ئىشلارنى پىلانلاشقا مەخسۇس مەسئۇل بولۇشى لازىم، ئاھالە كۆچۈرۈش ئۇسۇلى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق رايوننى ئايرىش، يول ياساش، قۇدۇق قېزىشنى لايىھىلەش، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش-سەپلەش، ئۇرۇق تەييارلاش، مۇكاپاتلاش، جازالاش نىزامىنى تۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى بىر تۇتاش پىلانلاپ، كونكرېت بېجىرىشى لازىم. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بانكىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كېرەكلىك بارلىق خىراجەتنى قەرز بېرىش ۋە قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشى لازىم. شىنجاڭغا ئاھالە كۆچۈرۈشتە بولۇشىغا قويۇپ بېرىدىغان سىياسەت قوللانماي، ئۇنى ھۆكۈمەت بىر تۇتاش پىلانلىشى، «ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرا رايوننى كۈچلەندۈرۈشنى دۆلەتنىڭ كۈچى بىلەن ئېلىپ بېرىش» لازىم.[54] ئەمما شۇچاغدا بەزى ئەمەلدارلار بۇنداق ئاھالە كۆچۈرۈش ئۇسۇلىنى توغرا تاپمىغان، مەسىلەن، خۇاڭ شاۋخۇڭ: غەربىي شىمالدا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شەرت-

شارائىت كەمچىل، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى شەرقىي جەنۇبقا جايلاشقان ئۆلكىلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا «50 يىل پەرق قىلىدۇ»، «غەربىي شىمال خەلقىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىنى شەرقىي جەنۇب خەلقى قوبۇل قىلالمايدۇ»، شۇڭا «شەرقىي جەنۇب خەلقىنى كۆچۈرۈپ غەربىي شىمالنى ئېچىش زادى ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئوي» دەپ ھېسابلىغان.[55]

يەنە بىر لايىھە چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ سودا ـ سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ قاتنىشىغا قۇلايلىق تۇغدۇرۇش دېگەندىن ئىبارەت. بۇ لايىھىنى قويغۇچىلار مۇنداق تونۇشتا بولغان: جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىنى ئالساق، «شەرقىي شىمال مۇنقەرز بولدى، غەربىي شىمالمۇ خەتەر ئالدىدا تۇرماقتا، مۇبادا يەنە جىددىي تەدبىر قوللىنىپ كۈچەيتىلمەيدىغان بولسا، شەرقىي شىمالدىكىگە ئوخشاش ئەھۋال يۈز بېرىدۇ»، «يۈز بەرگەن خەتەردىن قۇتۇلۇش يولى شۇنىڭدىكى، شىنجاڭ غەربىي شىمالدىكى مۇھىم جاي، بايلىقى مول، شىنجاڭنىڭ سودا ـ سانائىتىنى تېزدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ قەستىنى توسۇش كېرەك. ئەگەر تاشلىنىپ قالغان ئىشلار قايتىدىن ئىشلىنىپ، چېگرا رايون گۈللەندۈرۈلىدىغان بولسا، «غەربىي شىمالنىڭ توسىقى چىڭىيدۇ»، «دۆلەتنىڭ چېگرا رايونى مۇستەھكەملىنىدۇ»، «دۆلەت مۇداپىئەسىنى ئالساق، چاتاق ئەنە شۇ جەھەتتە».[56] شۇڭا، يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە ئۆستەڭ ياساپ سۇ باشلاش، تېخنىكىنى ياخشىلاش لازىم؛ سودا جەھەتتە جۇڭگو سودىگەرلىرىدىن ئېلىنىدىغان باجنى يېنىكلىتىش، سودا كۈچىنى يېتىشتۈرۈش، ھەر مىللەت سودىگەرلىرىنى ھەم جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ،

مالىيە كۈچىنى ئاشۇرۇپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان قىلىش لازىم؛ ھۈنەر-سەنئەت جەھەتتە، مەسىلەن ئەنئەنىۋى قول سانائىتى جەھەتتە، ھۈنەر-سەنئەتنى ياخشىلاش ھەمدە سانائەت مەكتىپى تەسىس قىلىپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش لازىم؛ پىلىچىلىك جەھەتتە، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ، ئۈجمە دەرىخىنى تىكسە تېرىلغۇ يەر ئىگىلىمەيدىغان ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، پىلىچىلىكنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش لازىم؛ چارۋىچىلىق جەھەتتە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئىلى جياڭجۈنى چاڭ گېڭنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىشىپ تىرە-يۇڭ شىركىتى قۇرۇش چارىسىنى ئۆلگە قىلىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر-سەنئىتىنى ياخشىلاپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مونوپولىيىسىنى بۇزۇپ تاشلاش لازىم، ھۆكۈمەتمۇ چارۋا نەسلىنى ياخشىلاشنى تەتقىق قىلىشى، چارۋىچىلىققا دائىر يېڭى بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈشى لازىم؛ بېلىقچىلىق جەھەتتە، شىنجاڭدا بېلىق چىقىدىغان دەريالار كۆپ، بېلىقچىلىقنى ئىمكان بار تەشەببۇس قىلىپ، خەلقنى دەريا-كۆللەردىن نەپكە ئىگە قىلىش لازىم؛ ئورمانچىلىق جەھەتتە، ئورمان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ھەمدە كۆپلەپ دەرەخ تىكىپ، تاغدىن تولۇق پايدىلىنىش لازىم؛ كانچىلىق جەھەتتىمۇ كۆپ تەرەپتىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى بار كۈچ بىلەن يولغا قويۇش لازىم.[57] شۇ چاغدا، سىياسىي دائىرىدىكىلەر، جامائەت پىكرى ساھەسىدىكىلەرنىڭ غەربىي شىمالنى، شىنجاڭنى ئېچىش ساداسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان، مۇشۇ جەھەتكە دائىر يېزىلغان ماقالىلەرمۇ ھەددى-ھېسابسىز، سۇڭ زېۋېن ۋە شاڭخەيدىكى سودا-سانائەت

ساھەسىدىكىلەرنىڭ كاتتىلىرى ئايروپىلان بىلەن گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە بېرىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىنى تەكشۈرگەن.[58] يەنە بەزىلەر شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ قاتناش ئالاقىسىنى كۈچەيتىش «شىنجاڭنى قۇتقۇزۇشنىڭ تۈپ چارىسى» دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. ئەمما تۆمۈر يول ياساشقا بەك كۆپ خىراجەت كېتىدىغانلىقى، شۇ چاغدىكى دۆلەت كۈچىنىڭ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، «ھاۋا قاتنىشى تەشەببۇس قىلىنغاندىن باشقا، بار كۈچ بىلەن تاشيول ياساش تەكىتلەنگەن». ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا قاتنايدىغان تاشيوللار ئىچىدە «ئەڭ مۇھىم بولغانلىرى ۋە جىددىي ياساشقا تېگىشلىكى» شىئەن-ئىلى لىنىيىسى، لەنجۇ-قەشقەر يېڭىشەھەر لىنىيىسى، گۇيسۇي (ھازىرقى كۆكخوت)-ئۈرۈمچى لىنىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ يول بولغان. شىئەن-ئىلى لىنىيىسى شىئەندىن باشلىنىپ، لەنجۇ، جيۇچۈەن، قۇمۇل، ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئىلىغا بارىدىغان يول؛ لەنجۇ-قەشقەر يېڭىشەھەر لىنىيىسى لەنجۇدىن باشلىنىپ، شىنىڭ، دۇنخۇاڭ، چاقىلىق، كېرىيە، خوتەن ئارقىلىق قەشقەر يېڭىشەھەرگە بارىدىغان يول؛ گۇيسۇي-شىنجاڭ لىنىيىسى گۇيسۇيدىن باشلىنىپ، ئالشا، ئېجىنە، قۇمۇل ۋە شىئەن-ئىلى لىنىيىسىنىڭ قۇمۇل-ئۈرۈمچى بۆلىكى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يول. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قاتناش يوللىرىنى ئېچىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن، مەسىلەن، ئۈرۈمچى-تارباغاتاي لىنىيىسى، ئۈرۈمچى-ئىلى لىنىيىسى، ئىلى-تارباغاتاي لىنىيىسى، ئىلى-ئاقسۇ لىنىيىسى، ئاقسۇ-يەكەن لىنىيىسى، ئاقسۇ-كۇچار لىنىيىسى، كۇچار-قاراشەھەر لىنىيىسى، قاراشەھەر-تۇرپان لىنىيىسى

قاتارلىقلار. چۈنكى قاتناش قۇلايلىق بولسا شىنجاڭنى
ئېچىش مۇمكىن بولاتتى، قاتناش توسالغۇلۇق بولسا چاتاق
كۆپلەپ يۈز بېرەتتى. «تارىختىن بويان سىياسىي جەھەتتە
مەركەز بىلەن جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىق، مىللەتلەر
ئارىسىدىكى ماجىرا ھەمدە بىز تەرەپكە كۆز سېلىۋاتقان بەزى
كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ زېمىن تەمەسى قاتارلىقلارنىڭ قايسى
بىرى قاتناش تەرەققىي تاپمىغانلىقى سەۋەبىدىن
بولمىغان؟»[59]

دەرۋەقە، كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدىغان يەنە
بىر لايىھەمۇ قويۇلغان، ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭنىڭ يېرىم
بۆلۈنمە ھالىتىنى قورال كۈچى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش
دېگەندىن ئىبارەت. بۇ لايىھە شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدىكى
مۇنۇ تونۇش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان: شىنجاڭدىكى
مىللىي ماجىرانى شىنجاڭدىكى سىياسىي چېرىكلىك پەيدا
قىلغان، سىياسىي چېرىكلىكنى بولسا جىن شۇرېننىڭ
مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى پەيدا قىلغان. شۇڭا شىنجاڭ
مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا جىددىي ئورۇنلاشقا
تېگىشلىك ۋەزىپە شىنجاڭنىڭ سىياسىيسىنى ئۆزگەرتىپ،
شىنجاڭنىڭ يېرىم بۆلۈنمە ھالىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ،
«مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر-پەرمانىغا بوي سۇنىدىغان
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش»تىن
ئىبارەت.[60] شىنجاڭنىڭ يېرىم بۆلۈنمىلىك ھالىتىنى
ئاخىرلاشتۇرۇش توغرىسىدا، بەزىلەر «ئالدى بىلەن بىر لۈي
ئەسكەر»نى ئېچكىرىدىن شىنجاڭغا بارىدىغان قاتناش تۈگۈنى
قۇمۇلدا تۇرغۇزۇش، ئاندىن كېيىن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ
شىنجاڭنى تەرتىپكە سېلىش فاڭجېننى ئېلان قىلىش،
سىياسىي جەھەتتە كونا ئادەتلەرنى پۈتۈنلەي تازىلاپ،
مىللەتلەرنى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە بابباراۋەرلىككە

ئىگە قىلىش، دىپلوماتىيە جەھەتتە، ئەنگلىيىگىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ «يۇمشاق پوزىتسىيە قوللىنىش»، قاتناش ـ ئالاقە جەھەتتە، ئىلگىرىدىن بار پوچتا، تېلېگرافلار، يېڭى ئېچىلغان شىنجاڭ ـ سوۋېت ئىتتىپاقى تاشيولى ۋە ياۋروپا ـ ئاسىيا ھاۋا يولىنىڭ توسالغۇسىز راۋانلىقىنى ساقلاپ قېلىش، ئاندىن غەربكە تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ، لىيەنيۇنگاڭ ـ گەنسۇ تۆمۈر يولىغىچە بېرىش، شۇنداق قىلغاندا، شىنجاڭدىكى بىر نەچچە توپ ھەربىي كۈچ، مەسىلەن، شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنى[61]، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئارمىيىسى ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ گەنسۇ ئارمىيىسىنىڭ مەركەزگە «ئارقا ـ ئارقىدىن ئەگىشىشى تەس ئەمەس». شىنجاڭنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەركەز مالىيە جەھەتتە «ئازراق ياردەم بەرسە»، شىنجاڭنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى «تېز ھەم ئوڭاي ھەل بولىدۇ»[62] دېگەن لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما بۇ لايىھە ھەربىي ساھەدىن ناھايىتى كۆپ ھالقىپ كەتكەن، ئۇ ئەمەلىيەتتە شىنجاڭنى ھەربىي ئىشلارنى يېتەكچى قىلىپ ئەتراپلىق تەرتىپكە سېلىش لايىھىسى بولغان.

ۋەتەنداشلارنىڭ شىنجاڭنى تەرتىپكە سېلىش ھەققىدىكى ئاشۇ لايىھىلىرى قۇرۇق گەپ-تەك قىلىنىمۇ، لېكىن شۇچاغدىكى كىشىلەرنىڭ مۇلاھىزە ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئاممىنى شىنجاڭ مەسىلىسىگە قايتىدىن ئەھمىيەت بېرىشكە قوزغاشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئەگەر كېيىنكى كۈنلەردە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى سىياسەتلىرى نۇقتىسىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، بىر مۇنچە سىياسەتلەرنىڭ مەنبەسى ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان، پۈتۈن دۆلەتنىڭ دىققىتىنى

تارتقان ئاشۇ چوڭ مۇنازىرىگە باغلىنىدىغانلىقىنى بايقىيالايمىز. دېمەك مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، كېيىنكى كۈنلەردە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ سىياسىتىنى تۈزۈشتە ئاشۇ لايىھىلەردىن مەلۇم دەرىجىدە پايدىلانغان ۋە ئۇنى ئەينەك قىلغان.

**ئىزاھلار:**

(1) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 1-قىسىم، 9-بەت.

(2) چېن يەنچى: «ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ مالىيە كرىزىسىنى قانداق قىلىپ يېنىكلەتكەن»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى»نىڭ 1989-يىللىق 1-سانى.

(3) ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپارخانىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، 4-جىلد، 1-قىسىم، 56-57-بەتلەر.

(4) زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش تارىخى»، شاڭخەي تىجارەت باسمىخانىسىنىڭ 1936-يىل نەشرى، 652-بەت.

(5) لى شېڭ: «شىنجاڭنىڭ سوۋېت (روسىيە) بىلەن بولغان سودا تارىخى (1600-1990)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993-يىل نەشرى، 245-بەت.

(6) خۇاڭ جيەنخۇانىڭ «شىمال ھۆكۈمىتى ۋاقتىدىكى شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان سىياسىتى» دېگەن ماقالىسىغا، «غەربىي شىمال تارىخى-جۇغراپىيىسى»نىڭ 1999-يىللىق 4-سانىغا، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىت-ژۇرناللاردىكى ماتېرىياللارنى نۇسخىلاش مەركىزى تۈزگەن «جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخى»نىڭ 2000-يىللىق 6-سانىغا قاراڭ.

(7) «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە دۇبەنى ياڭ زېڭشىننىڭ

تېلېگراممىسى» (مىنگونىڭ 8-يىلى 8-ئاينىڭ 21-كۈنى) تەييېي، «مەركىزىي تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات ئورنى» تۈزگەن «جۇڭگو-روسىيە مۇناسىۋىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار-شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئەسى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 6-8-يىللىرى)»، 1961-يىل نەشرى.

(8) ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپارخانىدا يېزىلغان مەكتۇپلارنىڭ داۋامى»، 11-جىلد، 20-بەت.

(9) 1924-يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ياڭ زېڭشىنغا يوللىغان تېلېگراممىسى (شىمال ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئارخىپى)، لى جيايۇنىڭ «جۇڭگو-سوۋېت ئالاقىسى (1917-1926-يىللار)» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى، ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى نەشرىياتى 1996-يىل نەشرى، 170-بەت.

(10) ۋاڭ كې: «مىللەت ۋە دۆلەت-جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت دېگەن ئىدىيىنىڭ لىنىيە شەجەرىسى»، 221-بەت.

(11) سۇ داچېڭ: «شىنجاڭ ھەققىدە ستېرېئو تەتقىقات» (داۋامى)، «يېڭى ئاسىيا»نىڭ 1934-يىلدىكى 8-جىلد 2-سانى، ۋاڭ كېنىڭ «مىللەت ۋە دۆلەت-جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت دېگەن ئىدىيىنىڭ لىنىيە شەجەرىسى» دېگەن كىتابىنىڭ 222-بېتىدىن ئېلىندى.

(12) ۋاڭ كې: «مىللەت ۋە دۆلەت-جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت دېگەن ئىدىيىسىنىڭ لىنىيە شەجەرىسى»، 222-بەت.

(13) دا سېنيى: «شىنجاڭنىڭ قىزىللىشىشىدىن بىر كۆرۈنۈش»، «غەربىي شىمال مۇھاكىمە مۇنبىرى»نىڭ 1935-يىلدىكى 2-جىلد، 2-سانى.

(14) قاراڭ: خۇاڭ جيەنخۇا يازغان «ياڭ زېڭشىننىڭ چىرىكلىككە قارشى تۈزۈش سىياسىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن مۇنبىرى»نىڭ 1999-يىللىق 4-سانى.

(15) ۋاڭ شۇتيەن: «مەھەللىۋازلىق ۋە مىنگو جەمئىيىتى»، «ئوقۇتۇش تەتقىقاتى»نىڭ 2000-يىللىق 2-سانى: جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

گېزىت ـ ژۇرنىاللاردىكى ماتېرىياللارنى نۇسخىلاش مەركىزى تۈزگەن «جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخى»نىڭ 2000 ـ يىللىق 7 ـ سانى.

(16) بۇرھان شەھىدى : «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى، 155 ـ بەت.

(17) ياڭ زېڭشىن خەنزۇلارنى ئەسكەرلىككە ئالماي، پەقەت شۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن خۇيزۇلارنىلا ئەسكەرلىككە ئالغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: خەنزۇلار ئوبدان ئەر ئەسكەر بولمايدۇ دېگەن ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەسكەر بولۇشنى پەقەت كوچىمەنلەرلا خالايدۇ. كوچىمەنلەرنى باشقۇرۇش ھەممىدىن تەس. ئۇلارنىڭ تولىسى باڭخۇي تەشكىلاتىغا قاتناشقان، ئۇلار «ئالاھىدە شەخسلەر»نىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىسىلا يەرلىك ئورۇننى «پاراكەندە» قىلىدۇ. خۇيزۇلار بولسا يەرلىك، تولىسىنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىسى ۋە كەسپى بار، مىجەزى ئاددىي، تېنى ساغلام، بۇيرۇق قىلىش، باشقۇرۇش ئاسان. يەنە كېلىپ ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ خەنزۇلارنى بېسىپ تىنچىتماق ئوڭاي، ئىسلام دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىنى باسسىمۇ دىنىي ۋە مىللىي توقۇنۇش يۈز بەرمەيدۇ. (بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم» دېگەن كىتابىنىڭ خەنزۇچە 154 ـ بېتىگە قاراڭ).

(18) 1920 ـ يىلىدىن ئىلگىرى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئەسكەر 10 مىڭ نەچچە يۈزدىن ئاشمىغان، كېيىنكى چاغلاردا يەنە قىسقارتىپ ـ شاللاپ يۈرۈپ، 1927 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەمەلىيەتتە 10 مىڭغا يەتمەيدىغان ئەسكەر قېپقالغان. (بۇرھان شەھىدىنىڭ «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم» دېگەن كىتابىنىڭ 212 ـ بېتىگە قاراڭ).

(19)(20) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قاتناش تارىخىنى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ تاشيول تارىخى» بىرىنچى قىسىم، خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى، 140 ـ 141 ـ بەتلەر.

(21) خۇاڭ شاۋخۇڭ: «50 يىللىق ئەسلىمە»، يۈلۈ كىتاب نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى، 290 ـ 291 ـ بەتلەر.

(22) خۇاڭ شاۋخۇڭ: «50 يىللىق ئەسلىمە»، 296 ـ 297 ـ بەتلەر. شۇ چاغدا

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبىنى يوقىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. خۇاڭ شاۋخۇڭ ئادەم سانى ئاران ئون مىڭدىن ئاشىدىغان قوشۇن بىلەن يىراق يول يۈرۈپ، سوۋېت ئارمىيىسى ياردەم بېرىۋاتقان شىڭ شىسەيگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارقا سەپ تەمىناتى ئىنتايىن قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، غەلىبە قىلىشقا قىلچە ئىشەنچى يوق دېيەرلىك بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا. جۇڭگو-سوۋېت ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىيە جەھەتتە توقۇنۇش پەيدا قىلىش ئېھتىمالىمۇ بولغان. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، جياڭ جيېشى خۇاڭ شاۋخۇڭنى شىنجاڭنى تىنچىتىش پىلانىنى ئىجرا قىلىشنى توختىتىشقا بۇيرۇغان .

(23)(24) بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، 156-بەت.

(25) ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپارخانىدا لاۋزىنى ئوقۇش خاتىرىسى»، 2-جىلد، 39-بەت.

(26) ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپارخانا خاتىرىسى»، 18-بەت.

(27) «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى (ياڭ زېڭشىن)نىڭ تېلېگراممىسى» (مىنگونىڭ 8-يىلى 9-ئاينىڭ 6-كۈنى)، تەيبېي، «مەركىزىي تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات ئورنى» تۈزگەن «جۇڭگو-روسىيە مۇناسىۋىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار-شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئەسى (مىنگونىڭ 6-8-يىللىرى)»، 264-بەت.

(28) ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى باشقۇرغان دەسلەپكى بىر نەچچە يىلدا، ئىچكى-تاشقى مالىمانچىلىق ئۆزلۈكسىز يۈز بەرگەن. ئىچكى جەھەتتە گېلاۋخۇي قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، تۆمۈر «توپىلاڭ»نى تەشەببۇس قىلغان، تاشقى جەھەتتە تاشقى موڭغۇلىيە شىنجاڭنىڭ يېقىن جايلىرىغا تاجاۋۇز قىلغان؛ چار روسىيە مۇساپىرلىرى. يېڭىلگەن ئەسكەرلىرى شىنجاڭغا پاراكەندىچىلىك سالغان. ياڭ زېڭشىن ئاساسەن تۈرلۈك سىياسىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ئىچكى مالىمانچىلىقنى تىنچىتقان، تاشقى تاجاۋۇزنى توسقان.

(29) ياڭ زېڭشىن ئۆز ئىشخانىسىنىڭ زالىغا مۇنداق بىر مەسنىۋىنى ئېسىپ قويغان، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «جۇمھۇرىيەت تۈنجى رەت ئېلىپ كەلدى

مەرپەت، ئۆيات ئەمدى بەش ھاكىم، يەتتە ئەردەك تەۋرىمەك، جۇڭيۈەندىكى غەۋغاغا پەرۋا قىلىش نەھاجەت: چېگرا دىيار بەئەينى باغى ئېرەم ھۆسنىدەك، مۇسۇلماننى جەنۇبتىن شىمالغىچە بەند قىلساڭ، گالۋاڭ بولسا ئەۋزەلدۇر ئەڭ قەدىمكى پۇقرادەك.» بۇ مەسنىۋى ياڭ زېڭشىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ھەققىدىكى تونۇشىنى، يەنى ئۇ «بەش ھاكىم بەگ، يەتتە ئەركەك»نىڭ «جۇڭيۈەن»نى «تالىشىش» غەۋغاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دېگىنىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

(30) ۋاڭ تيېيا تۈزگەن: «جۇڭگو بىلەن چەت ئەلنىڭ كونا توختاملىرى توپلىمى»، 3-قىسىم، سەنليەن نەشرىياتى 1962-يىل نەشرى، 182-184-بەتلەر.

(31) جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ مۇشۇ شەرتنامىنى ئىمزالىغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە چۈشكەن. قاراڭ: خۇاڭ جيەنخۇا يازغان «جىن شۇرېن دېلوسى ئۈستىدە تەھلىل»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994-يىللىق 4-يىسانى.

(32) چېن فۇلىن: «ھاكىمىيەت يولىغا قاراپ مېڭىش: شېڭ شىسەي شىنجاڭدا تۇرغان دەسلەپكى بىر قانچە يىل (1930-1934)»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «چەت ئەللەردە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، 24-توپلام، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1994-يىل نەشرى، 105-بەت.

(33) چېن فۇلىن: يۇقىرىدىكى توپلام 95-بەت: لىڭ خۇڭشۈن: «شىنجاڭنىڭ قاتنىشى»، زەي گۇاڭلۇ تۈزگەن «شىنجاڭ ھەققىدە تەتقىقات»، تەيبېي، «جۇڭگو چېگرا رايونىنىڭ تارىخ، تىل-يېزىق ئىلمىي جەمئىيىتى»، 1964-يىل نەشرى، 227-بەت.

(34) ئاللېن ۋىتىڭ، شېڭ شىسەي: «غالچىمۇ ياكى تۈگۈنمۇ؟»

(Whiting, Allen S. & Sheng, shih-ts'ai, Pawn or Pivot?)

مىشىگان شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېت نەشرىياتى، 1958-يىل نەشرى، 1-

قىسىم، 13 - بەت.

(35) چېن فۇلىن: «ھاكىمىيەت يولىغا قاراپ مېڭىش: شېڭ شىسەي شىنجاڭدا تۇرغان دەسلەپكى بىر قانچە يىل (1930 - 1934)»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «چەت ئەللەردە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، 24 - توپلام، 117 - بەت.

(36) 1931 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قۇمۇلنىڭ شوپۇل دېگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق قاراۋۇللارنىڭ پەيجاڭى جاڭ گوخۇ يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا مەجبۇرىي ئالماقچى بولغاچقا ئۇيغۇرلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان، ئۇلار جاڭ گوخۇنىڭ خوتۇن ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قاراۋۇلخانىنى ساقلاۋاتقان بارلىق ئەسكەرلەرنى جايلىۋەتكەن. ئارقىدىنلا يەنە تۇخۇلۇ، شامايا، تۈزكۆللەردىكى تەكشۈرۈش ئىدارىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىمۇ پۈتۈنلەي يوقاتقان.

(37) جياڭ جۇنجاڭ «شىنجاڭنى باشقۇرۇش توغرىسىدا» (جېڭجۇڭ باسمىخانىسى 1937 - يىل نەشرى، 49 - بەت) دېگەن كىتابتا: شىنجاڭ مەسىلىسى ھەرگىز نوقۇل مىللىي مەسىلىلا ئەمەس، ئۇ يەردە مىللىي مەسىلە بىلەن دىپلوماتىيە مەسىلىسى گىرەلىشىپ كەتكەن دەپ ئېيتقان. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبىگە دائىر مۇھاكىمە توغرىسىدا، ۋاڭ كې ئەپەندى «مىللەت ۋە دۆلەت - جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت دېگەن ئىدىيىنىڭ لىنىيە شەجەرىسى» دېگەن كىتابىنىڭ 228 - بېتىدىكى 1 - ئىزاھتا شۇچاغدا ئۆتكەن بىرمۇنچە ئاپتورلارنىڭ ماقالە ۋە كۆز قاراشلىرىنى مىسال كەلتۈرگەن، بۇ كۆز قاراشلاردا ئايرىم پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئىككى نۇقتىدا ئوخشاش بولغان، ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭ مەسىلىسى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىكى مىللىي مەسىلە ۋە چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىش مەسىلىسى دېگەندىن ئىبارەت.

(38)(41)(48) يۇ يىزې: «شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ تۈگۈنى»، «يېڭى ئاسىيا»نىڭ 1934 - يىلىدىكى 7 - جىلد، 5 - سانى.

(39) مېڭ يىڭيى: «ئەنگلىيە، رۇسىيە، ياپونىيە جاڭجىلى ئاستىدىكى

شىنجاڭ مەسىلىسى»، «يېڭى ئاسىيا»نىڭ 1935 ـ يىلىدىكى 9 ـ جىلد، 2 ـ سانى.

(40)(44) زوڭ زې: «ۋەتەنداشلارنىڭ شىنجاڭدىكى خەۋپكە سەل قارىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن» (1)، «غەربىي شىمال مۇھاكىمە مۇنبىرى»نىڭ 1935 ـ يىلىدىكى 2 ـ جىلد 2 ـ سانى.

(42) گو ۋېيپىڭ: «جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەسى ۋە جاھانگىرلىكنىڭ شىنجاڭغا قىلغان تاجاۋۇزى ئۈستىدە تەھلىل»، «غەربىي شىمال مەسىلىسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى»نىڭ 1934 ـ يىلىدىكى 1 ـ جىلد، 1 ـ سانى.

(43) جياڭ جۇنجاڭ: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش توغرىسىدا»، جېڭجۇڭ باسمىخانىسى 1937 ـ يىل نەشرى، 86 ـ ، 89 ـ بەتلەر.

(45) ۋاڭ كې: «مىللەت ۋە دۆلەت ـ جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت دېگەن ئىدىيىنىڭ لىنىيە شەجەرىسى»، 233 ـ بەت.

(46) جياڭ جۇنجاڭ: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش توغرىسىدا»، 99 ـ بەت.

(47) دىڭ رۇيشىن: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك»، «تۈركى»نىڭ 1937 ـ يىلىدىكى 4 ـ جىلد، 3 ـ 4 ـ قوشما سانى.

(49)(51) ليۇ شى: «شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىكى ھەل قىلغۇچ مەسىلە»، «چېگرا ۋەقەسى تەتقىقاتى»نىڭ 1935 ـ يىلىدىكى 1 ـ جىلد، 5 ـ سانى.

(50) جياڭ جۇنجاڭ: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش توغرىسىدا»، جېڭجۇڭ باسمىخانىسى 1937 ـ يىل نەشرى، 134 ـ بەت.

(52) چۇ مىنيى: «شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتى»، شاپىگراف نۇسخىسى، 6 ـ 7 ـ بەتلەر، گەنسۇ ئۆلكىلىك كۈتۈپخانىدا ساقلانغان.

(53) يۈ چۈيجى: «شىنجاڭدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلان»، «يېڭى ئاسىيا»نىڭ 1931 ـ يىلىدىكى 2 ـ جىلد، 1 ـ سانى.

(54)(59) تاڭ شۇتاۋ: «شىنجاڭنى ئېچىشتىكى ئىككى ئاساسىي مەسىلە»، «غەربىي شىمالنى ئېچىش»نىڭ 1935 ـ يىلىدىكى 3 ـ جىلد، 4 ـ سانى.

(55) خۇاڭ شاۋخۇڭ: «50 يىللىق ئەسلىمە»، 296 ـ بەت.

(56)(57) ياڭ زەڭشىن: «شىنجاڭدا سودا-سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش
توغرىسىدا يۈزەكى پىكىر»، «غەربىي شىمالنى ئېچىش»نىڭ 1934-
يىلدىكى 1-جىلد، 1-سانى.
(58) خۇاڭ شاۋخۇڭ: «50 يىللىق ئەسلىمە» 296-بەت: گۇاڭ لۇ: «گۇاڭ لۇ
ئەسلىمىسى»، تەيبېي، مەرىپەت يۇلتۇزى نەشرىياتى 1964-يىل نەشرى،
138-بەت.
(60) ۋاڭ كې: «مىللەت ۋە دۆلەت-جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت
دېگەن ئىدىيىنىڭ لىنىيە شەجەرىسى»، 228-بەت.
(61) شەرقىي شىمال پىدائىيلار ئارمىيىسى 1931-يىلدىكى «18-
سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، شەرقىي شىمالدىن سوۋېت ئىتتىپاقى
ئارقىلىق شىنجاڭغا چېكىنگەن شەرقىي شىمال ئامىنسىنىڭ ۋەتەن
قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى بىلەن جىلىن گۋاردىيىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار 1933-
يىلى شىنجاڭغا كىرگەن، ئادەم سانى 10 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۈرۈمچى،
ئىلى ۋە تارباغاتاي قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان.
(62) ياڭ بىڭلى: «ياپونىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە پىلانى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي
شىمال مەسىلىسى»، «غەربىي شىمال مەسىلىسى»نىڭ 1934-
يىلدىكى 1-جىلد، 1-سانى.

# II باب شىنجاڭنى جىن شۇرېننىڭ قولىدىن پەم بىلەن تارتىۋېلىش تەسەۋۋۇرى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى

## 1 - پاراگراف جىن شۇرېننىڭ نائىلاج شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس ۋە قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قىلىپ تەيىنلىنىشى

### بىرىنچى، جىن شۇرېنغا ئۆلكە رەئىسلىكى ۋەزىپىسىنىڭ نائىلاج بېرىلىشى

شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇدا شىنجاڭنىڭ دۇبەنى ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. 1928 - يىلى 6 - ئايدا مىللىي ھۆكۈمەت شىمالغا يۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ياڭ زېڭشىن «بۈتخانىنىلا ئېتىراپ قىلىپ، بۈتنى ئېتىراپ قىلمايدىغان» كونا ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، مىللىي ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش ھەققىدە تېلېگرامما يوللىغان، ئەمما ئەمەلىيەتتە شىنجاڭ يەنىلا مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ سىرتىدىكى يېرىم بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرىۋەرگەن. نەنجىڭدىكى مىللىي ھۆكۈمەت ئەمدىلا قۇرۇلغاندا، تاشلىنىپ قالغان ئىشلارنى قايتىدىن ئىشلەشكە توغرا كەلگەن، جياڭ جيېشى،

فېڭ يۈيشىياڭ، يەن شىسەن، گۇاڭشى گورۇھىدىن ئىبارەت ۋاقىتىنچە بىرلەشكەن مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ كۈندىن-كۈنگە گەۋدىلىنىپ قالغان. ھەرقايسى گورۇھقا تەۋە مىلىتارىستلارنىڭ ئەسلىدە شىنجاڭ مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە چولىسى تەگمەيۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شۇ يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن «7-ئىيۇل ۋەقەسى»دە ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى 17 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتۇرۇلغان، بۇ ۋەقە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى تىزگىنلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن ئوبدان پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن.

ياڭ زېڭشىن قول ئاستىدىكى ھەربىي ئىشلار نازىرى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى فەن ياۋنەن[1] تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن شىنجاڭدىكى شەنشى-گەنسۇلۇق بيۇروكراتلار گورۇھىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، «فەن ياۋنەننى باستۇرۇش» جەريانىدا ھەربىي قوشۇننى ئىگىلەپ، شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى ئوڭايلا قولغا كەلتۈرۈۋالغان. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭ ۋەقەسى ھەققىدىكى دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بىر تەرەپتىن جىن شۇرېننىڭ ۋاقىتىنچە مۇۋەققەت ئۆلكە رەئىسى بولۇپ، يەرلىك ئورۇننىڭ ئامانلىقىنى مۇۋاپىق ساقلىشى توغرىسىدا تېلېگرامما بەرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ليۇ يۈفېنغا شىنجاڭ ۋەقەسىنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ھەمدە شىنجاڭغا مۇۋاپىق خادىم ئەۋەتىپ ھەربىي قوشۇن ئەھۋالىنى ۋە سىياسىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تىزگىنلىشى ئۈچۈن ئوبدان تەييارلىق كۆرۈش توغرىسىدا تېلېگرامما يوللىغان.

7-ئاينىڭ 29-30-كۈنلىرى مىللىي ھۆكۈمەت ليۇ

يۇفېڭنىڭ ئىككى پارچە تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغان . لىيۇ يۇفېن تېلېگراممىسىدا شىنجاڭدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش جەريانىنى ۋە ھەربىي قوشۇندىكى ئەسكەر سانىنىڭ تەخمىنەن 20 مىڭدىن ئاشىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن تاشقىرى، شىنجاڭنىڭ سوۋېت روسىيىسى بىلەن چېگرىداش ئىكەنلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، جىن شۇرېننىڭ قابىلىيەت جەھەتتە ياڭ زېڭشىندىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا كۆپ ۋەقە تۇغۇلۇشى، دۆلەت مۇداپىئەسىنىمۇ جىددىيلىشىشى مۇمكىنلىكىنى تەكىتلەپ، «مەركەز ھەم تالانتلىق ھەم بىلىملىك، ئابرۇيلۇق كاتتا ئەربابنى ئەۋەتكەندىلا ئاندىن يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش مۇمكىن بولىدۇ، مۇبادا بۇنداق ئەربابنى تاللاش دەماللىققا قىيىن بولسا، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، تەجرىبىلىك، ئېغىر-بېسىق ھەم ئىناۋەتلىك ياخشى بىرەر ئەربابنى ئەۋەتىپ ئەھۋالنى ئوڭشاش تۈزۈكرەك»[2] دېگەن. بىراق شىنجاڭنى ئەمەلىيەتتە جىن شۇرېن كونترول قىلىۋالغان، مەركەز شىنجاڭنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا خادىم ئەۋەتىدىغان بولسا، بۇ يولۋاستىن تېرىسىنى بېرىشنى سورىغاندەك ئىش بولۇپ، جىن شۇرېننىڭ باركۈچى بىلەن رەت قىلىشى جەزمەن ئىكەن. ئەمما نەنجىڭ ھۆكۈمىتى لىيۇ يۇفېڭنىڭ تەكلىپى تۈپەيلىدىن، جىن شۇرېننى ئۆلكە رەئىسلىكىگە رەسمىي تەيىنلەش ئىشىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرغان.

جىن شۇرېن ئۆزىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىگە رەسمىي تەيىنلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى قوللانغان. 7-ئاينىڭ 16-كۈنى، جىن شۇرېننىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى بىرلىكتە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ، جىن شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە باش قوماندان

قىلىپ رەسمىي تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغان. 9-ئاينىڭ 12-كۈنى، جىن شۇرېن يەنە ئۆزى قۇرغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە نامىدىن گومىنداڭنىڭ مەركىزى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارغا ۋە ھەربىي-مەمۇرىي مۇھىم ئەربابلارغا تېلېگرامما يوللاپ، جىن شۇرېننى ياڭ زېڭشىننىڭ شاگىرتى، «قەدىمكى ۋە ھازىرقى بىلىمگە پىششىق، ئەلەمگىمۇ، قەلەمگىمۇ ماھىر»، «ئىلگىرى مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولۇپ داڭ چىقارغان، سىياسىي جەھەتتە ئىنتايىن تەجرىبىلىك، چېگرا رايون ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدۇ» دەپ ماختاپ ئۇچۇرۇپ، «ھۆكۈمەت دائىرىسىدىكى ھەر قايسى ھەزرەتلەرنىڭ ئويلىنىپ كۆرۈشىنى، مەككارلارنىڭ پىتنە-پاساتلىرىدىن قايمۇقۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن چېگرا رايوندىكىلەر خۇشال بولىدۇ، پارتىيە-دۆلەت خۇشال بولىدۇ»[3] دېگەن. ئەمما نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا يەنىلا پىسەنت قىلمىغان. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى پوزىتسىيە بىلدۈرمىگەنسېرى، جىن شۇرېننىڭ تاقىتى شۇنچە تاق بولۇپ، مەركەزگە ئارقا-ئارقىدىن تېلېگرامما يوللاپ، شىنجاڭ ئەھۋالىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، خەۋپلىك ئەھۋاللارنىڭ ئۇزۇلمەي يۈز بېرىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنىڭغا رەسمىي نام بېرىلمىسە، شىنجاڭدا ۋەقە يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بالدۇرراق رەسمىي تەيىنلىشىنى دەۋەت قىلغان.

شۇچاغدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە بەكمۇ ئارىسالدى بولغان، شىنجاڭنى قورال كۈچى بىلەن كونترول قىلاي دىسە كۈچى يار بەرمىگەن، جىن شۇرېننىڭ چېگرا رايوننى بۆلۈنمە قىلمۇۋېلىشىغا يول قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىغان. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مەركىزىي سىياسىي كېڭەشمە جىن شۇرېننىڭ ئەمەلىي كۈچكە ئىگىلىك ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆلكىنى بۆلۈۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەركىزىي سىياسىي كېڭەشمە مىللىي ھۆكۈمەتكە مەخپىي ئالاقە

يوللاپ: ئەزا شۆ دۇبى قاتارلىق كىشىلەر تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، مىللەتلەر ئارىلاش جايلاشقان، ئىككى ئۆلكە قىلىپ ئايرىلسا باشقۇرۇش بىرقەدەر ئاسان بولىدۇ، يەر تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن تيانشاننى تەبىئىي ئۆلكە پاسىلى قىلىپ، تيانشاننىڭ شىمالىنى شىمالىي شىنجاڭ ئۆلكىسى قىلىپ ئايرىپ ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىش، تيانشاننىڭ جەنۇبىنى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆلكىسى قىلىپ خوتەن ياكى ئاقسۇنى مەركەز قىلىش لازىم دېگەن تونۇشقا كەلدى دېگەن. مىللىي ھۆكۈمەت مۇھاكىمە قىلىپ، شىنجاڭنى ئۆلكىگە ئايرىش لايىھىسىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇشنى قارار قىلغان.[4] ئەمەلىيەتتە ئاساسىي گەپ شىنجاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلىي كونتروللۇقى ئاستىدا بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت بولغاچقا، ئۆلكىگە ئايرىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن بولمىغان.

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن دەماللىققا ئۈبدان چارە تاپالمىغان، ئۆلكە رەئىسىنىڭ ئورنىنى ئۇزاق ۋاقىت بوش قالدۇرۇشمۇ ئەپسىز بولغاچقا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭدىن ئىلگىرى جىن شۇرېن بۇيرۇققا بىنائەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي قانۇنىغا ئاساسەن ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ نامزاتلىرىنى مەلۇم قىلغان، ئۇنى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ جيېشى تەستىق سېلىپ «ماقۇللىغان». 1928-يىلى 10-ئاينىڭ 31-كۈنى، مەركىزىي سىياسىي كېڭەشمىنىڭ 161-سانلىق يىغىنى قارار چىقىرىپ: «جىن شۇرېن، ۋاڭ جىزو، شۈي، چيەن، ليۇ ۋېنلۇڭ، جاڭ جېڭدى، چېن جىشەن، يەن يۇشەن، تۇ ۋېنپېي، لى رۇڭلارنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قىلىپ تەيىنلىگەن، جىن شۇرېننى رەئىس قىلىپ بەلگىلىگەن ھەمدە ۋاڭ جىزونى قوشۇمچە خەلق ئىشلار

نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، شۆي چيەننى قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، لى ۋېنلۇڭنى قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىگەن». [5] 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشى يۇقىرىدىكى قوشۇمچە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەرنى ماقۇللىغان ھەمدە يەن يۇشەننى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى قىلىپ تەيىنلىگەن. 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە ۋە مەمۇرىي پالاتاغا يوللاپ تەكشۈرتكەندىن كېيىن، دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشى قارار ماقۇللاپ، چېن جىشەننى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار خاس ۋەكىلى، جاڭ جېڭدىنى قوشۇمچە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن. 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشى ئۆتكەن نۆۋەتتىكى ۋەزىپىگە تەيىنلەش قارارىنى تەڭشەپ، چېن جىشەننىڭ قوشۇمچە تاشقى ئىشلار خاس ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنى ساقلاپ قېلىشتىن تاشقىرى، تۇ ۋېنپېينى قوشۇمچە باش كاتىپلىققا قويغان، جاڭ جېڭدى ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە مەمۇرىي مەنسەپ ئۆتىمەيدۇ دېگەن بەلگىلىمە بويىچە ھۆكۈمەت ئەزالىقىنى قوشۇمچە ئۆتىمەيدىغان بولغان. 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، جىن شۇرېن لۇ شياۋزۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا كۆرسەتكەن، ئۇنى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى 1929 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تەستىقلىغان.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا مۇلكىي ئەمەلدارلار باشقارمىسى: شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، شىزاڭدىن ئىبارەت ئۈچ جاي چېگرىغا جايلاشقان، دۆلەت مۇداپىئەسىگە ئالاقىدار، ھازىر دەل دۆلەت قۇرۇش باشلانغان چاغ، ئىچكى ئىشلار، تاشقى ئىشلار، جېگرا مۇداپىئەسى، مائارىپ، سودا ـ سانائەت، قۇرۇلۇش قاتارلىق تۈرلەرنى بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، شىزاڭ ـ ئۈچ ئورۇننىڭ مۇھاكىمە يىغىنىنى تەسىس

قىلىپ، دانىشمەنلەرنى يىغىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا دائىر ئوبدان تەدبىرلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ تاللاشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمىز دەپ مەلۇم قىلغان. بۇنى مىللىي ھۆكۈمەت دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشىنىڭ 2-سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاش قارار قىلىنغان، مۆلكىي ئەمەلدارلار باشقارمىسى «چېگرا رايون ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش قائىدىسى»نىڭ لايىھىسىنى تۈزگەن، بىرىنچى ماددىسىدا مۇھاكىمە قىلىش دائىرىسىنى ھەرقايسى چېگرىغا جايلاشقان ئۆلكە-رايونلارنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، سىياسىي، ھەربىي، مەدەنىي يادىكارلىقلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلىپ بەلگىلىگەن، ئىككىنچى ماددىسىدا چېگرىغا جايلاشقان ئۆلكە-رايونلار تۆت سىستېمىغا ئايرىلغان، شىنجاڭ بىلەن چىڭخەي تۆتىنچى سىستېمىغا ئايرىلغان، ھەربىر سىستېمىغا بىردىن مۇدىر قويۇلىدىغان، ئۇ مىللىي ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن تاللاپ قويۇلىدىغان، ھەپتىسىگە بىر نۆۋەت مەجلىس ئاچىدىغان، ھەربىر سىستېما ئايرىم مەجلىس ئاچىدىغان بولغان، ئەمما بۇلار مەسلىھەت ياكى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك يىغىنلار بولۇپ، ئۇنىڭ مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىشىغا ئانچە ياردىمى تەگمىگەن.

## ئىككىنچى، جىن شۇرېننىڭ نائىلاج شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قىلىپ تەيىنلىنىشى

مەركىزىي ھۆكۈمەت جىن شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەربىي مەنسەپ ئورنىنى ئۇدا بوش قالدۇرۇپ، جىن شۇرېننى تەيىنلەشنى خالىمىغان. خالىماسلىقتا مۇنداق ئىككى مەقسەتنى كۆزدە

تۇتقان: بىرىنچىدىن، جىن شۇرېننىڭ مەركەز تەرىپىدىن تەيىنلىنىش سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىي كۈچكە ئىگىلىك ئورنىنى كۈچەيتىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن، ئىككىنچىدىن، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي قوشۇنلارنى ئىدارە قىلىشقا ھەربىي خادىم ئەۋەتىشى ئۈچۈن باھانە تېپىشىنى كۆزدە تۇتقان.

شۇكۈنلەردە نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەتنى «بىرلىككە كەلتۈرگەن»، بىر تۈركۈم ھەربىي-مەمۇرىي مۇھىم ئەربابلار شىنجاڭنى ئەمەلىي كونترول قىلىش لايىھىسى ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىغان. بەي چۇڭشى خۇيزۇ بولغانلىقى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تولىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىرمۇنچە ئەربابلار خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بەي چۇڭشىنى ئېسىگە ئالغان. 1928-يىلى 10-ئاينىڭ 13-كۈنى، خۇ خەنمىن بەي چۇڭشىغا خەت يېزىپ: «رېنچاۋ (لى جىشېن)، جېنرۇ (چېن مىڭشۇ)لار بىلەن چۇڭقۇر پىكىرلىشىپ، شۇنداق تونۇشقا كەلدۇقكى، پارتىيىمىزنىڭ ھەربىي خادىملىرى يىراقنى كۆزلىشى لازىم، جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى جەنۇبتا ئەمەس شىمالدا. مانجۇرىيە، موڭغۇلىيە ھەركىم ئاياغ ئاستى قىلىدىغان يەرگە ئايلاندى، شىنجاڭ كەڭ چۆل-جەزىرىگە جايلاشقان. بۇلارغا ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ. قىزىل روسىيىنىڭ چىشىنى بىلەۋاتقىنىغا ئۇزاق بولدى، مۇبادا بىز ئۇ يەرلەرنى كونترول قىلالمايدىغان بولساق، ئەنگلىيىنىڭ ئەزۋەيلەپ شىزاڭنى تارتىۋېلىشى تۇرغان گەپ، ئۇ چاغدا چېگرىغا جايلاشقان دۆلەت زېمىنىمىز پۈتۈنلەي قولدىن كېتىدۇ. بەش مىللەتنىڭ جۇمھۇرىيەت بولۇشى، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان، زاڭزۇ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىكار بولىدۇ. ئۇنداقتا جۇڭخۇا مىنگو نېمىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلىدۇ. نېمە بىلەن مۇستەھكەملىنىدۇ. ھالبۇكى، بىر-بىرى بىلەن ئورتاق ئارزۇغا

ئىگە مىللەتلەرنى قىزىل-ئاق جاھانگىرلار ئاياغ ئاستى قىلسا قانداقمۇ قاراپ تۇرۇشقا بولسۇن؟ بىزنىڭكىلەر شىنجاڭنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم جاي ئىكەنلىكىنى تونۇشى لازىم. بۇنداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان كىم بار؟ مەن قوراللىق كۈچلەرگە باشچى بولۇۋاتقان يولداشلارنى بىر قۇر كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، جيەنشىڭ (بەي چۇڭشىنى دېمەكچى) بۇ مەسئۇلىيەتنى خۇشاللىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشقا قادىر دېگەن تونۇشقا كەلدىم»[6] دېگەن. تەن يەنكەيمۇ بەي چۇڭشىنى دەۋەت قىلىپ: شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئىنتايىن مۇھىم، جىددىي قوغلاپ يېتىشىۋالمايدىغان بولساق، باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىشىمىز مۇمكىن. «يولداشلارنى بىر قۇر كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ تاللاپ كۆرۈپ، بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى جانابىڭىزنىڭلا ئۈستىڭىزگە ئالالايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى، جيېشىمۇ (جياڭ جيېشىنى دېمەكچى) قوشۇلۇپ، بۇرادەر جېنرونىڭ بېيپىڭغا كېلىشىنى تاپىلىدى، جانابىڭىزنىڭ قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلدى»[7] دېگەن.

ئەسلىنى ئالغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چېگرا رايوننى باشقۇرۇش پەيتى يېتىپ كەلگەن. ئەمما شىمالغا يۈرۈش ۋاقتىدا ۋاقتىنچە بىرلەشكەن جياڭ جيېشى، فېڭ يۈشياڭ، يەن شىشەن، گۇاڭشىدىن ئىبارەت تۆت گۇرۇھ زېمىن ئايرىشىش ۋە ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ھەم تارقىتىش مەسىلىسىگىلا كۆڭۈل بۆلگەچكە، «غەربىي شىمالغا بېرىشنى ھېچكىم خالىمىغان.»[8] بەي چۇڭشى كۆرۈنۈشتە باش تارتىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، ياق دېيىش ئورنىغا ماقۇل بولغاندەك قىلىپ، پارتىيە-دۆلەت ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ، چېگرا رايونغا بارىدىغان مەردانە سۆزلەرنىڭ نىقابى ئاستىدا، شەرت قويۇشقا ئوخشايدىغان بىر تالاي تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان: مەركەز دۆلەت مۇداپىئە يىغىنىنى ئورگىنىنى

تەسىس قىلىپ، پۈتكۈل دۆلەت مۇداپىئە پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىشى، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى، خىراجىتى، قاتنىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر تۇتاش پىلانلىشى لازىم: ئالدى بىلەن باۋتۇ-نىڭشيا تۆمۈر يولىنى پۈتكۈزۈپ، ئاندىن ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئۇزارتىش لازىم؛ نۆۋەتتىكى ھەربىي ترانسپورت ۋە قاتناشقا قولايلىق تۇغدۇرىدىغان جىددىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، غەربىي شىمال ئايروپىلان ئىستانسىسىنى قۇرۇش ۋە غەربىي شىمال تاشيولىنى ياسىشىنى دەرھال پىلانلاش لازىم دېگەنلەرنى ئېيتقان.[9] جياڭ جېيشى بىلەن گۇاڭشى مىلىتارىستلىرى ئۇرۇشى پارتلاش ئالدىدا تۇرغاچقا، شىنجاڭ مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەمەلىيەتتە ھېچكىمنىڭ چولىسى تەگمىگەن.[10] بەي چوڭشىنىڭ شىنجاڭغا بېرىش ئىشىنى كىشىلەر قايتا تىلغا ئالمىغان.

جياڭ جېيشى بىلەن گۇاڭشى مىلىتارىستلىرى ئۇرۇشى، جياڭ جېيشى بىلەن فېڭ يۈشياڭ ئۇرۇشى ئىلگىرى-ئاخىر پارتلىغان. 1929-يىلى 5-ئايدا، گومىنداڭ مەركىزى فېڭ يۈشياڭنى پارتىيىدىن چىقىرىشنى قارار قىلغان، ھۆكۈمەتمۇ ئۇنى ئاساسىي ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ، قاتتىق جازالاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇ چاغدا، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە شەنشى-گەنسۇلارنى تىنچىتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئارتۇق ھەربىي قوشۇنلارنى شىنجاڭغا ئاتلاندۇرۇپ، غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە بەل باغلىغان.[11]

1929-يىلى 11-ئايدا، جياڭ جېيشى فېڭ يۈشياڭنىڭ غەربىي شىمال ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شەنشى-گەنسۇلارنى بىردىنلا تىنچىتالمىغان. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شەنشى-گەنسۇلارنى كونترول قىلالمىغاچقا، شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتىدىغان يوللارنىمۇ كونترول قىلالمىغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا، جىياڭ جىيېشىمۇ ئۆزى بىلەن گۇاڭشى مىلىتارىستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش، ئۆزى بىلەن تاڭ شېڭجى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋە جىياڭشىدا كومپارتىيىنى قورشاپ يوقىتىش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراپ ھەربىي قوشۇننى يېتىشتۈرەلمەيۋاتقان يەردە نەدىمۇ ئارتۇق ھەربىي قوشۇن بولسۇن؟ شىنجاڭنى قورال كۈچى بىلەن كونترول قىلىش لايىھىسى يەنە بىر نۆۋەت تاشلاپ قويۇلغان.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، جىن شۇرېنمۇ كونا ھىيلىسىنى قايتا ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تەرەپتىن ھەرىكەت قىلغان. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇيۇشمىسى، شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى نامىدىن شىنجاڭدا ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، ھەربىي باشلىقلارنىڭ ھۆرمەتلىك نام-مەرتىۋىگە ئىگە بولمىسا تۇرۇپ ئابرۇي قازىنالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ئۆزىگە جىياڭ جىيېشى-فېڭ يۈشياڭ ئۇرۇشى مەزگىلىدە بېرىلگەن 18-جۇننىڭ باش قوماندانى دېگەن نامنى بىكار قىلىپ ئۆزىنى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قىلىپ تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغان. ئەمما جىن شۇرېن چۈشىدىمۇ ئىنتىزار بولغان خىزمەتكە تەيىنلەش خېتىگە ئۇزاققىچە ئىگە بولالمىغان. پەقەت نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىش ھەققىدىكى تۈرلۈك تەسەۋۋۇرلىرى ئاقمىغاندىن كېيىن[12]، شىنجاڭنىڭ رېئال ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا، 1931-يىلى 6-ئاينىڭ 6-كۈنى جىن شۇرېننى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولغان.

شۇ كەملەردە، جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى تەۋرىتىپ قويغان، جىن شۇرېن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ «قانۇنغا مۇۋاپىق»لىقىنى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ «رەسمىي نام بېرىشى» ئارقىلىق تەكىتلەشكە تولىمۇ تەشنا بولغان.[13] بىراق نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى ھەربىي ۋەزىپىگە تەيىنلىشى بەئەينى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان ئادەمگە يۈرەك كۈچەيتىش دورىسىنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغاندەك ئىش بولۇپ، بۇ جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭدىكى تەۋرەپ قالغان ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشىدە ھېچقانچە رول ئوينىمىغان.

## 2 - پاراگراف گومىنداڭ مەركىزىي پىرقە بۆلۈمى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى

جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقىنى ئەمەلىي كونترول قىلغاندىن كېيىن، چېگرا رايون زومىگەرى ياڭ زېڭشىنغا ئوخشاشلا مەركەزنىڭ كۈچىنى يېقىن يولاتماي كەلگەن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۆز كۈچىنى كىرگۈزۈشكە قىلچە ئىمكانىيەت تاپالمىغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىلاجىسىز ئالدىرىماي ھەل قىلىشىنى كۆزلەپ، شىنجاڭغا مەركىزىي پىرقە بۆلۈمىنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ كۈچ كىرگۈزگەن.

گەرچە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتىنى شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىگىچە سۈرۈشكە بولىسىمۇ،[14] لېكىن گومىنداڭ ئەزالىرى جىن شۇرېننىڭ ۋاقتىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئاشكارا ھەرىكەت قىلالايدىغان بولغان. گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ مەركىزى ئەنە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈم يېتەكچىلىك كومىتېتىنى قۇرۇشنى قارار

قىلىپ، ئىلگىرى شىنجاڭدا مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان گومىنداڭ ئەزاسى دېڭ شىچېڭنى شىنجاڭغا بېرىپ ئىشلەشكە ئەۋەتكەن.

بۇنى ئەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئىشلىرىغا قول تىقىش مۇقەددىمىسى دەپ بىلگەن جىن شۇرېن كومىتېت ئەزالىرىنى يەرلىكلەشتۈرۈشنى باھانە قىلىپ، ئىچكىرىدىكىلەرنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەشكە كېلىشىنى توسقان. ئۇ بىر تەرەپتىن گومىنداڭ پارتىيىسى مەركىزىنىڭ ئىشلىتىۋاتقان بېسىمىنى پەسەيتىش، يەنە بىر تەرەپتىن كاتتا نام بىلەن ئۆزىنى قوغداپ باشقىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى قۇرغان.

گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ مەركىزى جىن شۇرېننىڭ ئۆز ئالدىغا قۇرغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى ئېتىراپ قىلمىغان. 1929 ـ يىلى لو مېيخۇەن قاتارلىق كىشىلەرنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ ئەزالىرى دەپ باشقىدىن ئېلان قىلغان، جىن شۇرېن ئىچكىرىدىكىلەر چېگرا رايوننىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلمەيدۇ دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم رەت قىلغان. گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ مەركىزى جىن شۇرېن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر يەرگە كېلەلمەي، ۋېي يۇنجۇڭنى شىنجاڭنىڭ پارتىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتتىق بۇيرۇق بىلەن ئەۋەتكەن. جىن شۇرېن ۋېي يۇنجۇڭنى كۆرۈنۈشتە قوبۇل كۆرگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئاستىرتتىن نازارەت قىلغان، شىنجاڭدىكى مۇھىم ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلارمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى يىراق تۇتقان. ۋېي يۇنجۇڭ شىنجاڭدا يالغۇزلۇق تارتىپ، ئەمەلىيەتتە ھېچ ئىش قىلالمىغان، شۇنداقتىمۇ جىن شۇرېن ئۇنى شىنجاڭدىن قوغلىۋەتكەن. گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي دائىمىي كومىتېتى يەنە فاڭ دىتاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى پارتىيە

ئىشلىرى ئۈچۈن خاس ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ھەمدە شىنجاڭدىكى جىن شۇرېن، ۋاڭ زىڭشىيەنلەرنى خاس ۋەكىل قىلىپ قوشۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى قۇرغان، جىن شۇرېن بۇنىمۇ ئوخشاشلا رەت قىلغان.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى تەسىس قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىككى تەرەپ ئۇزاققىچە تىركىشىپ، ئاخىرى ھەر ئىككى تەرەپ مۇرەسسەگە كېلىش بىلەن ئاربلاش تەشكىل قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىمە لايىھە تۈزگەن: يەنى نەنجىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسىسى 4-5تىن كىشى كۆرسىتىپ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى قۇرىدىغان، ئۇلارنى گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ مەركىزى تەيىنلەيدىغان بولغان. شىنجاڭدىن پارتىيە ئىشلىرى خاس ۋەكىللىكىگە جىن شۇرېن، لۇ شياۋزۇ (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى)، جۇ رۇيچى (مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى) كۆرسىتىلگەن، نەنجىڭ تەرەپتىن پارتىيە ئىشلىرى خاس ۋەكىللىكىگە ئىچكىرىدە تۇرۇۋاتقان شىنجاڭلىق ياش گۇڭ بىچېڭ، بەي يۈشيۈ ۋە شۇ كەملەردە مەركىزي سىياسىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان گەنسۇلۇق ئوقۇغۇچى لى چيا، ساۋ چېۋېنلەر كۆرسىتىلگەن. گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ مەركىزى ئۆز ئۈمىدىنى ئەنە شۇ تۆت نەپەر ياشقا باغلىغان، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چېن لىفۇ شىنجاڭدا ئىشلەشكە بېرىش ئالدىدا تۇرغان گۇڭ بىچېڭ بىلەن بەي يۈشيۈنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا: «شىنجاڭدا ئىشلەش ئاسان ئەمەس، سىلەر شىنجاڭلىق بولساڭلارمۇ يەنىلا ھەممە يەردە پەخەس بولۇشىڭلار لازىم، يەرلىك ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويماڭلار... جىن شۇرېن قاتارلىق ياشانغانلارغا پرىنسىپال بولمىغان مەسىلىلەردە يول قويۇڭلار، ھەممە ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلماڭلار... شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ قېيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ياردەم

بېرىڭلار، ياشلارنى ئېگىلەڭلار، ياشلار بىزنىڭ دەسمايىمىز، ئۇلارغا سەل قارىماڭلار»[15] دەپ تاپىلىغان.

شۇ كۈنلەردە لى چيا بىلەن ساۋ چىۋىن تېخى ئوقۇش پۈتتۈرمىگەچكە، گۇڭ بىچېڭ بىلەن بەي يۈشيۇ ئىككىسىلا 1932-يىلى 12-ئايدا ياپونىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئايلىنىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈم قۇرۇلغان ھېسابىدا بولغان. بۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىسى ۋېي يۇنجۇڭنىڭكىدىن ياخشىراق بولغان، باشتا ئۇلار ھەر ساھەدىكى مۆتىۋەر، داڭلىق زاتلار بىلەن ئالاقە باغلىغان. بىر قىسىم ياشلارمۇ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا يېقىنلاشقان. بىراق ئەھۋال شۇنچىلىكلا بولغان خالاس. جىن شۇرېن گورۇھىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى شىنجاڭدا پىرقە بۆلۈم ۋۇۋىسكىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلدە ھېچقانداق رول ئوينىيالمىغان.

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدىكى قاتمۇ-قات مۇستەبىت سىياسەت تېز ئارىدىلا قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە سەۋەب بولغان. قورال كۈچىگە چوقۇنىدىغان جىن شۇرېن باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، قوزغىلاڭنى تىنچىتماقتا يوق، قوزغىلاڭنىڭ پىچان، تۇرپان، فۇكاڭ، قۇتۇبى قاتارلىق جايلارغىچە كېڭىيىشىگە سەۋەب بولغان. جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى لىڭشىپ قالغان پەيتتە، شىنجاڭدا زىمىن تالىشىۋاتقان ماجۇڭيىڭ[16] يەنە قول ئاستىدىكى ما چۈەنلۇ قىسىمىنى ئۈرۈمچىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. شۇ چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددىيلەشكەن، شەھەر ئىچىدە ئاچارچىلىقتا قالغان خەلق نالە-زار قىلغان: شەھەر سىرتىدا ھەممە يەرنى جەسەت قاپلىغان. قىلىشقا ئىش تاپالمىغان گۇڭ بىچېڭ بىلەن بەي يۈشيۇ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ۋە خەيرىيەت جەمئىيىتى تەشكىل قىلىپ،

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى خەيرىيەت پائالىيىتى ئارقىلىق كېڭەيتىش، شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆڭلىنى شۇنىڭ بىلەن ئۇتۇش قارارىغا كەلگەن.

ئۇلار ئالدى بىلەن بىر ئامال قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ ئىمزانىسىنى قولغا كەلتۈرگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچى سودا ساھەسىدىكى ئاتاقلىق شەخس مياۋ پېيرەن بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالتاي ئالتۇن كانلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن تىيەنجىندىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن مەسلىھەتچى ۋۇ ئەيچېننى مەسئۇللۇققا كۆرسىتىپ، ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈم ئىچىدە خەيرىيەت ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىپ، ئۇماچخانا ۋە داۋالاش پونكىتى قۇرۇش، مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلىش، جەسەتلەرنى كۆمۈش قاتارلىق خەيرىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇن ـ تىنسىز بولۇپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى بىردەمدىلا جامائەتنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نىشانغا ئايلانغان، جەمئىيەتتىكى رېئال ئەھۋالدىن نارازى بولۇۋاتقان ياكى روھىي ئازاب ھېس قىلىۋاتقان ھەر ساھە كىشىلىرى گوڭ بىچېڭ بىلەن بەي يۇشيۇغا ئۈمىد باغلاپ، مەركەزنىڭ زۇلمەت قاپلىغان شىنجاڭغا يورۇقلۇق ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلغان. گوڭ بىچېڭ بىلەن بەي يۇشيۇمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرى بىلەن ئالاقە باغلىغان، بىرقىسىم ياشلار بىلەن ئىتتىپاقلاشقان ھەمدە ھەر ساھەدىكى گومىنداڭ پەرەس كىشىلەرنى گۇرۇپپا شەكلىدە تەشكىللىگەن، ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭغا مويسىپىت، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى تەشۋىق قىلغان، كۆپچىلىكنىڭ نېمە سوئالى ۋە دەردى بولسا تارتىنماي ئېيتىشىنى سوراپ، ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىرىنى دەرھال ھەل قىلىشنى، دەماللىققا ھەل قىلىشقا بولمايدىغانلىرىنى

مەركەزنىڭ بىر ئامال قىلىپ ھەل قىلىپ بېرىشىگە سۈنۈشنى ئېيتقان.[17]

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي تەسىرىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان بۇنداق پائالىيەت جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىغا سۆزسىز خەۋپ يەتكۈزگەچكە ئىككى تەرەپنىڭ توقۇنۇشى تۇرغان گەپ. جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلارغا گوڭ بىچىڭ، بەي يۈشيۈلارنىڭ قېلىپتىن چىقىش سۈيىقەستىدىن ھوشيار بولۇش توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرگەن، ئۇ ئىككىيلەن بولسا گومىنداڭ پارتىيىسى مەركىزىدىن پايدىلىنىپ جىن شۇرېنغا سىياسىي بېسىم ئىشلەتكەن. جىن شۇرېن مەركەزنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئەپسىز ئەھۋالدا قېلىپ، ئۇ ئىككىسىگە ۋاقىتىنچە يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان.

1933-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى، جىن شۇرېن ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش جەريانىدا قوغلانغان، ليۇ ۋېنلۇڭ[18] ۋە شېڭ شىسەي ۋاقىتلىق رەئىسلىككە ۋە ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە كۆرسىتىلگەن. ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەي نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە يېقىنچىلىق قىلىشنى كۆزلەپ، دائىم گوڭ بىچىڭ[19] بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرغان، ليۇ ۋېنلۇڭ ھەتتا گوڭ بىچىڭنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىلىكىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان. گوڭ بىچىڭ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى رەسمىي ئېسىپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلغان ۋە تەشكىللىگەن، بىر تۈركۈم ياش تايانچىلارنى قوبۇل قىلىپ تەربىيىلەپ، ئۇلارنى جىن شۇرېن تەيىنلىگەن پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن

ھەر قايسى ناھىيىلەرگە ئەۋەتكەن. گوڭ بىچىك پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ كۈچىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قورۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈشكە ئۇيۇشتۇرغان، يىغىندىن كېيىن ئاممىۋى نامايىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇيۇشتۇرغان. شۇ كۈنلەردە شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەزالىرىنىڭ سانى 868 نەپەرگە يەتكەن.(20)

گومىنداڭنىڭ كۈچى شىنجاڭدا يىلتىز تارتىۋاتقان پەيتتە، شېڭ شىسەي مىللىي ھۆكۈمەت بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش ئۈچۈن سوۋېتپەرەسلىك يولىغا ماڭغان. ئۇ ئۆزىنى ئىلغار قىلىپ نىقابلاش ئۈچۈن، شىنجاڭدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش دېگەندىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرىنى قوغلىۋەتكەن(21). گومىنداڭنىڭ ئۆز كۈچىنى شىنجاڭغا سىڭدۈرۈش يولى بىلەن شىنجاڭنى پەيدىنپەي كونترول قىلىش پىلانى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغان.

## 3-پاراگراف جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭدا ئۆز بىلگىنىنى قىلىشى

جىن شورېن: شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىدىن كېيىن جۇڭگو ھەقىقىي تۈردە بىرلىككە قاراپ ماڭدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقى چوڭايغاندىن كېيىن، چېگرا رايوندىكى

ئەمەلدارلارغا شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىدەك يول قويۇپ بەرمەيدۇ، شۇڭا مەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رايىغا بېقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزۈمنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىۋاتقان كۈچۈمنى بىر ئامال قىلىپ ساقلاپ قېلىشىم كېرەك، دەپ قارىغان.[22] شۇڭا جىن شۇرېن كۆرۈنۈشتە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنغاندەك قىلىپ، ئۆزىنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بار كۈچى بىلەن تىرىشقان؛ ئەمەلىيەتتە بولسا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا كۈچ كىرگۈزۈشىگە تۈرلۈك يوللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۆزىنىڭ چېگرا رايوندىكى زومىگەرلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش كويىدا بولغان. دېمەك، جىن شۇرېن ئۆز سىياسىتىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى قانداق قىلىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈستىگە قاراتقان.[23]

سىياسىي جەھەتتە، جىن شۇرېن يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىستىلىنى تۈزەشكە دائىر بەزى ئىسلاھات چارىلىرىنى قوللانغان. ئۇ «ھەرقايسى نازارەت ـ باشقارمىلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىرتۇتاش ئىگىلەشكە قولايلىق تۇغدۇرۇش» نامى ئاستىدا، يېڭىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىبات باشقارمىسىنى تەسىس قىلغان، بۇنىڭدا ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نازارەت ـ باشقارمىلار ئۈستىدىكى كونترولىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان. نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى مەملىكەت بويىچە ئۆلكە ۋە ناھىيىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك تۈزۈمنى يولغا قويغان بولسا، جىن شۇرېن شىنجاڭ ئەھۋالى ئالاھىدە دېگەننى باھانە قىلىپ، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە ھەرقايسى رايونلارنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ۋاقىتىنچە كېچىكتۈرۈش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنغان[24]، مەمۇرىي رايونلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئۈستىدىكى كونترولىنى كۈچەيتىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. جىن شۇرېن يەنە ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆتمۈشتە ھەر تەرەپتىكى كۈچلەرنىڭ

تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ۋە ئۇلارغا بىر-بىرىنى ئىسكەنجىگە ئالدۇرۇش ئۈچۈن ھەر ساھەدىكى خادىملارنى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئادەم ئىشلىتىش سىياسىتىنى بىراقلا ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ يۇرتداشلىرىنىلا ئىشلەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى، يۇرتدىشى لۇ شياۋزۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىگەن، يۇرتدىشى يەن يۇشەننى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا قويغان، بەشىنچى ئىنىسى جىن شۇشىننى ھەربىي ئىشلار نازارىتىگە نازىر قىلىپ ئىشلەتكەن، تۆتىنچى ئىنىسى جىن شۇجىنى قەشقەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنغا سىجاڭ قىلىپ ئىشلەتكەن، يۇرتدىشى جاڭ پېيۋەننى ئىلىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى قىلىپ ئىشلەتكەن، يۇرتدىشى ليۇ شىزېڭنى قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇنغا سىجاڭ قىلىپ ئىشلەتكەن، يۇرتدىشى ۋېي جېنگونى ئالتايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنغا سىجاڭ قىلىپ ئىشلەتكەن، ئارمىيىدىكى تۇەن، لۈي دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى جىن شۇرېننىڭ يۇرتداشلىرىغا ئالماشتۇرۇلغان: ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى مۇلكى، ھەربىي باشلىقلارمۇ ھەممىسى دېگۈدەك لىنشيالىق كىشىلەرگە ياكى شۇ گۇرۇھنىڭ يېقىنلىرىغا ئالماشتۇرۇلغان.[25] جىن شۇرېن گەنسۇنىڭ داۋخې (خېجۇ، كېيىنچە لىنشيا ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن) دېگەن يېرىدىن. شۇ كەملەردە شىنجاڭدا «ئۆگەنسەڭ خېجۇچە گەپنى سەھەردە، كەچقۇرۇن ئاسىسەن قىلىچنى بەلگە» دېگەن سۆز تارقالغان. جىن شۇرېن يۇرتداشلىرىنىڭ كىچىك گۇرۇھىنى ئۆز ھوقۇقىنىڭ تۈۋرۈكى قىلغان. «لىنشيالىقنى مەركەز قىلغان بۇ كىچىك گۇرۇھ ئەمەلىيەتتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە، ھەربىي ۋە كادىرلار ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان ».[26]

ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، جىن شۇرېن قوراللىق كۈچلىرىنى ئۇلغايتقان. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ئەسكەر كۆپەيتمەسلىك

سىياسىتىنى يولغا قويغان، ئۇ ئەسكەر كۆپەيتىپ كەتسە، جەزمەن خەلقنىڭ سېلىقى ئېغىرلىشىپ، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغايدۇ، خەلقنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىپ، كۆڭلىنى تىندۇرغاندىلا ھاكىمىيەتنى ئاندىن مۇستەھكەملەشكە بولىدۇ دېگەن تونۇشتا بولغان. ئەمما جىن شۇرېن قورال كۈچىگە خۇراپىيلارچە چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن، «ئۈچ ئېغىز ياخشى گەپتىن ئىككى قامچا ئۇرۇش ئەلا» دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنىپ، ياڭ زېڭشىن ۋاقتىدىكى ئۈچ شى قوشۇننى ئالتە شىغا كېڭەيتىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرغۇزغان. ياڭ زېڭشىننىڭ ۋاقتىدا، ئاساسەن شىنجاڭلىق خۇيزۇلار ۋە يەرلىك كىشىلەر ئەسكەرلىككە ئېلىنغان، جىن شۇرېن باشقا ئۆلكىلىك ئەسكەرلەرنى شاللىۋېتىش ئۈچۈن، شەنشىلىك، گەنسۇلۇق ۋە يەرلىك كىشىلەرنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلغان. ئەمما ئەسكەر بولغانلارنىڭ كىرىمى تۆۋەن بولغاچقا، شەنشىلىك، گەنسۇلۇق كىشىلەر ۋە يەرلىك كىشىلەر ئەسكەر بولۇشنى خەتەرلىك ئىش دەپ ھېسابلىغان. جىن شۇرېن شەھەر-يېزىلاردىكى شەنشىلىك، گەنسۇلۇق ئاھالە ئارىسىدىن ئەسكەر ئېلىشتىن تاشقىرى، ئەسكەرلەرنىڭ ئايلىق مائاشىنى 6-7-سەر كۈمۈش پۇلدىن 8-9-سەرگىچە ھەتتا 10 سەرگىچە كۆپەيتىشكە مەجبۇر بولغان. ھەربىي قوشۇننى ئۇلغايتىشقا ماسلاشتۇرۇپ قورال-ياراقنى كۆپەيتىپ يېڭى تىپتىكى قوراللارنى سېتىۋالغان، جىن شۇرېن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ھىندىستان، گېرمانىيىلەردىن نەچچە مىڭلىغان يېڭىچە مىلتىق، تاپانچا ۋە نۇرغۇن ئوق-دورا سېتىۋالغان. جىن شۇرېن يەنە بىر ھەربىي مەكتەپ قۇرۇپ، ھەربىي خادىملارنى تەربىيىلىگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي خىراجەتنىڭ كۆپىلەپ ئېشىشىغا بىۋاستە سەۋەب بولغان، 1932-يىلى شىنجاڭنىڭ ھەربىي خىراجىتى 39 مىليون 740 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا

ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدىكىدىن، يەنى 1927 ـ يىلدىكىدىن 30 مىليون 420 مىڭ يۈەن كۆپەيگەن.[27] ھەربىي خىراجەت كۆپەيگەنلىكىنىڭ بىۋاسىتە ئاقىۋىتى شۇ بولغانكى، شىنجاڭ قەغەز پۇلىنىڭ كۇرسى بارغانسېرى چۈشۈپ، مال باھاسى بەك تېز ئۆرلەپ، شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشكەن. ئەمما جىن شۇرېن ھەربىي قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، «مىلتىق زەمبىرەك سېتىۋېلىپ، ئايروپىلان سەپلەپ، كۆرۈنۈشتە يېڭىلىق ياراتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل، ئەسكەرلىرى بەك چىرىك بولغانلىقى، يېڭى تىپتىكى قورال ـ ياراقنىڭ تولىسى كارغا يارىمىغانلىقى ئۈچۈن، كۈچ ـ قۇدرىتى بۇرۇنقىدەكلا ئاجىز تۇرىۋەرگەن»[28].

ئىقتىسادىي جەھەتتە، جىن شۇرېننىڭ ۋاقتىدا ھېچقانداق تەرەققىيات بولمىغان. شىنجاڭ ئۆلكىسى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان. مۆلچەرلىنىشىچە شىنجاڭدا 11 مىليون 430 نەچچە مىڭ مو يەر بار ئىكەن. نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىك ـ كان ئىشلىرى مىنىستىرلىكى دېھقانلارنىڭ تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك ئىلمىنى ئومۇملاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلغان.[29] شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئامالسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى «ياڭ زېڭشىننىڭ ۋاقتىدا ياسالغان ئۆستەڭلەر ۋە ئېچىلغان بوز يەرلەرمۇ كىشىلەرنىڭ ئوبدان پىلانلىمىغانلىقى ۋە مالىيە قىسلىقى تۈپەيلىدىن تاشلىنىپ قالغان.»[30] شىنجاڭدا چارۋىچىلىق ئەسلىدە بىرئاز ئاشقان ئىكەن، ئەمما 1931 ـ يىلى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى يۈز بەرگەچكە، چارۋا مالنىڭ سانى تېز كېمىيىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە چارۋا مال يۇقۇملۇق كېسەللىكى تارقىلىپ، چارۋىچىلىق ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان. جىن شۇرېن سودا ـ سانائەتنى يولغا قويۇش، قاتناش يوللىرىنى

ئېچىش، ئالتۇن كانلىرىنى رەتكە سېلىش مەقسىتىدە، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ گېرمانىيىنىڭ بەزى كارخانىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ، شىنجاڭدا نېفىتنى ئاچماقچى، ئۈرۈمچىدە ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرماقچى بولغان ھەمدە قېزىلما بايلىقلارنى قېزىش ئۈچۈن كان قېزىش ماشىنىلىرىنى سېتىۋالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، جىن شۇرېن يەنە ئەنگلىيىدىن ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭنى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كېرەكلىك ماشىنا-ئۈسكۈنە ۋە تېخنىك خادىملار بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلغان. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئالتۇن كانچىلىق بىرقەدەر جانلانغان، 1932-يىلى بىرلا ئالتايدا ئالتۇن كاندىن زاكاتقا ئېلىنغان كېپەك ئالتۇن 600 سەر بولغان، جىن شۇرېن شۇ كەملەردە تاشلىنىپ قالغان كېرىيە ئالتۇن كېنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىش توغرىسىدا نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇنغان.[31] جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ قاتناش ئىشلىرى ئۈستىدە، شىنجاڭدا تاشيول قاتنىشىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان چوڭ پىلان تۈزۈپ، چەت ئەلدىن ئاپتوموبىل، يول ياساش ماشىنىلىرىنى سېتىۋالغان ھەمدە گۇچۇڭدىن ئۈرۈمچىگىچە بارىدىغان تاشيولنى ياساتقان. بىراق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسى ناچار بولغانلىقى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى كەينى-كەينىدىن يۈز بەرگەنلىكى، سىياسىي جەھەتتە چىرىكلىك ئەۋج ئالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىن شۇرېن ئاساسىي كەسىپ-دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، شىنجاڭدا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن.[32]

مائارىپ جەھەتتە، جىن شۇرېن مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈمى چوڭ بولمىغان. 1929-يىلى 4-ئايدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭخۇا مىنگونىڭ

مائارىپ فاڭجېنىنى ئىپلان قىلىپ، پارتىيىۋى مەسلەك تەربىيىسىنى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرگىچە ئېلىپ بېرىپ، ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي تەربىيىنى تەڭ يۈكسەلدۈرۈشنى بەلگىلىگەن.[33] جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە دېگەننى سەۋەب قىلىپ، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىدىن چەتلەپ، مەكتەپلەردە گومىنداڭنىڭ پارتىيىۋى مەسلەك تەربىيىسىنى ئېلىپ بارمىغان، سەنمىنجۇيى (ئۈچ مەسلەك)نى تەشۋىق قىلمىغان. 1931-يىلى 6-ئايدا، مەمۇرىي پالاتا ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن تۇرلۇك تېخنىكوملارنى ئومۇمىي تۈردە تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلغان. شۇ تەلەپ بويىچە شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن بىرنى، تېببىي تېخنىكومىدىن بىرنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى مەمۇرى رايونلاردا بىردىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى، ئاھالىسى 100 مىڭدىن ئاشىدىغان شەھەرلەردە بىردىن سانائەت ئوتتۇرا مەكتىپى تەسىس قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەن. بىراق شۇ كۈنلەردە شىنجاڭدا ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، تۈرلۈك مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش مۇمكىن بولمىغان. تۈرلۈك تېخنىكوملاردىن شۇ چاغدا شىنجاڭدا پەقەت شىنجاڭ رۇسچە سىياسىي-قانۇن مەكتىپى، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن دېگەنلەرلا بار ئىكەن، يەنە كېلىپ ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمى نىسپىي ھالدا كىچىكرەك ئىكەن. ستاتىستىك مەلۇماتتىن قارىغاندا، 1930-يىلى شىنجاڭدا 148 باشلانغۇچ مەكتەپ، 251 نەپەر ئوقۇتقۇچى، 6855 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىكەن، يىلىغا بولىدىغان چىقىم 156140 يۈەن ئىكەن، مەكتەپكە كىرگەنلەرنىڭ سانى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ 3%ىنى ئىگىلىگەن ئىكەن.[34] ياڭ زېڭشىنىڭ ۋاقتىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، مائارىپ بىرقەدەر جانلانغان.

دىپلوماتىيە جەھەتتە، جىن شۇرېن نامدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆز خالىغىنىچە ئىش

قىلغان. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقە قىلىشقا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بەش كونسۇلخانا تەسىس قىلىنغان. 1928-يىلى، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى بۇ بەش كونسۇلخانىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ، خىراجىتىنى مەركەز ئۈستىگە ئالىدۇ دەپ قارار قىلغان ھەمدە كونسۇلخانىلارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى تەڭشەشنى تەكلىپ قىلغان. جىن شۇرېن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە، كونسۇلخانىلارنى داۋاملىق شىنجاڭ باشقۇرۇشى، كونسۇللارنى شىنجاڭ كۆرسىتىشى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ۋەزىپىگە تەيىنلىشى لازىم دېگەن. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بەش كونسۇلخانىنى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى باشقۇرۇشى كېرەك دەپ چىڭ تۇرۇپ، كونسۇل نامزاتلىرىنى جىن شۇرېن كۆرسەتسە بولىدۇ دېگەن. لېكىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ بەش كونسۇلخانىنى باشقۇرۇشى نامدىكى گەپتىنلا ئىبارەت بولغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى يەنىلا شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى كونترول قىلغان. 1929-يىلى شەرقىي مانجۇرىيە تۆمۈر يولى ۋەقەسى يۈز بېرىپ، جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتى جىددىيلەشكەن، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى بەش كونسۇلخانىنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشى توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلغان كونسۇلخانىلارنىڭ ساقلاپ قېلىنىشىنى ئۈمىد قىلغان، جىن شۇرېن بەش نەپەر كونسۇلنىڭ ۋاقىتىنچە قايتىپ كەلمەسلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن كۆپ قېتىم مەسلىھەتلىشىپ ئاخىر تەستىقلاتقان[35]، شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى جۇڭگو-سوۋېت ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ سوۋېت

ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىيە ئالاقىسىنى ساقلاپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، جىن شۇرېن 1931 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يەنە ھۆججەت ئالماشتۇرۇش يولى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆز ئىختىيارىچە «شىنجاڭ - سوۋېت ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى»نى ئىمزالىغان. بۇ كېلىشىمدە شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا يىركىس (ياكى تورغۇت)، قورغاس، باقتۇ ۋە جىمىنەي (مايغابشاغاي) ئېغىزلىرىنى ئېچىۋېتىش، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭلىق سودىگەرلەرگە ئالاھىدە رەسمىيەت ئۆتىمەي، تۆرلۈك يەرلىك ماللارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورگانلىرىغا سېتىش ئۈچۈن يول قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، شىنجاڭ سوۋېت سودىگەرلىرىنىڭ قەشقەر، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئۈرۈمچى رايونلىرىدا ئەركىن سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ ھەمدە يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان رايونلاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى سودىگەر ۋەكىللىرىنىڭ يەكەن، تۇرپان، قاراشەھەر، خوتەن، ئاقسۇلارغا بېرىپ سودىگەرلەر ياكى سودا دۇكانلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشىگە رۇخسەت قىلىدۇ. شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۆرلۈك ماشىنىلار بىلەن تەمىنلىشىنى، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخنىك ئۇستىلارنى يەتكۈزۈپ بېرىشى ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ دېگەنگە ئوخشاش ئىشلار ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان.[36] جىن شۇرېن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بۇ كېلىشىمنى شىنجاڭدا ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورال - ياراغلىرىغا ھاجىتى چۈشكەن ئەھۋال ئاستىدا ئىمزالىغان، كېلىشىمدىكى بىرمۇنچە ماددىلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىلىق بولغانلىقى تەبىئىي.[37] جىن شۇرېن بۇ كېلىشىمنى ئىمزالاشقا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى پەملىگەچكە، كېلىشىمنى ئىمزالاشتىن

بۇرۇن مەركەزنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىمىغان، ئىمزالىغاندىن كېيىنمۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئەنگە ئالدۇرمىغان.[38] جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، مۇشۇ «چەتئەلگە باغلىنىپ دۆلەتكە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن گۇماندار» لىقى بىلەن ھەپسىدە ياتقان.[39]

## ئىزاھلار:

(1) فەن ياۋنەن (?-1928)، تەخەللۇسى زاۋشياڭ، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ گۇڭئەن ناھىيىسىدىن. ياپونىيىنىڭ زاۋداۋتيەن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ شىنجاڭدا ئەمەل تۇتۇپ، شىنجاڭ سىياسىي-قانۇن مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى ۋە يەرلىك سوت نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە، ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيسى بولغان، كېيىن ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەلگەن. فەن ياۋنەن بىر قەدەر يېڭى پىكىرلىك بولۇپ، ياڭ زېڭشىن بىلەن سىياسىي كۆز قاراش جەھەتتە كېلىشەلمىگەن، بولۇپمۇ ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىدىن نارازى بولغان. فەن ياۋنەن كۆڭلىگە بىرەر ئىش قىلىش ئارزۇسىنى پۈككەن بولسىمۇ، لېكىن ياڭ زېڭشىننىڭ مۇستەبىت سىياسىتى ئاستىدا، ئۆز تالانتىنى ئىشقا سېلىشقا ھېچقانداق جاي تاپالمىغان. ئۇ شىنجاڭدىن كەتمەكچى بولغاندا، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ ئىچكىرىگە بېرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىدىن قورقۇپ، ئۇنى كەتكىلى قويمىغان. فەن ياۋنەن كېتىشتىنمۇ، قېلىشتىنمۇ ئۈمىد قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغان. 1928-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى، ئۇ ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ رۇسچە سىياسىي-قانۇن تېخنىكومىنىڭ 1-قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، زىيابەت ۋاقتىدا ئۆز مۇرىتلىرى بىلەن بىرلىشىپ ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرگەن. ئەمما فەن ياۋنەننىڭ ھەربىي كۈچى

بولمىغاچقا، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن قوماندانلىق قىلغان ھەربىي قوشۇن تەرىپىدىن مۇھاسىرە قىلىنىپ قولغا ئېلىنغان، ئەتىسىلا جىن شۇرېن تەرىپىدىن پارە-پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

(2)(3) شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنى ماتېرىيال بۆلۈمى ساقلىغان دېلودىن كۆچۈرۈلدى.

(4) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 2707-2708-بەتلەر.

(5) مىنگونىڭ 19-يىلى 11-ئاينىڭ 31-كۈنىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەركىزىي سىياسىي كېڭەشمىنىڭ 161-سانلىق يىغىنىنىڭ خاتىرىسى، جاڭ داجۈننىڭ «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل» دېگەن كىتابىنىڭ 2709-بېتىدىن ئېلىندى.

(6) ۋۇ شاۋلىن: «شىنجاڭغا ئومۇمىي نەزەر»، 303-بەت.

(7) ۋۇ شاۋلىن: «شىنجاڭغا ئومۇمىي نەزەر»، 304-بەت.

(8) بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992-يىل نەشرى، 336-337-بەتلەر

(9) ۋۇ شاۋلىن: «شىنجاڭغا ئومۇمىي نەزەر»، 305-306-بەتلەر.

(10) بەي چۇڭشى گۇاڭشى گورۇھىدا مۇھىم رول ئوينىغان، گۇاڭشى گورۇھى جەنۇبتا ئىدى. شىنجاڭ دېگەن بۇ «ئۆتكۈنچى جاي»نى گۇاڭشى گورۇھى كونترول قىلغان تەقدىردىمۇ، ئىككى جاينى قورۇل ۋە چوڭ تاغلار ئايرىپ تۇرغاچقا، گۇاڭشى گورۇھىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى شىنجاڭغا ئەۋەتسە، ئۆز كۈچى ئاجىزلاپ كېتىدىكەن، بولۇپمۇ گۇاڭشى گورۇھىنىڭ جياڭ جيېشى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تالىشىشىغا پايدىسىز ئىكەن. جياڭ جيېشى گۇاڭشى گورۇھىنىڭ شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىشىنى قوللاشتا ئەنە شۇنى كۆزلىگەن. گۇاڭشى گورۇھىمۇ شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىشنى خالىماسلىقتا ئەنە شۇ سەۋەبنى كۆزدە تۇتقان.

(11) شاڭخەيدە چىقىدىغان ئېقىمدىكى يېڭى ئىشلار گېزىتى 1929-يىل 6-ئاينىڭ 7-كۈنى يېڭى جۇڭگو ئاگېنتلىقىنىڭ 6-كۈنى نەنجىڭدىن

يوللىغان تېلېگراممىسىنى باسقان. جاڭ داجۈننىڭ «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل» دېگەن كىتابىنىڭ 3021 - بېتىدىن ئېلىندى.

(12) گوۋاڭ لۇنىڭ ئۆز ئەسلىمىسىدە ئېيتىشىچە، ئۇ جىن شۇرېنغا سىز مەركىزىي ھۆكۈمەتكە مۇتلەق بويسۇنۇش قاتارلىق شەرتلەر ئارقىلىق ئەنجاڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ سىزنى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قىلىپ تەيىنلىشىنى قولغا كەلتۈرۈڭ دەپ نەسىھەت قىلغان. جىن شۇرېن ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى (گوۋاڭ لۇنى) مەركىزىي ھۆكۈمەتكە دۆلەت تامغىسى قىلىش ئۈچۈن تەقدىم قىلىنىدىغان شىنجاڭ قاشتېشىنى قوغداپ ئېلىپ بېرىشتىن پايدىلىنىپ ئەنجىڭغا بېرىپ، جىن شۇرېننى شىنجاڭ دۆلەت مۇداپىئە دۇبەنى قىلىش ئىشى ئۈستىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتكەن. مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تەقدىم قىلىنغان قاشتاشنىڭ ئېغىرلىقى 36 يېرىم جىڭ بولۇپ، داغسىز سۈزۈك تاش ئىكەن، ئۇ پايتەختتىكى كەڭ جامائەتنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، «ئەرشتىلا بولۇشقا تېگىشلىك» ئاز تېپىلىدىغان ئېسىل نەرسە دەپ نام ئالغان. 1931 - يىلى يېڭى يىل كۈنى، جياڭ جيېشى قاشتېشىنى گوۋاڭ لۇنىڭ قولىدىن ئۆزى تاپشۇرۇۋالغان ھەمدە بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزلىشەيلى دەپ گوۋاڭ لۇ بىلەن كېلىشكەن. گوۋاڭ لۇ جياڭ جيېشى قوبۇل قىلغان پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ھۆكۈمەتتىن جىن شۇرېننىڭ 18 - جۈننىڭ باش قوماندانى دېگەن نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قىلىشنى تەلەپ قىلغان. شۇ كەملەردە مەملىكەت بويىچە دۇبەن دېگەن ھەممە نام ئېلىپ تاشلانغانغا ئۇزاق ۋاقىت بولمىغان، ئەمما «شىنجاڭنىڭ تەنها چەت ياقىدا قېلىۋاتقانلىقىنى، ئەھۋالى ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى» ئويلاپ، «جىن شۇرېننىڭ ئىلتىماسىنى ئاخىرى راۋا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا رەئىس قوشۇمچە دۇبەن نامى بېرىلگەنلىكى ئېلان قىلىنغان.» ئاپتورنىڭ قارىشىچە، گوۋاڭ لۇ ئۆزىنىڭ جىن شۇرېننىڭ خىزمەتكە تەيىنلىنىشى جەريانىدىكى رولىنى ئاشۇرۇپ كۆرسەتكەن.

ئەمەلىيەتتە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جىن شۇرېننى چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قىلىپ تەيىنلىشىگە بىر پارچە قاشتاشنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىمۇ، گۇاڭ لۇنىڭ جياڭ جىيېشىنى گەپتە ماھىرلىق بىلەن تەسىرلەندۈرۈشىمۇ ھەقىقىي سەۋەب بولمىغان، بەلكى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىش يولىدىكى تۈزلۈك پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن، رېئال ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، جىن شۇرېنغا «رەسمىي نام» بېرىشكە مەجبۇر بولغان. گۇاڭ لۇنىڭ «گۇاڭ لۇ ئەسلىمىسى»نىڭ 132 ـ 138 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(13) جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ «قانۇنىي» ئىكەنلىكىنى ئاشۇرۇپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، بار كۈچى بىلەن داغدۇغا پەيدا قىلغان. گۇاڭ لۇ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى تامغىسىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندە، جىن شۇرېن ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چۆچەككە مەخسۇس ماشىنا ئەۋەتكەن. 1932 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تامغا ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى جيەنخۇ باغچىسىغا (ھازىرقى غەربىي باغچىغا) يېتىپ كەلگەندە. قىزىل شايىغا ئورالغان سەككىز چوڭ مەپە بىلەن توشۇلغان. ئۇنى ئۈرۈمچىدىكى مۇلكى ـ ھەربىي ئەمەلدارلار، ھەربىي ـ ساقچىلار، ئامما، ئوقۇغۇچىلار سەپكە تىزىلىپ قارشى ئالغان. تامغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئېلىپ كېلىنگەندە، جىن شۇرېن ئۈچ قېتىم ھۆرمەت توپى ئاتقۇزۇپ تەنتەنە قىلغان.

(14) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرى ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر 1911 ـ يىل ئاخىرىدىكى ئۈرۈمچى قوزغىلىڭىغا ۋە 1912 ـ يىل بېشىدىكى ئىلى قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئىنقىلابچىلارنى پارچىلاش، قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇش ۋاسىتىلىرىنى قوللانغان، پائالىيەت زېمىنىدىن ئايرىلغان، خادىملىرى چېچىلىپ كەتكەن ئىنقىلابچىلار شەخسىي سالاھىيەت بىلەن يەر ئاستىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان.

(15)(17) گـۇڭ بىچىـڭ: «گـومىنداڭنىڭ شـىنجاڭدىكى ئانچـە ـ مۇنچـە پـائالىيـەتلىرى»، شـىنجاڭ ئۇيغـۇر ئاپـتونوم رايونلـۇق سىياسـىي كېڭـەش تـارىخ ماتېرىيـاللىرى هـەيئىتى تۈزگـەن «شـىنجاڭ تـارىخ ماتېرىيـاللىرى»نىڭ 5 ـ سانى، شىنجاڭ خـەلق نەشرىياتىنىڭ 1979 ـ يىل نەشرى.

(16) مـا جـۇڭيىڭ (تەخمىنـەن 1911 ـ ؟)، ئەسـلى ئىسـمى مـا بـۇيىڭ، تەخەللۇسى زىسـەي، گەنسۇنىڭ خېجـۇ (هـازىرقى لىنشيا) ناهىيىسىدىن، خۇيزۇ، كىشىلەر «گاسىلىڭ» دەپ ئاتىغان. ئۇ 1928 ـ يىلى نېڭخەيدىكى ئارمىيىنىـڭ ئـاتلىق ئەسـكەرلەر يىڭىغـا يىڭجـاڭ بولغانـدا، مىللىـي زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ گەنسۇدىكى لىۋ يۇفېن قوشۇنىغا قورشاپ هۇجۇم قىلىپ، «خۇاڭخې ـ خۇاڭشۇي ۋەقەسى»نى تۇغدۇرغان. 1931 ـ يىلى ما بۇفاڭدىن يېڭىلىپ، گەنسۇنىڭ سۇجۇ (هـازىرقى جيۇچۇەن) دېگەن يېرىگە چېكىنگەن. كېيىن شىنجاڭغا بېرىپ، خوجا نىياز، يولۋاسلار بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭ ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلغان. 1932 ـ يىلـى «ئىللىـي هۆكۈمـەت ماجـۇڭيىڭ قىسـىملىرىنى ئـۆتكۈزۈۋېلىپ يېڭىۋاشـتىن تەشـكىل قىلىـپ، ماجـۇڭيىڭنى مىللىـي ئىنقىلابىـي ئارمىيىنىـڭ يېڭىـدىن تەشكىللەنگـەن 36 ـ شىيىـنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇلارنى گەنسۇنىڭ سۇجۇ ئەتراپلىرىدا تۇرغۇزغان. 1933 ـ يىلى ماجۇڭيىڭ 3000 كىشىلىك ئاساسىي قوشۇننى ئۆزى باشلاپ، سۇجۇدىن چىقىپ شىنجاڭغا 2 ـ قېتىم ئۇرۇش قىلىپ بارغان. هەربىي كومىتېت تېلېگراممىا بېرىپ ئـۇنىڭ ئـۆز زېمىنىنـى شـىنجاڭغىچە كېڭەيتىشىنى توسقان بولسىمۇ، ئـۇ بـۇيرۇققا بويسـۇنمىغان. خـۇاڭ مۇسـۇڭ شـىنجاڭغا تەشۋىق قىلىش ۋە هـال سوراش ئۈچـۈن بارغانـدا، ماجـۇڭيىڭنىڭ 4000 پىيادە ئەسكىرى، 2000 ئـاتلىق ئەسكىرى بـار ئىكـەن. ئـۇ جىمىسـار ناهىيىسىنىڭ زىمچۇەنزى دېگەن يېرى ئەتراپىدا شىڭ شىسەي بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىپ ماڭغان سەپەردە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى»نى ۋە خوتەندىكى «ئىسلام دىنى پادىشاهلىقى»نى يوقاتقان. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا

ئۇ ئۆز قوشۇنىنى ئاچىسىنىڭ ئېرى ماخۇسەنگە خوتەنگە ئېلىپ بېرىپ
تۇرغۇزۇشقا تاپشۇرۇپ، ئۆزى 200 نەپەر ئامراق ئەسكىرىنى باشلاپ سوۋېت
ئىتتىپاقىغا ئۆگىنىشكە بارغان. كېيىن شۇ يەردە ئۆلۈپ كەتكەن.

(18) ليۇ ۋېنلۇڭ(1870 ـ 1950)، لەقىمى مىڭسەن، خۇنەننىڭ يۆياڭ ناھىيىسىدىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ يىللىرىدا شىنجاڭغا بېرىپ، چۆچەكنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى ۋاڭ بۇدۇەننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن. ئۇ 1917 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1933 ـ يىلى «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاقىتلىق رەئىس بولغان. ليۇ ۋېنلۇڭ شېڭ شىسەينىڭ ئۆكتەملىكى ئاستىدا قورچاققا ئوخشاپ قالغان. 1933 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئۇ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ۋۇ جۇڭشىن رەئىس بولغاندا تۈرمىدىن چىققان. 1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ۋەكىلى بولغان. شۇ يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

(19) بۇ چاغدا بەي يۈشيۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قازا تاپقان. ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان: «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەن كۈنى، بەي يۈشيۇ ۋاقىتلىق تەرتىپ ساقلاش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلگەن. ئەتىسى تاڭ سەھەردە، بەي يۈشيۇ ۋاقىتلىق تەرتىپ ساقلاش ھەيئىتى شەرقىي يول باش قوماندانى شېڭ شىسەيگە ئۇنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە يازغان ئالاقىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىدىكى ھەربىي گازارمىغا قاراپ ماڭغان. ئۇ يولدا كېتىۋاتقاندا، جىن شۇرېننىڭ قول ئاستىدىكى ياڭ جېڭجۇڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

(20) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 131 ـ بەت.

(21) شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەزالىرىنى قوغلاپ بولغاندىن كېيىن: «شىنجاڭدا گومىنداڭ يوق، ئەگەر بار بولسا، ئۇ خائىن» دەپ جاكارلىغان. جىن شاۋشيەننىڭ «گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ.

بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 2-سانىغا بېسىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1979-يىل نەشرى، 27-بەت.

(22) بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، ئۇيغۇرچە، 335-بەت.

(23) بەي جېنشېڭ، [ياپونىيىلىك] لىيۇەن شىنيى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي-ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 160-بەت.

(24) شىنجاڭدا شۇنىڭدىن ئىلگىرى سەككىز ۋىلايەت بولمىغان، جىن شۇرېن ۋىلايەتنى مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتىپ ساقلاپ قېلىش ھەققىدە نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇنغان. جىن شۇرېن بۇنىڭغا: شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، خوتەن، قەشقەر، ئالتاي ئۆلكىدىن 5-6 ھەسسە چاقىرىم يىراقتا، ئەگەر مەمۇرىي باشلىقلار كۆزدىن كەچۈرۈپ نازارەت قىلمىسا، مەمۇرىي بۆلۈمگە توسالغۇ بەك كۆپ بولىدۇ. شىنجاڭ ئۈچ تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئەنگلىيە بىلەن چېگرىداش، چېگرا بويلىرىدىكى شەھەرلەرگە ئەنگلىيە ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىلىرى جايلاشقان، ئىلگىرىدىن تارتىپ مەمۇرىي باشلىق قوشۇمچە ئالاقە باغلىغۇچى خاس ۋەكىل بولۇپ چەت بىلەن ئالاقىلىشىش ئىشىنى بېجىرىپ كەلگەن، مۇبادا ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىنمىسا، چەت بىلەن ئالاقە باغلاش توختاپ قېلىش ھالىتىگە دۇچار بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئەدلىيىسى خادىم ۋە مەبلەغ كەمچىل بولغاچقا ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنى تەسىس قىلالماي، ھەق تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلار دەۋاسىنى ۋاقىتىنچە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر قوشۇمچە بېجىرىپ كەلدى، ئەمدى ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ئەدلىيە ھوقۇقىنى ھەر قايسى مەمۇرىي رايون باشلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ نازارەت قىلماي مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر بۇ بىكار قىلىنىدىغان بولسا، قولايسىزلىق كۆپىيىپ كېتىدۇ دېگەنلەرنى ئاساس قىلىپ كۆرسەتكەن. 1929-يىل 4-ئاينىڭ 12-كۈنى مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ 24-سانلىق دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشى يىغىنى ئۇنى

مەركىزىي سىياسىي كېڭەشمىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە يوللاشنى قارار قىلغان. 1929 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەركىزىي سىياسىي كېڭەشمىنىڭ 181 ـ سانلىق يىغىنى: «شىنجاڭدىكى ھەر قايسى رايوننىڭ مەمۇرىي باشلىقلىرى ۋاقتىنچە ساقلاپ قېلىنسۇن» دەپ قارار قىلغان. قاراڭ: جاڭ داجۈن يازغان «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 2814 ـ بەت.

(25)(26) بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، ئۇيغۇرچە، 350 ـ 353 ـ بەتلەر.

(27) شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 99 ـ بەت.

(28) زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش تارىخى»، شاڭخەي تىجارەت باسمىخانىسىنىڭ 1936 ـ يىل نەشرى، 618 ـ بەت.

(29)(30) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 2910 ـ بەت.

(31) 1930 ـ يىلى قىشتا جىن شۇرېننىڭ كېرىيىدىكى ئالتۇن كانلىرىنى بىر ئىلاج قىلىپ رەتكە سېلىش توغرىسىدا مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي پالاتاسىغا يوللىغان دوكلاتى. قاراڭ: ۋۇ شاۋلىن يازغان «شىنجاڭغا ئومۇمىي نەزەر»، 233 ـ 234 ـ بەتلەر.

(32) بەي جېنشېڭ، [ياپونىيىلىك] لىيۇەن شىنيى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 156 ـ بەت.

(33) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 2958 ـ بەت.

(34) زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش تارىخى»، 639 ـ بەت.

(35) جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، شەمەيدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل مۇ ۋېيتۇڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى بىلەن جۇڭگونىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ: «جۇڭگو ـ سوۋېت دۆلەت

مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرىنىڭ ھەممىسى بايراقنى چۈشۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىشقا تەييارلىنىشى، مۇھاجىرلارنى مۇھاپىزەت قىلىشنى گېرمانىيىگە ھاۋالە قىلىشى لازىم» دېگەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغان. شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى تۇرۇشلۇق جايىدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، شەمەي مەمۇرىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى، ئالاقە باغلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كەينى-كەينىدىن باش كونسۇلخانىغا بېرىپ كونسۇلخانىلارنى «ساقلاپ قېلىش»نى، «بايراق چۈشۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىشقا رۇخسەت قىلماسلىق»نى سەممىي تەلەپ قىلغان. بۇنىڭغا: شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدا تۇرۇشلۇق بەش كونسۇلخانىسى شىنجاڭ بىلەن تۈركىستاننىڭ قىسمەن مۇناسىۋىتىگە دائىر كېلىشىم بويىچە قۇرۇلغان. بۇلارنىڭ تارىخى باشقا كونسۇلخانىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇلارنى تەڭلا ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئەپسىز دېگەنلەرنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەن ھەمدە قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تاشكەنت، ئەنجان قاتارلىق جايلاردىكى كونسۇلخانىلارنىڭ ئەھۋالىنىڭمۇ ئومۇمەن شۇنىڭغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتقان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىمۇ ئىككى تەرەپنىڭ بەش كونسۇلخانىلىرىنى «ئادەتتىكىدەك قالدۇرۇپ قايتۇرۇپ كەتمەسلىك»نى شىنجاڭ تەرەپتىن كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان. جىن شۇرېن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تېلېگرامما ئارقىلىق ئىلتىماس سۇنۇپ: «جۇڭگو-سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىي پەيتكە قەدەم قويدى، چەت ياقىغا جايلاشقان شىنجاڭ سىرتقا تاقابىل تۇرۇشتا بىرەر يول تۇتماسلىققا قانداقمۇ جۈرئەت قىلسۇن. ئەمەلىيەتنى ئەتراپلىق ئويلىنىپ، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىساد ۋە تارىخ جەھەتتىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋىتىنى تەرتىپكە سېلىش لازىم بولغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت كونسۇلى قىسمەن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشنى سەممىيلىك بىلەن قايتا-قايتا تەلەپ قىلدى» دېگەن، شۇڭا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇشلۇق بەش

كونسۇلخانىنى قايتۇرۇپ كېلىشنى ۋاقىتىنچە كېچىكتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان. 1929 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا تېلېگرامما قايتۇرۇپ: «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا مەركەز باشتىن ـ ئاخىر تىنچلىقنى ھۆرمەت قىلىپ كەلدى، شىنجاڭنىڭ بەش كونسۇلخانىسىغا سوۋېت ئىتتىپاقى داۋاملىق ئادەتتىكى بويىچە مۇئامىلە قىلماقچى بولغان ئىكەن، ئۇلارنى ۋاقىتىنچە قايتۇرۇپ كەلمەي. شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىسمەنلىككە ياتىدىغان ھازىرقى ھالىتىنى ۋاقىتلىق ساقلاپ قالساڭلار بولىدۇ» دېگەن. قاراڭ: «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 1 ـ قىسىم، «مەدەنىيەت» (2) 1416 ـ 1417 ـ بەتلەر.

(36) ۋۇ ئەيچېن: «شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى»، تىجارەت باسمىخانىسىنىڭ 1935 ـ يىل نەشرى، 173 ـ 174 ـ بەتلەر.

(37) شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى تەھلىل قىلغاندا، «شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى»دە گەرچە يۇڭگو تەرەپنىڭ مەلۇم ھوقۇق ـ مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى تەڭسىزلىكنى بىلدۈرىدىغان مەزمۇنلارمۇ كۆزگە ئېنىق كۆرۈنىدۇ. خەت مەنىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قويغان تەلىپى «ئۈمىد قىلىش» دېگەن مۇجمەل سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قويغان تەلىپى «يول قويۇش»، «رۇخسەت قىلىش» دېگەنگە ئوخشاش ئىنتايىن ئېنىق ئۇقۇملار بىلەن چەكلەنگەن. مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، شىنجاڭ سوۋېت سودىگەرلىرىدىن ئالىدىغان تاموژنا بېجى ۋە باشقا باجلارنى جۇڭگو سودىگەرلىرىدىن ئالىدىغان باجدىن ئاشۇرۇۋەتمەيدىغان بولغان. بۇنىڭ ئۆزى شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ سودىدا قوغدىنىش ھوقۇقىنى چەكلەپ قويغان؛ سوۋېت سودىگەرلىرىنىڭ قەشقەر قاتارلىق كۆپلىگەن مەمۇرىي رايونلاردا ئەركىن سودا قىلىشىغا ھەمدە ئاشۇ رايونلاردىكى سوۋېت سودىگەرلىرى ۋەكىللىرىنىڭ يەكەن قاتارلىق كۆپلىگەن مەمۇرى رايونلارغا بېرىپ سودىگەرلەر ياكى دۇكاندارلار

بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە يول قويۇلغان، ئەمما شىنجاڭ سودىگەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىغىلا ساتقان ۋە باشقىلار.

(38) «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي ـ ئىقتىسادىي تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»نىڭ 168 ـ بېتىدە: «شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى جىددىيلەشكەن چاغدا مەخپىي ئىمزالانغان. 1932 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، بۇ كېلىشىم ئاندىن نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە يوللىنىپ ئېلان قىلىنغان» دېيىلگەن. ئەمما جۇڭگو 2 ـ تارىخ ئارخىپخانىسى تۈزگەن «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»دا بايقالغان ئىككى تارىخىي ماتېرىيال يۇقىرىدىكى گەپكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. تارىخىي ماتېرىيالنىڭ بىرىنچىسى 1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى «لو ۋېنگەن شىنجاڭنىڭ چەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە دائىر ئۈچ تۈرلۈك چارىنى مەلۇم قىلىپ خۇاڭ مۇسۇڭغا يوللىغان تېلېگراممىسى». بۇ تېلېگراممىدا: «تەكشۈرۈشىمىزچە ‹شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى›دىن مىنىستىرلىكىمىز ئىلگىرى ۋاستىتە ئارقىلىق خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ كۆچكە ئىگە ۋاقتىنىڭ جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلگەن ۋاقىتقىچە بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان، ئەمما سابىق رەئىس جىن شۇرېن مىنىستىرلىكىمىزنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، كېلىشىمنىڭ تولۇق تېكىستىنى كۆچۈرۈپ يوللىغىنى يوق» دېيىلگەن. تارىخىي ماتېرىيالنىڭ يەنە بىرى 1933 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېلىشىمى ئۈستىدە پىكىر يېزىپ مەمۇرىي پالاتاغا يوللىغان ئالاقە»، بۇ ئالاقىدە: «تەكشۈرۈشىمىزچە شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سابىق رەئىسى جىن شۇرېن مىنگونىڭ 20 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالاقە ئالماشتۇرۇش تەرىقىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆزىچە ئىمزالىغان. كېلىشىمنى

ئىمزالاشتىن بۇرۇن، مەزكۇر سابىق رەئىس مەركەزنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىمىغان. ئىمزالىغاندىن كېيىنمۇ مەركەزگە مەلۇم قىلمىغان. شىنجاڭ يىراق چەت ياقىغا جايلاشقانلىقى، ئارىدا ئارازلىق بولغانلىقى، مەركەزمۇ تەكشۈرۈپ بىلىشكە ئىمكانىيەت تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن، مىنىستىرلىكىمىزنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساس تېپىلمىدى.كېيىنچە مىنىستىرلىكىمىز شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرىدىكى كېلىشىمنى ئىمزالىغانلىقىدىن ۋاستە ئارقىلىق خەۋەر تېپىپ، بۇ يىل 6-ئايدا خۇاڭ مۇسۇڭ ھال سوراش ۋەكىلى بولۇپ شىنجاڭدىن ھال سوراشقا بارغان پەيتتە، ئۇنىڭ يېقىندىن تەكشۈرۈپ ئەينەن ئەھۋالنى ئېنىقلىشىنى ئۆتۈنۈپ تېلېگرامما بەردۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ھال سوراش ۋەكىلى خۇاڭ مۇسۇڭ كېلىشىمنىڭ تولۇق تېكىستىنى كۆچۈرۈپ مىنىستىرلىكىمىزگە يوللاپ بەردى» دېيىلگەن. بۇ ئىككى تارىخي ماتېرىيالنىڭ ھەممىسىدە گەرچە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ۋاستە ئارقىلىق خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، لېكىن جىن شۇرېننىڭ ئىشتىن كېيىن مەلۇم قىلمىغانلىقى، كېلىشىمنىڭ تولۇق تېكىستىدىن پەقەت شىنجاڭدىن ھال سوراپ بارغان خۇاڭ مۇسۇڭ ئارقىلىق خەۋەر تاپقانلىقى ئېيتىلغان. قاراڭ: جۇڭگو 2-تارىخ ئارخىپخانىسى تۈزگەن «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، بەشىنچى توپلام، 1-قىسىم، «مەدەنىيەت» (2). جياڭسۇ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى 1994-يىل نەشرى، 1420-1421-بەتلەر

(39) خۇاڭ جيەنخۇا: «جىن شۇرېن دېلوسى ئۈستىدە تەھلىل»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى». 1994-يىللىق 4-سانى.

# III باب شىنجاڭنى شېڭ شىسەينىڭ قولىدىن پەم بىلەن تارتىۋېلىش يولىدىكى ئىككى قېتىملىق پىلان ۋە ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى

## 1 ـ پاراگراف شىنجاڭنى كونترول قىلىش يولىدىكى تۇنجى ئۇرۇنۇش ۋە ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى

1933 ـ يىلى شىنجاڭدا «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەن پەيت دەل جياڭ جيېشى 500 مىڭ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسىنىڭ مەركىزىي ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىنى قورشاپ يوقىتىشتا مەغلۇپ بولۇپ ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمىگەن، تېخىمۇ زور كۆلەمدە ئەسكىرىي كۈچ توپلاپ، قىزىل ئارمىيىگە قارشى 5 ـ قېتىم قورشاپ يوقىتىش ئېلىپ بېرىش ئالدىدا تۇرغان پەيتكە توغرا كەلگەن. ئەسلىدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى نەزەرگە ئېلىشقا چولىسى تەگمەيۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئادەم ئالماشقانلىقى نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن ئوبدان پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن.[1] نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ غەنىيمەت پۇرسەتنى ئەلۋەتتە قولدىن بېرىشنى خالىمىغان، جياڭ جيېشى دەل شۇ پەيتتە ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقان مەمۇرىي پالاتا باشلىقى ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن شىنجاڭنى كونترول

قىلىشتىكى بىرىنچى پىلاننى پىلانلىغان.

## بىرىنچى، شىنجاڭغا ھال سوراش ئۆچۈن ۋەكىل ئەۋەتىلىشى

1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ چۆچەك شەھىرىدە ئومۇمىي تېلېگراممىا يوللاپ ئۆزىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى ئېلان قىلغان، ئەتىسى ۋاڭ جىڭۋېي شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەت ئېلان قىلىپ، مەركەزنىڭ ھال سوراش ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا چوڭ مەنسەپدار ئەۋەتىشنى قارار قىلغانلىقىنى، بارىدىغان مەنسەپدارنىڭ يېقىن ئارىدا ئېلان قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى دەسلەپتە شىنجاڭدىن ھال سوراشقا ما لياڭنى[2] ئەۋەتمەكچى بولغان. جياڭ جيېشىمۇ ما لياڭدىن پىكىر ئېلىپ تېلېگراممىا بەرگەن، ما لياڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ رەت قىلغان.[3] 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ۋاڭ جىڭۋېي جياڭشىدا كومپارتىيىنى يوقاتماقچى بولۇۋاتقان جياڭ جيېشى بىلەن تېلېگراممىا ئارقىلىق مەسلىھەتلىشىپ، شىنجاڭدىن ھال سوراش ئۈچۈن ھەربىي كومىتېت باش شتابىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇاڭ مۇسۇڭنى ئەۋەتىشنى قارار قىلغان.

5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ۋاڭ جىڭۋېي رىياسەتچىلىك قىلىپ مەمۇرىي پالاتانىڭ 99 ـ سانلىق يىغىنىنى ئاچقان، يىغىندا خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ ھال سوراش ۋەكىلى بولۇپ شىنجاڭغا بېرىشى ماقۇللانغاندىن تاشقىرى، جىن شۇرېننىڭ ئاساسىي ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىدىن ئىستېپا بېرىشى تەستىقلانغان، شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت ئەزالىرى، نازىر قاتارلىقلارنىڭ بىرلىكتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ماڭدۇرۇپ تۇرۇشى تەلەپ قىلىنغان ھەمدە مەركەزنىڭ ئىقتىدارلىق بىر ئەر زاتنى پۇختا ئويلىنىپ

تاللاۋاتقانلىقى ئېنىق بىلدۈرۈلگەن.[4] 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى لىن سېن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىنى خاتىرجەملەندۈرۈش مۇراجىئەتنامىسىنى ئېلان قىلغان، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرىغا، نازىرلىرىغا تېلېگراممىسىنى ئەۋەتىپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭنى ئوبدان باشقۇرۇش ئۈچۈن بىرەر پەزىلەتلىك دانا كىشى تاللاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، شىنجاڭ تەرەپتىكىلەرنىڭ تەرتىپنى ساقلاپ، مەركەزنىڭ ھەل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىنى ئۆتۈنگەن.[5]

ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەرنىڭ مەركەزدىن رەسمىي ۋەزىپە تەلەپ قىلىپ يوللىغان تېلېگراممىسى نەنجىڭغا يەتكەن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغان. جياڭ جيېشى شېڭ شىسەيدىن ئېھتىيات قىلغاچقا[6]، شىنجاڭنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇشنى خالىمىغان. 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، جياڭ جيېشى ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەرگە جاۋاب تېلېگراممىسى يوللاش مەسىلىسى ئۈستىدە ئۈچ لايىھىنى بېكىتىپ، ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن مەسلىھەتلەشكەن: «(1) ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەرنىڭ تېلېگراممىسى بەك كېچىكىپ تەگدى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تېلېگرافىنىڭ راۋان بولمايۋاتقىنىغىمۇ ئۇزاق بولدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ، خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭغا بېرىپ ئەھۋالنى تەپسىلىي مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش. (2) ئاۋۋال ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەرگە تېلېگرامما يوللاپ، تېلېگراممىسىغا جاۋاب بەرمەي، ئۇلارنى تارتۇۋېلىپ، ئىككىسىنى شىنجاڭنىڭ ئامانلىقىنى بىرلىكتە ساقلاشقا مەسئۇل قىلىش، ۋاقىتىنچە ۋەزىپە نامىنى تىلغا ئالماسلىق ھەمدە خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ ھال سوراش ۋەكىلى بولۇپ شىنجاڭغا بېرىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ بارلىق قېپقالغان

مەسىلىلىرى ئۈستىدە خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭغا بارغاندا يۈز-تۇرانە تەپسىلىي مەسلىھەتلىشىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇش ھەمدە تۈرلۈك ئىشلارنى خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن كېڭىشىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنى تاپىلاش. (3) ۋاقتىنچە شېڭ شىسەينى مۇۋەققەت چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قىلىپ تەيىنلەش، ئەمما لىۋ ۋېنلۇڭ ھۆكۈمەتنى، شېڭ شىسەي ئارمىيىنى باشقۇرسا مۇۋاپىق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىنسا ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ-يوق، بۇمۇ گۇمانلىق».[7] شۇندىن كېيىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئاساسىي جەھەتتىن جياڭ جيېشىنىڭ 2-لايىھىسى بويىچە ئىش قىلغان.

خۇاڭ مۇسۇڭ ھال سوراشقا كىرىشىش ئالدىدىكى تۈرلۈك تەييارلىق ئىشلىرىنى جىددىي ئىشلەشكە باشلىغان: بىرىنچىدىن، مەركەزنىڭ ھال سوراش فاڭجېنىنى بەلگىلىشىنى كۈتكەن، خۇاڭ مۇسۇڭ جياڭشىغا بېرىپ جياڭ جيېشىدىن يوليورۇق سورىغان، نەنجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن كۆرۈشكەن. خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، ھال سوراش فاڭجېنى جەھەتتە جياڭ جيېشى بىلەن مەركەزنىڭ پىكرى پۈتۈنلەي بىر يەردىن چىققان.[8] ئىككىنچىدىن، ھال سوراشقا كېرەكلىك تۈرلۈك خادىملارغا نامزات تاللىغان، بۇ پارتىيە ئىشلىرى، خەلق ئىشلىرى، ھەربىي ئىشلار، مائارىپ، دىن، قاتناش-ترانسپورت قاتارلىق جەھەتتىكى خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كېڭەش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىدىن 10 نەپەر، ئوفىتسېرلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىدىن 10 نەپەر، كاتىپ-پۈتۈكچىلەردىن ئۈچ نەپەر، فوگوۋەنلەردىن تۆت نەپەر، ھەربىي دوختۇردىن بىر نەپەر، بىللە بارىدىغان مۇھاپىزەتچىلەردىن 20 نەپەر، ھەمراھ بولىدىغان ئوفىتسېرلاردىن 30 نەپەر، ئەسكەرلەردىن 20 نەپەر تاللانغان.[9] ئۈچىنچىدىن،

هال سوراش خىراجىتى ھەققىدە ئىلتىماس سۇنغان. هال سوراش ۋەكىلى بىلەن بىللە بارىدىغانلار كۆپ بولغاچقا، 326200 يۈەن خىراجەت كېرەك بولغان.[10] تاكى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە هال سوراش خىراجىتى ئۈستىدىكى مەسىلىھەت ئاياغلاشمىغان.[11]

ئىشتىن كېيىن جياڭ جيېشى شېڭ شىسەيگە خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭغا بېرىشى «پۈتۈنلەي هال سوراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ھەرگىز باشقا مەقسەت يوق» دېگەن.[12] ئەمما بىز شۇنداق جەزملەشتۈرەلەيمىزكى، بۇ جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى بۇزۇلغان مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېيتقان يالغان سۆزى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەر شىنجاڭنى ئەمەلىي كونترول قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىرەر ئىقتىدارلىق زاتنى ئېھتىيات بىلەن تاللاۋاتقانلىقىنى كۆپ قېتىم ئېيتقان، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ مەركەز تاللىماقچى بولغان «ئىقتىدارلىق زاتلار» بولۇشى ناتايىن. ئىككىنچىدىن، جياڭ جيېشى ئارمىيىنى شېڭ شىسەي باشقۇرسا مۇۋاپىق بولمايدۇ دەپ ھېسابلىغان، مىنگو دەۋرىدە «ئارمىيە»گە ئىگە بولغاندىلا ھەممىگە ئىگە بولۇش مۇمكىن ئىدى، روشەنكى، جياڭ جيېشى شىنجاڭنى شېڭ شىسەيگە تاپشۇرماقچى بولمىغان. ئۈچىنچىدىن، خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش مەزمۇنى كەڭ ھەم مۇرەككەپ بولغان، مەسىلەن شىنجاڭدىكى ئىچكى مالىمانچىلىقنى توختىتىش، جىن شۇرېندىن قېپقالغان «بالىلىق ناچار سىياسەت»نى ئىسلاھ قىلىش، مائارىپنى پەيدىنپەي ئومۇملاشتۇرۇش، يېزىلارنى گۈللەندۈرۈش، قاتناش قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش، پۇل مۇئامىلىسىنى تەرتىپكە سېلىش، سودا ـ سانائەتنى جانلاندۇرۇش ۋە باشقىلار.[13] ئەگەر

خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ بېرىشى «پۈتۈنلەي هال سوراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە» بولغان بولسا، يۇقىرىدا ئىزهار قىلىنغان نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى، ئۇ نىشاننى پەقەت شىنجاڭنى ئەمەلىي كونترول قىلغاندىن كېيىنلا ئەمەلگە ئاشۇرالايتتى. تۆتىنچىدىن، خۇاڭ مۇسۇڭ يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان هال سوراش ۋەكىللەر مەھكىمىسىنىڭ خىراجىتى: شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىن شىنجاڭغا بېرىش ئۈچۈن تەشكىللەپ تەربىيىلەنگەن سۇ بىڭۋېن بىلەن لى دۇنىڭ كونا قىسىملىرىغا قاراشلىق مۇهاپىزەتچىلەر تۇەنىنىڭ كېرەكلىك نەرسە سېتىۋېلىشىغا كېتىدىغان 200 مىڭ يۈەنلىك خىراجەتنى، خۇ زۇڭنەن قىسىملىرىدىن بىر لۈي ئەسكەرنىڭ گەنسۇدىن شىنجاڭغا بارىدىغان يول خىراجىتىنى، شۇنىڭدەك سىمسىز تېلېگراف خادىملىرىغا، سايمان-ماتېرىياللارغا كېرەكلىك خىراجەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛[14] ئۇنىڭدىن باشقا، خۇاڭ مۇسۇڭ ئۈرۈمچىدە هال سوراش ئىشىنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، جياڭ جيېشى، ۋاڭ جىڭۋېيلارغا تېلېگرامما يوللاپ: «مەركەز تېزدىن سۇجۇ (هازىرقى جيۇچۈەن) مۇداپىئە ئورنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم» دېگەن.[15] ئەنە شۇلارنىڭ هەممىسى خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ هال سوراش ئىشىنىڭ كەينىگە هەربىي كونترول قىلىش مەقسىتىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرگەن. بەشىنچىدىن، گۇڭ بىچىڭ ئەسلەپ: خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭدىن هال سورىشى مەركەز ئۇنى ئۆلكىلىك هۆكۈمەت رەئىسى قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى دەپ ئوچۇق بۇيرۇق بىلەن ئېلان قىلسىلا مەھكىمىگە بېرىپ مەنسەپكە ئولتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى دېگەن.[16] خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ كۆپ ساندىكى هەمراهلىرىمۇ بۇ قېتىم شىنجاڭغا بارغاندا خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شېڭ شىسەينىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدىغانلىقى،

ئۆزلىرىمۇ بىرەر- يېرىم ئەمەلگە ئېرىشىپ شىنجاڭدا يۈز تاپىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەنگەن.[17]

## ئىككىنچى، ھەر جەھەتتىكى كۈچلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، شېڭ شىسەينىڭ مۇئەللەق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلۇشى

«دۆلەت بىرلىككە كېلىشى كېرەك دېگەن پرىنسىپ مەملىكەت بويىچە ئالىملاردىن تارتىپ دېھقانلارغىچە بىر ئېغىزدىن قوللاشقا ئېرىشىپ، شەك- شۈبھىسىز ئېتىقادقا ئايلانغان، بۇ كۆز قاراش جۇڭگولۇقنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلماقتا ۋە ئۇنى بەلگىلىمەكتە».[18] خۇاڭ مۇسۇڭ مەركەزنىڭ كاتتا مەنسەپدارى سۈپىتىدە شىنجاڭدىن ھال سوراشقا كىرىشكەن، شىنجاڭدىكى «ھەرقايسى تەرەپ» مەركەزگە ئىنتايىن «ئېتىقاد» قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.[19] ئۇزاقىچە يېرىم بۆلۈنمە ھالەت ئاستىدا تۇرۇپ كەلگەن ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرى جۇڭگونىڭ ھەقىقىي تۈردە بىرلىككە قاراپ مېڭىشىنى قىزغىن ئارزۇ قىلغان.

خۇاڭ مۇسۇڭ پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا جىددىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۈرۈمچىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ يېڭىدىلا شەرقىي شىمالدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق چېكىنگەن 5000 دەك ئەسكىرى بار ئىكەن.[20] شىنجاڭدا ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان بۇ قوراللىق كۈچ شىنجاڭدا ئۇزاق تۇرۇشنىمۇ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا قاتنىشىشنىمۇ خالىمىغان. بىراق ئۇلار ئۇزاقىچە ئۇرۇش مەيدانىدا يۈرگەچكە جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەن. خۇاڭ مۇسۇڭ مەركەزنىڭ كاتتا مەنسەپدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان، نەتىجىدە سۇ بىڭۋېن قىسمىنىڭ جېڭ رۇنچېڭ لۇيى «مەركەزگە بىۋاستە

قاراشنى خالىغان»[21]. شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ باشقا قىسىملىرىمۇ ئىچكى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قۇربان بولۇش پايدىسىز دەپ، «مەركەز شتاتىغا ئۆتۈپ ئورۇنلۇق نامغا ئىگە بولۇش»نى، مەركەزگە خىزمەت قىلىشنى خالىغان.[22] شىڭ شىسەينىڭ قولىدا جەمئىي ئون مىڭغا يېقىن ئەسكەر بار ئىكەن[23]. خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ يېرىمىنى بىراقلا ئەل قىلغان، بۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەينىڭ ھەربىي ئاساسى سۆزسىز تۆپتىن تەۋرەپ قالغان.

ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋەكىلى جاڭ پېيىۋەنمۇ[24] خۇاڭ مۇسۇڭ بىر ئىلاج قىلىپ قولغا كەلتۈرىدىغان مۇھىم ھەربىي كۈچ بولغان. جاڭ پېيىۋەن جىن شۇرېننىڭ كونا قىسىمىدىكى كىشى بولۇپ، 5800دىن ئارتۇق ئەسكىرى بىلەن ئىلىدا تۇرغان. جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەندە، ئۇنى (جاڭ پېيىۋەننى) شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە كۆرسەتكەن، ئەمما شىڭ شىسەي چاققان چىقىپ ۋاقىتلىق دۇبەنلىك نامىنى قولغا كىرگۈزىۋالغان. جاڭ پېيىۋەن بۇنىڭدىن كۆڭلىدە نارازى بولغان. خۇاڭ مۇسۇڭ لەنجۇدىكى ۋاقتىدىلا جاڭ پېيىۋەننىڭ «جەزمەن شىڭ شىسەي بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقى»نى بىلگەن[25]، ئۇ ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، جاڭ پېيىۋەننىڭ سۆيدىگىدە (ھازىرقى قورغاستا) تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنى شىڭ شىسەي ئارمىيىسى قورالسىزلاندۇرغانلىقىدىن، جاڭ پېيىۋەننىڭ «ئالاقزادە» بولۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. خۇاڭ مۇسۇڭ جاڭ پېيىۋەن بىلەن شىڭ شىسەينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، جاڭ پېيىۋەننى ئۆزىگە تارتقان، جاڭ پېيىۋەنمۇ «مەركەزنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن»[26].

خۇاڭ مۇسۇڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا بولغان تەسىرىنى كېڭەيتىشكىمۇ دىققەت قىلغان. شۇ چاغدا شىڭ

شىسەي ئەمەلىي كونترول قىلغان رايونلار ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى بىرقانچە ناھىيە ۋە چۆچەك تەرەپتىنلا ئىبارەت بولغان، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئالتاينىڭ پۈتۈن تەۋەسى شېڭ شىسەي ئەمەلىي كونترول قىلغان دائىرىنىڭ سىرتىدا تۇرغان. خۇاڭ مۇسۇڭ «ھال سوراشنى بالدۇرراق ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن، سىياسىي ھىيلە ئىشلىتىپ، خادىملارنى ھال سوراش ئىشىنى بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتكەن»، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى «مەركەزنىڭ ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش سەممىيلىكى بارلىقىنى ھېس قىلىپ، چىن دىلىدىن قايىل بولۇش خاھىشىغا ئىگە بولغان».[27] قومۇل ۋاڭى بەشىر شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەمەلىي كۈچكە ئىگە گۇرۇھ باشلىقلىرى ئىچىدە مەلۇم تەسىرگە ئىگە ئىدى، خۇاڭ مۇسۇڭ بەشىرنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلاپ، جىن شۇرېن ئۇنىڭ ۋاڭلىق مەرتىۋىسىنى بىكار قىلىپ، مال-مۈلكى ۋە ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، مەركەزنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمىگەن، شۇڭا ئۇنى ئىناۋەتسىز دېگەن[28]. بەشىرنى ھال سوراش ۋەكىللەر مەھكىمىسىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلغان. ۋاڭ جىڭۋېي خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بەشىرنىڭ مال-مۈلكى «مۇسادىرە قىلىنغان بولسا»، «دەرھال تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ قايتۇرۇپ بېرىش» توغرىسىدا يوليورۇق كۆرسەتكەن.[29] بەشىر جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتىكى ئەمەلىي كۈچكە ئىگە گۇرۇھ باشلىقلىرىغا، مەسلەن خوجا نىياز[30] قاتارلىق كىشىلەرگە باش بولۇپ، مۇئەييەن دەرىجىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ئاساسىدا ئەل بولۇشنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بىلدۈرگەن. ۋاڭ جىڭۋېي دەرھال تېلېگرامما ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇپ قوشۇلغان، مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش، مىللەتلەرنى سىياسىي باراۋەرلىككە ئىگە

قىلىش، شىنجاڭنىڭ ھەربىي، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى مەركەز باشقۇرغاندىن تاشقىرى، مائارىپ، قاتناش، سودا-سانائەت قاتارلىق ئىشلارنى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېجىرىشىگە بېرىش لازىملىقىنى بىلدۈرگەن.[31]

شىنجاڭدىكى بىرقىسىم ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارلارمۇ خۇاڭ مۇسۇڭ تەرىپىدىن تارتىلىپ پايدىلىنىلغان. ۋاقىتلىق رەئىس ليۇ ۋېنلۇڭ شېڭ شىسەينىڭ ئارمىيە بىلەن خەلقنى ئايرىپ باشقۇرۇش ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، ئەتەي خۇاڭ مۇسۇڭغا يېقىنلاشقان؛ دۇبەن بارگاھىنىڭ شتاب باشلىقى چېن جۇڭ[32]، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى تاۋ مىڭيۈ[33]، ئاۋئاتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى لى شياۋتيەن[34] «12-ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىنى قوزغاشتا خىزمەت كۆرسەتكەن، ئەمما ئۇلار كۆڭۈلدىكىدەك ۋەزىپىگە ئېرىشەلمىگەچكە، شېڭ شىسەيدىن ۋاز كېچىپ، خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ ئېگىز شېخىغا يامىشىپ، ئۇنىڭ ئاقىللىرىغا ئايلانغان.

شېڭ شىسەينى ھەممىدىن بەك تاقەتسىزلەندۈرگەن ئەھۋال شۇ بولغانكى، خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭغا كېلىپلا شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بولۇپ، دۇبەن تۈزۈمىنى ھەربىي كومىتېت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ تەشەببۇسى ھە دېگەندىلا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن سىلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلىنغان، ئەمما خۇاڭ مۇسۇڭ باشتىكى نىيىتىدىن يانماي، مەمۇرىي پالاتاغا تېلېگىراممىا يوللاپ: «دۇبەننى جىن شۇرېن بەرپا قىلغان، ئۇ باشقا ئۆلكىلەردە يوق، ئىلى تەرەپمۇ ئۇنىڭغا قاراپ باقماقچى بولۇپ كەلگەن، شۇڭا ھازىرقى تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ، باشقىدىن شىنجاڭ ھەربىي كومىتېتىنى تەسىس قىلىپ، ھەرقايسى ھەربىي سەركەردىلەرنى جەلىپ قىلىپ مەركەزگە ئىتائەت قىلدۇرغان

تۈزۈك، باندىتلارنى يوقىتىشتا باشقىدىن ھەربىي شتات تۈزۈپ، باندىتلارنى يوقىتىش باش قوماندانى ۋە كالونىنا قوماندانى دېگەنگە ئوخشاش نامىلارنى بەرسە بولىدۇ» دېگەن.[35] ئۇ بىراقلا شېڭ شىسەيدىن يوشۇرۇپ، چىن جۇڭ بىلەن تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشنىڭ كونكرېت چارىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكەن، جاڭ پېيىۋەن، ما جۇڭيىڭ، خوجا نىياز قاتارلىق كىشىلەرنى ھەربىي كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىنلىمەكچى، شېڭ شىسەينى كومىتېت باشلىقى قىلماقچى بولغان. بىراق جاڭ پېيىۋەن، ما جۇڭيىڭ خوجا نىيازلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە گورۇھلارنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ، بىر بولسا ئۆز ئالدىغا ئەسكەر تۇتۇشنى ئەلا بىلگەن، بىر بولسا شېڭ شىسەي بىلەن ھەربىي كۈچ ئارقىلىق تاقاراشقان، شېڭ شىسەي ئۇلارغا قانداقمۇ قوماندانلىق قىلالىسۇن؟ شېڭ شىسەي ھوقۇقىدىن قورۇق قېلىپ، يەككە-يېگانە قوماندانغا ئايلىنىپ قالىدىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ ئالىي ھەربىي قوماندانلىق، ھوقۇقى شېڭ شىسەي قولىدىن خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ قولىغا ئۆتىدىكەن، چۈنكى پەقەت خۇاڭ مۇسۇڭلا مەركەزنىڭ كاتتا مەنسەپدارى سۈپىتى بىلەن يەرلىك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە گورۇھلارنىڭ باشلىقلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىكەن.

## ئۈچىنچى، شىنجاڭنى كونترول قىلىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى

شېڭ شىسەي خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىدىن بەش قولدەك خەۋەر تېپىپ تۇرغان.[36] خۇاڭ مۇسۇڭ بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشتا شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلغان، شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق دۇبەنلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان

شېڭ شىسەي قولىدىكى ھوقۇقنى باشقىلارغا قوش قوللاپ بېرىۋېتىشنى قانداقمۇ خالىسۇن؟ 1934 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئۇ چاقماق تېزلىكىدە سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۇ، لى شياۋتيەنلەرنى ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشنى قەستلىدى دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئېتىپ تاشلىغان[37] ھەمدە خۇاڭ مۇسۇڭنى نەزەربەند قىلىپ قويغان، شۇ ئارقىلىق نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ۋە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە يېقىنچىلىق قىلغۇچى يەرلىك كۈچلەرگە: سىرتتىن كەلگەنلەر ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ يەرلىك ئورۇندىكىلەرگە تاقابىل تۇرالمايدۇ! دېگەننى ئاگاھلاندۇرغان.

خۇاڭ مۇسۇڭ شۇ ئەھۋالدىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن. ئۇ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان ئەھۋال ئاستىدا، جياڭ جيېشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېيغا ئۇچۇق نومۇرلۇق جىددىي تېلېگراما يوللاپ: «شىنجاڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن يېقىن چېگرىداش، ئەھۋالى مۇرەككەپ، ئېغىرلىق مەركىزىنى مۇقىملاشتۇرمىغىچە خاتىرجەملىكنى ئورنىتىشتىن ئۈمىد كۈتۈش تەس. كۆزىتىشىمىزچە ۋاقىتلىق دۇبەن شېڭ شىسەي، ۋاقىتلىق رەئىس ليۇ ۋېنلۇڭ نەچچە ئايدىن بېرى جاپاغا چىداپ ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ كەپتۇ. ئۇلار مەركەز رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن بولسا، نام - مەرتىۋىمىز رەسمىيلىشىپ، جاۋابكارلىقىمىز تېخىمۇ مەخسۇسلىشاتتى - دە، بۇ ۋەزىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولغان بولاتتى، شۇڭا تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ تېزدىن ئېلان قىلىپ كىشىلەر كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىسىكەن دەپ تەلەپ قىلىمىز» دېگەن. «قىلىشىدۇ. بۇلارنىڭ تەلىپى ماقۇل كۆرۈلسە بۇنىڭ ئۆزى خاسىيەتلىك ئىش بولۇپ، مەركەزنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلارغا مەسئۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. پېقىر خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ ھال سوراش ئىشىمۇ ئوڭۇشلۇق ئالغا باسىدۇ، شۇڭا تەكشۈرۈپ

تەستىقلاپ يوليورۇق كۆرسىتىشىڭىزلارنى سورايمەن» دېگەن.[38] ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەيمۇ سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ 2-كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ: تاۋ مىڭيۈ قاتارلىق كىشىلەر ئالدىنقى سەپتىكى ھەربىي ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىدىن پايدىلىنىپ ئارقا سەپتىكى ئەسكەرلەرنى ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتقان، خۇاڭ مۇسۇڭنى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە مەخپىي كۆرسەتكەن، باشقىدىن ئاتالمىش ھەربىي كومىتېت قۇرماقچى بولغان، «ۋەكىل خۇاڭ مۇسۇڭنىڭمۇ تاۋ مىڭيۈ قاتارلىقلارنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغانلىقىدىن گۇمان يوق ئەمەس»، مەركەزنىڭ چېگرا رايون ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ مەنسەپدار چېن لىفۇ، ليۇ گۇاڭ، پېڭ جاۋشېن، جاڭ فېڭجيۇلارنى ۋەقەنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتىشىنى سورايمىز دېگەن[39] شىنجاڭ تەرتىپ ساقلاش ھەيئىتى، شەرقىي شىمال ئاممىۋى ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى ۋە ھەرقايسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارمۇ شېڭ شىسەينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تېلېگرامما يوللاپ مەركەزدىن ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەرنى رەسمىي خىزمەتكە تەيىنلەشنى ئىلتىجا قىلغان. شېڭ شىسەينىڭ شېرىن خىيالى: خۇاڭ مۇسۇڭنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۆزىنى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قىلىپ تەيىنلەشكە نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاشتىن ئىبارەت بولغان.

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى كۆزدە تۇتۇپ؛ خۇاڭ مۇسۇڭنى ئاكتىپلىق بىلەن قۇتقۇزۇشقا مەجبۇر بولغان. 7-ئاينىڭ 5-كۈنى، مەمۇرىي پالاتا خۇاڭ مۇسۇڭغا جىددىي تېلېگرامما بېرىپ، «شۇ كۈنىلا نەنجىڭغا قايتىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى دوكلات قىلىشنى بۇيرۇق قىلغان». 7-ئاينىڭ 6-كۈنى ۋاڭ جىڭۋېي شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نەنجىڭدا

تۆرۆشلۈق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ فېڭجيۇ بىلەن شىنجاڭنىڭ پارتىيە ئىشلىرى خاس ۋەكىلى گۇڭ بىچېڭنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى سورىغان، گۇڭ بىچېڭنى شىنجاڭغا ۋەقەنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتمەكچى بولغان.[40] 7-ئاينىڭ 7-كۈنى، جياڭ جيېشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېي بىرلىكتە ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەيگە تېلېگرامما بېرىپ: «سىلەرنىڭ تەرتىپىنى ساقلاپ، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملىگەنلىكىڭلارنى مەركەز ئالاھىدە تەقدىرلەيدۇ. ھال سوراش ۋەكىلى خۇاڭ مۇسۇڭمۇ نەچچە قېتىم تېلېگرامما يوللاپ، سىلەرنى بار كۈچى بىلەن ماختىدى. خۇاڭ مۇسۇڭ تەشۋىقات-ھال سوراش ۋەزىپىسىنى تاماملاپتۇ، مەركەز يېقىندا ئۇنىڭ نەنجىڭغا قايتىپ دوكلات قىلىشى توغرىسىدا تېلېگرامما بەردى، سىلەرنىڭ بۇ مەقسەتنى چۈشىنىپ، قىيىن ۋەزىيەتنى بىرلىكتە ئۆتۈشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن.[41] 7-ئاينىڭ 10-كۈنى ۋاڭ جىڭۋېي زۇڭلىنىڭ خاتىرە ھەپتىلىكىدە سۆز قىلىپ: ھۆكۈمەتنىڭ ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ شىنجاڭغا ئۆلكە رەئىسى، شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولۇشىنى بالدۇرراق ئېلان قىلماسلىقىدىكى سەۋەب نېمە؟ سەۋەب شۇكى، شىنجاڭدا ھەقىقىي تۈردە ئىشلەشكە تېگىشلىك بىرقانچە مۇھىم قېپقالغان ئىشلار بار، ھۆكۈمەتنىڭ ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينى ئىشلىتىمىز دېيىشىمۇ، ئىشلەتمەيمىز دېيىشىمۇ ناتايىن، ئاساسىي گەپ ئۇلارنىڭ ئاشۇ بىرقانچە ئىشنى قىلىشىنى خالاش-خالىماسلىقىغا، قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىغا باغلىق. بۇ بىرقانچە ئىش: دىپلوماتىيىنى بىرتۇتاش مەركەزگە قارايدىغان قىلىش، ھەربىي ئىشلارنى بىرتۇتاش مەركەزگە قارايدىغان قىلىش، مىللەتلەرنى

باراۋەرلىككە ئىگە قىلىش، دىنىي ئەركىنلىكنى يولغا قويۇش. مانا بۇلار مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى قىپقالغان ئىشلار ھەققىدىكى بىرقانچە چوڭ پرىنسىپى، ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي مۇشۇ پرىنسىپلارنى ئىجرا قىلالىسا، شىنجاڭنى ئۇلارغا تاپشۇرىمىز، ئىجرا قىلالمىسا باشقىلارغا تاپشۇرىمىز دېگەن.[42] 7-ئاينىڭ 13-كۈنى، جاڭ فېڭجيۇمۇ جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدىكى: «مەركەز چېگرا رايون ئەمەلدارلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە شۇنىلا تەلەپ قىلىدۇكى، كىمكى دۆلەت زېمىنىنى قوغداپ، مەركەزگە مۇتلەق بويسۇنۇپ، خەلقنى ئاسرىيالىسا، يەرلىك ئورۇننىڭ ئامانلىقىنى مۇستەھكەملىيەلىسە، ۋەزىپىنى ئەلۋەتتە شۇنىڭغا تاپشۇرۇشقا بولىدۇ» دېگەن پىكرىنى مەتبۇئاتچىلارغا ئاشكارىلىغان.[43] جياڭ جيېشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېي شېڭ شىسەيگە: مەركەز ئۇنىڭ رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلىسە دېگەن شەرتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشىنى ئېنىق بىلدۈرۈشى لازىملىقىنى بېشارەت قىلغان.

شېڭ شىسەي نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇددىئاسىنى ئوبدان چۈشەنگەن. 7-ئاينىڭ 19-كۈنى، ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەي بىرلىكتە مەركەزگە تېلېگرامما يوللاپ: «سىرتتىكى سۆز-چۆچەكلەر گېزىتلەرگە بېسىلىپ، ۋەكىل خۇاڭ مۇسۇڭغا ئانچە-مۇنچە گۇمان تۇغدۇرغان بولسىمۇ، كېيىن ھەقىقىي تۇردە تەكشۈرۈشىمىزچە ئۇنىڭ ھەممىسى تاۋ مىڭيۆ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەنلەرنىڭ كىشىلەرنى قۇترىتىشتىكى سۇيىقەستى ئىكەن، ئۇنىڭ ۋەكىل خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق ئىكەن. ۋەكىل خۇاڭ مۇسۇڭ بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ مەركەزنىڭ ھىممىتىنى جاكارلاپ، شىنجاڭ خەلقىنى خاتىرجەم قىلدى، ئۇ كەلگەندىن كېيىن كىشىلەر

ناھايىتى خاتىرجەم بولۇپ، چېگرا ۋەزىيىتى تىنچلاندى ... ۋەكىل خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ تەشۋىقات ـ ھال سوراشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئەلۋەتتە كىچىك ئەمەس، بىزنىڭ مەركەز تەڭداشسىز ئابرۇيغا ئىگە، بۇمۇ چەت ياقىدا يالغۇز تۇرغان، يېرى ئۇنۇمسىز، خەلقى كەمبەغەل شىنجاڭنىڭ ئادەتتە مەركەزنىڭ يۆلىشىگە تايانماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا ياشىيالمايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر يەرلىك ئورۇندا چىرىكلىك پۈتۈن شىنجاڭغا دېگۈدەك تارقالغان، مەركەزنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولمىغىچە قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەي قېيىن ئەھۋالدا قېلىشىمىز تۇرغان گەپ. بىز ـ ۋېيلۇڭ، شىسەي ئۇنچىۋالا دۆت ئەمەسمىز، بىز ئەنە شۇلارنى ئەلۋەتتە چۈشەنگەن يەردە، بىزنىڭ مەركەز ھەرقانداق تەلتۆكۈس تەدبىر قوللىنىپ چېگرا ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملىسە، بىز ئەلۋەتتە چىن كۆڭلىمىزدىن بويسۇنۇپ، ئۆز بۇرچىمىزنى تولۇق ئادا قىلىمىز، مۇشۇ ئىرادە ـ ئىستىكىمىز ئۈچۈن تەڭرى ئالدىدا قەسەمياد قىلىمىز»[44] دېگەن. شېڭ شىسەي مەركەزگە جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تەڭرى ئالدىدا قەسەمياد قىلغان ھەمدە ۋەكىل خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ «ئېزىقتۇرۇشقا ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى گۇمان»نى پۈتۈنلەي يوققا چىقارغان.

ئەھۋال شۇ يەرگە يەتكەندە، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى سودىلىشىش بىر يەرگە توختىغان. 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، خۇاڭ مۇسۇڭ مەركىزىي ھال سوراش ۋەكىللەر مەھكىمىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا ئۆزىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئايروپىلان تەييارلىشى ھەققىدە تېلېگرامما بەرگەن.[45] 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، خۇاڭ مۇسۇڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭدىن كەتكەن.[46] 8 ـ ئاينىڭ

1-كۈنى، مەمۇرىي پالاتانىڭ 118-سانلىق يىغىنىدا لىۋ ۋېنلۇڭنى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولۇشقا، شېڭ شىسەينى چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولۇشقا، جاڭ پېيۇەننى ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋەكىلى قوشۇمچە قورۇقلۇق ئارمىيىنىڭ يېڭىدىن تۈزۈلگەن 8-شىسىغا شىجاڭ بولۇشقا تەيىنلەش ماقۇللانغان. شېڭ شىسەينىڭ رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ ھال سوراش نامىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىش پىلانىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى نامايان قىلغان.

خوش، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىشتىكى تۈنجى پىلانى نېمە سەۋەبتىن مەغلۇپ بولغان؟

1. ئارقا تېرەك بولىدىغان ھەربىي كۈچنىڭ يوقلۇقى سەۋەب بولغان. مىنگودىن بۇيان، شىنجاڭدىكى مىلىتارىستلار چەت ياقىدىكى چېگرىغا جايلاشقانلىقى، مەركەزنىڭ باشقۇرۇشىغا چامىسى يەتمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن مۇستەقىللىق تالىشىپ كەلگەن. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى خۇاڭ مۇسۇڭنى شىنجاڭدىن ھال سوراشقا ئەۋەتىشتە ئاساسلىقى مەركەزنىڭ سىياسىي نامىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا ئىشەنچلىك كۈچلەرنى جەلىپ قىلىش ۋە يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. خۇاڭ مۇسۇڭ شۇ بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بىر قىسىم كىشىلەرنى ھەقىقەتەن قولغا كەلتۈرگەن، ئەمما ئۇلارنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا سېلىشتىن تېخى يىراقتا تۇرغان. مەركەز قىسىملىرىدىن خۇ زۇڭنەننىڭ بىر تۈەن ئەسكىرىلا يىراق لەنجۇغا جايلاشقان[47]. خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ مەركەزنىڭ سۈجۈنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى ۋە خۇزۇڭنەننىڭ بىر لۈي ئەسكىرىنىڭ گەنسۇدىن شىنجاڭغا سەپ تارتىشى ھەققىدىكى تەلىپى ئىشقا

ئاشۇرۇلمىغان. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقە ئالدىدا ئارقا تىرەك قىلىشقا ھەربىي كۈچ تاپالمىغان خۇاڭ مۇسۇڭ خەۋپ ئاستىدا قېلىپ، شىڭ شىسەينىڭ دېگىنىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان.

2. خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ تەدبىرى ناتوغرا بولغان. بىرىنچىدىن، خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى تەدبىرلىرىنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن قوللىنىشى يېتەرلىك بولمىغان. خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭدىن ھال سوراشتا شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلغان، بۇنىڭ ئۆزى ۋاقىتلىق دۇبەنلىك ئەمەلىنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغان شىڭ شىسەي ئۈچۈن ئېيتقاندا، يولۋاستىن تېرەڭنى بەر دېگەنگە ئوخشاش ئىش بولغان، ئەمما خۇاڭ مۇسۇڭ بۇنداق ئىنتايىن خەتەرلىك ئىشنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتمىگەن. شىڭ شىسەينىڭ توساتتىن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشىنى ھەتتا خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىشىنى پۈتۈنلەي خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. ئىككىنچىدىن، خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى تەدبىرلىرىنى يوشۇرۇن قوللىنىشى يېتەرلىك بولمىغان. خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭغا كېلىش بىلەنلا شىڭ شىسەيگە دۇبەن تۈزۈمىنى ھەربىي كومىتېت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش لازىملىقىنى ئېيتقان، ھەر ساھەدىكى كۈچلەرنى زور داۋراڭ بىلەن ئۆزىگە تارتقان. ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى مۇۋاپىق تاكتىكا ۋە شەكىل بىلەن يوشۇرمىغان ، نەتىجىدە شىڭ شىسەي ئۇنىڭ مەقسىتى ۋە ھەرىكىتىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىۋالغان. شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ مىلىتارىستقا خاس ھوقۇق-مەرتىۋىسىنى قوغداش تەبىئىتى تۈپەيلىدىن مۇقەررەر ھالدا خۇاڭ مۇسۇڭغا قولىدىن كەلگەنلىكى ۋاسىتىلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرغان. روشەنكى، خۇاڭ مۇسۇڭ ئەقىل-پاراسەت جەھەتتە شىڭ شىسەينى بېسىپ چۈشەلمىگەن يەردە، ئۇنىڭ

شىنجاڭنى سىياسىي ۋاستە ئارقىلىق يەم بىلەن تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى قانداقمۇ ۋۇجۇدقا چىقسۇن؟

## 2-پاراگراف شىنجاڭنى كونترول قىلىش يولىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇنۇش ۋە ئۇنىڭ مەغلۇب بولۇشى

### بىرىنچى، ئۈچ تەرەپ تىركىشىپ تۇرىدىغان ئىسكەنجە تاكتىكىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينى رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە ئىلاجسىز قالغان ئەھۋال ئاستىدا ماقۇل بولغان، ئەمما بۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭنى باشقۇرۇشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى بىلدۈرمىگەن. شۇچاغدا جياڭ جيېشى مىليونلىغان ئەسكەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، قىزىل ئارمىيىگە قارىتا بەشىنچى قېتىملىق قورشاپ يوقىتىش ئېلىپ بېرىۋاتقاچقا، بىر بۆلۈك ئەسكىرىنى غەربىي شىمالغا ئاتلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان، بىرقەدەر ئاقىدىغان لايىھىسى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىكى كۈچلەردىن پايدىلىنىش، شېڭ شىسەي، جاڭ پېيۈەن، ماجۇڭيىڭلارنى ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئىسكەنجىگە ئالدۇرۇش يولى بىلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت بولغان.[48]

1933-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى، مەمۇرىي پالاتانىڭ لىيۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي، جاڭ پېيۈەنلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىشى ئەنە شۇ بىر-بىرىنى ئىسكەنجىگە ئالدۇرۇش تاكتىكىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ قەدەم بولغان. مۇشۇ ئۈچەيلەننى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىكى سىياسىي مەقسەت: جاڭ پېيۈەننى ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋەكىلى قوشۇمچە 8-

شىنىڭ شىنجاڭنى سوۋېتى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ غەرب تەرىپىدە تۇرغۇزۇش، ماجۇڭيىڭ ئەمەلىي كونترول قىلىۋاتقان شەرقىي شىنجاڭ رايونىنىڭ شېڭ شىسەينىڭ شەرق تەرىپىدە بۆلۈنمە بولۇپ تۇرۇشىغا سۈكۈت قىلىش، شۇنداق قىلغاندا، شېڭ شىسەي گەرچە شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزى ئۈرۈمچىنى كونترول قىلىۋاتقان ھەممە مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جاڭ پېيۈەن بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئىككى تەرەپتىن ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا بىرەر ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك جاڭ پېيۈەن بىلەن ماجۇڭيىڭمۇ شېڭ شىسەينىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىشى ئارقىسىدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى سىزىپ بەرگەن ھەرىكەت سىزىقىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ دېگەندىن ئىبارەت بولغان. ئەمما بىر-بىرىنى ئىسكەنجىگە ئالدۇرىدىغان بۇ تاكتىكىنى يولغا قويۇشتا شېڭ شىسەي، جاڭ پېيۈەن، ما جۇڭيىڭدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى نىسپىي ھالدا مۇقىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرت قىلىنغان. شۇڭا جياڭ جيېشى، ۋاڭ جىڭۋېيلار دەي چۈەنشېننى شىنجاڭغا بىر بېرىشقا قايتا-قايتا دەۋەت قىلغان.[49] دەي چۈەنشېن سالامەتلىك سەۋەبىدىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سەپەرگە ئاتلىنالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ باش تارتقان. 8-ئاينىڭ 17-كۈنى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ئەدلىيە مەمۇرىي ئىشلىرى مىنىستىرى قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى لو ۋېنگەننىڭ مەركەز ۋەكىلى سۈپىتى بىلەن لىيۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي قاتارلىقلارنىڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

9-ئاينىڭ 2-كۈنى، لو ۋېنگەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغان. ئۇ لىيۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەرنىڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ بولغاندىن كېيىن، شېڭ

شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭنى ئەپلەشتۈرۈشكە كىرىشكەن. شىڭ شىسەي ئەگەر ماجۇڭيىڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنسا، قۇمۇلغا بېرىپ شەرقىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بولسا بولىدۇ، ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا تەيىنلەشكە بولىدۇ دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن. ئىشنى ھەل قىلىش ئۈمىدى تۇغۇلغانلىقىنى سەزگەن لو ۋېنگەن ئۆزى تۇرپانغا بېرىپ، ما جۇڭيىڭنى تالاش-تارتىشنى توختىتىشقا دەۋەت قىلىش قارارىغا كەلگەن. شىڭ شىسەي ئۆز ئىنىسى شىڭ شىچى قاتارلىق كىشىلەرنى لو ۋېنگەنگە ھەمراھ قىلىپ يولغا سالغان، ئۇ كۆرۈنۈشتە تىنچلىق سەمىمىيىتىنى بىلدۈرگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ما جۇڭيىڭنى ئالداپ ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈپ جايلىۋەتمەكچى بولغان.[50]

ما جۇڭيىڭ ئۆزىنى شىڭ شىسەينىڭ شەرقىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىشىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە تۇرپاندا ئۆزى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان. شىڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنىڭ مۇداپىئە رايونىنى تارايتىشنى تەلەپ قىلغان، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئاشلىق تەمىنات مەسىلىسى ھەل قىلىنسىلا، مۇداپىئە رايونىنى خالىغانچە بەلگىلەشكە بولىدۇ دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن، ئۇ پەقەت شىڭ شىسەينىڭ تىنچلىق مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىشىڭ دېگەن تەكلىپىگىلا بويسۇنۇشتىن قەتئىي باش تارتقان. لو ۋېنگەن ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ مەسىلىسى ئاشلىق غەملەش مەسىلىسى ئىكەن، بۇنى ھەل قىلىشتا ئۈرۈمچىنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ، مەركەزگە مەلۇم قىلىش زۆرۈرىيىتى بار دېگەن تونۇشقا كېلىپ، ئاۋۋال ئەگەشكۈچى خادىم فېڭ يۈجېننى مەركەزگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن نەنجىڭغا قايتۇرۇشنى قارار قىلغان.

لو ۋېنگەننىڭ ما جۇڭيىڭنى ئۈرۈمچىگە ئالداپ ئېپكېلەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنىڭ تىنچلىق سەممىيىتى يوق دەپ، ما جۇڭيىڭنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن لو ۋېنگەن بىللە كەلگەن ۋەكىلى جاڭ ياشاۋ قاتارلىق كىشىلەرنى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۇتۇپ قالغان، ئۇ شۇ يول بىلەن ما جۇڭيىڭغا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويغان تەڭمۇ-تەڭ ئىسكەنجىگە ئېلىش تاكتىكىسىنى بۇزماقچى بولغان. شېڭ شىسەينىڭ لو ۋېنگەنگە تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئۆزگەرگەن، ئۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە كۈچ كۆرسىتىش ئۈچۈن لو ۋېنگەننى كۆپ تەرەپتىن تەسلىككە قويغان. لو ۋېنگەن ئىشنىڭ ئېپىنى تاپالماي، ئەسلىدىكى پىلانى بويىچە ئۈرۈمچىدىن قوزغىلىپ ئىلىغا كەتكەن.

## ئىككىنچى، جاڭ پېيۇەن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ شېڭ شىسەينى بىرلىشىپ ئاغدۇرۇش ئۈچۈن كېلىشتۈرۈلۈشى

لو ۋېنگەن شىنجاڭدىن نەنجىڭغا قايتقاندىن كېيىن سىرتتىكىلەرگە مەركەزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىدىغان يېڭى لايىھىسى بارلىقىنى ئاشكارىلىغان.[51] ئەمما شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى بۇ يېڭى لايىھە نېمە؟ ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە جاڭ پېيۇەن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ بىرلىشىپ شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇش يولىدىكى ھەربىي پىلانىمۇ-قانداق؟

1934-يىلى 9-ئاينىڭ 26-كۈنى، جياڭ جېيشى «دۇبەن شېڭ شىسەيگە شىنجاڭدىكى ئىشلارنى مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىش ھەققىدە يوللىغان تېلېگرامما»دا جاڭ پېيۇەن، ما جۇڭيىڭلارنىڭ بىرلەشمە ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى قەتئىي ئىنكار قىلغان. ئۇ

مۇنداق دېگەن: لو ۋېنگەن ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ شىنجاڭغا چېگرا ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغان، ئالاھىدە ۋەزىپە بىلەن بارغان ئەمەس، «ۋاڭ يۈەنجاڭ* نامىدا جاڭ پېييۈەنگە ئەۋەتىلگەن دېيىلگەن تېلېگراممىنى ئالساق، مۇبادا بۇ نۆۋەت پېڭ تىڭجاڭ (پېڭ جاۋشېن ـ ت) شاپىگرافتا بېسىلغان تېلېگراما نۇسخىسىنى ئالغاچ كەلمىگەن بولسا، مەركەز ھەرجەھەتتىن ئويلاپمۇ ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەس ئىكەن، يېقىندا ۋاڭ يۈەنجاڭ گۇلىڭغا كەلگەندە بۇ تېلېگراممىنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەيران قالدى، ئۇ نەنجىڭغا قايتقاندىن كېيىن دەرھال ئۇزۇل ـ كېسىل سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەن، مەخپىي تېلېگراما گەرچە جاڭ پېييۈەن بىلەن لو ۋېنگەننىڭ ئالاھىدە ۋەدىلەشكەنلىكىگە دائىر مەخسۇس نۇسخا بولسىمۇ، لېكىن شۇ كۈنلەردە دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكى روسىيىدىكى كونسۇلخانىغا يوللىغان تېلېگراممىلارنىڭ كۆتىكىنى پۈتۈنلەي تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنداق نۇسخا تېپىلمىغان ھەمدە لو بۇجاڭنى* چاقىرىپ يۈزمۇ-يۈز سۈرۈشتۈرسە، ئۇ پالاتا نامىنى سېتىپ تېلېگراما بېرىش ئىشىنىڭ بولغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان. پەقەت جاڭ پېييۈەن ئىلگىرى لو ۋېنگەنگە تېلېفون بېرىپ ئەھۋال بەك جىددىي بولغاچقا مەركەزنىڭ ياسالما بۇيرۇقى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېيتقان، دېمەك تېلېگراممىنى جاڭ پېييۈەن ئويدۇرغان، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىقرار بولغان، تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىدا نېمە دېيىلگەنلىكىنىمۇ لو ۋېنگەن بىلمەيدىكەن. چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى ۋە مەزكۇر تېلېگراممىدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى باش قوماندانلار دەپ

---

* مەمۇرىي پالاتا باشلىقى ۋاڭ جىڭۋېي ـ ت

* لو ۋېنگەننى دېمەكچى، ئۇ شۇچاغدا دېپلوماتىيە مىنىستىرى بولغان ـ ت

كۆرسىتىلگەن مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي باشلىق، بۇلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھەم ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى ھەربىي كومىتېت ئىلتىماس قىلىشى كېرەك، ئۇنى مەمۇرىي پالاتا قارار قىلالمايدۇ، تېلېگراممىدا مىللىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىدى دېگەن سۆز بار ئىكەن، ئەمەلىيەتتە مىللىي ھۆكۈمەت ھېچقاچان مۇنداق پەرمان چىقارمىغان. ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقەتەن نام سېتىش بىلەن بولغانلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ» دېگەن.[52] نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جاڭ پېيىۋەن بىلەن ما جۇڭيىڭنى بىرلىشىپ شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇشقا كېلىشتۇرگەن ياكى كېلىشتۇرمىگەنلىكى جىياڭ جېيشىنىڭ ئىنكار قىلىشى، تەيببىي تەرەپنىڭ مۇھاكىمە قىلىشتىن باش تارتىشى ئارقىسىدا[53]، چىگىشلىشىپ مۇرەككەپ مەسىلىگە ئايلانغان.

بەزى ئۆلىمالار ئىلگىرى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جاڭ پېيىۋەن بىلەن ما جۇڭيىڭغا شېڭ شىسەينى بىرلىشىپ ئاغدۇرۇش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرگەن دېگەن كەپنى ئوتتۇرىغا قويغان.[54] سەي جىنسۇڭ ئەپەندىمۇ «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا» دېگەن كىتابىدا ئۆزى شىنجاڭ ھەققىدە بايقىغان ماتېرىياللارنى يەكۈنلەپ: «مىللىي ھۆكۈمەت ۋە لو ۋېنگەننىڭ ھەيدەكچىلىكى ئاستىدا، 1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، جاڭ پېيىۋەن، ماجۇڭيىڭلارنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى ئىتتىپاقى رەسمىي شەكىللەنگەن، جاڭ پېيىۋەن شېڭ شىسەيگە قارشى ھەربىي ھەرىكەت قوللانغان» دېگەن.[55] مەن ـ ئاپتور سەي جىنسۇڭ ئەپەندىنىڭ كۆز قارىشىنى قوللايمەن، ئاساسىم مۇنداق:

بىرىنچىدىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئاشۇنداق تەدبىر كۆرۈش ئېھتىمالىغا ئىگە. نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى تۈزگۈچى يادرولۇق كىشىلەر جىياڭ جېيشى بىلەن

ۋاڭ جىڭۋېي بولغان، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى شىنجاڭغا بېرىپ باقمىغان، ئۇلار شىنجاڭ ئەھۋالىدىن ئوبدان خەۋەر تاپمىغان، ئۇلار شىنجاڭ مەسىلىسىگە دائىر تەدبىر كۆرۈشتە چوقۇم لىو ۋېنگەننىڭ مۇھىم تەسىرىگە ئۇچرىغان. شېڭ شىسەي بىلەن ما جۇڭيىڭ قايتا ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، داۋانچىڭدىكى بىر ئۇرۇشتا شېڭ شىسەينىڭ 2000دىن ئارتۇق ئوفىتسېر-جەڭچىسى زەخمىلەنگەن ۋە ھالاك بولغان، 1000دىن ئارتۇق ئېغىر ۋە يېنىك قوراللارنى زىيان تارتقان[56]. شېڭ شىسەي ھەربىيلەرگە كېرەكلىك ئاشلىقنى سېلىق سېلىپ يەنە بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، «ئاران يەنە بىر ئايغا يەتكۈدەك ھەربىي ئاشلىقى قالغان».[57] شېڭ شىسەينىڭ ئىچكى-تاشقى جەھەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچراپ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان لىو ۋېنگەن شىنجاڭدىن كېتىش ئالدىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ بېرىپ: مېنىڭ قارىشىمچە، شېڭ شىسەي ئىلگىرى ئالدامچىلىق يولى بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىۋالغان، مەركەز شۇچاغدىكى خاتىرجەملىكنى كۆزلەپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسى بويىچە ئىش قىلغان. شېڭ شىسەي يامان ئادىتىنى ھازىرغىچە ئۆزگەرتمەي، ھەممە يەردە نارازىلىق قوزغاۋېتىپتۇ، مەركەز ئەگەر بالدۇرراق قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئۇنى دۆلەتكە ئاپەت كەلتۈرۈپ، خەلققە زىيان يەتكۈزۈۋاتقان جىنايىتى ئۈچۈن جازالىمايدىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن مەركەزنىڭ ئابرۇيى قالمايدۇ. كېيىنكى ئىشلارنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى بارلىق چارىلەرنى ئەتە يولغا چىقىپ نەنجىڭغا قايتقاندىن كېيىن مەلۇم قىلماقچىمەن، مەركەزنىڭ ئەمدى ئۇنىڭ ئەخمەق قىلىشىغا يول قويماسلىقىنى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياردەم بەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن دېگەن.[58]

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى قوراللىق كۈچىنى شىنجاڭغا يەتكۈزەلمەيۋاتقان يەردە شېڭ شىسەينى قانداقمۇ جازاغا

تارتالىسۇن؟ روشەنكى شىنجاڭدا شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن جاڭ پېييۈەن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ كۈچىگە تايىنىشتىن باشقا ئامال قالمىغان. شېڭ شىسەي نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش دەرىجىسىگە يەتكەن، شۇڭا جياڭ جيېشى، ۋاڭ جىڭۋېيلارنىڭ لو ۋېنگەننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت قوللانغان بولۇشى تامامەن مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، مەركەز كېلىشتۈرمىگەن بولسا، جاڭ پېييۈەن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ شېڭ شىسەيگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. جاڭ پېييۈەن بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ھەقىقىي ھەمكارلىشىشى قىيىن بولغان بولسىمۇ لېكىن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى زادى ئاشكارا بۇزۇلۇپ باقمىغان. 1933-يىلى 6-ئاينىڭ 12-كۈنى جاڭ پېييۈەن شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن مۇھىم ھەربىي مەنسەپدارلارغا باش بولۇپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەرنى رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغان(59). جاڭ پېييۈەن شېڭ شىسەيگە ئۇنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن بۇرۇن قارشى تۇرمىغان، ئەكسىچە ئۇ شېڭ شىسەي «ئەنئەنىلىك» مەرتىۋىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۇچۇق قارشى چىققان، مەركىزىي ھۆكۈمەت كۆرسەتمە بەرمىگەن ۋە قوللىمىغان بولسا ئۇنداق قىلىشى قىيىن بولغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدا شۇ كۈنلەردە مۇسۇلمانلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدا نىزا چوڭقۇرلاشقان، جاڭ پېييۈەن ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىشتە بىرمۇنچە توسالغۇلارنى يېڭىشى لازىم ئىدى، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئارىغا چۈشۈپ كېلىشتۈرمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىرلىشىش يولىغا مېڭىشى تەس بولغان بولاتتى. ئىلگىرى جاڭ پېييۈەنگە تېلېگراف تەرجىمانى، كاتىپ، مەسلىھەتچى بولغان ۋاڭ ئېنرۇڭ ئەسلەپ: «ماڭ جۇڭيىڭ

بىلەن جاڭ پېيىۋەن ئىلگىرى بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان، ئۇلارنى بىرلىشىشكە قايىل قىلىش ئاسانغا چۈشمەيتتى»، پەقەت لو ۋېنگەننىڭ نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدىلا، جاڭ پېيىۋەن «ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە ھۇجۇم قىلىش» تاكتىكىسىنى ئاندىن بىر يەرگە توختاتقان دەيدۇ.[60]

ئۈچىنچىدىن، جاڭ پېيىۋەننىڭ ئىككى پارچە تېلېگراممىسى ئىسپات بولالايدۇ. 1933-يىلى 12-ئاينىڭ 4-كۈنى، جاڭ پېيىۋەن جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يەن خۇيچىڭغا تېلېگراممىا بېرىپ: «پېقىر جاڭ پېيىۋەن مەركەز ۋە لو بۇجاڭنىڭ پىلانىغا بىنائەن، جازا يۈرۈشىگە ئەسكەر ئەۋەتتىم، خائىن شېڭ شىسەي سېتىۋالغان نۇرغۇن قورال-ياراغنىمۇ ئەسكەر ئەۋەتىپ تۇتۇپ قالدىم، پېقىرغا قاراشلىق ئارمىيە شىخۇ، ماناسلارغا يېتىپ بېرىپ ئىككى تەرەپ ئۇچراشتى، داۋاملىق ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىپ، خائىن شېڭ شىسەينى يوقىتىپ، خەلقنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ، چېگرا رايوننى مۇستەھكەملىمەكچى. ما جۇڭيىڭ تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلاپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا كېلىشتۇق، شېڭ شىسەي ھالاكەتلىك ئەھۋالغا گىرىپتار بولدى، ئۇنى يېقىن ئارىدا كۆزدىن يوق قىلىمىز. شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئالغاندا، خەلقنىڭ خائىن شېڭ شىسەيگە بولغان غەزەپ-نەپرىتى چېكىگە يەتتى، ئەمەلىي ئەھۋالنى لوبۇجاڭ كۆزدىن كۆچۈرۈپ ئېنىق بىلدى. خائىن شېڭ شىسەي يوقىتىلسىلا ئۇرۇش ئاپىتى دەرھال تۈگەيدۇ، مەركەز تېز ئارىدا مۇھىم ئەربابنى شىنجاڭغا ئىلى چېگرىسى ئارقىلىق ئەۋەتسە، ئۇ ئەرباب ھەممىگە رىياسەتچىلىك قىلسا، پېقىر جاڭ پېيىۋەن چىن كۆڭلۈمدىن ھىمايە قىلىپ مۇتلەق بويسۇنىمەن. جانابىڭىزنىڭ يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان ئەھۋاللارنى جياڭ ۋېييۈەنجاڭ، ۋاڭ يۈەنجاڭلارغا مەلۇم قىلىپ قويۇشىڭىزنى ،

خائىن شېڭ شىسەينىڭ دەرھال ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇپ جازالىنىشىنى سورايمەن» دېگەن.[61] 12-ئاينىڭ 6-كۈنى، جاڭ پېيىۋەن يەن خۇيچىڭغا يەنە تېلېگراما يوللاپ: «مەركەزنىڭ لو بۇجاڭ يەتكۈزگەن تېلېگراما ئارقىلىق چۈشۈرگەن بۇيرۇقىدا، جاڭ پېيىۋەن ئۈرۈمچىگە ئەسكەر باشلاپ بېرىپ شېڭ شىسەينى جايلىۋېتىپ، شىمالىي شىنجاڭنى تازىلاپ ئاپەت يىلتىزىنى تۈگەتسۇن ھەمدە ما جۇڭيىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئورۇش ئاپىتىنى تېز تۈگىتىپ، خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ، دۆلەت زېمىنىنى قوغدىسۇن دېيىلگەن. شۇ بۇيرۇققا بىنائەن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە شىخۇ، ماناسلارغا ئەسكەر ئەۋەتىپ خائىن شېڭ شىسەي شەخسىي سېتىۋالغان نۇرغۇن قورال-ياراغنى تۇتۇپ قالغان ئىدىم. ئەمدى پېقىرنىڭ قوشۇنىغا قاراشلىق بىر لوي ئاتلىق ئەسكەر شىخۇ، ماناسلارغا بېرىپ، چۆچەكتە تۇرۇشقا مۇھىم ھەربىي كۈچ ئەۋەتىپ، خائىن شېڭ شىسەينىڭ قاتنىشىنى ئۈزۈپ تاشلىدۇق، بۇنىڭ بىلەن ئۇنى كۆزدىن تېز يوقىتىپ، چېگرا رايون ۋەزىيىتىنى بالدۇرراق تۇراقلاشتۇرۇشنى كۆزلەۋاتىمىز» دېگەن.[62] جياڭ جيېشى جاڭ پېيىۋەن «ئەھۋال بەك جىددىي ھەم مەخپىي» بولغاچقا «مەركەزنىڭ ياسالما بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولغان» ھەمدە بۇنى «جاڭ پېيىۋەننىڭ ئۆزىمۇ ئىقرار قىلدى» دېگەن. بىراق جاڭ پېيىۋەن بىر تەرەپتىن مەركەزنىڭ تېلېگراما بۇيرۇقىنى «ياساپ چىققانلىقى»نى «ئىقرار قىلغان» تۇرۇقلۇق يەنە بىر تەرەپتىن نېمە ئۈچۈن يەنە داۋاملىق مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن دېگەننى «ئويدۇرۇپ» يەن خۇيچىڭنىڭ جياڭ جيېشى، ۋاڭ جىڭۋېيلارغا مەلۇم قىلىپ، «خائىن شېڭ شىسەينى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇپ جازاغا تارتىشى»نى تەلەپ قىلىدۇ؟ جياڭ جيېشىنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنتىقىغا سىغمايدىغانلىقى ناھايىتى روشەن. 1934-يىلى 9-

ئايدا، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەت ئۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت رېئال ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنى كۆزلىگەن، ئۇنىڭ سىياسىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىلگىرى جاڭ پېييۈەن بىلەن ما جۇڭيىڭغا شېڭ شىسەينى بىرلىشىپ ئاغدۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى قەتئىي ئىنكار قىلغانلىقى تۇرغان گەپ.

تۆتىنچىدىن، جاڭ پېييۈەننىڭ ۋەسىيەتنامىسى ئىسپات بولالايدۇ. جاڭ پېييۈەن ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى ياڭ جېڭجۇڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئاساسىي ئەسكىرىي كۈچى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلدۇرغان، نەتىجىدە ئۇلار شىخەنزىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن؛ سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئەسكەر چىقىرىپ جاڭ پېييۈەننىڭ قوماندانلىق شتابى ئىلىنى ئىشغال قىلىۋالغان. پۈتۈنلەي ئىلاجسىز ئەھۋالدا قالغان جاڭ پېييۈەن قېچىپ كېتىپ بېرىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇپ: «بىرىنچىدىن لو بۇجاڭدىن زىيان تارتتىم، ئىككىنچىدىن ياڭ جېڭجۇڭدىن زىيان تارتتىم...» دېگەن.[63] لو بۇجاڭدىن زىيان تارتتىم دېگەن سۆزنى ئۇ لو ۋېنگەننىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇش ھەققىدىكى تەكلىپىگە ئىشىنىپ كەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلغان دەپ چۈشەندۈرۈشتىن باشقا ئەقىلگە مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈشنى تاپماق تەس.

ئەنە شۇلاردىن مەلۇمكى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلگىرى جاڭ پېييۈەن بىلەن ما جۇڭيىڭنى شېڭ شىسەينى بىرلىشىپ ئاغدۇرۇشقا كېلىشتۈرگەنلىكى ئىنكار قىلىنىشقا بولمايدىغان پاكىت.

# ئۈچىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىش پىلانىنى بۇزۇپ تاشلىشى

شېڭ شىسەي ئۆزىگە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «رەسمىي نام» بېرىشىنى لازىم تاپقانۇ، ئۆزىنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كونترول قىلىشىنى لازىم تاپمىغان؛ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئىلاجسىزلىقتىن شېڭ شىسەيگە «مەرتىۋە» بەرگەن، ئەمما بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ كۈچىنىڭ ئۇلغىيىشىنى چەكلىمەكچى ھەتتا ئۇنى يوقاتماقچى بولغان. ئۆزىگە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچى يەتمەيۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ سىياسىسىدىكى مۇھىم ئورنىنى بىلگەن شېڭ شىسەي نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋىتىنى قەتئىي ئۈزۈپ، سوۋېتپەرەسلىك يولىغا ماڭغان.

شېڭ شىسەي 1933-يىلى 5-ئايدىلا تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى چېن دېلىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا باش كونسۇل زىلاتكىن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمزالىغان «سوۋېت ئىتتىپاقى-شىنجاڭ سودا كېلىشىمى» ئاساسىدا، ئۆز-ئارا دوستلۇق مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.[64] ئەتىسى شېڭ شىسەي يەنە چېن دېلى ئارقىلىق زىلاتكىن قاتارلىق كىشىلەرنى چايغا چاقىرغان. تاماقتىن كېيىن ئۇلارنى ئۆز كىتابخانىسىدا مەخپىي ساقلىغان «كاپىتال»، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» قاتارلىق كىتابلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ سوتسىيالىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغان. 10-ئايدا، شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنىڭ ھۇجۇمىغا

تاقابىل تۇرالماي، چېن دىلى قاتارلىق كىشىلەرنى موسكۋاغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي ياردەم سوراشقا ئەۋەتكەن.

ستالىن سوۋېت دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا بىر سوۋېتپەرەس ھاكىمىيەت تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىشنى قارار قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇشنى كۆزلىگەن. چۈنكى شۇ كۈنلەردە ئەنگلىيە ئاستىرتىن قوللاۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» شىنجاڭنى بۆلۈنمە قىلىۋالغان، ياپونىيە مانجۇرىيىنى ئىشغال قىلىپ، رەخبىگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن ما جۇڭيىڭنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۆز تەسىرىنى شىنجاڭغا كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغان.[65] ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ قايسى بىرى شىنجاڭنى كونترول قىلسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا غايەت زور تەھدىت تۇغۇلىدىكەن، بۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىشىنى سوۋېت ئىتتىپاقى خالىمىغان. جاڭ پېييۈەن ئەزەلدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى مەيداندا تۇرۇپ كەلگەچكە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنى قوللىمىغان؛ ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىدا ياپونىيە جاسۇسى داشىجۇڭنىڭ بارلىقى بايقالغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭغىمۇ ئاسانلىقچە ئىشەنمىگەن. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، شىنجاڭدا پەقەت شىڭ شىسەينىلا يۆلەشكە بولىدۇ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوبدان پوزىتسىيە تۇتۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى چوقۇم ياپونىيىگە قارشى تۇرىدۇ دېگەن يەرگە كەلگەن.[66] دەرۋەقە، شۇچاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ دېگەن بۇ زېمىننى تارتىۋالماقچى بولمىغان، «ئۇ جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق زېمىنىنىڭ مۇستەقىللىقى. پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى مۇتلەق ھىمايە قىلغان»[67]. ئەمما، ئەگەر جۇڭگو شىنجاڭنىڭ 2- مانجۇرىيىگە ئايلىنىشىغا يول قويىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى جەزمەن ھەرىكەت قوللىنىپ ئۆز مەنپەئىتىنى

قوغدىغان بولاتتى.[68]

نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جاڭ پېيىۋەن بىلەن ما جۇڭيىڭنى ئىتتىپاق تۈزۈشكە كېلىشتۈرۈشى ۋۇجۇدقا چىققان، شىڭ شىسەينىڭمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر كۈچىدىن پايدىلىنىپ جاڭ پېيىۋەن، ما جۇڭيىڭغا ھۇجۇم قىلىش ھەققىدىكى سۆھبىتى تاماملانغان. جاڭ پېيىۋەن بىلەن ما جۇڭيىڭ شىڭ شىسەينى ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 1933-يىلى 12-ئايدا ۋە 1934-يىلى 1-ئايدا ئەسكەر چىقىرىپ جاڭ پېيىۋەن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ھەربىي قىسىملىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا ئىستىبداتلىق يولىغا مېڭىشتىكى سىياسىي رەقىبىنى يوقىتىپ بەرگەن. شىڭ شىسەي گەرچە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنى جۇڭخۇا مىنگونىڭ چېگرا ياقىسىدىكى بىر ئۆلكىسى سۈپىتىدە ساقلاپ قالغان، چۈنكى بىرەر سىياسىي تەشكىلات ئەگەر پۈتۈن مەملىكەت بىردەك قوللايدىغان ۋەتەن بىرلىكى كۆز قارىشىغا خىلاپلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بولسا، ئۇنداق تەشكىلاتنىڭ ئۆز نوپۇزىنى خەلققە ئېتىراپ قىلدۇرىمەن دېيىشى خام خىيال.[69]

## ئىزاھلار:

(1) شۇچاغدا نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولمىغان. «ئەنە شۇنداق رېئال ئەھۋال ئارقىسىدا، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى گەرچە شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يەرلىك مىلىتارىست قولىدىن تارتىۋېلىشنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن ئۆز ئۈمىدىنى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلاشقىلا مەجبۇر بولغان. قاراڭ: ۋاڭ كې يازغان «مىللەت ۋە دۆلەت - جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك

بىر پۈتۈن دۆلەت دېگەن ئىدىيىسىنىڭ لىنىيە شەجەرىسى»، 227 ـ بەت.

(2) ما لياڭ، خۇيزۇ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چىڭيۈەن ناھىيىسىدىن، شىمالىي ھەربىي تەييارلىق مەكتىپىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئىلگىرى شىمال ئارمىيىسىنىڭ دائىملىق قوشۇنىدا يوكچى يىڭنىڭ باشلىقى، 6 ـ قوغداش ئورنىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1911 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىمالىي 5 ـ قوغداش ئورنى 9 ـ لۈيىنىڭ باشلىقى بولغان. 1912 ـ يىلدىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 5 ـ شى 9 ـ لۈيىنىڭ لۈيجاڭى، شەندۇڭدىكى 47 ـ قوشما لۈينىڭ لۈيجاڭى بولغان. 1916 ـ يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرىدە باسقاۇۇل بولغان، 1918 ـ يىلى ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى ئارمىيىنىڭ 2 ـ شىسىغا شىجاڭ بولۇپ يۆتكەلگەن، 1920 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جىلۇ ـ ئەنخۇي ئۇرۇشىدا ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزى خىزمەتتىن قالدۇرۇلغان. 1925 ـ يىلى قايتا باش كۆتۈرۈپ، دۈەن چىرۇي ھۆكۈمىتىدە ھەربىي مەسلىھەتچى بولغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋاقتىدا، شەندۇڭ ساقلىنىش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ـ خائىنلار ئىلكىدىكى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى، ياپون باسقۇنچىلىرى ـ خائىنلار ئىلكىدىكى شىمالىي جۇڭگو مەمۇرىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. (چېن يۈڭلىڭ تۈزگەن «مىللەتلەر لۇغىتى»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرىنىڭ 68 ـ بېتىدىكى «ما لياڭ»غا قاراڭ.)

(3) «شىنجاڭ ۋەقەسىنىڭ سەۋەبى ۋە نەتىجىسى ـ خۇيزۇلارنىڭ مەلۇم يولباشچىسى گو شۈينىڭ مۇخبىر بىلەن سۆھبىتى»، 1933 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى نەنجىڭ «جۇڭگيالڭ رىباۋ گېزىتى».

(4) «مەمۇرىي پالاتانىڭ بۇگۈن ئەتىگەن ئېچىلغان يىغىنىنىڭ قارارى»، 1933 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى نەنجىڭ «جۇڭگيالڭ رىباۋ گېزىتى»؛ «مەمۇرىي پالاتانىڭ قارارى ـ شىنجاڭ ئۆلكە رەئىسىنىڭ ئىستىپاسى تەستىقلاندى»، 1933 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى نەنجىڭ «جۇڭگيالڭ رىباۋ گېزىتى».

(5) «مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭ خەلقىنى تىنچلاندۇرۇش ھەققىدىكى

ئوچۇق بۇيرۇقى»، 1933 - يىلى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى نەنجىڭ «جۇڭيىاڭ رىباۋ گېزىتى».

(6) شېڭ شىسەي جياڭ جيېشى بىلەن كونا تونۇش. جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈشىگە ماددىي ياردەم بەرگەن. شېڭ شىسەي ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جياڭ جيېشىنىڭ قول ئاستىدا مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىق شتابىدا شاڭشياۋ دەرىجىلىك شتاب ئوفىتسېرى بولغان. لېكىن بۇلار بىر-بىرىنى قەدىرلىمىگەن. جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينى ئۇزاققىچە خىزمەتسىز بوش قويغان، شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنى تاشلاپ كەتكەن ۋە جياڭ جيېشىنى «ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئىش قىلىدۇ»، «ئىچى تار»، ئادەم ئىشلىتىشتە «جەنۇبلۇق، شىماللىق دەپ ئايرىيدۇ»، «پۈتۈن مەملىكەتكە باشلىق بولۇشى ئىنتايىن تەس» دېگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانىنىڭ ئارخىپىغا قاراڭ.

(7) جۇڭگو 2 - تارىخ ئارخىپخانىسى تۈزگەن: «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 - توپلام، 1 - قىسىم، «سىياسىي» (5) جياڭسۇ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى، 541 - بەت.

(8) «شىنجاڭدىن ھال سوراش ۋەكىلى خۇاڭ مۇسۇڭ ھەپتە ئىچىدە يولغا چىقىدۇ - جياڭ جيېشى بىلەن مەركەزنىڭ ھال سوراش ھەققىدىكى پىكرىنىڭ بىردەكلىكى توغرىسىدا»، 1933 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى نەنجىڭ «جۇڭيىاڭ رىباۋ گېزىتى».

(9)(10)(14) جۇڭگو 2 - تارىخ ئارخىپخانىسى ساقلىغان مەمۇرىي پالاتا ئارخىپى، سەي جىنسۇڭنىڭ «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا» دېگەن ئەسىرىنىڭ 94 - بېتىدىن ئېلىندى.

(11) «شىنجاڭدىن ھال سوراش ۋەكىلى خۇاڭ مۇسۇڭ تۈنۈگۈن ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن كۆرۈشۈپ مەسلىھەتلەشتى»، 1933 - يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى نەنجىڭ «جۇڭيىاڭ رىباۋ گېزىتى».

(12) «زۇڭتۇڭ جياڭ ھەزرەتنىڭ ئىدىيە - سۆزلىرى ئومۇمىي توپلىمى» 37 - جىلد قوشۇمچە خاتىرىلەر، تەيبېي، «گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

پارتىيە تارىخى ھەيئىتى»، 1984 ـ يىل نەشرى، 105 ـ بەت.

(13) «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى ياخشىلاش پىلانى ـ تاچار سىياسىسىنى تۈگىتىپ، خاتىرجەم ياشاشىنى كۆزلەش، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، يېزىلارنى گۈللەندۈرۈش، قاتناشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش».

1933 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى نەنجىڭ «جۇڭيالڭ رىباۋ گېزىتى».

(15) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 1 ـ قىسىم، «سىياسى» (5)، 547 ـ بەت.

(16) گۇڭ بىچېڭ: «گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئانچە ـ مۇنچە پائالىيەتلىرى».

(17) بۇ دېيەنچېڭ ئېيتىپ بەرگەن، شۈي سۈنپۇ خاتىرىلىگەن: «خۇاڭ مۇسۇڭغا ئەگىشىپ شىنجاڭدىن ھال سوراش جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەنلىرىم»، (ئېلان قىلىنمىغان ماقالە)، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى ساقلىغان ماقالە، نومۇرى 65 ـ 976 ـ غىچە.

(18) (ئامېرىكىلىق) چى شىشېڭ يازغان، ياڭ يۈنرو شياۋ يەنجۇڭ تەرجىمە قىلغان: «جۇڭگودىكى مىلىتارىستلىق»، (1916 ـ 1928)، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى، 181 ـ بەت.

(19)(22) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى» 5 ـ توپلام، 1 ـ قىسىم، «سىياسى» (5) 546 ـ بەت.

(20)(21)(23)(26)(29) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 1 ـ قىسىم، «سىياسى» (5)، 545 ـ بەت.

(24) جاڭ پېييۈەن (1894 ـ 1934)، تەخەللۇسى زىخېڭ، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ گۈيدې ناھىيىسىدىن. گەنسۇ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە تۈەنىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئۇ 1928 ـ يىلى فەن ياۋنەن جىن شۇرېننى ئۆلتۈرىدىغان «7 ـ ئىيۇل» سىياسىي ئۆزگىرىشىنى قوزغىغان چاغدا ھەربىي ئىشلار نازارىتىدە ھەربىي بۆلۈم باشلىقى بولغان، جىن شۇرېننىڭ ئىسياننى باستۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋەكىلى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن. ما

جوڭيىڭ شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، جاڭ پېييۈەن شەرقىي يول باندىت تازىلاش باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، قۇمۇلدىكى بىر ئۇرۇشتا ما جوڭيىڭنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقارغان. كېيىن جىن شۇرېن ھەسەتخورلۇق قىلغاچقا ئۇ يەنىلا ئىلىغا قايتىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋەكىلى بولغان. 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ ما جوڭيىڭ بىلەن بىللە ئەسكەر چىقىرىپ، شېڭ شىسەينى شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى ئىلىغا ھۇجۇم قىلىپ ئارقا يولنى ئىشغال قىلغان. كېيىنكى يىلنىڭ بېشىدا ئۇ مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆزىنى ئېتىۋالغان.

(25) «جوڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 1 ـ قىسىم، «سىياسى» (5)، 543 ـ بەت.

(27) «جوڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 1 ـ قىسىم، «سىياسى» (5)، 548 ـ بەت.

(28) «جوڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 1 ـ قىسىم، «سىياسى» (5) 544 ـ بەت.

(30) خوجا نىياز (1887 ـ 1939)، شىنجاڭنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدىن، ئۇيغۇر. ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ 1912 ـ يىلى تۆمۈر خەلىپە رەھبەرلىك قىلغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ياقا يۇرتلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ تىجارەت قىلغان. 1930 ـ يىلى قۇمۇل شوپۇلدىكى دېھقانلار قوزغالغاندا، خوجا نىياز ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى باشلاپ ئاۋاز قوشۇپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مۇھىم رەھبىرى بولۇپ قالغان. ئۇ بىرمەھەل ما جوڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە ھۇجۇم قىلغان. كېيىن ھەربىي ئۇلجىلارنى تەقسىم قىلىش باراۋەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن ما جوڭيىڭدىن مۇناسىۋەت ئۈزگەن. خۇاڭ مۇسوڭ شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇشقا بارغاندا، خوجا نىياز تەخمىنەن 3000 ئەسكەر، 1500 ئاتلىق ئەسكەر مىلتىقىغا ئىگە، سەل چاغلاپ بولمايدىغان كۈچكە ئايلىنىپ بولغان. 1933 ـ يىلى خوجا نىياز جەنۇبىي شىنجاڭغا قوشۇن باشلاپ بارغاندا، مۇھەممەت ئىمىن ئەنگلىيىنىڭ

قۇتربتىشى ئارقىسىدا قەشقەردە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇپ، خوجا نىيازنى «رەئىس»لىققا كۆرسەتكەن. 1934 ـ يىلى ئۇ قورالنىڭ ئۇچىنى كەينىگە قارىتىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ رەئىسى سابىت داموللىنى قولغا ئالغان، قوشۇننى باشلاپ شېڭ شىسەينىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىشىنى قوبۇل قىلغان ۋە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «سۇيىقەستلىك قوزغىلاڭ ۋەقەسى»نى پىلانلاشقا قاتناشقان دېگەن جىنايەت بىلەن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان، كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(31) «جۇڭگو مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 1 ـ قىسىم، «سىياسى» (5)، 548 ـ 549 ـ بەتلەر.

(32) چېن جۇڭ (1908 ـ 1933)، ئەنخۇيدىن. شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۇەنجاڭ بولغان. 1927 ـ يىلى ۋۇخەن مىللىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن موسكۋا شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ 1929 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھىرىگە يوشۇرۇن قايتىپ كەلگەن، كېيىن يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يوشۇرۇن بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ شەمەيدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا ياللىنىپ ئىشلىگەن. 1931 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ، مەركىزىي ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىدە مەسلىھەتچى بولغان، ۋاقتىنچە يەنە مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىغا باشلىق قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن. 1933 ـ يىلى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە جىن شۇرېننى ئاغدۇرغان «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىنى پىلانلاپ، ۋاقىتلىق ساقلىنىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلگەن. كېيىن شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن بارگاھىدا شتاب باشلىقى بولغان. 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(33) تاۋ مىڭيۈ (؟ ـ 1933)، جېجياڭلىق. ئۇ 1915 ـ يىلى مۇلكىي ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ تاللىنىپ، شىنجاڭدا ئىشلەشكە تەقسىم قىلىنغان. 1933 ـ يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇۋاتقاندا «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىگە قاتنىشىپ، ۋاقىتلىق ساقلىنىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلگەن. كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى بولغان. 1933 ـ يىل 6 ـ ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(34) لى شياۋتيەن (؟ ـ 1933)، لياۋنىڭلىق. ئۇ ئىلگىرى ياپونىيىگە ئوقۇشقا بېرىپ ئاۋىئاتسىيىنى ئۆگەنگەن. جىن شۇرېن ئۇنى شىنجاڭدا ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى ئېچىشقا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ مەكتەپ مۇدىرى قىلغان. ئۇ جىن شۇرېننى ئاغدۇرغان «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىگە قاتنىشىپ، ۋاقىتلىق ساقلىنىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلگەن. كېيىن شېڭ شىسەينىڭ ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىگە باشلىق بولغان. 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(35) جۇڭگو 2 ـ تارىخ ئارخىپخانىسى ساقلىغان مەمۇرىي پالاتا ئارخىپى، سەي جىنسۇڭنىڭ «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا» دېگەن ئەسىرىنىڭ102 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

(36) شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىدىن ئەسىرگە ئالغان ياپونىيىلىك شىفىر تەرجىمە قىلىش مۇتەخەسسىسى دا شىجۇڭنىڭ ياردىمى بىلەن خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ مەركەزگە يوللىغان تېلېگراممىسىنى تەرجىمە قىلغان ھەمدە ئىشپىيونلاردىن پايدىلىنىپ خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى نازارەت قىلغان. شۇ سەۋەبتىن شېڭ شىسەي خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى بەش قولدەك بىلىپ تۇرغان.

(37) 1934 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جىددىي يىغىنىنى ئېچىش نىقابى ئاستىدا چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋتيەنلەرنى قولغا ئېلىپ، سوراقمۇ قىلماي شەرقىي باغچىغا ئېلىپ بېرىپ ئېتىۋەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەي يىغىن زالىغا كىرىپ يىغىن ئەھلىگە ئۇچەيلەن ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشنى

قەستلەپ، روشەن ئاسىيلىق ھەرىكىتىدە بولدى، شۇڭا قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى دەپ جاكارلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدىكى لۇ يۇلىن، ما دېشەن دېگەن ئىككى تۇەنجاڭ چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۇ مەزكۇر ئىككى تۇەنجاڭنى ئاسىيلىق قىلىشقا مەخپىي قۇترىتىپ يازغان دېيىلگەن خەتنى چىقىرىپ كۆرسەتكەن. ئاتالمىش «ئازدۇرۇش خېتى ۋەقەسى» ياكى «2-قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىش» دېيىلگىنى ئەنە شۇ ئىكەن. مۇشۇ ۋەقە توغرىسىدا شېڭ شىسەينىڭ دېگەن گەپلىرى كۆپ خىل: باشتا چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۇ، لى شياۋتيەنلەر ئالدىقاچان ئالدىنئالا سۇيىقەست قىلدى، خۇاڭ مۇسۇڭ ئۇلارنىڭ قۇترىتىشىدىن خالىي بولمىغان دېگەن بولسا، ئۇنىڭدىن سەل كېيىن تەكشۈرۈشىمىزچە خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ بۇ ۋەقە بىلەن ئالاقىسى يوق ئىكەن دېگەن؛ ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بۇ ۋەقە خۇاڭ مۇسۇڭغا چېتىشلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ۋاڭ جىڭۋېيغىمۇ چېتىلىدۇ دېگەن. بۇ ۋەقەنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا، بىر تۈرۈپ ياپونىيىگە سېتىلغان خائىن ۋاڭ جىڭۋېي شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى خۇاڭ مۇسۇڭ ئارقىلىق تارتىۋالماقچى بولغان دېسە، بىرتۇرۇپ سوۋېت روسىيىسى چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۇ قاتارلىقلارنى ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قۇتراتقان دېگەن. ئەمەلىيەتتە شېڭ شىسەي جاھاننىڭ رەپتارىغا قاراپ، دەلىل-ئىسپات ئىشلەتمەي ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈگەن ، گەپلىرى بىر-بىرىگە زىت. (قاراڭ: ۋۇ ئەيچېن يازغان «شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى»، تىجارەت باسمىخانىسى 1935-يىل نەشرى، 117-بەت، سەي جىنسۇڭ يازغان «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا»، 110-بەت.

(38) «خۇاڭ مۇسۇڭ ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەرنى رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى ھىمايە قىلىپ تېلېگرامما يوللىغان»، 1933-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى نەنجىڭ «جۇڭياڭ رىباۋ گېزىتى».

(39) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5-توپلام، 1-قىسىم، «سىياسىي» (5)، 574-بەت.

(40) «مەمۇرىي پالاتا خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ نەنجىڭغا قايتىشى ھەققىدە تېلېگرامما بەردى»، 1933-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى نەنجىڭ

«جوڭگياڭ رىباۋ گېزىتى».

(41) «مىنگونىڭ 22-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى جياڭ ۋېيپوەنجاڭ. ۋاڭ يوەنجاڭ بىرلىكتە ليۇ ۋېنلۇڭ. شېڭ شىسەيلەرگە ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ، ئىلگىرى كۆرسەتكەن خىزمىتىنى نابۇت قىلماسلىق توغرىسىدا بەرگەن تېلېگراممىسى». جاڭ داجۈننىڭ «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل» دېگەن كىتابىنىڭ 3271-بېتىدىن ئېلىندى.

(42) «مەمۇرىي پالاتا خاتىرە ھەيئىتىنىڭ-ۋاڭ جىڭۋېي بىر ھەيئەتلىك مۇھىم ئىشلار ھەققىدە دوكلات بەردى»، 1933-يىلى 7-ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى نەنجىڭ «جوڭگياڭ رىباۋ گېزىتى».

(43) «جاڭ فېڭجيۇ جياڭشىدىن نەنجىڭغا قايتتى-شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ۋەقەنى ھەيئەت ئارىلىقىدا ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى»، 1933-يىلى 7-ئاينىڭ 13-كۈنىدىكى نەنجىڭ «جوڭگياڭ رىباۋ گېزىتى».

(44) «جوڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5-توپلام، 1-قىسىم، «سىياسىي» (5)، 578-579-بەتلەر.

(45) «خۇاڭ مۇسوڭ نەنجىڭغا قايتىش ئۈچۈن ئايروپىلاننى ساقلاۋاتىدۇ»، 1933-يىلى 7-ئاينىڭ 19-كۈنىدىكى نەنجىڭ «جوڭگياڭ رىباۋ گېزىتى».

(46) پېڭ جاۋشيەن ئۆز ئەسلىمىسىدە ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا بېرىپ شېڭ شىسەيگە مەسلىھەت بېرىپ خۇاڭ مۇسوڭنى قويدۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتقان، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدا خاتالىق بار. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى گوڭ بىچېڭ، پېڭ جاۋشيەنلارنى شىنجاڭغا بېرىپ شېڭ شىسەي بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشكە تەيىنلىگەن ھەمدە بۇ ئىككىيلەن 7-ئاينىڭ 18-كۈنى ياۋروپا-ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا بارماقچى بولغان. بىراق ئاينىڭ 18-كۈنى پېڭ جاۋشيەن شىنجاڭغا ئۇچمىغان، چۈنكى «مەركەز شىنجاڭ ۋەقەسىنى ھەل قىلىش لايىھىسىنى خۇاڭ مۇسوڭ نەنجىڭغا قايتقاندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرىدا قارار قىلماقچى بولغاچقا يەنە كېچىكتۈرۈلگەن». پېڭ جاۋشيەن بىلەن گوڭ

بىچىڭ 8-ئاينىڭ 2-كۈنىمۇ نەنجىڭدا چۈشتىن كېيىن سائەت 5تە ۋاڭ جىڭۋېينىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان. بۇ چاغدا خۇاڭ مۇسۇڭ ئاللىقاچان نەنجىڭغا قايتىپ كېلىپ بولغان، دېمەك پېڭ جاۋشېن شىڭ شىسەيگە مەسلىھەت بېرىپ خۇاڭ مۇسۇڭنى قويدۇرۇۋەتكەن ئىشنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. (قاراڭ: پېڭ جاۋشېن يازغان «ئۆز ۋاقتىدا سىياسىي دېڭىزدىكى ئۆرلەش ۋە پەسىيىش توغرىسىدا»، جاڭ داجۈن يازغان «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل» 3276-3277-بەتلەر؛ «دەي يۈەنجاڭ جياڭشىغا بېرىپ جياڭ ۋېييۈەنجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ شىنجاڭ ۋەقەسى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى-ۋەقەنىڭ جەريانىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە غەربكە بېرىپ ھال سوراش ئۈچۈن گۇڭ بىچىڭ قاتارلىقلارنىڭ ئەتە شىنجاڭغا بېرىشى بېكىتىلدى»، 1933-يىلى 7-ئاينىڭ 17-كۈنىدىكى نەنجىڭ «جۇڭگىياڭ رىباۋ گېزىتى».

(47) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5-توپلام، 1-قىسىم، «سىياسى» (5)، 540-بەت.

(48) گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ تەرەپنى ئۆزئارا ئىسكەنجىگە ئالدۇرىدىغان بۇ لايىھەسى 1933-يىلى 7-ئاينىڭ 24-كۈنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەنگەن. بۇ لايىھەنى 7-ئاينىڭ 29-كۈنى، جياڭ جېيشى، ۋاڭ جىڭۋېي جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ لۇشەن دېگەن يېرىدە خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭ ئەھۋالى ۋە ئۇ ھەقتىكى پىكىرگە دائىر دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرى قارار قىلغان. قاراڭ: «شىنجاڭنىڭ قېپقالغان ئىشلىرى»، 1933-يىلى 7-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى نەنجىڭ «جۇڭگىياڭ رىباۋ گېزىتى»؛ «خۇاڭ مۇسۇڭ مەركەزنىڭ شىنجاڭ ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى بەلگىلىگەنلىكىنى ئېيتتى»، 1933-يىلى 7-ئاينىڭ 30-كۈنىدىكى نەنجىڭ «جۇڭگىياڭ رىباۋ گېزىتى».

(49) «دەي يۈەنجاڭ جياڭشىغا بېرىپ جياڭ ۋېييۈەنجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ شىنجاڭ ۋەقەسى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى»، 1933-يىلى 7-ئاينىڭ 17-كۈنىدىكى نەنجىڭ «جۇڭگىياڭ رىباۋ گېزىتى».

(50) شېڭ شىسەي ئۆز ئىنىسى شېڭ شىچىنى لو ۋېنگەن بىلەن بىللە

ئورپانغا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بۇنى توغرا تاپماي، بۇ شېڭ شىچى ئۈچۈن پايدىسىز بولارمىكىن دېيىشكەن. ئەمما شېڭ شىسەي قىلچە تەپ تارتماي، ئۆز ئىنىسىنى دوغا تىكىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «تىنچلىق» سەممىيىتىنى ئىپادىلەپ ما جۇڭيىڭنى ئۈرۈمچىگە ئالداپ ئەكەلمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىدىكىلەر كۆپ گەپ قىلىشنى ئەپسىز كۆرۈپ جىم بولغان.

(51) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 3331-بەت.

(52) «زۇڭتۇڭ جياڭ ھەزرەتنىڭ ئىدىيە-سۆزلىرى ئومۇمىي توپلىمى»، 37-جىلد قوشۇمچە خاتىرىلەر، تەيبېي، «گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە تارىخى ھەيئىتى»، 1984-يىل نەشرى، 105-بەت.

(53) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 3345-بەت: گاۋ سۇلەن: «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ھۆكۈم سۈرۈش يوللىرى (مىنگونىڭ 19-يىلىدىن 23-يىلىغىچە)»، تەيبېي، «دۆلەت تارىخ سارىيى ژۇرنىلى»، 1997-يىل 6-ئاي نەشرى.

(54) شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ ئورنى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 3-قىسىم، 193-بەت.

(55) ئارخىپتىن كۆچۈرۈلمە، سەي جىنسۇڭ: «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا»، 131-بەت.

(56) 1933-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى جاڭ پېييۇەننىڭ يەن خۇيچېڭغا يوللىغان تېلېگراممىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ئورنىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمى ساقلىغان دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئارخىپلىرىدىن كۆچۈرۈلمە (تۆۋەندە قىسقارتىپ ئارخىپتىن كۆچۈرۈلمە دېيىلىدۇ)، سەي جىنسۇڭنىڭ «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا» دېگەن ماقالىسىنىڭ 929-بېتىدىن ئېلىندى.

(57) 1933-يىل 10-ئاينىڭ 21-كۈنى جاڭ پېيىۇەننىڭ باش ئەلچى يەن خۇيچېڭغا يوللىغان تېلېگراممىسى، سەي جىنسۇڭنىڭ «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا» دېگەن ماقالىسىنىڭ 129-بېتىدىن ئېلىندى.

(58) ئارخىپتىن كۆچۈرۈلمە، سەي جىنسۇڭنىڭ «شىڭ شىسەي شىنجاڭدا» دېگەن ماقالىسىنىڭ 129 ـ 130 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.

(59) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 1 ـ قىسىم، «سىياسى» (5)، 572 ـ 573 ـ بەتلەر.

(60) ۋاڭ ئېنرۇڭ: «جاڭ پېيىۋەننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 2 ـ توپلام، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1979 ـ يىل نەشرى.

(61)(62) ئارخىپتىن كۆچۈرۈلمە، سەي جىنسۇڭنىڭ «شىڭ شىسەي شىنجاڭدا» دېگەن ماقالىسىنىڭ 130 ـ 131 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.

(63) چېن فېڭ: «جاڭ پېيىۋەن، ما جۇڭيىڭلارنىڭ شىڭ شىسەينى بىرلىشىپ ئاغدۇرۇش ئىشىنىڭ مەغلۇپ بولۇش جەريانى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 6 ـ توپلام. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى، 122 ـ بەت.

(64) بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى، 410 ـ بەت.

(65) شۇ چاغلاردا ئەنگلىيە جەنۇبىي شىنجاڭدا مەلۇم كۈچكە ئىگە بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقى شىمالىي شىنجاڭدا مەلۇم تەسىرگە ئىگە بولغان، ياپونىيە شىنجاڭغا كىيىن كەلگۈچى بولۇپ ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە بولمىغان. ئەمما ياپونىيە شىنجاڭغا بەك قىزىققان، شۇڭا ئۇ شىنجاڭنى تەتقىق قىلىش ئاپپاراتىنى قۇرۇپ، بولۇپمۇ تۈركىيىنىڭ قاچقۇن سۇلتانى ئابدۇلكېرىم بىلەن ئۇچرىشىپ، دىنىي ئېتىقادنى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش قورالى قىلماقچى بولغان. دېمەك، شىنجاڭغا شۇقەدەر قىزىقىدىغان بىر دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش پىلانىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ما جۇڭيىڭغا ياردەم بېرىشكە ئومۇمەن ئالغاندا سەل قارىماسلىقى كېرەكلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. گەپ شۇنىڭدىكى مەنتىقىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇشۇ پەرەزنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ئىشەنچلىك ماتېرىيال تا

هازىرغىچە تېپىلغىنى يوق. ما جوڭيىڭنىڭ روشەن خاراكتېرىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇنىڭ ياپونلار ئۈچۈن قورچاق بولۇپ بېرىشى ئېھتىمالدىن خېلى يىراق. 2- تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ياپونىيىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش قورالى بولۇشنى راۋا كۆرۈشى ئېھتىمالدىن خېلى يىراق. تا ھازىرغىچە ما جوڭيىڭنىڭ چەت ئەلدىن ئەتەي ياكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم سورىغانلىقىغا دائىر بىرەر ماتېرىيال تېپىلغىنى يوق. ما جوڭيىڭنىڭ قوماندانلىق شتابىدىن ياپونىيىلىك دا شىجۇڭ (جۇڭگوچە ئېتى يۇ خۋاخېڭ) سېزىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «تەۋەككۈلچىلارنىڭ باشلامچىسى» بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يۇ خۋاخېڭنىڭ شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرگەندە، ياپونىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكى بۇ ئادەمنى تونۇيدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغان. بەلكىم ما جوڭيىڭ بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەڭگۈ ئېچىلماس سىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. گەپ شۇ يەردىكى، شۇچاغنىڭ ئۆزىدە كىشىلەر ما جوڭيىڭ ياپونىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن دەپ ئومۇمىي تۇردە گۇمانلانغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنە شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ما جوڭيىڭنى قوللىماي، شېڭ شىسەينى قوللىغان. چۈنكى ياپونىيىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى مەنپەئىتىگە بىرئاز تەھدىت سالغان، سوۋېت ئىتتىپاقى ما جوڭيىڭ غەلىبە قىلسا ياپونىيىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولۇشىدىن ئەندىشە قىلغان. چېن فۇلىن «ھاكىمىيەت يولىغا قاراپ مېڭىش: شېڭ شىسەي شىنجاڭدا تۇرغان دەسلەپكى بىرقانچە يىل (1930-1934)»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «چەت ئەللەردە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، 24- توپلام، 97،98-ۋە 106- بەتلەر.

(66) ئوۋېن لاتتىمور: «ئاسىيانىڭ تۈگۈنى: شىنجاڭ ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئاسىيا چېگرىسى» (Lattimore, O., Pivot of Asia: Sinkiang and the Inner Asian Frontiers of China)، لىتتىل بىروۋن نەشرىيات شىركىتى 1950- يىل نەشرى، 72- بەت.

(67) ماكس بېلوف: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىتى (1929 ـ 1941)».

(Max Beloff, The Foreign Policy of Soviet Russion 1929—1941),

كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1947 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم، 163 ـ 164 ـ بەتلەر.

(68) زېئودور ۋايت: «تۈركىستاندىن كەلگەن مەلۇمات» (Theodore White, Report from Turkestan)

«تايمىس گېزىتى» (1943 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)، 27 ـ بەت: چېن فۇلىننىڭ «ھاكىمىيەت يولىغا قاراپ مېڭىش: شېڭ شىسەي شىنجاڭدا تۇرغان دەسلەپكى بىرقانچە يىل (1930 ـ 1934)»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «چەت ئەللەردە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقات» دېگەن كىتابىنىڭ 24 ـ توپلام، 106 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

(69) (ئامېرىكىلىق) چى شىشېڭ يازغان، ياڭ يۈنرو قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان: «جۇڭگودىكى مىلىتارىستلىق» (1916 ـ 1928)، 181 ـ بەت.

# IV باب شىنجاڭنى كونترول قىلىش تەدبىرى ۋە نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى

## 1-پاراگراف شىڭ شىسەينى ئىچكى تەرەپكە يۆزلەندۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىق

شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىشىنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى خالىمىغان. بىراق شىنجاڭنى بىۋاستە كونترول قىلماقتا يوق، شىڭ شىسەينىڭ پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئېغىشىغا سەۋەبچى بولغان نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئالدىرىماي مەسىلىھەتلىشىشنى كۆزلەپ، بىر ئىلاج قىلىپ شىڭ شىسەينى ئىچكى تەرەپكە يۆزلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشقا مەجبۇر بولغان.

بىرىنچىدىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەينى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش يولىدىن قايتىشقا دەۋەت قىلغان. 1934-يىلى 9-ئايدا، جياڭ جيېشى شىڭ شىسەيگە ئۇزۇن بىر پارچە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، خۇاڭ مۇسۇڭ، لو ۋېنگەنلەرنىڭ شىنجاڭغا بېرىشىدا باشقا مەقسەت يوقلۇقىنى، خۇاڭ شاۋخۇڭنى شەنشى-سۈيييۈەن قىسىملىرىنى باشلاپ گەنسۇدا تۇرغۇزماقچى بولغانلىق خائىن سۈن دىيەنيىڭنىڭ غەربكە قېچىش يولىنى توسۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. شىنجاڭنىڭ ئىچكى

قىسمىدا مىللەتلەر مۇرەككەپ ئىكەنلىكى، سىرتقى قىسمىدا كۈچلۈك قوشنا دۆلەتلەر تەرەپ-تەرەپتىن كۆز تىكىپ تۇرۇۋاتقانلىقى، خەتەرلىك ئەھۋالى بۇرۇنقى شەرقىي شىمالنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «مەركەز ئاشۇ ئەھۋاللارغا ئارا تۇرالايدىغان بىرەر سادىق، جەسۇر، ئەقىللىق، قابىل كىشىگە ئىگە بولۇشنى ئىنتايىن خالايدۇ، سىز ئىنىمىز كۆپ يىللاردىن بېرى جاسارەت بىلەن ئىشلەپ ئۇتۇق قازاندىڭىز، مەركەزنىڭ تاللىشىغا دەل سىز مۇۋاپىق كېلىسىز، مۇھىم تاپشۇرۇقنىڭ ھۆددىسىدىن ئوبدان چىقالايسىز. شۇڭا ئىلگىرى جاڭ پېييوەن، ما جۇڭيىڭلار بىز بىلەن كۆرۈشۈشكە قايتا-قايتا ۋەكىل ئەۋەتكەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئىلتىماسىنى ئەسلا قوبۇل كۆرگىنىمىز يوق، ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئومۇمەن شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى قارا نىيەتلىك كىشىلەر ئەتەي ئىغۋا تېرىپ، ئاق-قارىنى ئارىلاشتۇرۇپ، يوشۇرۇن ئارىنى بۇزۇپ، قوماندانلىق قىلىپ، مەركەز بىلەن سىز ئىنىمىزنىڭ ئارىسىنى يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۆزى قازغان ئورىغا ئۆزى چۈشتى، بۇ پاكىتلار ئۇنداقلاردىن قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈشكە دىققەت قىلماي بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، دېگەن. جياڭ جيېشى شىڭ شىسەي بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ھەققىدە بايان قىلغان فاڭجېنىنى «ئىخچام بوپتۇ» دەپ، ئەڭ ئاچقۇچلۇق ئىككى مەسىلىگە دىققەت قىلىشنى ئېيتقان: بىرىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش مەسىلىسى، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن-ئىناق ئۆتۈشنى كۆزلەش زۆرۈرىيىتى بار، «ئەمما سوۋېت روسىيىسى بىلەن چىقىشىش سوۋېت روسىيىسى ئۈچۈن ئەمەس، جۇڭگو ئۈچۈن، مەركەز ئۈچۈن بولۇشى لازىم، بولۇپمۇ ئارقا دەرۋازىنى مەھكەم ئېتىۋېتىپ، ئالدى دەرۋازىنى داغدام ئېچىۋېتىدىغان سىياسەتنى

قوللىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى سوۋېت روسىيىسىنىڭ تۆمۈر يولى شىنجاڭ چېگرىسىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ، ئەتىگىنى يولغا چىقسا كەچتە يېتىپ بارىدىغان هالغا كەلدى، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ يولى خۇددى قامال قىلىنغانغا ئوخشاپ قالدى، بۇ ئەھۋال ئۆزگەرتىلمەي داۋاملىشىۋەرسە، شىنجاڭ ئىچكىرىدىن قانچە ئۇزۇن ئايرىلىپ قالسا، شۇنچە يېگانە ـ خەتەرلىك ئەھۋالغا گىرىپتار بولۇپ، ھەممە جەھەتتە خەقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆزىنى قۇتقۇزالماي قېلىشى، شەرقىي ـ شىمالنىڭكىدەك ئەھۋالغا دۇچار بولۇش بىلەنلا قالماي، ئاخىر بېرىپ سىز ئىنىمىزنىڭمۇ قۇربان بولۇشىغا سەۋەبكار بولۇشى مۇمكىن . ئىنىمىزنىڭ بۇ ھەقتە تېزدىن ئويغىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىرتەرەپتىن مەركەزگە ھەقىقىي تۇردە تايىنىپ، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنىڭ مۇۋاپىق يولغا قويۇلۇشىنى كۆزلىشىڭىز، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكىرى بىلەن بولغان قاتناشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھەقىقىي تۇردە ئالاقە باغلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكىرىنىڭ سودا ماللىرى بىلەن راۋان ئالماشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇننىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇشىڭىز لازىم. مەركەز سىز ئىنىمىزنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ قىلچە كەمسىتمەيدۇ، بولۇپمۇ سىزنى جۇڭجېڭ* كۈچلۈك قوللايدۇ، كۆڭلىڭىزدە قىلچە گۇمان ساقلايدىغان، ئۆزىڭىزنى يىراقلاشتۇرىدىغان ئىشنى قىلماڭ. ئىككىنچى، ئىچكىرىنىڭ ئىختىساسلىق خادىملىرىنى زور كۈچ بىلەن قوبۇل قىلىش. «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تۆت مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، خەنزۇلار ئاران بەش پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئومۇمىي سانى 200 نەچچە مىڭدىن ئاشمايدۇ. ئەمەلىيەتتە خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان

* جياڭ جيېشى ئۆزىنى دېمەكچى ـ ت

ئادەتتىكى ئەمەلدارلىرىنىڭ تولىسى چىرىكلىشىپ، چاكىنىلىشىپ، ناچار ئادەتلەرنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋالغان، ئۆزىنى پاك، روھلۇق تۇتۇشنى بىلمەي، باشقا مىللەتلەرنى بىزار قىلىپ، خەنزۇلارنىڭ ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزگەن، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى ھەقىقەتەن خەتەرلىك. بۇ ئىللەتلەرنىڭ يىلتىزىنى بولۇپمۇ سىز ئىنىمىز ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىسىز، دۆلەت ئىچىدىن دۆلەت ئىچىگە ۋە كەسىپ كۆز قارىشىغا ئىگە سادىق، ديانەتلىك، قابىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى شىنجاڭغا بېرىپ ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن كۆپلەپ تەكلىپ قىلىسىز، سىزنىڭ ئىچكى سىياسەتنى تەرتىپكە سېلىش دېگىنىڭىز يېپيېڭى قىياپەت ھاسىل قىلىش ئۈنۈمىگە ئىگە بولالايدۇ، ئۇنداق قىلماي ئۆزىڭىزلا غەيرەتلىنىپ ئەلنى ئىدارە قىلىشقا تىرىشسىڭىزمۇ، ئۇ خۇددى يالغۇز ئاتنىڭ چېكى چىقماس، چېكى چىقسىمۇ دېگى چىقماس دېگەندەك بولۇپ قالامدۇ؟ قىسقىسى، سىز شىنجاڭدا دەل نى-نى ئىشلارنى قىلىدىغان پەيتتە تۇرۇۋاتىسىز، مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، تۇرلۇك ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ بىرلىكتە نەتىجە قازىنىشىڭىز لازىم. دۆلەتنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ، شەخسنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ جەزمەن شۇ يول بىلەن مېڭىش-ھەممىدىن بىخەتەر ئۇزاق مۇددەتلىك تەدبىر، ئۇنداق بولمىسا، ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن قىيىنچىلىققا بوغۇلۇپ، بالايىئاپەتكە دۇچار بولۇپ، دۆلەتمۇ، شەخسنىڭ ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز زىيانغا ئۇچرايدۇ. جۇڭجېك ئىنىمىز بىلەن ئۆتمۇشتە ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنتايىن سەمىمىي ئۈمىد باغلاپ كېلىۋاتىدۇ، سىزنىڭ بەن دىگيوەن، زو زۇڭلارنىڭ قوشقان تۆھپىسىنى يىغىنچاقلاپ، چېگرا رايوننى پارتىيە-دۆلەتنىڭ سەددىچىنىغا ئايلاندۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن».[1] ئەمما شېڭ شىسەي بىلەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى

ئوتتۇرىسىدىكى كونا ئاداۋەتنىڭ بىر ۋاراق قەغەزدىكى قۇرۇق گەپلەر بىلەن تۈگەپ كېتىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شىڭ شىسەي ئۆزى ماڭغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش يولىدىن قايتىپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايتتى ۋە ئۇ يولدىن قايتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەيگە نىسبەتەن ئامالسىز قالغان پەيتتىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سەۋر-تاقىتىنى ئىپادىلەپ: «شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىسمى-جىسمى بىلەن پۈتۈنلەي قولدىن كەتمىگۈچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرلىرىغا نامىغا قاراپ مەنسىنى بايقاش يولىنى تۇتۇپ، مەركەزنىڭ پۈتۈنلەي ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەي مۇمكىن ئەمەس».[2] «كەڭ غەربىي شىمال زېمىنىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ھەم مەمۇرىي ئىشلىرىنىڭ پۈتۈنلۈكى» نىمۇ «بار كۈچ بىلەن ساقلاش كېرەك» دېگەن يەرگە كەلگەن.[3] 1935-يىلى 11-ئايدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەينى گومىنداڭ 5-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رېۋىزىيە ئەزاسى قىلىپ قويغان؛ 1936-يىلى ئۇنىڭغا يەنە قۇرۇقلۇق ئارمىيە جۇڭجياڭلىق نامىنى بېرىپ ئۇنىڭغا شاڭجياڭلىق ئۇنۋانىنى قوشقان.

ئىككىنچىدىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ يېقىنلىشىشىنى دىپلوماتىيە ۋاستىسى ئارقىلىق توسقان. 1933-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پۇل قەرز ئالماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالاقىدار تارماقنىڭ ئالاقىلىشىپ ئۇنى توسۇشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. 1934-يىلى 6-ئايدا، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بوگومولوۋقا نوتا تاپشۇرۇپ: «بۇنىڭدىن كېيىن، ھەرقايسى ئورگانلار ھەرقانداق نام بىلەن تۈزگەن پۇل قەرز كېلىشىمىنىڭ مىللىي

ھۆكۈمەت تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەنلىرى پۈتۈنلەي ئىناۋەتسىز» دېگەن.[4] شېڭ شىسەي نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە سۆزنى ئوچۇق ئېيتماي: «شىنجاڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا شىركىتىگە سېتىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە تۆت مىليون ئالتۇن رۇبلى ئالماقچى، مەزكۇر شىركەت ئاۋۋال پۇل بېرىدۇ، شىنجاڭ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى بەش يىل ئىچىدە داۋاملىق باھالاپ قايتۇرىدۇ دېگەن. مەمۇرىي پالاتا شېڭ شىسەيدىن توختام لايىھىسىنىڭ تولۇق تېكىستىنى تەلەپ قىلغاندا، شېڭ شىسەي جىم بولۇپ كەتكەن. 7-ئاينىڭ 28-كۈنى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىغا تېلېگرامما بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ بىلەن ئالماشتۇرماقچى بولغىنى قايسى مەھسۇلاتلار ئىكەنلىكىنى ئىمكانقەدەر ئىزھار قىلىشىنى ھەمدە تۈزگەن توختامنىڭ تولۇق تېكىستىنى كۆچۈرۈپ يوللاپ بېرىشىنى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ شىنجاڭ دائىرىلىرى بىلەن توختام تۈزۈشمەسلىكىنى ئۆتۈنگەن.[5] سوۋېت ھۆكۈمىتى تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئەپلەپ-سەپلەپ قۇتۇلماقچى بولۇپ، توختام نوقۇل تىجارەت خاراكتېرلىك، دىپلوماتىيە كومىسسارلىقىمۇ ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز ۋەھاكازا دېگەن. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىنى بىر ئامال قىلىپ توختامنىڭ تولۇق تېكىستىنى قولغا چۈشۈرۈشكە بۇيرۇغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانا سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە كومىسسارلىقىنىڭ شەرق مەھكىمىسى بىلەن ئالاقىلاشقان . شەرق مەھكىمىسى: بوگومولوۋ 7-ئايدا جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشكەندە، شىنجاڭنىڭ پۇل قەرز ئېلىش ئىشىنى تىلغا ئالغان، جياڭ جيېشى قوشۇلىدىغانلىقىنى

بىلدۈرگەن دېگەن. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى جياڭ جيېشىدىن ئىنقىلاپ كۆرسە، جياڭ جيېشى ئۇنداق گەپنىڭ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىپلا قالماي، شۇچاغدا شىنجاڭنىڭ پۇل قەرز ئېلىش ئىشىنى مەركەز تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى، خادىم ئەۋەتىپ پۇلنىڭ ئىشلىتىلىشىنى نازارەت قىلىشى لازىم دېگەنلىكىنى تەكىتلىگەن.[6] سوۋېت تەرەپ يەنىلا ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بۇ ئېلىم-سېتىم ھەرىكىتى، پۇل قەرزى خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس، مەركەز شۇنىمۇ سۈرۈشتە قىلامدۇ-قانداق دېگەن. جۇڭگو تەرەپ بىر تەرەپ ئالدىن پۇل بېرىدىغان، يەنە بىر تەرەپ يىلمۇ-يىل تەدرىجىي قايتۇرىدىغان بولغان ئىكەن، قايتۇرغان نەرسىنىڭ مال ياكى پۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ پۇل قەرزى خاراكتېرىگە ئىگە دېگەن. سوۋېت تەرەپ توختام تېخى تۈزۈلمىدى دەپلا تۇرۇۋالغان. جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بۇيرۇققا بىنائەن مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق دىپلوماتىيە كومىسسارلىقىدىن مەسئۇل مەھكىمىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مىللىي ھۆكۈمەت مەزكۇر توختامنى تەستىقلىغانلىقىنى ئوچۇق بىلدۈرۈشتىن بۇرۇن تۈزمەسلىكىنى، تۈزىدىغان بولسا، مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلغان.[7] ئەمما شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پۇل قەرز ئېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى پۇل سانىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتكەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېڭ شىسەيگە يېقىنلىشىشىنى توسۇۋالالمايلا قالماي، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىشىنىمۇ توسۇۋالالمىغان.

ئۈچىنچىدىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى

كونترول قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، مىللىي هۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ هەربىي ياردىمىگە تايانغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىشى هەققىدە زۇۋان سۈرمىگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى ئىگىلىك هوقۇقىغا خىرىس قىلمىغانلىقىغا شۈكرى قىلغان. ئەمما مىللىي هۆكۈمەت شىنجاڭنى ئېسىدىن چىقارمىغان، بەلكى شىنجاڭنى كونترول قىلىش هەققىدىكى تۆرلۈك تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلەپ تۇرغان: (1) شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلغان، موڭغۇل-تىبەت هەيئىتى سۇجۇدا تيانشان گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، هەربىي ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا دائىر ئاخباراتلارنى ئەتراپلىق توپلىغان، قىسقىسى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ سىياسىي خاھىشى، شېڭ شىسەينىڭ ئەسەرلىرى قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ هەممىسىنى توپلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، جياڭ جيېشى مەمۇرىي پالاتانىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى تۆرگە ئايرىپ باشقۇرغۇچى خادىملار ئارىسىدىن شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەخسۇس خادىم قويۇش هەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن[8] هەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ چېگرا رايوندىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى هەققىدىكى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن.[9] (2) شىنجاڭنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كادىر تەييارلىغان. گومىنداڭ هۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى تۇرغۇچى قاچقۇن خادىملىرى-مەسئۇد[10]، مۇهەممەت ئىمىن[11]، ئەيسا[12] قاتارلىق كىشىلەرنى كەلگۈسىدە شىنجاڭنى باشقۇرىدىغان كادىر زاپىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا، موڭغۇل-تىبەت سىياسىي كۇرسى (چېگرا رايون كادىرلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەخسۇس مەكتەپ)

قارىمىقىدا مۇسۇلمان سىنىپى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭ تەرەپنىڭ كادىرلىرىنى يېتىشتۈرگەن. (3) شىنجاڭنىڭ ئالدىنقى بازىسىنى كونترول قىلىشقا ھازىرلانغان. ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا بارىدىغان مۇھىم قاتناش يولى-خېشى كارىدورىنى ئاكا-ئۇكا ما بۇفاڭلار ئىگىلەپ تۇرغان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بىر ئامال قىلىپ خېشى كارىدورىنى كونترول قىلماقچى بولغان. 1941-يىلى كۈزدە، جياڭ جيېشى موڭغۇل-تىبەت ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ۋۇ جۇڭشىننى غەربىي شىمال پارتىيە-ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ نامىدا گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش، ئەمەلىيەتتە بىر ئامال قىلىپ خېشى كارىدورى دېگەن جاينى پەم بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. ۋۇ جۇڭشىن ما بۇفاڭنىڭ ئۆز ئىنىسى ما بۇچىڭ بىلەن بولغان زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ما بۇفاڭنى خېشى كارىدورىنى مەركەزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە دەۋەت قىلىپ، شۇنداق قىلسا جياڭ جيېشىگە ياخشى كۆرۈنەلەيدىغانلىقىنى ھەمدە سىياسىي رەقىبى ما بۇچىڭنى يوقىتىش مەقسىتىگە يېتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. ما بۇفاڭ ۋۇ جۇڭشىننىڭ دەۋىتىگە بويسۇنۇپ، خېشى كارىدورىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن. جياڭ جيېشى گورۇھىغا قاراشلىق قوشۇنىنىڭ خۇ زۇڭنەن قىسمى خېشى كارىدورىغا كىرىپ سۇجۇغا ئورۇنلاشقان، لى تېجۇن خېشى گارنىزونىنىڭ قوماندانى بولۇپ، شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىدىغان ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاينى كونترول قىلغان.

## 2-پاراگراف شىڭ شىسەينىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى

مىلىتارىستلار زامانىدىكى جۇڭگونىڭ سىياسىي ھاياتىدا، «ئىدىيىۋى خاھىشى ئەڭ كەم گورۇھ بولۇشى مۇمكىن»، ئۇلار

سىياسىي پىلان تۈزۈش قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەر جەھەتتە «ئۆزىنىڭ ئىدىيە-كۆز قاراشلىرىغا ئەمەس، بەلكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىغا ئاساسلىنىدۇ».[13] سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندا، شېڭ شىسەي ئۇرۇشنىڭ قاچان ئاياغلىشىدىغانلىقىنى پەملىيەلمەي، سوۋېت ئىتتىپاقى غەلىبە قىلغان تەقدىردىمۇ شىنجاڭغا بۇرۇنقىدەك زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرەلمەسلىكى مۇمكىن دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەن.[14] شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىرتتىن يۆلىشىدىن ئايرىلسا جياڭ جيېشى بىلەن تاقارىشىشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان.

1941-يىل 12-ئايدا، جياڭ جيېشى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى گو دېچۈەندىن شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جيېشى تەرەپكە ئۆتۈش ئالامەتلىرى بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ[15]، ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرغان، ئۇ شىنجاڭنىڭ چۇڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ يۈەنخۇانى ئۈچ قېتىم قوبۇل قىلغان. 1942-يىل 5-ئايدا، جياڭ جيېشىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زوڭ جاڭ يۈەنفۇ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭدىن شېڭ شىسەينىڭ كومپارتىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سورىغان. جاڭ يۈەنفۇ «زادى بىر يولدا ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرگەن، شۇڭا تاڭ زوڭ شۇچاغنىڭ ئۆزىدە مەركەز بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۇتاشتۇرۇپ، «ئىككى تەرەپنىڭ كۆپلەپ بېرىش-كېلىش قىلىشى»نى تەشەببۇس قىلغان.[16] شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، شېڭ شىسەيمۇ چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتىگە يېقىنلىشىش ئامالىنى ئىزدەپ، ئۆزىنىڭ بەشىنچى ئىنىسى شېڭ شىجىنى چۇڭچىڭغا جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈشكە ھەمدە مەركىزىي تەلىم-تەربىيە ئۆمىكىدە تەلىم

ئېلىشقا ئەۋەتكەن. جياڭ جيېشى شېڭ شىجىغا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلغان. سۆھبەت جەريانىدا ئىككى تەرەپنىڭ مەيدانى تېخىمۇ يېقىنلاشقان.[17] جياڭ جيېشىمۇ ئۆزى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ كۆپ يىللىق سىياسىي ئىختىلاپىنى ئەتەي يوققا چىقىرىپ، شېڭ شىجىغا: «خەلق تۇرمۇش مەسىلىكى سوتسىيالىزم دېمەكتۇر» دەپ ئۇقتۇرغان.[18]

7-ئاينىڭ باشلىرىدا، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەي بىلەن ئومۇمىي دوستلۇق، شەخسىي ئاغىنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بار 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭنى ئۈرۈمچىگە شېڭ شىسەي بىلەن تېخىمۇ يېقىن ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتكەن. جياڭ جيېشى شېڭ شىسەيگە ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ، شېڭ شىسەينىڭ «ئومۇمىي ۋە شەخسىي سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى جۇ شاۋلياڭ بىلەن ئوچۇق سۆزلىشىشى»نى تەلەپ قىلىپ، «دۆلەت ئۆلۈم ياكى كۆرۈم ۋالدىدا تۇرغان ھازىرقى پەيت بولۇپمۇ ئۆز كىشىلىرىمىز خاتىرجەم كۈنلەردىمۇ، خەتەرلىك كۈنلەردىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت ئالدىدىمۇ، مەغلۇبىيەت ئالدىدىمۇ ھەمدەم بولۇپ تەڭ كۈچ چىقىرىدىغان ۋاقىت» دېگەن.[19] شېڭ شىسەي جۇ شاۋلياڭ بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشكەندىن تاشقىرى، «شىنجاڭنى باشقۇرۇپ كەلگەن 10 نەچچە يىلدىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىشنىڭ تەپسىلىي ئىچكى ئەھۋالى»نى يازما شەكىلدە «سەممىيلىك بىلەن» جياڭ جيېشىگە ئىزھار قىلغان.[20] ئۇ: «بىلىم ۋە تەجرىبەمنىڭ كەملىكىدىن ماركسىزمنىڭ يالغان ۋۇۋسكىسىنى ئېسىۋالغان كىشىلەرنىڭ قايمۇقتۇرۇپ ئالدىشى ئارقىسىدا، ئىلگىرى - ئاخىر جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ۋە سوۋېت كومپارتىيىسىگە كىرىشنى تەلەپ قىلدىم ھەمدە 1938-يىل 9-ئايدا سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولدۇم. 1940-يىلى 11-ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

بېسىم ئىشلىتىپ مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ قەلەي كېنىنى ئىجارىگە بېرىش توختىمىنى تۈزدۈم. سوۋېت ئىتتىپاقى مېنىڭ «جانابلىرى» (يەنى جياڭ جيېشى) بىلەن يېقىنلىشىشىمنى توسۇش ئۈچۈن، «قورقۇتۇش»، «ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش» ۋاستىسىنى قوللىنىپ، شېڭ شىسەي 1934-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا كوممۇنىزمنى يولغا قويۇشىنى تەكلىپ قىلدى، 1936-يىلى شىئەن ۋەقەسى ۋاقتىدا «جاڭ شۆلياڭنى قوللىدى ۋە ھىمايە قىلدى»، 1941-يىلى يەنە «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشىنى تەكلىپ قىلدى» دېگەنگە ئوخشاش «ئۈچىغا چىققان بىمەنە» ئالاقىنى ئەۋەتتى. ئەسلىنى ئالغاندا، 1934-يىلى ياپونىيە بىلەن ئەنگلىيە ئۆز قورچاقلىرىنىڭ شىنجاڭنى جۇڭگو زېمىنىدىن ئايرىۋېتىشىگە يۆلەكچى بولۇۋاتقان خەتەرلىك ئەھۋال ئاستىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا كوممۇنىزمنى يولغا قويۇشىنى تەكلىپ قىلماقتىن ئۆزگە يول يوق ئىدى؛ شىئەن ۋەقەسى ۋاقتىدا جاڭ شۆلياڭنى قوللىدى ۋە ھىمايە قىلدى دېگەن سۆز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «يامان غەرەز بىلەن ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى»دىن ئىبارەت، مەن جاڭ يۈەنفۇ بىلەن جاڭ شۆلياڭغا تېلېگرامما يوللاپ «قاتناشمايدىغانلىقىم ۋە ھېسداشلىق قىلمايدىغانلىقىم»نى ئىپادىلىگەن؛ 1941-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشىنى تەكلىپ قىلىشىم «ھەقىقىي تەلىپىم» بولماستىن، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىن زېمىن تەلەپ قىلىش قارا نىيىتى بار-يوقلۇقىنى ۋە ماركسىزمنى ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلىدىغان-قىلمايدىغانلىقىنى سىناپ بېقىشنى مەقسەت قىلغان. «پېقىر بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ئۇنداق يالغان

ماركسىزمچىلار بىلەن ھەرگىز ھەمكارلاشمايمەن، جانابلىرىنىڭ ۋە گومىنداڭنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، پارتىيە-دۆلەتكە سادىق خىزمەت قىلىشقا چىن كۆڭلۈمدىن قەسەمياد قىلىمەن» دېگەن.[21]

جياڭ جيېشى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا بولغان سودىنىڭ ئىچكى ئەھۋالاتىدىن ھەيران بولۇپ، «شىنجاڭنىڭ قەلەي كېنىنى ئىجارىگە بېرىش شەرتنامىسى»[22]نىڭ «زەھەرلىكلىكى» «يۈەن شىكەي ئىمزالىغان 21 ماددىلىق شەرتنامىدىن ئېشىپ چۈشىدىكەن» دېگەن.[23] شۇنداقتىمۇ جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينى داۋاملىق خاتىرجەملەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن جاۋاب خەت يازغان ھەمدە ئۇنىڭغا «ئۆتكەنگە سالاۋات قىلىپلا قالماي، ھەممىسىگە مەن جاۋابكار» دېگەننى ئېيتىپ قويۇشنى جۇ شاۋلياڭغا تاپشۇرغان.[24] شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، جياڭ جيېشى باش شتاب ياشلىقى خې يىڭچىننى ھەربىي-مەمۇرىي مۇھىم مەنسەپدارلارنى چاقىرىپ، «شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئومۇمىي پىلانى»نى رىياسەتچىلىك قىلىپ تۈزۈشكە بۇيرۇغان.

«شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئومۇمىي پىلانى»دا ھەممىدىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ رېئال ۋەزىيىتىگە باھا بېرىلىپ، مۇنداق تونۇش ھاسىل قىلىنغان: يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى قوشۇۋېلىش سۇيىقەستى ۋە يېتەرلىك قورال كۈچى بار، ئەمما شىنجاڭنى ئاشكارىدىن-ئاشكارا قورال كۈچى بىلەن ئىشغال قىلىسا، سىياسىي ۋە تاكتىكا جەھەتتە ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىز. مۇشۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەيگە يازغان ئالاقىسىنىڭ كۆچۈرمىسىنى جۇڭگوغا ئەۋەتىشتە ئۆزىنىڭ زېمىن ھەققىدە قارا نىيىتى يوقلۇقىنى ۋە ئۆتمۈشتە ئاسراپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى تۈرلۈك پاكىتلارنى

جۇڭگوغا بىلدۈرۈش ھەمدە شىڭ شىسەي بىلەن مەركەزنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، شىڭ شىسەينى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا مەجبۇرلاپ يېتىم قالدۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھەرقانداق يول بىلەن بىر ئامال قىلىپ يوق قىلىۋېتىش، ئاندىن باشقا بىر قورچاقنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى تەييار مەنپەئەتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان. شىڭ شىسەي سىرتقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەھدىتىدىن، ئىچكى جەھەتتە خائىن ـ قورچاقلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن قورقۇپ، چوقۇم مەركەزگە بېقىنىدۇ ھەمدە ئۆزى تەلەپ قىلغان ياردەمگە ئىگە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەيمەندۈرۈپ ۋە ئاشكارىدىن ـ ئاشكارا زورلۇق ئىشلىتەلمەيدىغان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغان ئۆمرىنى ئۇزارتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ دەپ ھېسابلىغان. «ئومۇمىي پىلان»دا، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش فاڭجېنى: بىر تەرەپتىن شىڭ شىسەينىڭ ئورنىدىن پايدىلىنىپ ۋە كۈچىنى يۆلەپ ئۇنى پەيدىنپەي مەركەزنىڭ ئىزىغا سېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئەپلەپ ـ سەپلەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان قۇتراتقۇلۇقىنى كېچىكتۈرۈش ھەمدە گەنسۇ، چىڭخەي، شىزاڭ چېگرا رايون ھەربىي تەييارلىقىنى تېزدىن كۈچەيتىش ۋە باشقا بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، پەيت تېپىپ شىنجاڭنى ھەقىقىي تۈردە كونترول قىلىش دەپ بەلگىلەنگەن. «يولغا قويۇش مۇھىم نۇقتىسى» دېگەن قىسمى «ھازىرقى ئۆتكۈنچى مەزگىل» ۋە «ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش مەزگىلى» دەپ بۆلۈنگەن. «ھازىرقى ئۆتكۈنچى مەزگىل»دە سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋاملىق ئىناق قوشنىدارچىلىق سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭغا كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشىنى سىياسىي تەدبىر ئارقىلىق توسۇش كۆزدە تۇتۇلغان: شىڭ شىسەينىڭ ئورنىنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى كۆزدە

تۇتۇپ، ئۇنىڭغا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىيە قاتارلىق
جەھەتلەردىن ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ مەركەزگە بولغان ئىشەنچىنى
كۈچەيتىش، ئۇنى پەيدىنپەي مەركەزنىڭ ئىزىغا سېلىش
كۆزلەنگەن: ھەربىي ئىشلار جەھەتتە يۈمىنىدىكى نېفىت كېنى
رايونىنى قوغداش نامى ئاستىدا خېشى كاربدورىدىكى بولۇپمۇ
يۈمىن ئەتراپىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭدا
جەنۇبىي شىنجاڭ ئايرودرومىنى يېڭىدىن بىنا قىلىپ، شۇ
ئايرودرومنى مۇھاپىزەت قىلىش نامى ئاستىدا مەركەز
ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى (بىر شىدىن تۆۋەن)نى كىرگۈزۈش
كۆزلەنگەن. «ئىگىلىك ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىش مەزگىلى»دە
ياپون باسقۇنچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىمالدىن ھۇجۇم
قىلغان پەيتتىن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيىدىن
ھەربىي جەھەتتە يېڭىلگەن پەيتتىن ۋەياكى جۇڭگونىڭ
خەلقئارا ئورنىغا تېخىمۇ پايدىلىق باشقا پەيتتىن پايدىلىنىپ،
سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيىسىدە ھەل
بولماي كەلگەن مەسىلىلەرنى، مەسىلەن قىزىل ئارمىيە 8-
تۇەننى شىنجاڭدىن چېكىندۈرۈش دېگەنگە ئوخشاش
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئېيتىش ھەمدە مەركەز
ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك قوشۇننى شىنجاڭنىڭ
ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلىرىغا ئاتلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ
سىياسىي ۋەزىيىتىنى قورال كۈچى بىلەن ھەقىقىي تۈردە
كونترول قىلىش كۆزلەنگەن.[25]

جياڭ جيېشى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش تەييارلىقىنى
ئاساسىي جەھەتتىن ئەنە شۇ پىلان بويىچە ئېلىپ بارغان.
ئاتالمىش «شىنجاڭ ۋەقەسى»[26] ھەققىدە، جياڭ جيېشى
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماسلىقنى تەشەببۇس
قىلغان، ئۇ گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي مەنسەپدارلىرىدىن
ئاشۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقانلارنىڭ كۆپ سۆزلىمەسلىكىنى، خەۋەر

تاپمىغانلارنىڭ كۆپ سورىماسلىقىنى، مۇبادا بىرەرسى سوراپ قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا تۇتقان «پوزىتسىيىسى ناھايىتى ياخشى» دەپلا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلغان.[27]

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پانيۇشىننى قوبۇل قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلىشىشى كېرەكلىكىنى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ جۇ شاۋلياڭنى شىنجاڭ ئۆلكىسىدە سىياسىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋە نازارەتچىلىك قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئېيتقان: 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، جياڭ جيېشى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە بىۋاسىتە ئايروپىلان قاتنايدىغان ئاۋىئاتسىيە پىلانىنى تۈزۈش ھەققىدە يوليورۇق كۆرسەتكەن. بۇ پىلانغا قايىل بولۇپ بېشى يەرگە يەتكىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلغان تاڭ زۇڭ بۇنى جياڭ جيېشىنىڭ «شارائىتقا ماسلىشىپ ئىش قىلىش»، «دانالىقى»، «بۇنداق دانا ھازىر يوق بولۇپلا قالماي، تارىختىمۇ ئاز كۆرۈلگەن» دەپ ھېسابلىغان.[28]

8 - ئايدا، جياڭ جيېشى غەربىي شىمالدىكى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي ئۆلكىلىرىنى ئايلىنىپ تەكشۈرگەندە، خېشى كارىدورى تەرەپتىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى بىۋاسىتە سورۇشتۇرغەن. جياڭ جيېشى لەنجۇدا تۇرغان چېغىدا شېڭ شىسەي، جۇ شاۋلياڭلارنى ئەكېلىشكە شىنجاڭغا ئايروپىلان ئەۋەتسە شېڭ شىسەي كەلمىگەن. ئەمما ئۇ دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى مەركەزنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە، مەركەزنىڭ ۋۇ زېشياڭنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە خاس ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتىشكە قوشۇلغان: شۇنىڭ

بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركەزنىڭ زوڭرور تېپىلغاندا بىر شى ئەسكەر ئەۋەتىپ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرغۇزۇشىغا يول قويغان.[29] جياڭ جيېشى يەنە ئۈرۈمچىگە ئۆزى بېرىپ شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان، لېكىن ئۈرۈمچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوغلىغۇچى ئايروپىلانلىرى تۇرۇۋاتقاچقا، ھەربىي مەنسەپدارلار مۇۋاپىق تاپماي جياڭ جيېشى بارمىغان.[30]

8-ئاينىڭ 29-كۈنى، سۇڭ مېيلىڭ جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىن قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭغا ئايروپىلاندا بېرىپ، شېڭ شىسەي بىلەن شىنجاڭنى ئىچكى تەرەپكە جەلب قىلىشقا دائىر كونكرېت ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكەن. سۇڭ مېيلىڭ شېڭ شىسەيگە ۋەدە بېرىپ: «مەركەزنىڭ شېڭ شىسەيگە قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى، كەلگۈسىدە شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا مەركەزنىڭ ياردەملىشىشى كېرەكلىكى ياكى كېرەك ئەمەسلىكىنى پۈتۈنلەي شېڭ شىسەي قارار قىلىسا بولىدىغانلىقى»نى ئېيتقان.[31] بىرىنچى خانىمنىڭ كاپالىتىگە ئىگە بولغان شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشتىكى ئەندىشىسى كۆپلەپ ئازايغان، شۇڭا ئىككى تەرەپ (مەركەز بىلەن شېڭ شىسەي تەرەپ-ت) تۆۋەندىكىدەك كېلىشىم ھاسىل قىلغان: گەنسۇ تەۋەسىدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنى لەنجۇدىن ئەنشىگە يۆتكەپ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش، شىنجاڭغا دىپلوماتىيە خاس ۋەكىلى ئەۋەتىپ دىپلوماتىيە ھوقۇقىنى مەركەزگە قايتۇرۇۋېلىش، شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلارنى تازىلاش، سوۋېت ئارمىيىسىنى شىنجاڭدىن چېكىندۈرۈش ۋە باشقىلار.[32] شۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ شېڭ شىسەينى بويسۇندۇرۇش سۆھبىتى ئاخىر تاماملانغان. 1942-يىل 12-ئاينىڭ 31-كۈنى، جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ شۇ يىلدىكى ئومۇمىي تەكشۈرۈشىدە:

«شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە دۇبەنى شىڭ شىسەي 7-ئايدا ئاشكارا ھەقىقەتكە قايتىپ، مەركەزگە ئىتائەت قىلدى، خىشى كاربدوربدىكى ما بۇچىڭ ئارمىيىسىمۇ پۈتۈنلەي چىڭخەيگە چېكىندۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ لەنجۇنىڭ غەربىدىن تاكى ئىلىغىچە دىئامېتىرى 3000 كىلومېتىر كېلىدىغان زېمىن (قەدىمكى زاماندا ئاسىيا-ياۋروپانىڭ ئاساسىي قاتناش لىنىيىسى بېسىپ ئۆتىدىغان رايون) پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىندى. بۇنىڭ ئۆزى مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن بۇيان قولغا كەلگەن ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت، ئۇ يەرنىڭ كۆلىمى شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ... تەڭرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە ئىلتىپات قىلمىغان بولسا بۇ مەقسەتكە ھەرگىز يېتەلمىگەن بولاتتۇق» دېگەن.(33)

## 3-پاراگراف سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىنىڭ قوغلىنىشى

1942-يىل 7-ئايدا، گېتلېر يۇزمىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ ستالىنگراد تەرەپكە قاراپ ھۇجۇم قىلغان، بۇنىڭدا شۇ شەھەردىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، گېرمان ئارمىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇھىم نېفىتلىك — باكۇنى ئىشغال قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھالاكەت خاراكتېرلىك زەربە بېرىشكە قۇلايلىق تۇغدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. جياڭ جېيشى ئەنە شۇ پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئومۇمىي پىلانى»دا شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا بەلگىلەنگەن ۋاقىتنى تەڭشەشنى قارار قىلىپ،(34) سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە تىنچ ئۆتۈۋاتقان ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى

ئۆزئۆل ـ كېسەل ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان.[35]
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلىشىشنى لازىملىقىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى يەنىلا ئىش تەقسىم قىلىشقان: مەركىزىي ھۆكۈمەت جۇڭگو ـ سوۋېت ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مەسىلىسى ھەققىدىكى سۆھبەتكە مەسئۇل بولغان، ئۈرۈمچى ئايروپىلان زاۋۇتى ۋە مايتاغ نېفىت كانلىرى مەسىلىسى شۇ جۈملىگە كىرگۈزۈلگەن؛ شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنى، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خادىملىرىنى ۋە ئۇسكۈنىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشى ھەققىدە سۆزلىشىشكە مەسئۇل بولغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مۇنداق قىلىشتا جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان پايدىسىز ئاقىۋەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت قالدۇرۇشنى كۆزدە تۇتقان.
ئۈرۈمچى ئايروپىلان زاۋۇتى 1939 ـ يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىش شېرىكلىشىشى بىلەن قۇرۇلغان، جۇڭگو تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقى لايىھىلەپ ئىشلىگەن ئايروپىلاننىڭ ئىقتىدارىغا نارازى بولغاچقا[36]، تاكى 1942 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچىدە زاۋۇت قۇرغان ۋە ئايروپىلان ئىشلەپچىقارغانغا قەدەر، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا زاۋۇت قۇرۇش توختامى ئىمزالانمىغان. 1942 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي بىلەن جۇ شاۋلياڭ جياڭ جيېشىغا ئۈرۈمچى ئايروپىلان زاۋۇتى مەسىلىسى ئۈستىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆزلىشىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن، جياڭ جيېشى تەستىق سېلىپ قوشۇلغان.[37] 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پانيۇشىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۈرۈمچى ئايروپىلانسازلىق زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغىنىغا ئۇزۇن ۋاقىت بولغان بولسىمۇ تېخىچە توختام تۈزۈلمىگەن، بۇ ئىش جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزدى، «بۇنى ئەسلىدە بۇرۇنراق تۈزىتىش كېرەك ئىدى» دېگەن.[38] 1943-يىل 1-ئايدا، دىپلوماتىيە مىنىستىرى سۇڭ زىۋېن پانيۇشىن بىلەن سۆزلەشكەندە، پانيۇشىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ئورتاق باشقۇرۇش چارىسى ئۈستىدە كېڭەشمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن، سۇڭ زىۋېن سوۋېت تەرەپنىڭ لايىھە قويۇشىنى ئۆتۈنگەن. 2-ئايدا، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋۇ گوجېن سوۋېت تەرەپنى لايىھىنى تاپشۇرۇشقا ئالدىراتقان، پانيۇشىن لايىھىنى جۇڭگو تەرەپنىڭ بالدۇر ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئېيتقان. جۇڭگو تەرەپ مەزكۇر زاۋۇت ھەققىدىكى ھەمكارلىشىش لايىھىسىنى ئىشلەشنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقاندا، 4-ئاينىڭ 15-كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پۇشكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى ئايروپىلان زاۋۇتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلغانلىقىنى ھەمدە بارلىق ئىشچى، تېخنىك، باشقۇرۇش خادىملىرىنى ۋە ماددىي ئەشيا، ماشىنىلىرىنى يېقىن ئارىدا بىراقلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى شېڭ شىسەيگە ئۇقتۇرغان.[39]

5-ئاينىڭ 7-كۈنى، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەيگە خەت يېزىپ: «ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىدىن قارىغاندا، ئەگەر خەلقئارادا ياكى روسىيە، ياپونىيىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان بولسا، ئەڭ يامان ئەھۋالدا قالمىغۇچە ، ئۇلار ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ھەرگىز خالىمىغان بولاتتى، شۇڭا بىزنىڭكىلەر ئۇلارنىڭ تېز ئېلىپ چىقىپ

كېتىشىدىن ئەنسىرىمىسۇن...مۇبادا بالدۇرراق ئېلىپ چىقىپ كېتەلىسە. بىزنىڭكىلەر بالدۇرراق ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە ياردەملىشىشى، زورۇقۇپىمۇ كەتمەسلىكى. تەپ تارتىپمۇ يۈرمەسلىكى لازىم» دېگەن.[40] 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، جياڭ جيېشى ئاۋىئاتسىيە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى جۇ جىرۇنى ئۈرۈمچى ئايروپىلان زاۋۇتىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن. جۇ جىرۇنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ زاۋۇتنىڭ ماشىنىلىرىنىڭ %80ى چۇۋۇپ ئېلىپ كېتىلگەن، پەقەت بىرئاز قوشۇمچە ئۈسكۈنىلەر ۋە زاۋۇت بىناسىلا قېپقالغان. جۇ جىرۇ كەلگۈسىدە بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلىنىشى ۋە قىممىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى سېتىۋېلىشنى تەكلىپ قىلغان. ئۇ «بۇنىڭ بىلەن بىرىنچىدىن، سوۋېتنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنىڭ چېكىنىشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئېھتىمالى بولۇۋاتقان مۇشۇ پەيتىنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ، زاۋۇتنى تېزدىن سېتىۋېلىش مۇۋاپىق» دېگەن.[41] 12 - ئايدا، جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۈرۈمچى ئايروپىلان زاۋۇتىنى سېتىۋېلىش مەسىلىسى ئۈستىدىكى سۆھبەتنى باشلاپ، 1944 - يىلى 5 - ئايدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان، جۇڭگو تەرەپ ئۈرۈمچى ئايروپىلان زاۋۇتىنىڭ بىناسى ۋە قالدۇق قوشۇمچە ئۈسكۈنىلىرىنى 4 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالغان.

مايتاغ نېفىت كېنى 1935 - يىلى شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاغزاكى كېلىشىمى، بويىچە شېرىكلىشىش يولى بىلەن ئېچىلغان. بۇ كان ئىشلەپچىقىرىشقا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇندا رەسمىي توختام ئىمزالانمىغان. 1942 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە

كومىسسارلىقىنىڭ كومىسسارى مولوتوۋقا ئالاقە ئەۋەتىپ، مايتاغ نېفىت كېنىنى جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلىكتە باشقۇرۇشىنى بىلدۈرگەن. مولوتوۋ 8-ئاينىڭ 20-كۈنى جاۋاب خەت يېزىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.[42] شېڭ شىسەي مولوتوۋنىڭ جاۋاب خېتىنى تېلېگراممىا ئارقىلىق جياڭ جيېشىغا يوللاپ بەرگەن. 9-ئاينىڭ 1-كۈنى، جياڭ جيېشى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى فۇ بىڭچاڭ، چيەن تەي ۋە ئىقتىساد مىنىستىرى ۋېڭ ۋېنخاۋلارغا كونكرېت چارە ئۈستىدە بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىشنى تاپشۇرغان. 9-ئاينىڭ 3-كۈنى، جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى چارىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا يوللاپ، جۇڭگو-سوۋېت ئىككى تەرەپنىڭ شىنجاڭدىكى مايتاغ نېفىت كېنىنى بىرلىكتە ئېچىش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىنى تەلەپ قىلغان. 9-ئاينىڭ 28-كۈنى، سوۋېت ھۆكۈمىتى قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پانيۇشىن بىلەن سودا ۋەكىلى باكۇلىنغا چۇڭچىڭدا جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ۋە ئاساسىي مەسئۇل ئورگىنى بىلەن كېڭىشىش ھوقۇقىنى بەرگەن. 10-ئاينىڭ 15-كۈنى، جۇڭگو تەرەپ ۋەكىلى فۇ بىڭچاڭ، ۋېڭ ۋېنخاۋ سوۋېت ۋەكىلى پانيۇشىن، باكۇلىنلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان. سۆھبەت بەش ئايغا يېقىن داۋام قىلغان، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بەزى مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېغىر ئىختىلاپ ساقلانغان. 1943-يىل 3-ئاينىڭ 8-كۈنى، پانيۇشىن تۆۋەندىكى قاتتىق تەلەپلەرنى قويغان: (1) سەرمايە مەسىلىسى ھەققىدە. سوۋېت تەرەپ سەرمايىنى جۇڭگو-سوۋېت ئىككى تەرەپ 50%تىن تەڭ ئۈستىگە ئېلىشى لازىم دەپ ھېسابلىغان. (2) شىركەتنى باشقۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە.

مۇدىرىيەتنىڭ مۇدىرلىقىغا ھەر ئىككى تەرەپ ئۇچتىن ئادەم كۆرسىتىشى، يىغىن ئاچقاندا رەئىسلىكنى نۆۋەت بىلەن ئارتقۇرۇشى، باش جىڭلىلىقنى سوۋېت تەرەپ خادىمى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم دېگەن. (3) قانۇن مەسىلىسى. بسوۋېت تەرەپ ھەرقانداق قانۇن مەزكۇر كېلىشىمدىكى پرىنسىپ ياكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كەلمىسە، تەتبىق قىلىشقا بولمايدۇ دەپ ھېسابلىغان. (4) ئورۇن مەسىلىسى. «شىركەتكە لازىم بولغانلىكى ئورۇننى شىركەتنىڭ ئىشلىتىشىگە باھا قويماي بېرىش لازىم» دېگەن. سوۋېت تەرەپ ۋەكىلى: «جۇڭگو تەرەپ يۇقىرىدىكى تۆت نۇقتىنى قوبۇل قىلمىسا، سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ باشقا يولى يوق دەپ ھېسابلايدۇ» دېگەن.[43] جۇڭگو تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە: «بۇ كان جۇڭگو زېمىنىدىكى كان، نېفىت جۇڭگوغا تەۋە» دېگەننى ئەسكەرتىپ، سوۋېت تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان تۆت تەلەپنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.[44] 4-ئاينىڭ 15-كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەيگە ئۇرۇمچى ئايروپىلان زاۋۇتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئۇقتۇرغاندا، مايتاغ نېفىت كېنىنى تىلغا ئالمىغان. ئەمما جياڭ جيېشى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆزلىشىشكە بۇيرۇغاندا ، مەزكۇر نېفىت كېنىنى قاتارغا قوشۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەزكۇر ئايروپىلان زاۋۇتى ۋە نېفىت كېنىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئۆتۈنۈپ بېرىشىنى، جۇڭگو تەرەپنىڭ سوۋېت تەرەپ بىلەن ئۇسكۈنە ۋە تېخنىكا جەھەتتە ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئاڭسىز ھالدىلا ئەمەس، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا بىلدۈرگەن.[45] سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو تەرەپنىڭ مايتاغ نېفىت كېنى جەھەتتىكى ئاشۇ پوزىتسىيىسىگە ئەلۋەتتە دىققەت قىلغان. 5-ئاينىڭ 17-كۈنى، پانيۇشىن جۇڭگو تەرەپكە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مايتاغ نېفىت كېنىدىكى ئۇسكۈنىلەرنى چۇۋۇپ

ئېلىپ كېتىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. جۇڭگو تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ نېفىت قۇدۇقىدىكى قاتلىما تۇرۇبىنى چىقىرىۋالغاندا سېمونت قۇيۇپ تىندۇرماي قويسا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ نېفىت قاتلىمىغا ئېقىپ كىرىپ نېفىتلىكنى ۋەيران قىلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەنسىرەش ئورۇنسىز بولۇپ چىققان، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ نېفىت قۇدۇقىدىكى قاتلىما تۇرۇبىنى چىقىرىۋالماقتا يوق، بەلكى نېفىت قۇدۇقىنى تۆمۈر قاپقا بىلەن يېپىپ، ئەتراپىنى ۋىنتا بىلەن چىڭىتىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى نېفىت قۇدۇقىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى، ئۆيلەرنى ئۆتۈنۈپ بېرىش جەھەتتە ئويلىمىغان يەردىن ھەمكارلىشىپ، دەسلەپتە ئىككى مىليون 510مىڭ دوللار باھا قويغان، كېيىن ئۇنى بىر مىليون 700 مىڭ دوللارغا چۈشۈرۈپ، جۇڭگو تەرەپتىكىلەرنى «سوۋېت ئىتتىپاقى باھادا بەك چوڭ يول قويدى» دېگەن تونۇشقا كەلتۈرگەن.[46] جۇڭگو تەرەپنىڭ ھۆكۈم قىلىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نېفىت كېنىدىكى ئۈسكۈنە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەرزان باھادا ئۆتۈنۈپ بېرىشى «چېكىنىشكە ئالدىرىغانلىقىدىن بولغان».[47] 1945-يىل 9-ئايغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلىنىڭ مايتاغ نېفىت كېنىنى ئىگىلىشىنى قولدىن بېرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاندىن بىردىنلا ئېسىنى تېپىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھەم جۇڭگونىڭ 1 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئالداپ ئېلىۋالغان، ھەم جۇڭگونىڭ نېفىتىنى قانۇنسىز يول بىلەن ئوغرىلىقچە چىقىرىۋالغان» دەپ تىللىغان.[48]

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىزىل 8-تۇەنى 1937-يىل 1-ئايدا سوۋېت ئارمىيىسى شېڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ ما خۇسەننىڭ ئىسيانىنى تىنچىتقاندىن كېيىن قۇمۇلدا تۇرۇپ قالغان. ئۇ نامدا بىر تۇەن دېيىلگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە بىر ئاتلىق كۈچەيتىلگەن تۇەن ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ

بىر شۆبە ئەترىتىدىن ئىبارەت بولغان.[49] 1942 ـ يىل 10 ـ ئايدا، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پۇشكىنغا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە يېزىلغان بىر نۇسخا ئەسلەتمىنى تاپشۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق ھەربىي، تېخنىك خادىملىرىنى ئۈچ ئاي ئىچىدە ئېلىپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغان. سوۋېت تەرەپ بۇنى كەسكىن رەت قىلغان. 1943 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى شىڭ شىسەيگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنى تۈزۈلگەن پىلان بويىچە بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن.[50] 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، شىڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سوۋېتلىك ھەربىي مەسلىھەتچىسى ۋاسلىيېۋنى پىلان بويىچە يولغا سالغان. 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، پۇشكىن شىڭ شىسەي بىلەن جىددىي كۆرۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قۇمۇلدىكى 8 ـ تۇەن بىلەن ئۇچقۇچىلار ئەترىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆتكەپ كېتىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئېيتقان.[51] 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، سوۋېت ئارمىيىسى تۈركۈم بويىچە چېكىنىشكە باشلىغان، 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە پۈتۈنلەي چېكىنىپ بولغان. جۇڭگو تەرەپ سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ گازارمىسىنى ئىككى مىليون يۈەن شىنجاڭ پۇلىغا سېتىۋالغان. جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شۆبە ئەترىتى قۇمۇلدىن چېكىنگەن پايدىلىق پەيتتىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلى، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ ۋە قۇمۇلدىكى رادىئو ئىستانسىنىسى ۋە ھاۋا ئارمىيە بازىسىنى ھەمدە سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھاۋا تەۋەلىكىگە كىرىشتە بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.[52]

1942 ـ يىل 10 ـ ئايدا، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى قەلەي كېنى خادىملىرى ۋە گېئولوگىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ ئۈچ ئاي ئىچىدە شىنجاڭدىن چىقىپ

كېتىشىنى تەلەپ قىلغان. 1943 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، پۈشكېن شېڭ شىسەيگە شىنجاڭدىكى بارلىق گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى (شىنجاڭ قەلەي كېنى)نىڭ پۈتۈنلەي ئىشتىن توختىتىلىدىغانلىقىنى، بارلىق تەكشۈرۈش ئۆمىكى خادىملىرى ۋە ئۈسكۈنىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.[53] جياڭ جيېشى سوۋېت تەرەپنىڭ ۋەدىسىگە يەنىلا ئىشەنچ قىلالماي، 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شېڭ شىسەيگە ئالاھىدە يوليورۇق كۆرسىتىپ: «سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى قەلەي كېنىنىڭ ماشىنىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى خالىماسىمكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن: مېنىڭ پىكرىم-شىنجاڭ قەلەي كېنىغا دائىر ئىشلارنى تۈپتىن بىكار قىلىش، كىچىككىنە ماشىنىنى دەپ دۆلەتنىڭ ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىللەتنى قالدۇرۇش ھاجەتسىز» دېگەن.[54] شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، قەلەي كېنى جەھەتتىكى ئاشۇ شەرتنامىگە ئالاقىدار بولغان ھەرقانداق ئۈسكۈنىنى سېتىۋالمىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ۋە قەلەي كېنىنىڭ خادىملىرى ئۆز دۆلىتىگە 6 ـ ئايدىن بۇرۇن كەينى ـ كەينىدىن قايتىپ كەتكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدىن چېكىنىشى ئىلاجسىزلىقتىن بولغان. گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى 1943 ـ يىل 2 ـ ئايدا ستالىنگراد ئۇرۇشىدا غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، لېكىن گېرمان ئارمىيىسى يەنىلا قۇدرەتلىك قورال كۈچىگە ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتقان، ياپونىيىنىڭ كانتون ئارمىيىسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەھدىت سالغان، شۇنداق پەيتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە جۇڭگو بىلەن ئاسانلا ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز كۈچىنى چېكىندۈرۈشى شىنجاڭدىكى تەسىر دائىرىسىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى بىلدۈرمىگەن، بەلكى ئۇ شىنجاڭنى يېڭى ئۇسۇل بىلەن كونترول

قىلىش تەرەددۇتىدا بولغان.

## 4-پاراگراف گومىنداڭ ھەربىي كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزۈلۈشى

جياڭ جيېشى شېڭ شىسەي بىلەن ئىمزالىغان كېلىشىمگە ئاساسەن، 1943-يىل 1-ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى تەسىس قىلغان، 3-ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەمۇرىي تەپتىش رايونى مۇپەتتىش مەھكىمىسىنى قۇرغان. ئەمما بۇ ئاپپاراتلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىمۋۇللى بولۇش رولىنىلا ئوينىغان، شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن شىنجاڭغا پەقەت ھەربىي كۈچنى سىڭدۈرۈشكىلا توغرا كەلگەن.

«شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئومۇمىي پىلانى»دا لايىھىلەنگەن ئۇسۇل بويىچە گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنىڭ. شىنجاڭغا كىرىش قەدەم-باسقۇچى مۇنداق بولغان: جەنۇبىي شىنجاڭ ئايرودرومىنى يېڭىدىن بىنا قىلىش، ئايرودرومنى قوغداش نامى ئاستىدا مەركەز ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمىنى (بىر شىدىن تۈۋەن)نى مۇۋاپىق پەيتتە شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش؛ كېيىنچە يەنە جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇۋاپىق پەيتتە بىر شى ئىدارە قىلىدىغان رايون قىلىپ ئايرىپ، ھەربىي ھازىرلىق قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش.[55] ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى ئالتايدىكى قازاقلارنىڭ قوزغىلىڭىغا يوشۇرۇن «ياردەم بەرگەنلىكى»-مەدەتكار بولغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاسانلا باھانە تېپىپ، شىنجاڭغا نۇرغۇنلىغان ھەربىي كۈچنى سىڭدۈرۈشكە باشلىغان.

ئالتاي قازاقلىرى 1940-يىلدىن تارتىپ ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە باشلىغان، سوۋېت ئىتتىپاقى، تاشقى موڭغۇلىيە شېڭ شىسەينىڭ قوزغىلاڭنى قورال كۈچى بىلەن

باستۇرۇشقا ياردەملەشكەن. 1942-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە ئىلگىرىكى سىياسىتىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ قازاقلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنى قوللىغان. ئۇلار قوزغىلاڭنىڭ باشلىقى ئوسمانىنى مىلتىق، ئوق-دورا بىلەن تەمىنلىگەن، ھەربىي مەسلىھەتچى ئەۋەتكەن، نەتىجىدە ئوسماننىڭ قىسمى تېز ئارىدىلا ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن يۈزمۇ-يۈز ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان. شېڭ شىسەي جەمئىي 20 مىڭ ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە بولغان بولۇپ، نۇرغۇن ھەرىكەتچان ئەسكىرىي كۈچىنى ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلاندۇرغاچقا، ئارقا سەپ، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى تەرەپ ئەسكەرسىز قۇرۇق قالغان. تۇركۇم بويىچە چېكىنىۋاتقان قىزىل 8-تۇەننىڭ قالدۇق قىسمىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشىدىن قورققان شېڭ شىسەي گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ مۇداپىئە كۆرۈشكە ياردەملىشىشىگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان.[56]

1943-يىل 4-ئايدا، جۇ شاۋلياڭ چېن جۇن باشچىلىقىدا قۇرۇق قول يېڭى ئەسكەرلەر تۇەندىن ئالتىنى شىنجاڭغا يۆتكەپ، شېڭ شىسەينىڭ مەشىق قىلدۇرۇشىغا تاپشۇرغان. شېڭ شىسەي بۇ يېڭى ئەسكىرىي قوشۇندىن خاتىرجەم بولالماي، ئەسكەرلەرنى بىر قانچە رايونغا بۆلۈپ مەشىق قىلدۇرغان، ئوفىتسېرلەرنى دۇبەن مەھكىمىسىگە ياكى باشقا ھەربىي تارماقلارغا يۆتكەپ مەمۇرىي خىزمەت قىلدۇرغان. بۇ قوشۇن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۇ يەر-بۇ يەرگە چېچىۋېتىلىپ ھېچقانداق ئىش قىلالمىغان. 9-ئايدا، شېڭ شىسەي شۇ رۇچېڭنىڭ 18-قوشما لۈيىنىڭ قومۇلغا كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل 8-تۇەننىڭ قالدۇق قىسمى بىلەن تىركىشىپ، سوۋېت

ئارمىيىسىنى چېكىنىشىنى تېزلىتىشكە مەجبۇر قىلىشقا قوشۇلغان. شۇ رۇچىڭنىڭ لۈيىدە ئىككى تۈەن بار بولۇپ، بىر تۈەندىكىسى يېڭى ئەسكەرلەر ئىكەن. جۇ شاۋلياڭ شىنجاڭغا كىرگەن ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ۋۇ ۋېيدا لى تيېجۈننىڭ باش قوماندانلىقىدىكى 29-گورۇپپىلىق ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى قۇرغان. 1944-يىل 3-ئايدا، شېڭ شىسەي يەنە شيې يىفېڭنىڭ 45-شىسىنىڭ (قارىمىقىدا ئۈچ تۈەن بار) شىنجاڭغا كىرىشىگە قوشۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەزكۇر شى شىنجاڭغا قاتناش باش ساقچى ئەترىتىنىڭ 1-باش ئەترىتى ساقچىلىرى دېگەن نىقاب بىلەن كىرىپ، قۇمۇل، باركۆل، تۇرپان تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ ئورۇنلاشقان.

1943-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، شېڭ شىسەي ئۆلكە ئارمىيىسى، ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتى قاتارلىق قوراللىق كۈچلەرنىڭ تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يىغىپ ئوسمان قىسىملىرىنى قورشاپ يوقاتماقچى بولغان، ئوسمان يېڭىلىپ تاشقى موڭغۇل تەۋەسىگە چېكىنگەن. ئىككىنچى يىلى ئوسمان قايتا باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، يەنىلا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن يېڭىلگەن. بۇنىڭدىن زەردىسى قايناپ ئۆزىنى باسالماي قالغان سوۋېت ئىتتىپاقى 1943-يىل 3-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن باشلاپ، جۇڭگو-موڭغۇلىيە چېگرا توقۇنۇشى دېگەننى نىقاب قىلىپ، ئايروپىلانلىرىنى چىقىرىپ جۇڭگو ئارمىيىسىنى بومباردىمان قىلغان ۋە ئوققا تۇتقان. جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرغان «خەتەرلىك قىلتاق»نى «ئۆز ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش»تىكى پۇرسەت دەپ بىلىپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي شىنجاڭغا تېخىمۇ كۆپ قوشۇن كىرگۈزگەن. ئۇ: «روسىيىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ شىنجاڭنى بومباردىمان

قىلىشى دۆلەت ئارمىيىمىزنىڭ شىنجاڭغا ئورۇنلىشىپ ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى قايتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت بولۇشىنى نەدىن بىلەي؟» دېگەن.[57]

3-ئاينىڭ 15-كۈنى، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ۋەزىيەتنىڭ قانداق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر، «مەركەز چوقۇم مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدۇ» دېگەن.[58] 3-ئاينىڭ 19-كۈنى، جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭنى ئىككى تۇەننى ئاجرىتىپ، ئۇلارغا زىننەت توپچىلار لىيەنىدىن بىرنى، تانكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش لىيەنىدىن بىرنى قوشۇپ، «ماشىنا بىلەن توپتوغرا گۇچۇڭغا ئېلىپ بېرىپ مۇداپىئە سېپى قۇرۇش»قا بۇيرۇغان ، جۇ شاۋلياڭنىڭ ئۆزىنىڭمۇ «ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ پىلان كۆرسىتىشى»نى تاپىلىغان.[59] شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، باشقا خىل قوشۇنلارنى شىنجاڭغا بېرىپ مۇداپىئەدە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن[60]، ئۇنىڭ ئىچىدە تەييارلىق 7-شىسىنىڭ ئىككى تۇەنى ئۈرۈمچىگە ئورۇنلاشقان، لى تيېجۈننىڭ 29-گورۇپپىلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق شتابىمۇ قۇمۇلغا يۆتكەلگەن.

شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسى شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جايلارنى كونترول قىلىشنى ئورۇنلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان.

## 5-پاراگراف خۇاڭ رۇجىن، لىن جيىۇڭلار ۋەقەسىنىڭ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى بىۋاستە كونترول قىلىشىغا تۈرتكە بولغانلىقى

1944-يىل 8-ئاينىڭ 11-كۈنى، شېڭ شىسەي يىغىن ئېچىش نامى ئاستىدا، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ خادىملىرىنى ھەدەپ قولغا ئالغان، ئۇلارنىڭ باش ئورۇندىكىلىرى شىنجاڭ

ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ باش شۇجىسى خۇاڭ رۇجېن، ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى لىن جىيۇڭ ھەمدە ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى تۇڭ شىچۈن، جاڭ جىجى، لىن بويا ۋە قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭ ترانسپورت شۆبە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گۇ گېڭيې قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان، بۇنىڭغا ئىلگىرى قولغا ئېلىنغان بىرقىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مىللىي يۇقىرى قاتلام زاتلىرىنى قوشقاندا ئومۇمىي سانى 100گە يەتكەن. بۇ ۋەقە «خۇاڭ رۇجېن ـ لىن جىيۇڭلار ۋەقەسى» ياكى «11 ـ ئاۋغۇست خۇاڭ رۇجېن ـ لىن جىيۇڭلار ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان. شېڭ شىسەي ئۇلارغا: خۇاڭ رۇجېن، لىن جىيۇڭ قاتارلىق كىشىلەر گومىنداڭ پارتىيىسىگە كۆز بوياپ كىرىۋالغان كومپارتىيە ئەزالىرى، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرىنى تايانچ قىلىپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى بىراقلا ئاغدۇرماقچى بولغان دېگەن گۇناھنى توقۇغان.

شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ نەچچە شى قوشۇنى شىنجاڭنى كونترول قىلىپ بولغان ئەھۋال ئاستىدا نېمە ئۈچۈن خەۋپكە قارىماي گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىگە زەربە بېرىشنى مەقسەت قىلغان سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغىغان؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى:

1. شېڭ شىسەينىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى تەھدىتكە ئۇچرىغان. مىلىتارىستقا تۇرىدىغان زېمىن كېرەك، تۇرىدىغان زېمىن بولمايدىكەن، مىلىتارىستنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شېڭ شىسەي تازا باش قاتۇرۇپ باشقۇرغان شىنجاڭ زېمىنىغا گومىنداڭ ئارمىيىسى كېلىپ ئورۇنلاشقان. ئۇ شىنجاڭغا كەلگەن قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ

ئىلتىماسىنى تەستىقلىمىغان: ئۇ ئامانلىق ساقلاش تۈەنىنى تەشكىللەپ، ئەسلىدىكى يەرلىك قوشۇننى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلسا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىمۇ تەستىقلىمىغان.[61] شېڭ شىسەينىڭ كارىۋىتى يېنىدا شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلايدىغان باشقا كىشى بارلىقىغا كېلىپلا قالماي، بەلكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى سۈرلۈك ۋە تەكەببۇرلۇق قىياپەتتە خوجايىنلىق قىلىپ، شېڭ شىسەينى ئىستىللىق دېموكراتىيىگە يات، پارتىيە ئەزالىرىنى «ساقچى دۆلەت»نىڭ ئۇسۇلى بىلەن قوبۇل قىلغان ۋەھاكازا دەپ ئەيىبلىگەن.[62] ئەزەلدىن ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ كەلگەن شىنجاڭ پادىشاھى ـ شېڭ شىسەي قانداقمۇ ئامالسىز قېلىپ، باشقىلارغا بويسۇنۇشنى راۋا كۆرسۇن؟

2. شېڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىن يۆتكىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى سۇرۇشتۇرۇپ بىلىپ قالغان. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرغاچقا سوۋېت ھۆكۈمىتى قاتتىق غەزەپلىنىپ ، ئۇنىڭ شىنجاڭدىن قوغلىنىشىنى ئارمان قىلغان. 1944 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ھەربىي مەمۇرىي مىنىستىرلىك شىنجاڭ مەسىلىسىنى دەپ جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتمەسلىكنى، جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، شېڭ شىسەينى شىنجاڭدىن يۆتكىۋېتىشنى تەكلىپ قىلغان، تاڭ زوڭمۇ شۇ قاراشتا بولغان.[63] 5 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا سوۋېتكە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكەتلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قايتا ـ قايتا بىلدۈرگەن.[64] 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ستالىن ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خاررىمان بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى خېنرى ۋاللاتسېنى ئايرىم ـ

ئايرىم قوبۇل قىلغاندا، شېڭ شىسەينى يۆتكىۋېتىش جۇڭگو- سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.[65] كېيىنرەك ۋاللاتسې ستالىننىڭ شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن يۆتكىۋېتىلسىلا، ئالتايدىكى «ئىسيان» ئۆز-ئۆزىدىن تىنچىيدۇ دېگەنلىكىنى جياڭ جيېشىغا ئۇقتۇرۇپ قويغان.[66] چۇڭچىڭدا مەركەز شېڭ شىسەينى شىنجاڭدىن يۆتكىۋېتىدىكەن دېگەن گەپ بىر مەھەل كەڭ تارقالغان، شېڭ شىسەيمۇ شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي مۇپەتتىشى لو جيالۇندىن بۇ تەكلىپنى كىم بەرگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرگەن.[67] روشەنكى، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇقىنىڭ قۇربانى بولىدىغانلىقىنى، شىنجاڭدىن ھەرقاچان يۆتكىۋېتىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. مۇبادا ئۇ چۇڭچىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قايتىدىن دوست بولۇشسا، بەلكىم ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى پادىشاھلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن بولاتتى. «تۇرىدىغان زېمىن- مىلىتارىستلارنىڭ ھوقۇق ئاساسى ۋە تىرىكچىلىك ئاساسى، مىلىتارىستلار ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلانغاندا، تۇرىدىغان زېمىنىنىڭ قولغا كېلىشى ياكى قولدىن كېتىشىنى، ئامانلىقى ياكى خەتىرىنى مۇھىم ئاساس قىلىدۇ.»[68]؛

3. شېڭ شىسەي گومىنداڭنى تايانغۇدەك كۈچ يوق دەپ ھېسابلىغان. 1943-يىل 9-ئايدا، شېڭ شىسەي چۇڭچىڭغا بېرىپ گومىنداڭنىڭ 5-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 11-ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقاندا، گومىنداڭنىڭ سىياسىي جەھەتتە چىرىكلەشكەنلىكىنى، گۇرۇھلارنىڭ پۈت تېپىشىۋاتقانلىقىنى، ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنىڭ تولىمۇ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلغان. ياپونىيە خېنەن، خۇنەن،

گۋاڭشى ئۈرۈمچىنى قوزغىغاندىن كېيىن، گومىنداڭ بىر پەشۋاغىمۇ يارىماي، نۇرغۇن يەرنى قولدىن بېرىپ، خۇددى قۇملۇق ئۈستىگە سېلىنىپ ھەرقاچان ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ئېھتىمالى بولغان بىناغا ئوخشاپ قالغان. شېڭ شىسەي سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيىنى يەڭگەندىن كېيىن يەنىلا دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەت بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن. ئەگەر گومىنداڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرىنى قايتا تاللايمەن دېسە، «بەلكىم سوۋېت ئىتتىپاقى تايىنىشقا بولىدىغان كۈچ بولالايتتى، يەنە كېلىپ ئۇ چېگرىدا ئۇزۇلۇكسىز چاتاق تۇغدۇرۇپ، شىنجاڭغا خاتىرجەملىك بەرمەيۋاتاتتى».[69]

شۇنىڭ ئۈچۈن شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرىنى كەسكىن قولغا ئېلىپ، «سوۋېت ئىتتىپاقىغا باش قويماقچى بولغان».[70] 8-ئاينىڭ 12-كۈنى، ئۇ ستالىنغا مەلۇم قىلىپ، بۇ قېتىم قولغا ئېلىنغانلار ياپونىيىنىڭ جاسۇسلىرى ياكى كۆك چاپانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى (يەنى جياڭ جيېشىنىڭ ئىشپىيونلىرى) دېگەن: ھەممىدە ئىشەنچلىك ئادىمى ۋاڭ خۇڭزاۋنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ مەركەز ئارمىيىسىنى جايلىشىۋېتىشىنى تەلەپ قىلغان، بۇنىڭ بەدىلىگە شىنجاڭنىڭ ئالتاي ئالتۇن كېنىنى، مايتاغ نېفىتىنى ۋە 450 تۇياق قوينى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.[71] سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئەپسىزلىكىنى سەۋەب قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان. شېڭ شىسەي ليۇ جېڭشىنىڭ 128-شىسىغا ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىنى جايلىشىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، ليۇ جېڭشىن «تەڭ

كېلەلمەيمىز»، «ئەسكىرىي كۈچىمىز يېتىشمەيدۇ، ئويلىنىپ كۆرسىڭىز» دەپ شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا ئۇنىمىغان.[72] شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي كۆڭۈل قويۇپ تۇزۇپ رېژىسسورلۇق قىلغان ئويدان ئويۇننى باشلىغاندىن كېيىن يىغىشتۇرۇۋالالماي قالغان.

شۇ چاغدا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان ئارمىيىسى ئۈرۈمچىنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىش ھالىتىنى ھاسىل قىلغان، جيۇچۈەن ئايرودرومىدىمۇ بىرقانچە ئايروپىلان ھەرقاچان ھۇجۇمغا ئۆتۈپ زەربە بېرىشكە تەييار تۇرغان، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ بىرەر ئىش تەۋرىتەلمەيدىغانلىقىنى پەملىگەن. 8-ئاينىڭ 12-كۈنى، جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىننى قوبۇل قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ يېقىندا ئىستېپا بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. 8-ئاينىڭ 13-كۈنى جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بېرىشقا بۇيرۇغان. 8-ئاينىڭ 16-كۈنى، جۇ شاۋلياڭ بۇيرۇق بويىچە ئۈرۈمچىگە ئايروپىلاندا بېرىپ، شېڭ شىسەيگە ئۇنى مەركەزنىڭ چۇڭچىڭغا يۆتكەپ دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەيدىغانلىقىنى دېگەن، ئۇ سۆزنى سىلىق ئەمما قەتئىي قىلىپ ئېيتقان. ئامەتى قولدىن كەتكەنلىكىنى بىلگەن شېڭ شىسەي بۇيرۇققا قارشىلىق كۆرسىتىشكە كۈچى يەتمەي، 8-ئاينىڭ 19-كۈنى جياڭ جيېشىغا ئىستېپا بەرگەنلىكىنى ئېيتقان.

جياڭ جيېشى خەت يېزىپ شېڭ شىسەينىڭ كۆڭلىنى ياسىغان: «سىز ئىنىم 10 يىل جاپالىق ئىشلەپ، دۆلەت ئۈچۈن چېگرا رايوننى مۇكەممەل ساقلاپ كەلدىڭىز، جاپالىق ئەجرىڭىز، قەيسەر جاسارىتىڭىزنى تەسۋىرلەشكە تىل يەتمەيدۇ،

مىنگودىن بۇيان، چېگرا رايوننى ساقلاشتا سىز ئىنىمدەك خىزمەت كۆرسەتكەنلەر يوق. ھازىر چېگرا رايون ئىشلىرىدىن بوشىنىپ چىقىشقا بەل باغلاپسىز، ئومۇمنى ئويلىغاندىمۇ، شەخسنى ئويلىغاندىمۇ، سىزنى ئۇ يەردە زورمۇ-زور قالدۇرۇش ئەپسىز، شۇڭا سىزنى ئالاھىدە يۆتكەپ دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىگە مىنىستىر قىلماقچى، بۇ تالانتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ پۇتكۇل قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشىڭىز ئۈچۈن پايدىلىق... بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي ئىشلاردا مەن-جۇڭجېڭ سىز ئىنىمغا تولۇق مەسئۇل بولۇپ، ھەممىگە ئىگىدارچىلىق قىلىمەن، غەم-ئەندىشە قىلماسلىقىڭىزنى سورايمەن.»[73] 8-ئاينىڭ 29-كۈنى، جۇڭچىڭدىكى مىللىي ھۆكۈمەت مۇنداق ئېلان قىلغان: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە رەئىسى ھەم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دوبەنى شېڭ شىسەي ئىستېپا بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى، شېڭ شىسەينى ئاساسىي ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇش تەستىقلاندى؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك چېگرا مۇداپىئە دوبەن مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ شېڭ شىسەي دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەندى؛ ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلەندى، ۋۇ جۇڭشىن خىزمەت ئورنىغا يېتىپ بارغۇچە، رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى جۇ شاۋلياڭ ۋاقىتلىق قوشۇمچە ئۆتەپ تۇرىدۇ. «تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، مىنگو تونغرا يولغا قەدەم قويغاندىن بۇيان شىنجاڭ مەنسەپدارلىرىنى رەسمىي مەركەز تەرىپىدىن تەيىنلەش بۇ دا تۇنجى قېتىم بولغان».[74] 9-ئاينىڭ 11-كۈنى، شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن جۇڭچىڭغا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 16 يىلغىچە كونترول قىلىشنى باش قاتۇرۇپ

يىلانلىغان شىنجاڭنىڭ يېرىم بۆلۈنمە ھالىتىگە ئاخىرى خاتىمە بېرىلىپ، ئۇ جۇڭگودىكى مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىنغان.

## ئىزاھلار:

(1) «زۇڭتۇڭ جياڭ ھەزرەتنىڭ ئىدىيە ـ سۆزلىرى ئومۇمىي توپلىمى»، 37 ـ جىلد قوشۇمچە خاتىرىلەر، 105 ـ 107 ـ بەتلەر.

(2)(8) جۇڭگو 2 ـ تارىخ ئارخىپخانىسى تۈزگەن: «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 2 ـ قىسىم، «سىياسىي» (4)، جياڭسۇ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى، 784 ـ بەت.

(3) جياڭ جۇڭجېڭ: «سوۋېت روسىيىسى جۇڭگودا ـ جۇڭگو بىلەن روسىيە كومپارتىيىسىنىڭ 30 يىللىق سەرگۈزەشتىلىرى خاتىرىسى»، تەيبېي، تاڭنۇرى مەدەنىيەت ئىشلىرى شىركىتى 1982 ـ يىل نەشرى، 82 ـ بەت.

(4)(5) تەيبېي، «جۇڭخۇا مىنگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى تۈزگەن: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 1950 ـ يىل نەشرى، 32 ـ بەت.

(6) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 34 ـ بەت.

(7) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 36 ـ بەت.

(9) چىن شياۋيى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭخۇا مىنگونىڭ مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ دەسلەپكى تۈزۈلۈشى ـ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى»، 4 ـ قىسىم، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى قۇرۇلۇش (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى قۇرۇلۇش» دېيىلىدۇ) (4)، تەيبېي، «گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ھەيئىتى»، 1988 ـ يىل نەشرى، 174 ـ بەت.

(10) مەسئۇد (1888 ـ 1952)، شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدىن، ئۇيغۇر. باي

سودىگەر، قوشۇمچە چولڭ پومىشچىك ئائىلىسىدىن. تۈركىيە كونستانتىنپول ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئۇ شۇيەردە پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان. 1915 ـ يىلى ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش نامى ئاستىدا پانتۈركىزملىق پائالىيەتنى ئېلىپ بارغاچقا، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن تەقىب قىلىنغان ۋە قولغا ئېلىنغان. شېڭ شىسەي شىنجاڭدا «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى يولغا قويغاندىن كېيىن، مەسئۇد ئۆزىنى سىغدۇرىدىغان يەر قالمىغانلىقىنى بىلىپ، ھىندىستانغا قېچىپ بارغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىچكىرىگە قايتىپ كېلىپ، گومىنداڭ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، مىللىي ھۆكۈمەت ئەزاسى ۋە گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۇ ئەيسا بىلەن ھەمكارلىشىپ، «تيانشان» قاتارلىق ژۇرناللارنى چىقىرىپ، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغان. 1945 ـ يىلى شىنجاڭغا قايتىپ. ئىلگىرى ـ ئاخىر شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان، كېيىن ئۇ جاھانگىرلىك كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندا شىنجاڭدا تۇرۇپ قالغان. 1951 ـ يىل 4 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىپ قامالغان، كېيىن كېسەل بولۇپ تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتكەن.

(11) مۇھەممەت ئىمىن (1901 ـ 1965). تولۇق ئىسمى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، شىنجاڭنىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىن، ئۇيغۇر. پانتۈركىست. ئۇ 1933 ـ يىل 2 ـ ئايدا قاراقاش ناھىيىسىدە شېرىكلىرىنى توپلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ خوتەننى ئىشغال قىلغان ۋە ئۆزىنى خوتەن پادىشاھى دەپ ئاتىۋالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن گۇما، قاغىلىق، پوسكام، كۆچا، قەشقەر كوناشەھەر قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان. ئۇ ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ۋە كۈشكۈرتۈشى ئارقىسىدا، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان، سابىت

داموللا زۇڭلى بولغان، ئەمەلىي ھوقۇقنى مۇھەممەت ئىمىن ئۆز قولىدا تۇتقان. كېيىنكى يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىپ بارغان گەنسۇلۇق مىللەتارىست ما جۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بەربات بولغان. مۇھەممەت ئىمىن يەنە خوتەنگە چېكىنىپ بېرىپ، باشقىدىن «خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇپ، بىر تۇغقان ئىنىسى مەنسۇرنى پادىشاھلىققا قويغان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنى يەنىلا ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ما خۇسەن نۇرغۇن ئەسكەر باشلاپ بېرىپ بەربات قىلغان، مۇھەممەت ئىمىن ھىندىستانغا قېچىپ بېرىپ، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئىچكىرىگە قايتىپ كېلىپ، مەسئۇد، ئەيسالار بىلەن بىللە پانتۈركىزملىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1945 ـ يىل شىنجاڭغا قايتىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. كېيىن يەنە ئۆستۈرۈلۈپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا، ئۇ جاھىللار بىلەن بىرلىكتە تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇشنى مەخپىي پىلانلىغان، مەغلۇب بولغاندىن كېيىن ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. كېيىن تۈركىيىگە كۆچۈپ بېرىپ، شۇيەردە يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلگەن.

(12) ئەيسا، يەنە بىر ئاتىلىشى ئەيسا بەگ. شىنجاڭنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىدىن، ئۇيغۇر. بالىلىق ۋاقتىدا خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان، چوڭ بولغاندىن كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە تەرجىمان بولغان. كېيىن جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا يۆتكىلىپ كاتىپ قوشۇمچە تەرجىمان بولغان. ئۇ شۇيەردە پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان. ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، نەنجىڭغا بېرىپ گومىنداڭنىڭ قوينىغا كىرگەن، مىللىي ھۆكۈمەت ئەزاسى بولغان. 1945 ـ يىلى شىنجاڭغا قايتىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر شىنجاڭ

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى بولغان. شۇ ئارىدا پانئىسلامىزم، پانتۈركىزملىق پائالىيەتلەرنى ئەسەبىيلىك بىلەن ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى تۆدۆنخېدا «سەنمىنجۇيىچى ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ شۆبىسى»نىڭ 100دىن ئارتۇق ئەزالىرىنى ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتمەكچى بولغان. ئۇ يەنە چىڭخەيدىكى مىلىتارىست ما بۇفاڭنىڭ شىنجاڭغا چېكىنىپ، غەربىي شىمالدا ئاتالمىش «مۇسۇلمان دۆلىتى» قۇرۇشىنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلغان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا، ئەيسا تۈركىيىگە قېچىپ بارغان. كېيىن شۇيەردە شىنجاڭغا قارىتا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

(13) [ئامېرىكىلىق] چې شىشىڭ يازغان، ياڭ يۈنرۇ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان: «جۇڭگودىكى مىلىتارىستلىق»، (1916-1928)، 178-بەت.

(14) لى يىڭچى: «شېڭ شىسەينىڭ جىنايەتلىرى»، (1951-يىل 3-ئاينىڭ 16-كۈنى)، جۇ پېيمىننىڭ «شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي تارىخى (1933-1957)» دېگەن كىتابىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993-يىل نەشر قىلغان نۇسخىسىنىڭ 149-بېتىدىن ئېلىندى.

(15) گو دېچۈەن موسكۋاغا بېرىپ ئىشلەش ئۈچۈن ئۈرۈمچى ئارقىلىق ماڭغاندا، شېڭ شىسەي ئۇنى ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالغان ھەمدە جياڭ جيېشىنى ھۆرمەت قىلىدىغان ھەرخىل ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. گو دېچۈەن موسكۋاغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي مەيداندا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى، جۇڭچىڭدىكى مىللىي ھۆكۈمەت بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلغان.

(16) جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان: «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقىتىم — ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زۇڭنىڭ خاتىرىسى»، ئامما

نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى، 279 ـ بەت.

(17) جياڭ جيېشى شىڭ شىجى بىلەن سۆزلەشكەندە، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ ئارقىلىق توشۇشنى تىلغا ئالغان. ياندا ئولتۇرغان جاڭ يۈەنفۇ جاۋاب قايتۇرۇپ: «شىنجاڭنىڭ ھاۋا، قۇرۇقلۇق قاتنىشىدىن پايدىلىنىشتا قىلچە چاتاق يوق، چاتاق سوۋېت ئىتتىپاقىدا» دېگەن. بۇ گەپ بىلەن شىنجاڭ تەرەپنىڭ شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ قاتناش لىنىيىسىنى راۋانلاشتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرگەن. شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ قاتناش ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇش ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇشتا مۇھىم تەدبىر ھېسابلانغان. چۈنكى مۇناسىۋەتنى ئۈزىمەن دېسە، ئالدى بىلەن جەزمەن ئارىدىكى قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە توغرا كېلەتتى، مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىمۇ ئالدى بىلەن جەزمەن ئىككى تەرەپنىڭ قاتناش ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ ۋاقىتتا شىڭ شىسەي نەنجىڭدىكى مىللىي ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەندە، گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 1933 ـ يىل 12 ـ ئايدا ياۋروپا ـ ئاسىيا شىركىتى ئايروپىلانلىرىنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق ئۇچۇپ ئۆتىدىغان ھاۋا يولىنى توختىتىپ قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا ۋە شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە بارماقچى بولغانلىكى خادىملارنىڭ شىڭ شىسەينىڭ بىۋاسىتە تەستىقىدىن ئۆتۈشى لازىم بولغان. 1938 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، شىڭ شىسەي ئىچكىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ قاتناش ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تەلەپ قىلىپ، قىزىل 8 ـ تۈەننى شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىدىغان دەرۋازا ـ قومۇلدا تۇرغۇزۇپ، شەرقتە شىڭشىڭشيا، ئاراتۇرۇككىچە، شىمالدا باركۆلگىچە، جەنۇبتا لوپنۇر تەرەپكىچە بولغان جايلارنى قاتتىق قامال قىلغان. جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان: «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقىتىم ـ ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زۇڭنىڭ خاتىرىسى»، 279 ـ بەت، ما فېيشيۇڭ:

«شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى پوچتا ئىشلىرىغا بىر نەزەر»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 ـ توپلام، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1979 ـ يىل نەشرى، 141 ـ بەت.

(18)(19) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 56 ـ بەت.

(20)(24) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 70 ـ بەت.

(21) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 55 ـ 59 ـ بەتلەر. ئەسلىنى ئالغاندا، شىڭ شىسەينىڭ شىئەن ۋەقەسى ھەققىدە، شېڭ شىسەينىڭ مەيدانىدا بىر ئۆزگىرىش جەريانى بولغان. شىئەن ۋەقەسىدىن بۇرۇن، جاڭ شۆلياڭ مەخپىي ۋەكىل ئەۋەتىپ شېڭ شىسەي بىلەن غەربىي شىمالدا شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ كۈچى مەركەز قىلىنغان سوۋېتپەرەس ھاكىمىيەت قۇرۇش توغرىلىق ئالاقە باغلىغان. شىئەن ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى»دە دەرھال «ئادەتتىن تاشقىرى سان» چىقىرىلغان ھەمدە كېچىلەپ باش ماقالە يېزىپ جاڭ شۆلياڭ، ياڭ خۇچېڭلارنى قوللاش بىلدۈرۈلگەن. شېڭ شىسەي شىئەن ۋەقەسىنى قوللىمىغان ھەربىيلەرگە: «قول ئاستىدىكىلەرنىڭ باشلىقنى نەزەربەند قىلىپ قويۇشىنى تۆۋەندىكىلەرنىڭ يۇز ئۆرۈگەنلىكى دېسەڭلەر بولمايدۇ، ئۇ كونا قاراش، توغرا ئەمەس. بۇندىن كېيىن مەنمۇ ئەگەر ئىنقىلابقا قارشى تۇرسام، سىلەر ماڭىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلساڭلار بولىدۇ» دېگەن. جاڭ شۆلياڭ، ياڭ خۇچېڭلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا سەككىز تۈرلۈك تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، شېڭ شىسەي تېلېگرامما بېرىپ ھىمايە قىلغان ھەمدە ئۈرۈمچىدە جياڭ جيېشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش تەبرىك يىغىنى ئاچقان، ئادەم ئەۋەتىپ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما ئەزالىرىنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى كوچىلارغا لوزۇنكا چاپلاشقا سەپەرۋەر قىلغان. ئەمما «شىنجاڭ گېزىتخانىسى»نىڭ باشلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى تا س س ئاگېنتلىقىنىڭ قارشى مەيداندا

تۇرغانلىقى ھەققىدىكى ئاخباراتىدىن خەۋەر تاپقاندا، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، سوۋېت تەرەپنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئېنىقلاپ كۆرگەن. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىئەن ۋەقەسىگە قارشى مەيدانىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتخانىسى»غا دەرھال ئۇقتۇرۇش قىلىپ، جاڭ شۆلياڭ، ياڭ خۇچېڭلارنى قوللاش ھەققىدىكى تىزىلىپ بولغان باش ماقالىنى ئالدۇرۇۋەتكەن. شۇ ئىشتىن كېيىن، شېڭ شىسەي دوستلىرى بىلەن شۇ ئىش توغرىلىق سۆزلەشكەندە، شىئەن ۋەقەسى ۋاقتىدا ئالدىنىپ، «ھەممەيلەننى قايمۇقتۇرۇپ قويۇش»قا تاس قالغانلىقىنى، سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ، بولۇپمۇ ھەربىي ھوقۇق تۇتقان كىشىلەرنىڭ «ئۆپكىسىنى باسالماي قېلىش»تىن ساقلىنىشى لازىملىقىنى ئېيتقان. جۇ چۇنخۇي: «شىئەن ۋەقەسىدىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ جىددىي ئۆزگىرىشى»، ۋۇ فۇجاڭ تۈزگەن «شىئەن ۋەقەسىنى بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرۈش خاتىرىسى»، جۇڭگو تارىخ نەشرىياتى 1996 ـ يىل نەشرى، 323 ـ 325 ـ بەتلەر: ئەن جىجيې: «قېرىندىشىم. ئىنقىلابىي قۇربان يۇ شيۇسۇڭنى ئەسلەيمەن»، «شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار تەزكىرىسى خەۋەرلىرى»نىڭ 1993 ـ يىللىق 3 ـ 4 ـ سانىنىڭ 64 ـ بېتىگە بېسىلغان: سەي جىنسۇڭ: «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا». 250 ـ بەت.

(22) بۇ شەرتنامىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا تۆمۈر يول، تاشيول سېلىش ھوقۇقىغا ۋە كان قېزىش، ئولتۇراقلىشىش ھەمدە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنى تۇرغۇزۇش قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە دېگەندىن ئىبارەت.

(23) [ياپونىيىلىك] گوۋۇكوئېر: «جياڭ زۇڭتۇڭنىڭ مەخپىي خاتىرىسى: جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ 80 يىللىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە گۇۋاھلىق»، 13 ـ قىسىم. تەيبېي، «جۇڭياڭ رىباۋ گېزىتخانىسى» تەرجىمە قىلىپ 1976 ـ يىل نەشر قىلغان نۇسخىسى، 61 ـ بەت.

(25) چېن شياۋيى تۈزگەن: «جۇڭخۇا مىنگونىڭ مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ دەسلەپكى تۈزۈلۈشى ـ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش

دەۋرى»، 3 ـ قىسىم، «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە»، (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» دېيىلىدۇ) (2). تەيبېي، «گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ھەيئىتى»، 1881 ـ يىل نەشرى، 438 ـ 440 ـ بەتلەر.

(26) ئاتالمىش «شىنجاڭ ۋەقەسى» 1942 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شېڭ شىسەينىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى شېڭ شىچىنىڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شېڭ شىسەي كېيىنكى كۈنلەردە شىنجاڭغا بارغان جۇ شاۋلياڭغا: شېڭ شىچىنىڭ خوتۇنى چېن شيۇيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان مەسلىھەتچىسى راتوف بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلغان. راتوۋ چېن شيۇيىڭنى ئېرى شېڭ شىچىنى ئۆلتۈرۈشكە كۈشكۈرتكەن ھەمدە شېڭ شىچىنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن چاغدا شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشنى پىلانلىغان دېگەن. جۇ شاۋلياڭ ئەھۋالنى شۇ گەپ بويىچە جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلغان. شېڭ شىچىنى زادى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدە شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىمۇ، ھازىرقى كۈندىمۇ: شېڭ شىسەي ئۆلتۈرگەن، شېڭ شىچى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان، سوۋېتلىك مەسلىھەتچىنىڭ كۈشكۈرتۈشى ئارقىسىدا خوتۇنى چېن شيۇيىڭ ئۆلتۈرگەن دېگەنگە ئوخشاش ھەرخىل گەپلەر بولغان ھەم بولۇۋاتىدۇ. ئەمما بۇ گەپلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئىسپاتلايدىغان ئىشەنچلىك دەلىل يوق. تا ھازىرغا قەدەر، شېڭ شىچىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئۆزى بەلكىم مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەندەك قىلمايدۇ، مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى شېڭ شىسەينىڭ شۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ، سىياسىي جەھەتتە بۇرۇلۇش ياسىغانلىقى، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكى بولسا كېرەك.

(27) جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان: «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقىتىم ـ ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زۇڭنىڭ خاتىرىسى»، 291 ـ بەت.

(28) جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان: «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقىتىم - ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زوڭنىڭ خاتىرىسى»، 294 - 295 - بەتلەر.

(29) جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئارخىپخانىسى تۈزگەن: «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقىتىم-ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زوڭنىڭ خاتىرىسى»، 300 - بەت.

(30) [ئامېرىكىلىق] خۇاڭ رېنيۇ: «جياڭ جيېشىنىڭ خاتىرىسىنى بۈيۈك تارىخ نۇقتىسىدىن ئوقۇش»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى، 297 - بەت.

(31) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئېلان قىلىنمىغان كۆچۈرمە نۇسخا. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ ئورنى ماتېرىيال بۆلۈمىدە ساقلانغان.

(32) [ياپونىيىلىك] گۇۋۋكۇيئېر: «جياڭ زۇڭتۇڭنىڭ مەخپىي خاتىرىسى: جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ 80 يىللىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە گۇۋاھلىق»، 13 - قىسىم، 62 - بەت؛ جاڭ داجۇن: «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 4907 - بەت.

(33) [ياپونىيىلىك] گۇۋۋكۇيئېر: «جياڭ زۇڭتۇڭنىڭ مەخپىي خاتىرىسى: جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ 80 يىللىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە گۇۋاھلىق»، 13 - قىسىم، 64 - بەت.

(34) «شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئومۇمىي پىلانى»دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ياپون باسقۇنچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىمالدىن ھۇجۇم قىلغان ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيىدىن ھەربىي جەھەتتە پاجىئەلىك يېڭىلگەن ۋەياكى ئۆزىمىزنىڭ خەلقئارا ئورنىغا تېخىمۇ پايدىلىق بولغان باشقا پەيتتىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 8 - تۇەنىنى ۋە ھاۋا ئارمىيىسى، ئۇرۇش ماشىنىلىرى قاتارلىق قىسىملىرىنى چېكىندۇرۇش ھەققىدە

سۆھبەت» ئۆتكۈزۈش.

(35) «زۇڭتۇڭنىڭ چوڭ ئىشلىرى»، 4- توم، 1987- بەت، [ئامېرىكىلىق] خۇئۇنخام گاۋېرنىڭ «شىنجاڭ ئۇرۇش مەيدانى»دىن ئېلىنىدى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېقىنقى زامان تارىخ ئورنى «چەت ئەللەردە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات» تەھرىر بۆلۈمى تۈزگەن «چەت ئەللەردە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات»، 20- قىسىم، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1992- يىل نەشرى.

(36) جۇڭگو تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانلىغان ئايروپىلان تىپىدىن نارازى بولۇپ، E16 ماركىلىق ئايروپىلاننىڭ ئۈنۈمى ياخشى ئەمەس، SB ماركىلىق ئايروپىلان يېقىنقىلا ئۇچالايدۇ، ھەر ئىككىسى ھاجەتكە باب كەلمەيدۇ. ئەگەر زاۋۇت سېلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا توغرا كەلسە، ئەڭ يېڭى ۋە ئىشلىتىشكە باب ئايروپىلانلارنى ئىشلەپچىقىرىش كېرەك، ئۇنداق قىلماي كونا تىپتىكى ئايروپىلانلارنى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇت سېلىمىغانغا باراۋەر بولىدۇ دېگەن. «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2)، 522- بەت.

(37) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5- توپلام 2- قىسىم، «سىياسىي» (4)، 803- بەت.

(38) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2)، 536- بەت.

(39)(51)(53) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2)، 447- بەت.

(40)(45)(54) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2)، 450- بەت

(41) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2)، 451–452- بەت.

(42) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 80- 81- بەتلەر.

(43)(44) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 118- 119- بەتلەر.

(46)(47) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 123- بەت.

(48) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى». 126 ـ بەت.

(49) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2). 448 ـ بەت.

(50) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل». 5106 ـ بەت. تۈزۈلگەن پىلان دېگىنى 8 ـ ئۇرۇش رايونى كوماندىرلار بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭدىن بارلىق ھەربىي قىسمىنىڭ بەلگىسى. شىتاتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماتېرىياللىنى تەپسىلىي مەلۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شېڭ شىسەي سوۋېت تەرەپتىن قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىزىل 8 ـ تۈەننى قانداق قىلىشىنى سورىغان. ئەگەر مەلۇم قىلسا، بۇ تۈەننى جۇڭگونىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئالدىنقى سېپىدە ئۇرۇش قىلىشقا يۆتكەش ئېھتىمالى بار ئىكەن. مەلۇم قىلمىسا يوشۇرۇپ قېلىش تەس ئىكەن.

(52) [ئامېرىكىلىق]گاۋۇرون يازغان، ليۇ جىدو تەرجىمە قىلغان: «رەقىب ۋە ئىتتىپاقچى دوست». ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى نەشرىياتى. 1992 ـ يىل نەشرى. 211 ـ بەت.

(55) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2). 439 ـ 440 ـ بەتلەر.

(56) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل». 5120 ـ بەت.

(57) جياڭ جيېشىنىڭ 1944 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى خاتىرىسى. جاڭ جىڭگو: «بوران ـ چاپقۇن ئىچىدىكى جىمجىتلىق»، تەيبېي. تاڭنۇرى مەدەنىيەت ئىشلىرى شىركىتى 1977 ـ يىل نەشرى. 40 ـ بەت.

(58)(59)(60) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2). 460 ـ بەت.

(61)(67) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 5954 ـ 5955 ـ بەتلەر.

(62) جىن شاۋشيەن: «گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 2 ـ توپلام.

(63) جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان: «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقتىم ـ

ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زوڭنىڭ خاتىرىسى»، 419 ـ بەت.
(64) شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى يېزىش ھەيئىتى تۈزگەن: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىل نەشرى، 10 ـ بەت.
(65)(66) «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم ئىشلار خاتىرىسى»، 12 ـ 13 ـ بەتلەر.
(68) گاۋ يى:«جياڭ جيېشى ۋە غەربىي شىمالدىكى ما فامىلىلىك توٓت شەخس»، ساقچى ـ كوماندىرلار مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىل نەشرى، 78 ـ بەت.
(69) سەي جىنسۇڭ: «شىڭ شىسەي شىنجاڭدا»، 390 ـ بەت.
(70) جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان: «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقىتىم ـ ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زوڭنىڭ خاتىرىسى»، 452 ـ بەت.
(71) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 5960 ـ بەت.
(72) «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا بالايىئاپەت كەلتۈرگەنلىكىگە دائىر خاتىرىلەرنىڭ 2 ـ سى»، 1945 ـ يىل مىخ مەتبەئە نۇسخىسى.
(73) لىن جېڭيەن: «شېڭ شىسەينىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى»، تەيبېي، «تەرجىمىھال ئەدەبىياتى»، 55 ـ جىلد 2 ـ سان.
(74) جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان: «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقىتىم ـ ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زوڭنىڭ خاتىرىسى»، 460 ـ بەت.

# ئىككىنچى قىسىم

## گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتى

## I باب شنجاڭغا بۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى چاغلاردا: مۇستەبىت ـ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىتىلىشى

### 1 ـ پاراگراف خەلق ئۈستىدىكى ئىدىيىۋى كونتروللىنىڭ كۈچەيتىلىشى

#### بىرىنچى، جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭغا كىرىدىغان پارتىيە خادىملىرىغا كۆرسەتكەن يوليورۇقى

جياڭ جيېشى غەربىي شىمالدىكى پارتىيە خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇ 1942 ـ يىلى غەربىي شىمالنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: «ئومۇمەن مەسىلەكنى تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى ئويغىتىش، ئاممىنى تەربىيىلەش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە پارتىيە رەھبەرلىك قىلىشى لازىم»، «پارتىيىنىڭ ئۆلىنى مۇستەھكەم قۇرۇش ـ سەنمىنجۇيىنى ئىجرا قىلىپ يېڭى غەربىي شىمالنى بەرپا قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش» دەپ ئالاھىدە كۆرسەتكەن.[1] 1943 ـ يىل 1 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى شىنجاڭدا قۇرۇلغان، جياڭ جيېشى ئۇنى شىنجاڭغا كۈچ سىڭدۈرۈشتىكى «تېپىلماس پۇرسەت» دەپ بىلىپ، شىنجاڭدا ئىشلەشكە بېرىش ئالدىدا تۇرغان پارتىيە

خادىملىرىغا مەخسۇس يوليورۇق كۆرسەتكەن:

«يولداشلار، ھەرقايسىڭلار بۇ قېتىم شىنجاڭغا بېرىپ ئىشلەشكە تەيىنلەندىڭلار، ئۈستۈڭلەرگە ئالغان مەسئۇلىيەتنىڭ چوڭلىقىنى بىلىشىڭلار، بولۇپمۇ پارتىيە - دۆلەتنىڭ ھەرقايسى سىڭلاردىن كۈتكەن سەممىي ئۈمىدىنى ھەرقاچان ئەستە تۇتۇپ، قېتىرقىنىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، پارتىيە - دۆلەتنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىشىڭلار، بۇرچۇڭلارنى يەردە قويماسلىقىڭلار لازىم. بۇ قېتىم ئەۋەتىلىدىغان پارتىيە خادىملىرى ھەرقايسى تارماقلاردا ئىشلەۋاتقان يولداشلارنىڭ سەركىسى، شۇنداقلا بۇ پارتىيىمىزنىڭ يولداشلارنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە تۇنجى قېتىم ئەۋەتىشى، بۇ ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقى پارتىيە - دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا چوڭقۇر ۋە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئەقىل - پاراسىتىڭلارنى ئالاھىدە جارى قىلدۇرۇپ، سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىشىڭلار لازىم. بولۇپمۇ شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، شىنجاڭ ئىچكىرىنىڭ مۇھىتى ئىچكىرىنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتىمۇ مۇرەككەپ، بىز بارلىق خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ھەر جاينىڭ ۋاقىت - شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرگىنىمىزدىلا ئۈنۈم ھاسىل قىلالايمىز... بولۇپمۇ ئۆزۈڭلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتىڭگە ھەقىقىي تۈردە دىققەت قىلىشىڭلار، خىزمەتنى ئىجتىھات ۋە قىزغىنلىق بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئىشلىشىڭلار، ھامان ئاز سۆزلەپ، كۆپرەك ئىشلىشىڭلار لازىم، شۇندىلا يەرلىك ئورۇنغا ئۆلگە كۆرسىتىپ، ئۆتمۈشتىكى ئاداۋەتلىك كۆزقاراشنى ئۆزگەرتەلەيسىلەر». «ئۈنىڭدىن باشقا يولداشلار پارتىيىنىڭ تەشكىلى ۋە ئىنتىزامىغا بىردەك ئەھمىيەت بېرىشىڭلار لازىم، سىلەر شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، تۇرىدىغان جايىڭلار پەرقلىق، كەسىپىڭلار ئۆزگىچە بولىدۇ، ئەمما بارلىق سۆز - ھەرىكىتىڭلارنى، تەشەببۇسىڭلارنى، پوزىتسىيەڭلەرنى پارتىيىنى ئاساس قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ قارارلىرىنى

ئۆزۈل-كېسىل ئىجرا قىلىشىڭلار، پارتىيە رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇشىڭلار لازىم، قەدىمىڭلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، سۆزۈڭلەردە ئىختىلاپ تۇغدۇرۇپ، كىشىلەرنى كىمگە ئەگىشىشنى بىلەلمەيدىغان قىلىپ قويۇشتىن، ناچار تەسىرات پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىشىڭلار لازىم...(يولداشلار) شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، تەشكىلگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەممەيلەننى گۇرۇپپىغا ئايرىپ، ھەر ھەپتىدە گۇرۇپپا مەجلىسى ئۆتكۈزۈپ، كەسپىي ئىشلارنى تەكشۈرۈپ، ئىتتىپاقلىق روھىنى ئۆستۈرۈشىڭلار لازىم. يولداشلار گۇرۇپپا يىغىنىنىڭ قارارىغا، گۇرۇپپا يېتەكچىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە بىردەك رىئايە قىلىشى لازىم، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قائىدىسى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىلىشىگە تېگىشلىك ئىشلىرى پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلىرىمىزنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى جاۋابكارلىق بىلەن تولۇق ئادا قىلىشىدىكى قىبلىنەما، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ئىجچىللاشتۇرۇش لازىم...شىنجاڭدا پارتىيە خىزمىتىنى يولغا قويۇش بىرقەدەر كېچىكتى، سەنمىنجۇيىلىق ئىدىيە تېخى ئومۇملاشتۇرۇلغىنى يوق، سىلەر شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، مەركەزنىڭ سەممىي، پاك نىيىتىگە ئاساسلىنىپ، قىلچە ھوقۇقپەرەسلىك ئىدىيىسىنى ئارىلاشتۇرماي، پۈتۈنلەي سەنمىنجۇيىنى تەشۋىق قىلىش، سەنمىنجۇيىنى يولغا قويۇشنى مەجبۇرىيەت قىلىدىغان بولساڭلار، يەرلىك قېرىنداشلارنى چوقۇم تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنى پارتىيىمىزگە قاتنىشىپ، سەنمىنجۇيىنى يولغا قويۇپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدىغان قىلالايسىلەر! قىسقىسى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى سەنمىنجۇيىنىڭ ئىزىغا سېلىش، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھەرىكىتىنى يېتەكلەش ئارقىلىق پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش-مەركەزنىڭ ھەرقايسىڭلاردىن كۈتىدىغان ئەڭ زور ئۈمىدى، شۇنداقلا بۇ

ھەرقايسىڭلارنىڭ پۈتۈن كۈچۈڭلارنى بېغىشلاپ، تىرىشىپ ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان مەقسىتىڭلار»، «ئايال يولداشلار شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەرلىك ئاياللار بىلەن ئالاقە باغلاشقا دىققەت قىلىپ»، شىنجاڭ ئاياللىرىغا تەسىر كۆرسىتىشى لازىم.[2]

گومىنداڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن پارتىيە خادىملىرى كۆڭۈل قويۇپ تاللانغان ھەمدە گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لياڭ خەنساۋ شىنجاڭدىكى پارتىيە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. جياڭ جيېشى ئىلگىرى شىنجاڭدا ئىشلەپ كەلگەن خادىملارنىڭ ئىدىيە جەھەتتە يارامىلىق بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان ھەمدە شىنجاڭغا بارىدىغان بارلىق خادىملارنى ئالدى بىلەن مەركىزىي تەلىم-تەربىيە ئۆمىكىدە تەربىيىلەپ ئاندىن يولغا سېلىشنى بەلگىلىگەن.[3]

## ئىككىنچى، «شىنجاڭنى پارتىيە قېلىپىغا سېلىش» يولىدىكى خىزمەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن پارتىيە خادىملىرىنى قوغلاش بىلەنلا قالماي، ئۆزىنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسىتى» بىلەن توقۇنۇشقان ۋە گومىنداڭنىڭ يۇقىرى قاتلىمى بىلەن ئالاقىسى بولغان مەنسەپدارلارنىمۇ قوغلىغان ياكى قاماققا ئالغان ھەتتا ئۆلتۈرگەن. مەكتەپلەردىكى پارتىيە مەسلىكى دەرسىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرغان، سەنمىنجۇيىغا ئائىت كىتابلارنى پۈتۈنلەي سېتىشتىن توختاتقان، ھەرقايسى كۇتۇپخانىلاردا ساقلانغان سەنمىنجۇيىغا ئائىت كىتابلارنىڭ بەزىلىرىنى كۆيدۈرگەن، بەزىلىرىنى پېچەتلىگەن.[4] شىنجاڭ خەلقى سەنمىنجۇيىدىن

ناھايىتى ئاز خەۋەر تاپقان. شۇڭا گومىنداڭ شىنجاڭنى «پارتىيىنىڭ تەسىرى يوقمىغان، ئىدىيە جەھەتتە ئىختىلاپلىق» جاي دەپ ھېسابلىغان.

جياڭ جيېشى شىنجاڭغا بارغان پارتىيە خادىملىرىغا چوڭقۇر ئۈمىد باغلاپ، شۇلارنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق شىنجاڭدا سەنمىنجۇيىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى جياڭ جيېشىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىكتە، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ماسلىشىپ، ئىككى تەرەپتىن تەڭ تۇتۇش قىلىپ، «شىنجاڭنى پارتىيە قېلىپىغا سېلىش» تىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېزدىن قانات يايدۇرغان، جياڭ جيېشىنىڭ يولىيورۇقىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرگەن.[5]

تەشكىل جەھەتتە. (1) پارتىيىگە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلغان. 1943-يىل 1-ئايدىن 1945-يىل 3-ئايغىچە شىنجاڭدا 21696 كىشىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلغان، بۇلارنىڭ 44.4%ىنى ئۇيغۇرلار، 35.3%ىنى خەنزۇلار، 5.7%ىنى خۇيزۇلار بىلەن قازاقلار، 8.9%ىنى باشقا مىللەت پارتىيە ئەزالىرى تەشكىل قىلغان. (2) ناھىيىلىك، رايونلۇق ۋە شۆبە رايونلۇق پىرقە بۆلۈملىرىنى قۇرغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈم قۇرۇلۇپ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈملىرىنى قۇرۇش باشلانغان، 1943-يىلى ئۈرۈمچى قاتارلىق 31 ناھىيىدە ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈمى قۇرۇلغان، 2-يىلى يەنە پىچان قاتارلىق 23 ناھىيىدە ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈمى قۇرۇلغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، رايونلۇق ۋە شۆبە رايونلۇق پىرقە بۆلۈملىرى ئايرىم قۇرۇلغان، پارتىيە ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ قەرەللىك پائالىيەت ئېلىپ بارغان، 1945-يىل 3-

ئايغىچە 147 رايونلۇق پىرقە بۆلۈمى، 844 شۆبە رايونلۇق پىرقە بۆلۈمى قۇرۇلغان، 2258 گۇرۇپپا تۈزۈلگەن. (3) مەمۇرىي تەپتىشلىك ۋىلايەتلىرىدە پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىسى تەسىس قىلىنغان. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ بولغانلىقى، ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ ناھىيىلەردىكى پارتىيە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشى قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، مەمۇرىي تەپتىشلىك ۋىلايەتلىرىدە پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنى ۋالىيلار قوشۇمچە ئۆتىگەن.

تەلىم-تەربىيە جەھەتتە. (1) پارتىيە كادىرلىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلىگەن. ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى پارتىيە كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن، ئۆز ئالدىغا ئىككى قارار پارتىيە ئىشلىرى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچقاندىن تاشقىرى، مەركىزىي تەلىم-تەربىيە ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 1945-يىل 3-ئايغىچە ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈملىرىگە كېرەكلىك كادىردىن جەمئىي 385نى تەربىيىلىگەن؛ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا خىزمەت جەھەتتىكى يېتەكچىلىك ۋە تەربىيىنى كۈچەيتكەن، ھەممىشە بىۋاسىتە قاراشلىق رايونلۇق پىرقە بۆلۈملىرىنىڭ ئەزالىرىنى، شۆبىلىرىنى، گۇرۇپپا باشلىقلىرىنى يىغىپ خىزمەتنى تەكشۈرۈش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە يېتەكچىلىك قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، تەلىم-تەربىيە پىلانى ۋە يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلىگەن، 1945-يىل 3-ئايغىچە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدىن جەمئىي 403 كىشىنى تەربىيىلىگەن؛ يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەشمۇ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ ھەممىشە چىڭ تۇتىدىغان خىزمىتىگە ئايلانغان. 1943-يىلى يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيە گۇرۇپپىسى شەكلى بىلەن

تەربىيىلىگەن بولسا، 1944 ـ يىلىدىن باشلاپ يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنگە قاراپ ئا، ب، ت دېگەن ئۈچ خىل لايىھە بويىچە تەربىيىلىگەن. 1945 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە يېڭى پارتىيە ئەزالىرىدىن جەمئىي 16000 كىشىنى تەربىيىلىگەن. (2) تەلىم ـ تەربىيە ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ ۋە تەرجىمە قىلىپ تارقاتقان. ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى «پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلىرى»، «يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش تېزىسى»، «يىغىلىش ساۋاتلىرى» دېگەنگە ئوخشاش ماتېرىياللارنى تۈزۈپ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە بەرگەن؛ مەركىزىي پىرقە بۆلۈمى تۈزگەن تەتقىقات مۇھاكىمە تېزىسىنى تارقىتىپ ۋە ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى ئۆزى تۈزگەن تەتقىقات تېزىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى يىغىنىنىڭ مۇھاكىمە ئاساسى قىلغان؛ تۈرلۈك سىياسىي ئاخباراتلارنى تارقاتقان ھەمدە شۇ ئاخباراتلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئازسانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە تەقدىم قىلغان.

پارتىيە، جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى جەھەتتە. (1) پارتىيە ئەزالىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ خەلق تەشكىلاتلىرىنى قۇرغۇزغان. 1944 ـ يىلى قۇرغۇزغان خەلق تەشكىلاتلىرى ئۇرۇمچى شەھەرلىك تۈگمەنچىلىك كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى، سەنئەت تەتقىقات ئۇيۇشمىسى، چېگرا ئاۋازى تىجارەت جەمئىيىتى، ناھىيىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، ناھىيىلىك مائارىپ ئۇيۇشمىسى، ھەر ساھە كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، شىنجاڭدا ئىلگىرىدىن بولۇپ كەلگەن ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش باش ئۇيۇشمىلىرى ۋە رايونلۇق شۆبە ئۇيۇشمىلىرى، ئۆلكىلىك مائارىپ ئۇيۇشمىسى ئۇستىدىكى كونترولنى كۈچەيتكەن ھەمدە ئۆلكىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر باش ئۇيۇشمىسىنى ئۆلكىلىك

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئۆلكىلىك سودا ئۇيۇشمىسى دەپ ئۆزگەرتكەن، ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنى ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ناھىيىلىك سودا ئۇيۇشمىسى دەپ ئۆزگەرتكەن. (2) پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتكەن. 1942 ـ يىلى جياڭ جيېشى غەربىي شىمالنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، «يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتى بىلەن ھۆكۈمەت بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىشى لازىم»، ناھىيىنىڭ ھاكىمى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسا ۋە پارتىيە ئەزاسى بولسا، «ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ باش شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى شۇ قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىشى لازىم» دېگەننى تەكىتلىگەن[6]. شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى جياڭ جيېشىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن بىر مەسلىھەتكە كېلىپ، بىر قىسىم ناھىيىلەردە ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ باش شۇجىسىغا قوشۇمچە ھاكىملىقنى ئۈستىگە ئالدۇرغان ياكى ھاكىمغا ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ باش شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالدۇرغان. 1943 ـ يىل 5 ـ ئايدىن تارتىپ، شىنجاڭ يەنە ئۆلكىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت بىرلەشمە يىغىنى ۋە ئۆلكىلىك ئالاھىدە گۇرۇپپا يىغىنى ئېچىش يولى ئارقىلىق پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتكەن، ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ باش شۇجىسى ۋە ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈملىرىنىڭ باش شۇجىلىرى قانۇن بويىچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىغا ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشالايدىغان بولغان.

تەشۋىقات جەھەتتە. (1) رادىئو تەشۋىقاتى. ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى شېنجاڭ پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى ئورۇمچىدە تەسىس قىلغان سىملىق رادىئو ئىستانسىسىدىن پايدىلىنىپ، 1943 ـ يىل 5 ـ ئايدىن باشلاپ، ھەر كۈنى شۇ ئىستانسىدا ئىككى خىل ئالاھىدە نومۇر بەرگەن، ئۇنىڭدا گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ

مەسىلىكى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ يولىيورۇقلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان، بىرقانچە نومۇر ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر تىلىدا ئاڭلىتىلغان. (2) كىتاب-ژۇرناللارنى تۈزۈپ ۋە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى پارتىيە مەسىلىگە دائىر كىتاب-ژۇرناللارنى تۈزۈش، تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش ئىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، 12 خىل كىتابنى 83500 تىراژدا كۆچۈرۈپ باسقان، 11 خىل كىتابنى 63000 تىراژدا تۈزۈپ باسقان، 89000 تىراژلىق 11 خىل كىتابنى تەرجىمە قىلدۇرغان؛ ئۈنىڭدىن باشقا، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدا «يېڭى شىنجاڭ» دېگەن ئايلىق ژۇرنالنى تەھرىرلەپ چىقارغان، «چېگرا شامىلى» ۋاقىت گېزىتى قاتارلىقلارنى قەرەلسىز نەشر قىلدۇرغان. (3) خاتىرە يىغىنلىرىنى، مۇسابىقە يىغىنلىرىنى ۋە كۆرگەزمىلەرنى ئۆتكۈزگەن. ھەربىر خاتىرە كۈنى بولغاندا، ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى ھەر ساھە زاتلىرى قاتناشقان چوڭ يىغىنلارنى ئېچىپ، تەشۋىقات دوكلاتى بەرگەن ياكى نۇتۇق سۆزلىگەن؛ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن يۇقىرى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا سەنمىنجۇيى ھەققىدە يېزىلغان ماقالە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن؛ ئۈنىڭدىن باشقا جياڭ جيېشىنىڭ ھەرخىل چوڭ سۈرۈنلاردىكى پائالىيەتلىرىدىن تارتىلغان سۈرەت قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان كۆرگەزمىلەرنى ئۆتكۈزگەن.

1944-يىل 10-ئايدا مەنسەپكە ئولتۇرۇپ شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولغان ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جيېشىنىڭ مەقسىتىگە بەكرەك ئەمەل قىلىپ، شىنجاڭنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى «ئاساسلىقى ئالتە بۈيۈك سىياسەت سىياسىي ئاستىدىكى شىنجاڭنى سەنمىنجۇيى سىياسىي ئاستىدىكى شىنجاڭغا ئايلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت دەپ قارىغان.[7] شۇڭا، ۋۇ جۇڭشىن شۇچاغدا شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەت تىللىرىدىكى ئوخشاشماسلىق

ئەھۋالى ۋە ساۋاتسىزلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆزدە تۇتۇپ، «تەشۋىقات يولى»دا «كىنونى ئەڭ ياخشى قورال» ھېسابلاپ، جياڭ جيېشىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە شىنجاڭغا خادىم ئەۋەتىش ۋە «قىممىتى بار كىنو فىلىملىرى»نى كۆپرەك بېرىش ئارقىلىق «تەشۋىقات» ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشىنى تەكلىپ قىلغان.[8] جياڭ جيېشى بۇ تەكلىپكە قوشۇلغان.[9] شۇ كەملەردە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن بىرمۇنچە كىنو فىلىملىرى ۋە ھۆججەتلىك خىرونىك فىلىملارنىڭ شىنجاڭدا قويۇلغانلىقى ئەنە شۇ سىياسىي مەقسەتنى ئاساس قىلغان. ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى تۇسۇش ئۈچۈن، دىنىي، فېئودال كۈچلەر بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇشقان. ئۇ ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىگە سۆز قىلىپ: شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئاساسەن، دىنىي كۈچلەرگە تايانماي تۇرۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم دېگەن «يامان ئېقىم»نى تۇسۇش مۇمكىن ئەمەس، دىنىي كۈچلەرنى سەنمىنجۇيى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، ئىككى جەھەتتىن تەڭ تۇتۇش قىلغاندىلا، شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى ياتلار ئازدۇرالمايدۇ دېگەن.[10] ئۇ فېئودال يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىگە: «كوممۇنىزم خەلقنى ئېزىدۇ»، «يولباشچىلارنى يوقىتىدۇ»، ئۇ پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن چوڭ ئاپەت، يالغۇز ئىسلام دىنىغا تايىنىش بىلەن «كوممۇنىزمنىڭ دولقۇنىنى توسقىلى بولمايدۇ»، پەقەت سەنمىنجۇيىنى يۆلەكچى قىلغاندىلا ئاندىن ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ دېگەن.[11] ۋۇ جۇڭشىن خۇيزۇ پارتىيە خادىملىرىغا تېخىمۇ سەمىمىي ئۈمىد باغلاپ، ئۇلارنىڭ خۇيزۇ مۇخلىسلار بىلەن كۆپرەك ئالاقە باغلاپ، «ئۆز پارتىيىسىنىڭ مەسلىكىنى ھامان سىڭدۈرۈپ، خەلقنىڭ سەنمىنجۇيىغا بولغان ئېتىقادىنى چىڭىتىشى»نى تاپىلىغان.[12] گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پەش قىلغان سەنمىنجۇيى شىنجاڭدا

فېئودال دىنىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ يولغا قويۇلغان، بۇنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ ئاتالمىش سەنمىنجۇيىسىنى «ئىنقىلابىيلىقى»غا نىسبەتەن قالتىس مەسخىرە ۋە تەنقىد.

## ئۈچىنچى، مائارىپ ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، كوممۇنىستلارنىڭ تازىلىنىشى

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشقان چاغدا، خەلقنىڭ «ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگىنىشى»گە يول قويغان، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرىمۇ «پۇرسەتتىن پايدىلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ»، «ياش زىيالىيلار ئارىسىدا ماركسىزم - لېنىنىزم»نى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش فاڭجېن - سىياسەتلىرى»نى تەشۋىق قىلغان.[13] شۇڭا، جياڭ جېيشى شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى مەمۇرلارنى «كومپارتىيىنىڭ كاشىلىسى ۋە تەھدىتىنىڭ ئازابىنى بەك تارتقان»، ئاياللارمۇ «كومپارتىيىنىڭ قاتتىق قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان» دەپ ھېسابلىغان.[14] گومىنداڭنىڭ باشقا كىشىلىرىمۇ شۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ جارسالغانكى، سوۋېتتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ۋە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ سىياسىي تەلىم - تەربىيە كەسپىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ «تەسىرىنى چوڭقۇر يۇقتۇرغان»، «قاتتىق زەھەرلەنگەن»، ھەتتا ناھىيىلەردىكى ئاددىي دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان.[15] جياڭ جېيشى بۇنىڭغا قاتتىق ئۆچمەنلىك

قىلىپ، ئۇلار «پارتىيىمىزنىڭ ئىشلىرىنىڭ قانات يېيىشىغا ئىنتايىن زور توسقۇنلۇق قىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ئىرىشىپ خاتىمە بەرگەندىلا مەسلىكىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىگە ئاندىن يېتەلەيمىز» دېگەن.[16]

شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى جياڭ جيېشىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشكەن، شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى ئىدارە، مەكتەپ ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا ساقلانغان ئىلغار كىتاب-ژۇرناللارنى بىر-بىرلەپ ساناپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى كىتاب-ژۇرناللاردىن جەمئىي 35000 نۇسخىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن؛ شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى كىتابخانىلاردا سېتىلىدىغان كىتابلارنى ئۇزۇل-كېسىل تەكشۈرۈپ، ئىلغار كىتاب-ژۇرناللاردىن 80 نەچچە خىلنى چەكلەپ ساتقۇزمىغان ۋە تاپشۇرۇۋالغان؛ ھەرقايسى تىياتىر ئۆمەكلىرى، مىللىي مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى، مەكتەپلەردە ئوينىلىدىغان نومۇرلارنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ، 15 خىل ئويۇن نومۇرىنى چەكلەپ ئويناتقۇزمىغان؛ شىنجاڭدا قويۇلغان سوۋېت كىنولىرىنى تاللاپ، قىيىپ رەتلەپ، 22 خىل فىلىمنى چەكلەپ قويغۇزمىغان، سەككىز خىلنى قىيىپ رەتلىگەندىن كېيىن قويۇشقا رۇخسەت قىلغان.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن شېڭ شىسەي ئاچقان ھەرخىل نامدىكى سىياسىي كۇرسلارنى توختاتقان، مەكتەپ تەربىيىسىدە سەنمىنجۇيىغا زىت كېلىدىغان مەزمۇنلارنى چىقىرىۋېتىپ، پۈتۈنلەي مائارىپ مىنىستىرلىكى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن دەرسلىكلەرنى قوللانغان، ئىچكىرىدىن سىياسىي تەربىيە ئالغان ئوقۇتقۇچىلارنى شىنجاڭدا ئوقۇتقۇچى بولۇشقا ئەۋەتكەن. گومىنداڭنىڭ مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى ناھىيە-بازار ۋە يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە رايونلۇق شۆبە پىرقە

بۆلۈملىرىنى ئومۇمىي تۈردە قۇرۇشنى تەكىتلىگەن: ھەربىر مەركىزىي مەكتەپتە بىردىن ئادەمنى پارتىيە ياكى ئىتتىپاقنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىشقا قويغان.[17] شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى ھەرقايسى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىپ، شۇ مەكتەپلەردە بىۋاسىتە قاراشلىق رايونلۇق پىرقە بۆلۈملىرىنى قۇرغاندىن تاشقىرى، ئوقۇغۇچىلاردىن گومينداڭغا كۆپلەپ ئەزا قوبۇل قىلغان. «زەھەرلەنگەنلەر»گە قارىتا گومينداڭ ھۆكۈمىتى ھەرخىل سىياسىي كۇرسلارنى ئېچىپ، «مېڭە تازىلاش» ئېلىپ بېرىپ، سەنمىنجۇيىلىق ئىدىيىنى مەجبۇرىي سىڭدۈرگەن. گومينداڭنىڭ بۇ خىزمەتلىرى مەلۇم ئۇنۇمگە ئىگە بولغان، ھەتتا «ئۆتمۈشتىكى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ كونا ئەزالىرى»نىڭمۇ «كۆپ قىسمى ئاينىپ»، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت نەزەرىيىسىگە ھېرىسمەنلەر ناھايىتى ئاز قالغان».[18]

شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن كوممۇنىستلارنى جياڭ جيېشى ئىچ-ئىچىدىن يامان كۆرگەن. 1943-يىل 3-ئايدا، جياڭ جيېشى ھەربىي سوت مەھكىمىسى ئومۇمىي تەپتىشلىك بۆلۈمى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن «سوتچىلىق ئۆمىكى»نىڭ مۇھىم ئەزالىرىنى قوبۇل قىلغان چېغىدا: «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇھىم خادىملىرىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش، باشقا مۇھىم خادىملىرىنىمۇ قاتتىق جازالاش لازىم»، «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىنى چوقۇم تازىلاش كېرەك»دەپ يوليورۇق كۆرسەتكەن.[19] 1943-يىل 9-ئاينىڭ 27-كۈنى، شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇھىم رەھبەرلىرى چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلارغا مەخپىي ئۆلۈم جازاسى بەرگەن.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى كومپارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى باشقا ئەزالىرىنىمۇ ئۇزاق ۋاقىت قاماپ قويغان. 1945 - يىلى «10 - ئۆكتەبىر كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىنمۇ، گومىنداڭ سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىشنى داۋاملىق رەت قىلغان. 1946 - يىل 4 - ئايغا كەلگەندىلا، گومىنداڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ۋە جامائەتچىلىكنىڭ بېسىمى ئاستىدا: «شىنجاڭدىكى بىرقانچە كومپارتىيە دېلوسى»نى «رەئىس جاڭ جىجوڭ بىر تەرەپ قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.[20] لېكىن ئەمەلىيەتتە جاڭ جىجوڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرىنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنسا، جياڭ جېيشى يەنىلا «بىر قارارغا كېلەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرگەن».[21] جاڭ جىجوڭ قايتا - قايتا تېلېگرامما بېرىپ: جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇھىم ئادەملىرى ئۆلتۈرۈلگەن، قالغانلىرى ئادەتتىكى ئەزالار يەنە كېلىپ تولىسى قېرى، ئاجىز، ئايال، ئاغرىق، مېيىپلاردىن ئىبارەت، «10 - ئۆكتەبىر كېلىشىمى»دە ۋە «سىياسىي كېڭەش قارارى»دا سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش بەلگىلەنگەن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىمۇ سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە ئۆلكە ئىچىدىكى سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى داۋاملىق قاماپ تۇرۇلىدىغان بولسا، ھەممىدىن بۇرۇن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېگە بولۇش تەس بولىدۇ، ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئالغان شىنجاڭدىكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشىمۇ تەسكە توختايدۇ دېگەنلەرنى چۈشەندۈرگەن.[22] جياڭ جېيشى شۇنىڭدىن كېيىنلا 1946 - يىل 5 - ئايدا «قويۇپ بېرىشكە تەستە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ جاۋاب تېلېگرامما بېرىش»كە مەجبۇر بولغان.[23]

# 2 ـ پاراگراف خەلق ئۈستىدىكى تەشكىلىي كونترولنىڭ كۈچەيتىلىشى

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاساسىي قاتلام ئۈستىدىكى قاتتىق كونترولىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1931 ـ يىلى قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلغان «باندىتلارنى يوقىتىش» باش قوماندانلىق شتابىنىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ھەيئىتى قارىمىقىدىكى يەرلىك قوغدىنىش باشقارمىسى بوجا تۈزۈمى ۋە قانۇن ـ نىزامنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ، شۇ يىلى 6 ـ ئايدا جياڭشىنىڭ شيۇشۇي ناھىيىسى قاتارلىق 43 ناھىيىدە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويغان. 1932 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، «خېنەن، خۇبېي، ئەنخۇي ئۆلكىلىرىنىڭ باندىتلارنى يوقىتىش باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بوجا تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بۇيرۇقى» ۋە «باندىتلارنى تازىلايدىغان ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە بوجا تەشكىللەش، نوپۇس تەكشۈرۈش نىزامى»نى رەسمىي ئېلان قىلغان ھەمدە ئۇنى ئىنقىلابىي تايانچ بازىلار بىلەن چېگرىداش رايونلاردا يولغا قويغان. 1934 ـ يىلى، گومىنداڭنىڭ مەركىزىي سىياسىي كېڭەشمىسى قارار چىقىرىپ، بوجا تۈزۈمىنى مەمۇرىي پالاتانىڭ ئومۇمىي بۇيرۇقى بىلەن جايلاردا يولغا قويغان. بوجا تۈزۈمى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەھەر ـ يېزا خەلقى ئۈستىدىكى كونترولى ۋە ئاسارىتىنى كۈچەيتىپ، گومىنداڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن مۇستەھكەم تەشكىلىي ئاساس سېلىپ بەرگەن.

جياڭ جيېشى غەربىي شىمال رايونىدا بوجا تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇ 1942 ـ يىلى 8 ـ ئايدا لەنجۇدىكى ھەر ساھەنىڭ كېڭەيتىلگەن خاتىرە ھەپتىلىكىدە

نۇتۇق سۆزلىگەندە: يېڭى ناھىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، بوجا تۈزۈمىنىڭ تولۇقلىنىشى ھەققىدە «ھەرقايسىڭلارنىڭ نۇرغۇن تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقىڭلار ۋە پىلان تۈزگەنلىكىڭلار ھەممىدە ئىخچاملاپ ۋە يىغىنچاقلاپ، مۇھىم نۇقتىنى ئىگىلەپ، ئەمەلىي ئاساستا ئىشلەۋاتقانلىقىڭلار چوقۇم دەپ ئويلايمەن» دەپ ئالاھىدە تىلغا ئالغان.[24] شېڭ شىسەي گومىنداڭغا ئىتائەت قىلغاندىن كېيىن، چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بوجا تۈزۈمىنى شىنجاڭدا يولغا قويۇشى ھەققىدە يوليورۇق كۆرسەتكەن. شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جايلاشقان چېگرا رايون بولۇپ، ئەھۋالى ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىنىڭكىدىن پۈتۈنلەي پەرقلەنگەچكە، ئىچكىرىدە يولغا قويۇلغان بوجا تۈزۈمىنى پۈتۈنلەي كۆچۈرۈپ كېلىش مۇمكىن بولمىغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مىللىي ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان «ناھىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى تېزىسى»غا ۋە مەمۇرىي پالاتا يىغىنى ماقۇللىغان «ناھىيىدە بوجا تەشكىللەش چارىسى»گە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يېزا (بازار)لاردا بوجا تەشكىللەش، نوپۇس تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇش چارىسى»نى تۈزۈپ، 1943-يىل 7-ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ يولغا قويغان.

مەزكۇر «يولغا قويۇش چارىسى»دە ناھىيىدىن تۆۋەندە يېزا (بازار) تەسىس قىلىش، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يېزا تەسىس قىلىش، نوپۇسى زىچ، ئۈچ مىڭ ئۆيلۈكتىن يۇقىرى كوچا-بازارلاردا بازار تەسىس قىلىش، يېزا (بازار)دىن تۆۋەندە بوجانى يولغا قويۇش بەلگىلەنگەن. يېزا (بازار)نىڭ 10 بودىن ئىبارەت بولۇشى پرىنسىپ قىلىنىپ، ئالتە بودىن ئاز، 15 بودىن كۆپ بولماسلىقى شەرت قىلىنغان؛ بونىڭ 10 جادىن ئىبارەت بولۇشى پرىنسىپ قىلىنىپ، ئالتە جادىن ئاز، 15 جادىن كۆپ

ولماسلىقى شەرت قىلىنغان ؛ جانىڭ 10 ئۆيلۈكتىن ئىبارەت
ولۇشى پرىنسىپ قىلىنىپ، ئالتە ئۆيلۈكتىن ئاز، 15
ۆيلۈكتىن كۆپ بولماسلىقى شەرت قىلىنغان. يېزا (بازار)لاردا
ېزا (بازار) مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا بىر نەپەر
ېزا (بازار) باشلىقى، ئىككى نەپەر مۇئاۋىن باشلىق قويۇلغان؛
ودا بۇ ئىش باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا بىر بوجاڭ،
ىر مۇئاۋىن بوجاڭ قويۇلغان؛ جاڭغا جاجاڭ قويۇلغان. يېزا (بازار)
اشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە،
اھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئەۋەتىلگەن خادىملار شۇ يېزا
بازار)دىكى بارلىق بوجاڭ، مۇئاۋىن بوجاڭلارنى يىغىپ
ەسىلەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم
ىلغان، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بېكىتىپ تەيىنلىگەن؛ جاجاڭنى
وجاڭ شۇ جا تەۋەسىدىكى ئائىلە باشلىقلىرىنى بىر يەرگە
مغىپ شۇلارغا سايلىتىپ، يېزا (بازار) مەھكىمىسىگە مەلۇم
ىلغان، بۇ مەھكىمە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەنگە ئېلىپ
ەكشۈرۈشىگە يوللىغان. بوجاڭنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە
ەزىپىسىدىن قالدۇرۇشتا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن
ازارەتچى يېزا (بازار) مەھكىمىسى بىلەن بىرلىكتە شۇ بوغا
اراشلىق جاجاڭلارنى يىغىپ، بوجاڭ، قۇبوجاڭنى ھەسسىلەپ
ۆرسەتكەندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تاللاپ ۋەزىپىگە
ەيىنلىگەن. يېزا (بازار) باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى،
وجاڭ، مۇئاۋىن بوجاڭلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىككى
ىل، جاجاڭلارنىڭ بىر يىل بولغان، داۋاملىق سايلىنىپ،
اۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش يولىغا قويۇلغان. «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ
ىرلىكتە كاپالەتلىك قىلىش، چېتىپ جازالاش ئىشىنى يولغا
ويۇش چارىسى»دە يەنە: ھەرقايسى بوجالارنى تەشكىللەش ـ
ەكشۈرۈش تاماملانغاندىن ۋە بوجاڭ، جاجاڭ نامزاتلىرى
ېكىتىلگەندىن كېيىن، بوجاڭ جاجاڭلارغا نازارەتچىلىك

قىلىپ، ئائىلە باشلىقلىرىنى يېتەكلەپ بىرلىكتە كاپالەتلىك قىلىش-چېتىپ جازالاشنى يولغا قويۇش لازىم دەپ بەلگىلەنگەن. 1945-يىلىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۆلكە بويىچە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق جايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بوجالارنى تەشكىللەش-تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغان. شۇ چاغدا ئۆلكە بويىچە 284 يېزا، 185 بازار، 3955 بو، 39716 جيا تەشكىل قىلىنغان.

بوجا تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ يېزا ھاكىمىيىتى ئۈستىدىكى كونترولىنى كۈچەيتكەنلىكىدىن، شۇنداقلا شىنجاڭلىق ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۈستىدىكى سىياسىي ئاسارىتى ۋە بېسىش فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتكەنلىكىدىن دېرەك بەرگەن. شېڭ شىسەي زالىمىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بەختكە يارىشا ئامان قالغان ھەر مىللەت خەلقى قايتىدىن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاق تېررورلۇقى ئاستىدا قالغان.

## 3-پاراگراف مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

### بىرىنچى، مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى

گومىنداڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئاتالمىش سەنمىنجۇيىلىق چېگرا رايون سىياسىتىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرگەن، بۇنداق چېگرا رايون سىياسىتىنىڭ ئىككى مەنبەلىك خاھىشى ئۈزلۈكسىز ئۇلغايغان: بىر تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ ۋە مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ تارىختىكى يىغىنلىرىنىڭ مۇھىم خىتابنامىلىرىدە، قارار ۋە دوكلاتلىرىدا

مىللەتلەرنىڭ بابباراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، چېگرا رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىنى قوللاش، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مائارىپ ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ۋە ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش دېگەنگە ئوخشاش ھەيۋەتلىك سۆزلەر بايان قىلىنغان، يەنە بىرتەرەپتىن، «چېگرا رايون تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، تەربىيە بېرىپ تەسىرلەندۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت-مىللەتنى مۇستەھكەملەپ، بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش»نى جاكارلاپ، چېگرا رايوندا مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يولغا قويغان، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خەنزۇلار ئىچىگە سىڭدۈرىۋەتمەكچى بولغان.

1943-يىلى، جياڭ جيېشى ئوتتۇرىغا چىقارغان «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتاب گومىنداڭنىڭ چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تېخىمۇ يامان خۇسۇسىيەتلىك كېڭىيىپ ئەۋج ئالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۇ شۇ كىتابتا جۇڭگودا نۇرغۇن مىللەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى زادى ئېتىراپ قىلمىغان، خەنزۇدىن باشقا مىللەتلەرنى ئۇرۇق دەپ ئاتاپ، «بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى كۆپ سانلىق ئۇرۇقلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان» دېگەن.[25] جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېگانە مىللەت ئىكەنلىكىنى تەرغىب قىلغان، «بۇنىڭدىكى مەقسىتى چوڭ خەنزۇچىلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئازسانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىپ، چوڭ پومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئېزىش ماھىيىتىنى مىللەت نامى بىلەن بېپىشتىن ئىبارەت».[26]

ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشىنىڭ ئەنە شۇ مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا باشلىغان. 1944-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى، ئۇ دۆلەت بايرىمىنى خاتىرىلەش

يىغىنىدا ئېلان قىلغان «شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەت»دە، جياڭ جيېشىنىڭ ئۇرۇق سەپسەتىسىنى تەكرارلاپ، «مىللەتچىلىك جەھەتتە، ئۇرۇقلارنىڭ بابباراۋەرلىكى ئاساسىي نۇقتا قىلىنىدۇ» دەپ ئېيتقان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇ تۈزگەن سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرىنچى نۇقتىسىدىمۇ «ئۇرۇقلارنىڭ ئۆز-ئارا ئىشىنىشىنى ئالغا سۈرۈش لازىم»[27] دېيىلگەن. ئۇ شىنجاڭنى باشقۇرغان 18 ئاي ئىچىدە، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىنى ئارىلاشتۇرۇش، يوققا چىقىرىش يولىدا تېخىمۇ بەك شاپاشلىغان. ئۇ خۇيزۇلارغا: ئۆتمۈشتە بىرمۇنچە كىشىلەر خەنزۇلار بىلەن خۇيزۇلارنى ئىككى مىللەتكە ئايرىۋەتكەن، بۇ مۇۋاپىق ئەمەس. «مەن سىلەرگە چۈشىنىشلىك قىلىپ شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىر جەمەت، بىر قانداشقا تەئەللۇق. قېنى، ھەرقايسىڭلارنىڭ ئىدىيىسى، چىرايى، تېرىسى، تىلى، يېزىقى ۋە تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتىنىڭ قايسى يېرى بىر-بىرىڭلارنىڭكىدىن چوڭ پەرقلىنىدۇ؟ ھەممەيلەن بەرىبىر مەندىن پەرقلەنمەيسىلەر. كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرق شۇكى، سىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىلەر، چوشقا گۆشى يېمەيسىلەر، خالاس» دەپ قايتا-قايتا چۈشەندۈرگەن.[28] ئۇ موڭغۇل، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگىمۇ ھەرقايسى مىللەتلەر خەنزۇلار بىلەن بىر ئاتا-بوۋىدىن تۆرىلىپ كۆپەيگەن، ھەممەيلەننىڭ «نەسلى بىر» دەپ زېرىكمەي چۈشەندۈرگەن.[29] ئۇ شۇ سەپسەتىسىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تاغدىن-باغدىن ئىزدەشتۈرۈپ، تارىختىن ئاتالمىش ئىلمىي «ئاساس» تاپماقچى بولغان.

«مېھرى-شەپقەت يېغىپ تۇرغان» مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ نىقابى ئاستىدا، ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە يەنىلا جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى ھۆكۈمرانلىق

ئۇسۇلىنى ـ ئۆزىگە تارتىش ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان: خۇيزۇ، موڭغۇللارنى قولغا كەلتۈرۈپ،[30] شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەرنى ئىسكەنجىگە ئالغان، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ،[31] ئادەتتىكى ئاممىغا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ،[32] قازاقلارنى يېتىم قالدۇرغان (چۈنكى شۇچاغدا ئوسمان باشچىلىقىدىكى قازاق چارۋىچىلىرى ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈۋاتقان). ۋۇ جۇڭشىن ئەنە شۇ ۋاستىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنى تۇراقلاشتۇرغان، شۇنداقلا ئەنەشۇ ۋاستىدىن پايدىلىنىپ، جياڭ جيېشىنىڭ مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

## ئىككىنچى، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش فۇنكسىيىسىنىڭ كۈچەيتىلىشى

يىراقنى قويۇپ، مىنگودىن بۇيانقى ۋاقىتتىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، شىنجاڭدىكى مىلىتارىست ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەتنى ناھايىتى كەسكىنلەشتۈرىۋەتكەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش فۇنكسىيىسىنى مۇقەررەر ھالدا چىڭىتقان.

ئارمىيە بىلەن ساقچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى يۆلەپ تۇرىدىغان ئۇل تاش بولغان. جياڭ جيېشى شىنجاڭغا ئۆز گۇرۇھىغا قاراشلىق تۆت شى قوشۇننى كىرگۈزگەن ھەمدە شېڭ شىسەي ئېلىپ قالغان ئالتە شى يەرلىك قوشۇننى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ قوماندانلىرىنى

ئالماشتۇرۇپ، «دۆلەت پايدىلىنالايدىغان» قىلىنغان.[33] شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ بولغاچقا، شىنجاڭدىكى ھەربىي قوشۇننىڭ ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە قىلىنغان، جياڭ جيېشى «مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى قوشۇنلىرىدا ئاتلىق ئەسكەرنى كۆپەيتىش ۋە شىنجاڭدىكى قوشۇنلارنىڭ تەمىناتىنى ئاۋۇتۇش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.[34] شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئالاھىدە سىياسىي ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، 1944-يىل 9-ئايدا، جياڭ جيېشى ژاندارما قوماندانلىق شتابىغا «كۈچلۈك ژاندارما تۈەنىدىن بىرنى ياكى ژاندارما يىڭىدىن بىرنى تاللاپ شىنجاڭغا ئەۋەتىش» ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.[35] 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى لەنجۇدا قۇرغان، «ئالتاي ۋەقەسى» ۋاقتىدا، جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ شىنجاڭ ھەربىي قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، ۋەقەدىن كېيىن، يەنە جۇ شاۋلياڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ شىنجاڭدىكى قازاق مىللىتىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شىڭ شىسەي دەۋرىدە ھەممىدىن بەك تەرەققىي تاپقىنى ساقچى تەشكىلاتى بولغان. گومىنداڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمران بولغاندىن كېيىن ئاشۇ قورقۇنچلۇق ساقچى قوراللىق كۈچلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالغان ھەمدە بۇ قوراللىق كۈچلەرنىڭ خەلقتىن پەخەس بولۇش، خەلقنى باستۇرۇش فۇنكسىيىسىنى بۇرۇنقىدىن قىلچە پەرقلەندۈرمەي ئىشقا سېلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش-ستاتىستىكا ئىدارىسى (خەنزۇچە قىسقارتىلمىسى جۇڭتۇڭ) ۋە گومىنداڭ ھەربىي كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش-ستاتىستىكا ئىدارىسى (خەنزۇچە قىسقارتىلمىسى جۈنتۇڭ)-گومىنداڭنىڭ

ئىككى زور ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى. 1943 ـ يىلى گومىنداڭ بىلەن شىڭ شىسەي ھاسىل قىلغان كېلىشىم بويىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى ئەڭ دەسلەپ ئىشپىيونلۇق ئورگىنى ـ جۇڭتۇڭ (تەكشۈرۈش ـ ستاتىستىكا) بۆلۈمىنى، شۇنداقلا مەخسۇس رادىئو ئىستانسىسىنى تەسىس قىلمايدىغان بولغان.[36] جياڭ جيېشى شىڭ شىسەينى يۆتكىۋەتكەنىدىن كېيىن، شىنجاڭدا جۇڭتۇڭ ۋە جۇنتۇڭ دېگەن ئىككى زور ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىنىڭ تور سىستېمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلغان. ۋۇ جۇڭشىن بىر تەرەپتىن «شىنجاڭنىڭ شارائىتى پەۋقۇلئاددە، ئىشپىيونلاردىن پايدىلىنىش ئالاھىدە زۆرۈر» دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىگە ئىشپىيونلارنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشى ياكى چاتاق تېپىپ بېرىشىدىن قورققان. شۇڭا ئۇ جياڭ جيېشىدىن: ئىشپىيونلۇق ئورگىنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن خادىملارنىڭ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالدىدىن ئۆتۈشىنى، ئېرىشكەن مەلۇماتلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئايرىپ بېرىشىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەرقاچان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نازارىتى ۋە قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلىشى»نى تەلەپ قىلغان.[37] جياڭ جيېشى بۇنى جان دەپ ماقۇل كۆرگەن بولسىمۇ[38]، لېكىن ئەمەلىيەتتە ۋۇ جۇڭشىن ئىشپىيونلارغا قوماندانلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمىگەن.[39] جۇڭتۇڭ، جۇنتۇڭ ئىشپىيونلىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ، «جايلاردا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان».[40]

ئارمىيە، ساقچى، ئىشپىيونلار بىر گەۋدە بولۇپ، شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلقىدىن پەخەس بولۇش، ھەر مىللەت خەلقىنى باستۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئىشقا سالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى زوۋان سۈرەلمەيدىغان، مىدىراپ

قويسىلا سوروشتە قىلىنىدىغان ئەھۋالغا قالغان. شۇچاغدا شىنجاڭدا: بىر شېلىڭ شىسەي كېتىۋېدى، ئورنىغا ئىككىسى كەلدى دېگەن بىر ئوبرازلىق سۆز كەڭ تارقالغان.

## ئۈچىنچى، فېئودال ـ دىنىي كۈچلەرنىڭ يېتىلىۋاتقان يولەپ تۇرغۇزۇلۇشى

جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىنغا ئىشەنگەن ھەم ئۇنىڭدىن رازىلانغان. جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىنىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس قىلىشنى قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ قارار قىلغان.[41] چۈنكى ئۇ ۋۇ جۇڭشىنىنى جۇڭگونىڭ چېگرا رايونىنى باشقۇرۇشتىكى ئەنئەنىۋى ۋاسىتىلىرىنى پىششىق بىلىدۇ، چوقۇم ماڭا ۋاكالىتەن شىنجاڭنى، شۇنداقلا غەربىي چېگرانى چوقۇم تۇراقلاشتۇرالايدۇ دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ شىنجاڭدا قىلغان ئىشلىرى جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئەڭ دەسلەپكى خىيالىنى ۋاسىتىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەن.

«شىنجاڭدا فېئودال كۈچلەر ئىنتايىن زور»، «مىسسىئونېرلارنىڭ كۈچى ئىنتايىن زور، خەلق مىسسىئونېرلارغا ئاگاھسىز ۋە قارىغۇلارچە چوقۇنىدۇ».[42] ۋۇ جۇڭشىن: فېئودال دىنىي كۈچلەر ناھايىتى زور بولىۋاتقان شىنجاڭدا گومىنداڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىمەن دېسە، ئەلۋەتتە فېئودال ـ دىنىي كۈچلەر بىلەن ھەمكارلىشىشتىن ئايرىلالمايدۇ دەپ قارىغان. شۇڭا، شىنجاڭدىكى فېئودال ـ دىنىي كۈچلەرنى ئۆزىگە تارتىش ۋۇجۇڭشىنىنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمران بولغان دەسلەپكى چاغدىكى خىزمىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان.

(1) فېئودال ـ دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنى قويۇپ بەرگەن.

شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغدا، بىرمۇنچە ئۇيغۇرلار (بولۇپمۇ پومېشچىك، كىچىك ئەمەلدار ۋە موللىلار) قولغا ئېلىنىپ قاماپ قويۇلغان[43]، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى «ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئېلىنغان»[44]، 10 نەچچە يىل ئىچىدە ۋاڭ-گۇڭ، ئاخۇن، مۆتىۋەرلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىتىلغان.[45] ئەمما شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى فېئودال-دىنىي كۈچلەرگە قانچىلىك ئېغىر زەخمەت يەتكۈزگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ (شىڭ شىسەي) فېئودال ۋە دىنىي كۈچلەر ئۆسىدىغان تۇپراقنى تۈپتىن يوقىتالمىغان ۋە يوقىتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەستى. فېئودال ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ يوشۇرۇن كۈچى يەنىلا ئىنتايىن زور بولغان.

شىڭ شىسەي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن فېئودال-دىنىي كۈچلەر ئارىسىدا پەيدا قىلغان ئارازلىقنى تۈگىتىشكە توغرا كەلگەن، تۈگىتىلمىسە، ئىككى تەرەپنىڭ بىر-بىرىدىن خەدۇكسىنىپ ۋە غەيرىي نىيەتتە بولۇپ يۈرۈشى مۇمكىن ئىكەن. ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئىلتىماسى بويىچە گومىنداڭ ھەربىي كومىتېتى «شىنجاڭدىكى ئالاھىدە كونا دېلولارنى ئېنىقلايدىغان سوت ئۆمىكى»نى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ كونا دېلولارنى ئېنىقلاپ، ئىلگىرى-ئاخىر ھەر مىللەت كىشىلىرىدىن مىڭغا يېقىن كىشىنى قويۇپ بەرگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە يەتتە يۈزدىن ئارتۇق كىشى يۇرتىغا ئۆزلىرى قايتىپ كەتكەن، يۈزدىن ئارتۇق كىشى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن يۇرتىغا قايتقان.[46] قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ تولىسى ئاخۇن، موللىلار ۋە يەرلىك رەھبىري كىشىلەر بولغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان.[47] قويۇپ بېرىلگەنلەر ئىچىدىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى ۋۇ جۇڭشىن «زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالغان»، ئۇلاردىن «سەممىي ھال سورىغان»، كېتىدىغان چېغىدا «يۇرتىغا قايتىش يول خىراجىتى» تارقىتىپ

بەرگەن[48]. بەزىلىرىنى جايلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن. شىڭ شىسەيىنىڭ قاماقتىكى ئەنە شۇ مەھبۇسلىرى بىر تاقلاپلا ۋۇ جۇڭشىننىڭ ھۆرمەتلىك مېھمىنىغا ئايلانغان، ئۇلار بۇ مېھرى-شەپقەتكە ھەددىدىن زىيادە ھەشقاللا ئېيتىپ، قايتقاندا يول بويى ۋۇ جۇڭشىننىڭ «ھىممەتلىك سىياسىتى»نى ماختاپ ماڭغان. ۋۇ جۇڭشىن بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، «بۇنداق تەشۋىقاتنىڭ رولى خەلق ئارىسىغا بىۋاسىتە يېتىپ، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ» دەپ ھېسابلىغان.[49] سىياسىي جەھەتتە ئامەت قازانغان فېئودال-دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىمۇ ئۆزلىرىنى ھەدەپ گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتقان. ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، قەشقەر مەسچىتى مىسلىسىز كەڭ كۆلەمدە تىنچلىق تىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، «مەدھىيە ناخشىلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ كەنت-بازارلىرىغىچە ياڭراتقان».[50] ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەنۇبىي شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەندە، شۇ يەرلەردىكى فېئودال-دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى «ھۆكۈمەتنى جان پىدالىق بىلەن قوغداش»[51]قا بەل باغلىغان ھەمدە يەرلىك ئامانلىقنى ساقلاشقا پۈتۈنلەي مەسئۇل بولۇپ، «يەرلىك ئامانلىقنى بۇزىدىغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنى پاش قىلىدىغان»لىقىنى بىلدۈرگەن.[52]

(2) فېئودال-دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنى خاتىرجەملەندۈرگەن.

چېگرا رايون ئەھۋالىدىن تازا خەۋىرى بار ۋۇ جۇڭشىن فېئودال ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشتىكى ئىجتىمائىي ئاساس ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەن. ئۇ ئىلگىرى جياڭ جيېشىغا: «غەربىي شىمالنى تىنچلاندۇرۇشتا، سىياسىي ۋە دىنىدىن پايدىلىنىشقا

ئەھمىيەت بېرىش مۇھىم، بولۇپمۇ دىن بەك مۇھىم. غەربىي شىمالدا ئىسلام دىنى ئاساس قىلىنغان، ئىسلام دىنىنى ئىگىلىيەلىگەنلا بولساق، غەربىي شىمالنى تىنچلاندۇرۇشقا بولىدۇ» دېگەن.[53] ئۇ شىنجاڭنى باشقۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى فېئودال ۋە دىنىي كۈچلەرنى ئۆزىگە تارتىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، «كۈندە ئاتالمىش ‹ياشانغان مويسىپىت› ئاخۇنلار بىلەن زىياپەتتە ئۇچرىشىپ تۇرغان»[54]، ھەمدە «پېقىر دىنىنى مۇتلەق ھۆرمەت قىلىمەن، دىنغا پاسسىپ ھالدا ئارىلىشىدىغان، توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىشنى قىلمايلا قالماستىن، بەلكى دىنىنى ئاكتىپلىق بىلەن تەشەببۇس قىلىمەن ۋە قوغدايمەن» دېگەن.[55] ئاساسەن دىنىي خادىملار قاتناشقان بىر قېتىملىق كاتتا زىياپەتتە، ئىسلام دىنىي مۇخلىسلىرىنىڭ ناماز ئۆتەش ۋاقتى بولۇپ قالغاندا، ۋۇ جۇڭشىن «كۆپچىلىكنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ دۇئا قىلىشىنى ئېلان قىلغان».[56] ئۇ يەنە دىن باشلىقلىرىغا ئالاھىدە چوقۇنۇپ، ئۇلارنى دائىم قوبۇل قىلغان، كۈتۈۋالغان ۋە ئۇلارغا سوۋغا تەقدىم قىلىپ تۇرغان، دىن باشلىقلىرى «باشتا تارام-تارام ياش تۆكۈپ باش ئېگىپ، ئاندىن يەڭگىل نەپەس ئېلىپ بېشىنى كۆتۈرگەن».[57] ۋۇ جۇڭشىننىڭ زور كۈچ بىلەن يۆلىشى نەتىجىسىدە: «ئىلگىرى دىنىي جەھەتتىكى ئورنى كاپالەتكە ئىگە بولماي كەلگەن شىنجاڭلىق ۋاڭ-گۇڭ، ئاخۇن، لاملار ئەمدى ھەممە جەھەتتە كۆڭۈلدىكىدەك مەنزىلگە قەدەم قويغان».[58]

گومىنداڭ فېئودال-دىنىي كۈچلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، شۇلار ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەتنى كونترول قىلغان، جەمئىيەتتىكى بارلىق تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى زەربە بېرىپ باسقان. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، گومىنداڭ فېئودال-دىنىي كۈچلەرنىڭ ئېرىشكەن مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن كەتكەن بارلىق ئىمتىيازىنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈشىنىمۇ قولىدىن بەرمىگەن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە شىنجاڭدىكى سىنىپىي زىددىيەت مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ كەسكىنلەشكەن.

## تۆتىنچى، خەلقنى بۇلاپ ـ تالاشنىڭ ئېغىرلىششى

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشقان چاغلاردا، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت سودىسى ئايلانما تۈردە يۈرۈشۈپ تۇرغان، شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاققان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئېقىپ كىرگەن، جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى يەنە شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئېقىپ تۇرغان. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت سودىسىنىڭ قېلىپى بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازار تاپالماي قالغان، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ كېلىش مەنبەسىدىن ئايرىلغان.

شىنجاڭ ئىچكىرى بىلەن بەرپا قىلغان سودا قېلىپى يولنىڭ يىراقلىقى، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى ئارقىسىدا ئۇدا ناچار ھالەتتە تۇرغان. بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا توشۇش مۇمكىن بولمىغان، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «قوي يۇڭى قىرقىلمايدىغان، قوي ئۆچەيلىرىنى ئىتقا تاشلاپ بېرىدىغان» ھادىسە ھەممە جايدا ئۇچراپ تۇرغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭغا كېرەكلىك كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى توشۇپ ئەكېلىش مۇمكىن بولمىغان، «چاي، شېكەر، رەخت ۋە پارچە ـ پۇرات مال قاتارلىقلار

يېتىشمەي قالغان».[59] بىراق بۇنداق سودا قىلىپ گومىنداڭنىڭ بيۇروكرات كاپىتال گۇرۇھى ۋە شېڭ شىسەي ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ بېيىشى ئۈچۈن ئىنتايىن ئوبدان پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن. 1942-يىل 10-ئايدا، مالىيە مىنىستىرى كۇڭ شياڭشى جياڭ جيېشىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، مالىيە مىنىستىرلىكى سودا ھەيئىتى، شېكەرنى مەخسۇس سېتىش ئىدارىسى شىنجاڭنى چاي، شېكەر قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلىگەن؛[60] ئۆز ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ لىڭشىپ قالغانلىقىنى سەزگەن ھەمدە شىنجاڭدىن كۆپلەپ بايلىق ئۇندۇرۇۋېلىش قارارىغا كەلگەن شېڭ شىسەي[61] مەركەز شىنجاڭنى تەمىنلىگەن چاي، شېكەر قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ مەخسۇس سېتىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.[62] تەمىنلەش بىلەن سېتىشنى مونوپولىيە قىلىشتىن ناھايىتى مول پايدا ېلىدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى پەقەت ئىگىسىنى ئالماشتۇرۇپ، ۋۇ جۇڭشىننىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن.

گومىنداڭنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە خادىملىرى شىنجاڭغا تۈپ-تۈپلەپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىستېمالىغا كېرەكلىك مەبلەغنى شىنجاڭ باسما زاۋۇتىنىڭ كۆپلەپ يېڭى پۇل بېسىشى ئارقىلىق ھەل قىلغان. «يېڭى پۇل كۆپەيگەنسېرى، مال باھاسى شۇنچە ئۆرلەپ بارغان»، 1944-يىلى شىنجاڭدىكى مال باھاسى 1943-يىلدىكىگە قارىغاندا 10 نەچچە ھەسسە ئۆرلەپ كەتكەن.[63] گەرچە جياڭ جيېشى شىنجاڭنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىدىغان تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، مەسىلەن، 1944-يىلى شىنجاڭ مالىيىسى ئارمىيىنىڭ «باندىتلارنى يوقىتىش» خىراجىتى ئۈچۈن تۆت

مىليارد يۈەن فابى بېرىپ تۇرغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىر مىليارد 200 مىليون يۈەن فابى ياردەم قىلغان، ئۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە ماددىي ئەشيا بەرگەن؛[64] يەنە بىر مىسال، 1945 ـ يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى ئارمىيە خىراجىتىنى پۈتۈنلەي مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالغان.[65] شۇنداق بولسىمۇ لېكىن تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بەرگەن ئاتالمىش ياردەمنىڭ تەڭدىن تولىسى «نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن كۆپەيتىلگەن قەغەز پۇللار» بولۇپ، «ئۆزى ھېچ نەرسىگە دال بولمىغان».[66] 2 ـ تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھېچ قىممىتى يوق قەغەز پۇللارنى ئايروپىلاندا ئەكېلىپ، شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە ئىشلەنگەن ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغان.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ خەلقىنىڭ بايلىقىنى پۇلنى پاخاللاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ۋاسىتىلىك ھالدا بۇلاپ ـ تالىغاندىن تاشقىرى، باج ـ سېلىقنى كۆپەيتىش ئارقىلىق خەلقنى بىۋاسىتە بۇلاپ ـ تالاشنى جىددىيلەشتۈرگەن. بوجاڭ، جاجاڭلارمۇ باج يىغىش جەريانىدا باجنى قاتمۇ ـ قات ئاشۇرۇپ، ئارىدىن ئۆز چۆنتىكىنى توشقۇزغان، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازاب تارتقان. ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى جېللىېرت ۋۇ جۇڭشىن بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز تۇرۇپ: شىنجاڭدا «باج ـ سېلىق ئېغىر، خەلق بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتىدۇ، باج ـ سېلىق يىغىش رەسمىيىتى قانۇنغا ئۇيغۇن ئەمەس، تاپشۇرغانلىقا ئاساس بولىدىغان ھۆججەت بېرىلمەيدىكەن، بوجاڭ، جاجاڭلار خالىغانچە يىغىدىكەن، نۇقسان كۆپ ئىكەن» دېگەن.[67] 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، تاڭ زوڭمۇ ئۆز خاتىرىسىدە گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ «ئىنتىزامى بۇزۇلغان»، ھەتتا «ئارمىيىنىڭ تەمىناتى يېتىشمىگەنلىكتىن، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىپ، بىر سەر

ئالتۇننى بىر سەر قارا توپا قاتارىدا كۆرگەن»، «خەلق ئېيتقۇسىز ئازابتا قالغان» دەپ يازغان.[68] ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى شىلىۋېلىشى، ئارمىيىنىڭ جايلارنى پاراكەندە قىلىشى ئارقىسىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ قانداق بولغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم.

## 4-پاراگراف شىنجاڭ خەلقىنى خاتىرجەملەندۈرۈش تەدبىرلىرى

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى چاغلاردىكى سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى خەلققە سىياسىي جەھەتتە يۇقىرى بېسىم ئىشلىتىش تۈسىنى ئالغان. ئەمما شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم قازاق خەلقى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈۋاتقان، ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن غەزەپلىنىۋاتقان ۋە نارازى بولۇۋاتقان پەيتتە، گومىنداڭنىڭ ۋۇ جۇڭشىن يادرولۇقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى جىددىي سىياسىي ۋەزىيەتنى پەسەيتىش يولىدا بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللانماي تۇرالمىغان.

### بىرىنچى، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ئاممىسىدىن ھال سوراش ۋە ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش

شىنجاڭدىكى قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى ئاخىرىدا باشلانغان.[69] شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىشتىن بۇرۇنلا، گومىنداڭ ئارمىيىسى شېڭ شىسەينىڭ ئۆلكە ئارمىيىسىگە ھەمكارلىشىپ، ئوسمان

قىسىملىرىنى قورالىلىق باستۇرغان. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئالتاي چارۋىچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭىنى تىنچىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى پۈتكۈل شىمالىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ، كەسكىن توقۇنۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇرغاندەك ھالەتنى پەيدا قىلغان. ۋۇ جۇڭشىن، جۇ شاۋلياڭ يالغۇز قورال كۈچىگە تايىنىش بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى تىنچىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ، كۈچلۈك ھەربىي بېسىمنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، قازاق خەلقىگە نىسبەتەن ھال سوراش، تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش سىياسىتىنى قوللانغان.

1) قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ئاممىسىدىن ھال سوراش.

قازاقلار، موڭغۇللار-كۆچمەن چارۋىچى مىللەت. يىلمۇ-يىل داۋام قىلغان يېغىلىق ئارقىسىدا نۇرغۇنلىغان چارۋىچىلار سەرسانلىق-سەرگەردانلىققا گىرىپتار بولۇپ، چارۋا رايونىدا ئىجتىمائىي داۋالغۇش كۈچەيگەن. ۋۇ جۇڭشىن چېچىلىپ كەتكەن چارۋىچىلاردىن ھال سوراشنى قارار قىلغان. 1944-يىل 11-ئاينىڭ 17-كۈنى، ۋۇ جۇڭشىن رىياسەتچىلىك قىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىنى ئاچقان، يىغىندا ھال سوراش ھەيئىتىنى قۇرۇش قارار قىلىنغان. ھال سوراش ھەيئىتىگە دېڭ شياڭخەي مۇدىر، ئەلەن، نەزەر، لۇ لېفۇلار مۇئاۋىن مۇدىر، مانچۈكجاپ، ۋۇ جىڭبىن، ما لياڭجۈن، چۆجاپ، خادىۋاڭلار ھەيئەت ئەزاسى بولغان. ھەيئەت قارىمىقىدا ئالتە بۆلەك ھال سوراش ئەترىتى تەشكىل قىلىنغان. بۇلارنىڭ تولىسى ھەرمىللەتنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى، قەبىلە باشلىقلىرى ياكى ئابرۇيلۇق كىشىلىرى بولغاچقا، ۋۇ جۇڭشىن ئۇلاردىن ئۆز مىللىتى ياكى ئۆز قەبىلىسى ئارىسىغا بېرىپ ھۆكۈمەتنىڭ ھىممىتىنى تەشۋىق قىلىشنى، ئادەتتىكى ئاممىدىن ھال سوراشنى، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ سىرتقا كېڭىيىشىنى توسۇشنى

تەلەپ قىلغان. ئالتە بۆلەك ھال سوراش ئەترىتى شەرقىي يول ھال سوراش ئەترىتى، غەربىي يول ھال سوراش ئەترىتى، ئىلى ھال سوراش ئەترىتى، ئالتاي ھال سوراش ئەترىتى، تارباغاتاي ھال سوراش ئەترىتى، قاراشەھەر ھال سوراش ئەترىتى دېگەنلەردىن ئىبارەت بولغان.

شەرقىي يول ھال سوراش ئەترىتىنى خەن لۈجۇڭ، جاروپلار باشلاپ بارغان. بۇلار ئاساسەن مىچۈەن، جىمىسار، فۇكاڭ، گۇچۇڭ، مورى ناھىيىلىرىدىكى قازاقلاردىن ھال سورىغان. ھال سوراش ئەترىتى چارۋا رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، چارۋىچىلارنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىنى ھۆرمەت قىلىش، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى ھۆرمەت قىلىش، شېڭ شىسەينىڭ زالىملىقىنى تۈگىتىش، خەلق بىلەن بىللە يېڭى ۋەزىيەتنى يارىتىش قاتارلىق سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلغان. بىرمۇنچە چارۋىچىلار بەيتىك تېغى ئەتراپىغا قېچىپ بېرىۋالغان، ھال سوراش ئەترىتى ئادەم ئەۋەتىپ شۇلاردىنمۇ ھال سورىغان. ھۆكۈمەت قېچىپ كەتكەن ۋە چېچىلىپ كەتكەن چارۋىچىلارنىڭ ئۆتكەن ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرمىگەن، بۇرۇنقى كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونىغا قايتىپ كېلىشنى خالىغان چارۋىچىلارنىڭ ھەر بىر ئۆيلۈكىگە 1000 يۈەن شىنجاڭ پۇلى، بىر خىش چاي تارقىتىپ بەرگەن. چېچىلىپ كەتكەن چارۋىچىلار بۇرۇنقى چارۋىچىلىق ماكانىغا كەينى-كەينىدىن قايتىپ كەلگەن.

ئىلى ھال سوراش ئەترىتىنى لۇ لېفۇ چوڭ لاما ۋە ئالىمجان، جامەنگارا مىڭ بېشى باشلاپ بارغان. بۇلار ھال سوراشقا بارغان كۈنلەردە، ئىلى رايونىنىڭ كۆپ قىسمىنى پارتىزانلار ئىشغال قىلىپ بولغان، ھال سوراش ئەترىتى پەقەت جىڭ، بورتالا، ئارشاڭ ئەتراپلىرىدىكى موڭغۇل چارۋىچىلار جايلاشقان كۆچمەن چارۋىچىلىق جايلىرىدىلا ھەرىكەت قىلغان. چۈنكى بۇ جايلار

ئىلى ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرىدىغان ئالدىنقى سەپكە جايلاشقان، بۇ جايلاردىكى چارۋىچىلار ئىلى تەرەپ بىلەن گومىنداڭ تەرەپ كۈچەپ تالىشىدىغان نىشانغا ئايلانغان. گومىنداڭ تەرەپ بۇ جايلاردىن هال سوراش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، كېيىنچە يەنە تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاۋ جيەنفېڭ قاتارلىق كىشىلەرنى خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇنىڭدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قورشاپ يوقىتىش ئىشىغا ماسلىشىشىنى مەقسەت قىلغان. داشىۋاڭ شۇ ئەتراپتىكى موڭغۇل چارۋىچىلار ئارىسىدا مۇهىم تەسىرگە ئىگە بولغاچقا، ئۇمۇ تەبىئىي هالدا ئىلى تەرەپ بىلەن گومىنداڭ تەرەپ قولغا كەلتۈرىدىغان نىشانغا ئايلانغان. داشىۋاڭ قايسى يولنى تاللاش هەققىدە ئارىسالدى بولۇپ، قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقان. 1945-يىلىنىڭ بېشىدا، گومىنداڭ تەرەپ دەرهال قەتئىي قارارغا كېلىپ، داشىۋاڭنى ئىلى تەرەپنىڭ تارتىپ كېتىپ پايدىلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىپ كونترول قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، هال سوراش ئەترىتى موڭغۇل پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ئىلى تەرەپنىڭ هەربىي جەهەتتىن سىڭىپ كىرىشىگە قوراللىق قارشى تۇرغان.

ئالتاي هال سوراش ئەترىتىنى قازاق ئەلەن ۋاڭ باشلاپ بارغان. بۇلار ئاساسەن ئوسمان قاتارلىق كىشىلەر هەرىكەت قىلىۋاتقان چىڭگىل، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي قاتارلىق جايلاردىن هال سورىغان. ئەلەن ۋاڭ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە گومىنداڭ هۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي تەپتىش مەهكىمىسىگە تەيىنلەنگەن مۇئاۋىن ۋالىي بولغاچقا، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ هەرقايسى جايلاردا چېچىلىپ يۈرگەن قازاق چارۋىچىلارنى بۇرۇنقى جايلىرىغا قايتۇرۇشتا زور ئۈنۈم هاسىل قىلغان، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تۆت مىڭدىن ئارتۇق چارۋىچى

ئالتاي شەھرى ئەتراپىغا قايتىپ كەلگەن، ھەتتا ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكى مۇھىم چاپارمەنلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تەسلىم بولغان. قايتىپ كەلگەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى قىيىن، كۆڭلى بىئارام بولغاچقا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىككى مىليون نەچچە يۈز مىڭ يۈەنلىك چاي، رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى تەشكىللىك ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا ياردەم قىلغان.

تارباغاتاي ھال سوراش ئەترىتىنى موڭغۇل ئايال شاھزادە چۆجاپ باشلاپ بارغان. بۇلار ئاساسەن چۆچەك، قوبۇقسار، دۆربىلجىن قاتارلىق ناھىيىلەردىكى موڭغۇل چارۋىچىلاردىن ھال سورىغان. ھال سوراش ئەترىتى شۇ جايلاردا چېچىلىپ كەتكەن چارۋىچىلارغا چاي، شېكەر، رەخت، ئاشلىق قاتارلىق تۇرمۇشقا كېرەكلىك نۇرغۇن قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ بەرگەن. چارۋىچىلار بۇرۇنقى جايىغا ئۇزۇلمەي قايتىپ كەلگەن، بىرلا قوبۇقسار تەرەپتە ئەسلىدىكى چارۋىچىلىق ماكانىغا قايتىپ كەلگەن موڭغۇل چارۋىچىلار يەتتە مىڭ ئۆيلۈكتىن ئاشقان.

غەربىي يول ھال سوراش ئەترىتىنى ئەلەن ۋاڭنىڭ رەپىقىسى خادىۋاڭ بىلەن زاكىچىن باشلاپ بارغان. بۇلار ئاساسەن سانجى، قۇتۇبى، ماناس، ساۋەن قاتارلىق جايلاردىن ھال سورىغان. ھال سوراش ئەترىتى جايلارغا بارغاندىن كېيىن، كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتقان، چېچىلىپ يۈرگەن بىرمۇنچە چارۋىچىلار كەينى ـ كەينىدىن ئەسلى ماكانىغا قايتىپ كەلگەن.

قاراشەھەر ھال سوراش ئەترىتىنى مەنخەن ۋاڭنىڭ رەپىقىسى ۋۇ جىڭبىن باشلاپ بارغان. بۇلار قاراشەھەر، خېجىڭ، خوشۇت قاتارلىق جايلاردىن ھال سورىغان. قاراشەھەر ئەتراپلىرىدىكى جايلار ئەسلىدە مەنخەن ۋاڭنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان سۇيۇرغالى ئىكەن، ئەمما ئىلى ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، ۋۇ جىڭبىن بېقىندى ئاھالىسىنى كونترول قىلالماي قالغان.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋۇ جىڭبىننىڭ ئورنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا 150 كىشىلىك قوغدىنىش ئەترىتىنى قوراللاندۇرۇپ بېرىپ، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ[70] جەنۇبىي شىنجاڭغا تەسىر قىلىشىنى قوراللىق توسۇش قەستىدە بولغان.

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، ھال سوراش خىزمىتىدە خېلى كۆپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان، تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن بىرمۇنچە قازاق، موڭغۇل چارۋىچىلار كەينى-كەينىدىن ئەسلىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق جايىغا قايتىپ كەلگەن، «ھەرقايسى ناھىيىلەر بارا-بارا تۇراقلاشقان».[71] شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، چېچىلىپ كەتكەن بىرقىسىم چارۋىچىلارنىڭ قايتىپ كېلىشى ئوسمان قاتارلىق قازاق قوزغىلاڭچىلىرىنى تەسلىم قىلىش ئۈچۈنمۇ شەرت ھازىرلاپ بەرگەن.

2) ئوسمان قاتارلىق قوزغىلاڭچىلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش.

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، بىرەر ھۆكۈمەت ئىسيانچىلارنى باستۇرۇشقا كۆزى يەتكەندە، ھەممىدىن بۇرۇن ھەربىي يول بىلەن تازىلاپ تىنچىتىش سىياسىتىنى قوللىنىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ كۆرۈنەرلىك پايدىسى شۇكى، تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، كېيىنكى ئاپەتنى مەڭگۈ تۈگىتەلەيدۇ: ھەربىي يول بىلەن قورشاپ يوقىتىش ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىنلا، ياكى قورشاپ يوقىتىشتا كۆتۈرەلگۈسىز زور چىقىم بولغاندىلا، ئاندىن ئىسيانچىلارنى تەسلىم قىلىش ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. گومىنداڭنىڭ ئوسمان قاتارلىق قوزغىلاڭچىلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىشى ئىلاجسىزلىق دەستىدىن بولغان.

(1) ئوسماننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش سەۋەبلىرى.

① يالغۇز قورال كۈچىگە تايىنىپ ئوسماننى يوقىتىش مۇمكىن بولمىغان.

ئوسمان قازاق چارۋىچىلىرى قوزغىلىڭىنىڭ مۇھىم رەھبىرى

بولغان. شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يامانلاشقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپ ئوسماننىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلىڭىنى قوللايدىغان بولغان، ئۇلار ئوسمانغا ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتكەن، ئۇنى نۇرغۇن قورال-ياراغ ۋە ئوق-دورا بىلەن تەمىنلىگەن. قازاقلار ئات مىنىپ يۈرىدىغان، يەر شارائىتىنى پىششىق بىلىدىغان، ئاتلىق كېتىۋېتىپ ئوق ئېتىشقا پىشقان، ئۇرۇش قىلىشقا كۆزى يەتكەندە پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا تاغ ئارىسىغا ۋە چۆل-باياۋانغا يوشۇرۇنۇپ ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىغان مىللەت. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نەچچە قېتىم ھەربىي كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ قورشاپ يوقاتماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. ئەگەر گومىنداڭ ئوسماننى ھەمىشىلا قورشاپ يوقىتىمەن دەيدىغان بولسا، مەقسىتىگە يېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەسكەر ۋە سەركەردىلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ جاسارىتىنى ئۆستۈرۈپ، قوزغىلاڭغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولغان بولار ئىكەن. ئەگەر قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى تېزدىن تىنچىتىلمايدىغان بولسا، ھەممىلا يېرىدە خەۋپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان شىنجاڭدا تېخىمۇ زور مالىمانچىلىق يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىكەن. ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىسىگە باي ۋۇ جۇڭشىن ئەلۋەتتە قورشاپ يوقىتىش ۋە ھال سوراشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل ئىچىدە ھال سوراش ئۇسۇلىنى ئەلا كۆرگەن.

② ئوسماننىڭ تەسلىم بولۇشقا كۆنۈش ئېھتىمالى بولغان.

بىرىنچىدىن، «ئوسمان ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، قارام، دىنىي ۋە فېئوداللىق ئېڭى كۈچلۈك ئادەم»[72] بولۇپ، ھېچقانداق سىياسىي ئېتىقادقا ئىگە بولمىغان. ۋۇ جۇڭشىنمۇ

ئەلۋەتتە شۇ نۇقتىنى كۆرۈپ يەتكەن. ۋۇ جۇڭشىن: ئوسمان «پوتونلەي سابىق دۆبەن شىڭ شىسەينىڭ زالىملىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىشنى نىشان قىلىپ، شىڭ شىسەينىڭ خەلقنى قالايمىقان قاماققا ئېلىشىغا، زالىم-زومبۇلۇق قىلىشىغا قارشى تۇرۇش ئارقىلىق خەلقنى كۆرەشكە چاقىرغان»، شىڭ شىسەي يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن «باج-سېلىقنى كېمەيتىش»كە ئاللىقاچان كىرىشتىم، ئوسماننىڭ ئەمدى «ھۇجۇم قىلىش نىشانى ۋە چاقىرىق قىلىش باھانىسى» «قالمىدى» دېگەن تونۇشقا كەلگەن. شۇڭا گومىنداڭ قوراللىق كۈچ ئىشلىتىشتىن تاشقىرى، «بولۇپمۇ تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، چوڭ قائىدىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش» يولىنى تۇتقان.(73)

ئىككىنچىدىن، ئوسمان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى، تاشقى موڭغۇلىيە ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ساقلانغان. بۇلارنىڭ بىرلىشىشكە يۈزلىنىشى ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىلاجسىزلىقتىن قوللانغان ۋاقىتلىق چارە بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىگە قارشى تۇرغان شىڭ شىسەينى جازالاش ئۈچۈن، شىنجاڭغا كۆز يۈگۈرتۈپ، شۇچاغنىڭ ئۆزىدە قولغا قورال ئېلىپ شىڭ شىسەي بىلەن ئېلىشىۋاتقان بىرلا ئوسمان ئىكەنلىكىنى بايقىغان، سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينىڭ ئەدىبىنى بېرىشتە ئوسماننىڭ قولىدىن پايدىلىنىشتىن باشقا چارە تاپالمىغان: ئوسمان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىگە تايىنىشتا پەقەت سىرتنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنى ئاسراشنى كۆزلىگەن، ئۇنىڭ ئىدىيىسى «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمى ۋە ئېڭى»غا «پۈتۈنلەي زىت بولغان»(74). ئىككى تەرەپنىڭ ئەنە شۇنداق ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىرلىشىشى ئۇزاققا

بارمىغان. 1943 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىنقىلابىي تەربىيە ئالغان دەلىلخاننى[75] ئوسماننىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن، دەلىلخان كۆرۈنۈشتە ئوسماننىڭ خىزمىتىگە ياردەملەشكەندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە بارا ـ بارا ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىمەكچى بولغان. ئوسمان تېز ئارىدىلا مۇئەللەق ئورۇنغا گىرىپتار قىلىنىپ، «ھەممە ئىشنى دەلىلخان قاتارلىقلار باش بولۇپ بېجىرگەن»[76]. ئوسماننىڭ يېنىدا تاشقى موڭغۇلىيەدىن ئەۋەتىلگەن نازارەتچى خادىملار بولغاچقا «ئۇ سۆز ـ ھەرىكەتتە زادى ئەركىن بولالمىغان»[77]. «بىرەر جايغا بارماقچى بولسا، ئۇنى تاشقى موڭغۇلىيە بەلگىلەپ بەرگەن ۋە نازارەت قىلغان»[78]. ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىدىن خۇدۇكسىنىشى بارغانسېرى كۈچەيگەچكە، ئوسمان ئىچىدە: «مەن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن شۇنى ئوبدانلا بىلىپ قالدىمكى، كەلگۈسىدە بىر بولسا مېنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىكەن، يا بولمىسا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدىكەن» دەپ قورققان.[79] ۋۇ جۇڭشىن مۇشۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئوسماننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيگەن، ئوسماننى تەسلىم قىلىش ھەرىكىتى ئارقىلىق 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پارتلىغان ئىلى ئىنقىلابىنىڭ «داغدۇغىسى»نى ئاجىزلاشتۇرۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئارقا تېرىكى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ «تېخىمۇ قاتتىق زەربە بېرەلەيدىغانلىقى»غا چوڭقۇر ئىشەنگەن.[80]

ئۈچىنچىدىن، چارۋىچى ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئوسماننىڭ ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى باشقۇرۇشى قىيىنلاشقان. قازاقلار كۆچمەن چارۋىچىلىق پاترىئارخال ـ فېئوداللىق تۈزۈمدىكى جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولۇپ، چارۋىچىلار قەبىلە باشلىقلىرىغا ئىتائەت قىلىپ كەلگەن. شىنجاڭ شىمالىي قازاقلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى ۋە ئابرۇيلۇق كىشىلىرىنى

پۈتۈنلەي دېگۈدەك قاماققا تاشلىغان، شۇڭا ئوسمان قوزغىلىپ ھۆكۈمەتكە قارشىلىق كۆرسەتكەندە، ئاۋاز قوشقۇچىلار كەينىگە ئەگەشكەن. ئەمما ۋۇ جۇڭشىن قازاقلارنىڭ ئەلەن ۋاڭ قاتارلىق بىرتۈركۈم يولباشچىلىرىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلار تېزدىن ئالتايغا قايتىپ كەتكەن ھەمدە يەرلىك ھۆكۈمەتتە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان، بۇ چاغدا ئاددىي چارۋىچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئوسماننىڭ ئابرويى تۆۋەنلەپ، ئىلاجسىز: «مېنىڭ ئورنۇم ئەسلىدە تۆۋەن ئىدى، ئۆتكەندە قازاق مۆتىۋەرلىرىنىڭ تولىسىنى ھۆكۈمەت قولغا ئالغاچقا، مەن شۇ سەۋەب بىلەن چاقىرىق قىلسام. قازاق خەلقى مېنى ھىمايە قىلغان ئىدى. بۈگۈن شېڭ شىسەي كېتىپ، ھۆكۈمەت قايتا تەشكىللەندى، قازاق مۆتىۋەرلىرىدىن ئەلەن ۋاڭ قاتارلىقلارنىڭ ئەركىنلىكى ئىلگىرى-كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مېنىڭ چاقىرىق قىلىشىمغا ئورۇن قالمىدى، خەلق كۆڭلىنىڭ مايىل بولۇشىغىمۇ ئىشەنچىم قالمىدى» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان.[81] ۋۇ جۇڭشىن ئوسماننىڭ تاشقى جەھەتتە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئېتىبارىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە خەلق رايىدىن ئايرىلىپ، ھەممىنى بىزار قىلىپ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭ «ئىتائەت قىلىشىدىن ئۈمىد بار» دېگەن يەرگە كەلگەن.[82]

### (2) ئوسماننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش جەريانى

ئوسمان كۆپ يىللاردىن بېرى ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ كەلگەچكە، ھۆكۈمەتتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىپ، تەسلىم بولۇش چاقىرىقىنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئوسماننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش جەريانى ئۇزاق ھەم ئەگرى-توقاي بولغان.

① ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكى چاپارمەنلەرنى تەسلىم

بولۇشقا ئۈندەش.

ئوسماننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئىشى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەشتىن باشلانغان. ئوسماننىڭ قول ئاستىدا مانات، كەيمىس، سۇلايمان، قاباس، كامىل دېگەن بەش چاپارمەن بولغان. مانات قىسمىنىڭ كۆچى ھەممىدىن زور بولۇپ، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي ئەتراپلىرىنى ئىگىلەپ تۇرغان؛ كەيمىسنىڭ پوزىتسىيىسى جاھىلراق بولۇپ، ئۇ ماناتقا خالىغاندا نازارەت قىلىش مەقسىتىدە مانات قىسمىغا يېقىن يەرگە جايلاشقان؛ سۇلايمان بىلەن قاباس ماناس، شىخولارنىڭ شىمالىدىكى بېيشاۋو ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشقان؛ كامىل ئوسماننىڭ ئىنىسى بولۇپ، بەيتىك تېغىدا ھەرىكەت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا بېيشاۋودا ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن نۇرغوجايمۇ ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكى مۇھىم ئاتامانلارنىڭ بىرى بولغان. ۋۇ جۇڭشىننىڭ كۈچلۈك ھال سوراش ھۇجۇمى ئالدىدا، ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكى چاپارمەنلەر «كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭغا داۋاملىق ئىتائەت قىلغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئىككىلىنىش خاھىشى تۇغۇلغان». [83] ۋۇ جۇڭشىن ئەنە شۇ پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدى بىلەن ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئۈستىدە كۈچ سەرپ قىلغان.

ماناتنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەن. مانات «ئوسماننىڭ ئەڭ يېقىن ئىشەنچلىك ئادىمى» ئىكەن. [84] ماناتنى تەسلىم قىلىش ئوسماننى تەۋرىتىشتە بىرقەدەر زور تەسىر كۆرسىتىدىكەن. 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، بۇرۇلتوقايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە مانات بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، ماناتنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش ئارزۇسى بارلىقىنى بايقىغان. ئالتاي ھال سوراش ئەترىتى مانات بىلەن كۆرۈشۈشكە يەنە ئادەم ئەۋەتكەن. مانات بۇرۇلتوقايغا «سوغىلىق ئۈچ ئات» بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ شۇيەردىكى ئارمىيىگە ئەل بولۇش توغرىسىدا

ئىككى شەرتنى ئوتتۇرىغا قويغان: بىرىنچىسى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئامانلىق ساقلاش 1 ـ چوڭ ئەترىتى قىلىپ تەشكىللەش؛ ئىككىنچىسى ماناتنىڭ بۆرۆلتوقايدىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئەۋەتىپ بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىيىتىنى بىلدۈرۈش. مانات ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقەتەن سەمىمىيىتى بولىدىغان بولسا، بۆرۆلتوقايغا ئۆزى بېرىپ ئەل بولۇش توغرىسىدا سۆزلىشىشكە ۋەدە بەرگەن. بۆرۆلتوقايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە شىنجاڭدىكى ئالىي ھەربىي ـ مەمۇرىي دائىرىلەردىن يوليورۇق سورىغان، جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىن بىرلىكتە تېلېگرامما قايتۇرۇپ، ماناتنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۆرۆلتوقاي تەرەپ دەرھال ئەلچى بەلگىلەپ، ماناتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىنى ئەۋەتىپ بەرگەن، ماناتمۇ ۋەدىسىدە تۇرۇپ بۆرۆلتوقايغا ئۆزى كەلگەن. شىنجاڭ دائىرىلىرى ماناتنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى قوبۇل قىلىپ ئامانلىق ساقلاش 1 ـ چوڭ ئەترىتى قىلىپ تەشكىللىگەن، ماناتنى چوڭ ئەترەت باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن. مانات سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش، مىللىي ھۆكۈمەتكە سەمىمىي خىزمەت قىلىشنى بىلدۈرۈپ ئاشكارا خىتاب جاكارلىغان.

سۇلايمان بىلەن نۇرغوجاينى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەن. ھەر يىلى 10 ـ ئايدا قار ياغقاندىن كېيىن ۋە 2 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قار ئېرىشتىن بۇرۇن بۇيەردىكى سۇسىز، يېرىم قاقاس ئوتلاق بېيشاۋو ئادەملەر بىلەن چارۋا ماللارنى ياغقان قار ۋە يەردە تۇرۇپ قالغان قارغا تايىنىپ سۇ بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن. شۇڭا بۇ يەر ھەمىشە قازاق قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ مۇھىم پائالىيەت ئورنى بولۇپ كەلگەن، سۇلايمان بىلەن نۇرغوجاي قاتارلىقلار دائىم مەشەدە ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. سۇلايمان ئەسلىدە ئوسماننىڭ يارەمچىسى ئىكەن، دەلىلخان ئوسماننىڭ ئورنىغا دەسسەپ

ئەمەلىيەتتىكى يولباشچىغا ئايلانغاندىن كېيىن، سۈلايماننىڭ نارازىلىقى قوزغالغان، ئۇ ئوسمانغا: «ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ئۆزىمىز باشقۇرايلى، ياتلار باشقۇرۇپ يۈرمىسۇن» دېگەن.[85] بۇ گەپ دەللىخاننىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئوسماننىڭ يېنىدىكى تاشقى مۇئامىلە ئوفىتسىر سۈلايماننى چاقىرتىپ كېلىپ ئەيىبلىگەن، كېيىنچە سۈلايماننى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەي بىر چەتتە قالدۇرغان. سۈلايمان ئىچ-ئىچىدىن خاپا بولۇپ، 1944-يىلى كۈزدە ئوسماندىن ئايرىلىپ، بېيشاۋوغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. 1944-يىلىدىن 1945-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ۋۇ جۇڭشىن فۇكاڭ ناھىيىسىدىكى بىر قازاق كەنت باشلىقىنى ئۆز قولىدا يازغان خەت بىلەن بېيشاۋوغا ئەۋەتىپ سۈلايماننى ئەل بولۇشقا ئۈندىگەندە ئاقماي قالغان. شۇ كۈنلەردە، فۇكاڭ ناھىيىسىدە مۇئامىلە ئاھالە بىلەن خەنزۇ ئاھالە قازاقلارنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. بېيشاۋودىكى قوزغىلاڭچى ئامما ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، فۇكاڭ ناھىيە شەھىرىنى قورشاپ، ئۆلتۈرۈلگەن قازاق خەلقى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ۋۇ جۇڭشىن خەلق ئىشلار نازىرى دېڭ شياڭخەينى قوشۇمچە ھەربىي سودىيە سۈپىتىدە بېرىپ ۋەقەنى بىرتەرەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن. دېڭ شياڭخەي فۇكاڭغا بارغاندىن كېيىن، ۋەقە تۇغدۇرغان ئاساسىي جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بەرگەن، فۇكاڭ تەۋەسىدىكى قازاق خەلق ئاممىسى: «بۇرۇن خەنزۇلار قازاقلارنى ئۆلتۈرۈپ قويسا سۈرۈشتە قىلىنمايتتى، بۇدا جازاغا تارتىلدى ھەمدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، بۇ ھەقىقەتەن شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم بولغان ئىش» دەپ ماختىغان.[86] كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ دېڭ شياڭخەيگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان بېيشاۋولۇق قوزغىلاڭچى ئامما ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن

قاتتىق تەسىرلىنىپ، فوكاڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ ھۆكۈمەتكە ناماقۇل بولغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بۇلاڭچىلىق قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋۇ جۇڭشىن بىلەن سۇلايمان ۋە نۇرغوجاينىڭ مەخپىي ۋەكىللىرى ئۈزمەي بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇرغان. 1945-يىلى 4-ئاينىڭ باشلىرىدا، سۇلايمان بىلەن نۇرغوجاي بىر ئادىمىدىن ۋۇ جۇڭشىنغا مەخپىي خەت ئەۋەتىپ بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئالتاي شەھرىدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقە قىلسۇن، ھەممە ئىش توغرىسىدا مانات ۋاكالىتەن سۆزلىشىدۇ دېگەن. چوڭ ئىشنىڭ پۈتۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ۋۇ جۇڭشىن ئۇلارغا سەككىز توپ گۈللۈك رەخت، 10 تاختا چاي، ئىككى كىيىملىك يىپەك رەخت، ئىككى دانە مىلتىق ۋە 200 پاي ئوق ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇ كۈنلەردە شىنجاڭدا ماددىي نەرسىلەر ئىنتايىن قىس بولغاچقا، بۇ نەرسىلەر ئالاھىدە سوۋغا ھېسابلانغان. بېيشاۋودا قار ئېرىگەندىن كېيىن، سۇلايمان بىلەن نۇرغوجاي كۆكتوقاي تەرەپكە يۆتكىلىپ ھەرىكەت قىلغان. 5-ئايدا، سۇلايمان ئالتايغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئەلەن ۋاڭ بىلەن تەسلىم بولۇش توغرىلىق سۆزلەشكەن. شۇچاغدا دەلىلخان ئادەملىرىنى باشلاپ ئالتايغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقاچقا، ئۇ سۇلايمان ۋە نۇرغوجايلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، شەھەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغان. شەھەرگە قىلغان ھۇجۇم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، نۇرغوجاي 10 نەچچە ئادىمىنى باشلاپ ئالتايغا بېرىپ تەسلىم بولغان. نۇرغوجاي ئەل بولغاندىن كېيىن، سۇلايمان بىر ئامال بىلەن ئۆزىلا ئالتايغا قېچىپ بېرىپ گومىنداڭغا تەسلىم بولغان.

كامىل گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق جايلاردىكى نۇرغۇن قازاق چارۋىچىلارنى مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ، بەيتىك تېغىنى بازا قىلىپ تەرەپ-تەرەپتە پاراكەندىچىلىك سېلىپ يۈرگەن. ۋۇ جۇڭشىننىڭ شەرقىي يول ھال سوراش ئەترىتى بەيتىك تېغىدا

سىياسىي ھۇجۇمنى قانات يايدۇرغاندىن كېيىن، گۇچۇڭلۇق مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق چارۋىچى، مورىلىق يەتتە يۈز ئۆيلۈكتىن ئارتۇق چارۋىچى، فۇكاڭلىق ۋە فۇيۈەنلىك تۆت يۈز ئۆيلۈكتىن ئارتۇق چارۋىچى ئەسلىي جايىغا كەينى-كەينىدىن قايتىپ كەلگەن. «قالغانلىرى قېرىلارنى يۆلەپ، بالىلارنى كۆتۈرۈپ يول ئۈستىدە كېلىۋاتقانلار» ئىكەن.[87] چارۋىچىلارنىڭ قايتىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىنتايىن قورققان كامىل ئادەم باشلاپ بېرىپ ئۇلارنى توسماقچى بولغان، نەتىجىدە ئىككى تەرەپ كەسكىن جەڭ قىلىپ، كامىل جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەن. ۋۇ جۇڭشىن ئۆز قولى بىلەن يازغان خەتنى بىرسىدىن بەيتىككە ئەۋەتىپ ئۇيەردىكىلەرنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەن، چوڭ-كىچىك كاتتىباشلار «بۇلاڭچىلىقنى توختىتىپ، ئەل بولۇشنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقى»نى بەس-بەس بىلەن بىلدۈرگەن.[88]

ئۇسماننىڭ قول ئاستىدىكى چوڭ چاپارمەنلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ تەسلىم بولغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ ئۆلگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇسماننىڭ كۈچى ئىنتايىن بەك ئاجىزلاپ قالغاچقا، ئۇ ئۇرۇش قىلىش ياكى تەسلىم بولۇش مەسىلىسىدە تېزدىن بىر قارارغا كېلىشكە مەجبۇر بولغان.

② ئۇسماننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش.

ۋۇ جۇڭشىن ئۇسماننىڭ قاراقچى بولۇپ يۈرگىنىگە كۆپ يىل بولغانلىقىنى، ھۆكۈمەتنىڭ يوقىتىش ۋە تەسلىم قىلىش تەدبىرلىرىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى، ئۇنى تەسلىم قىلىش ھەرگىز ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەن. شۇڭا ۋۇ جۇڭشىن يېتەرلىك سەۋر-تاقەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۇسماننىڭ «ئۆتمۈشىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغانلىقى»نى ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەسلىم بولۇش پەيتىنى كۈتكەن ۋە ئىزدىگەن. ۋۇ جۇڭشىن ئۇسماننىڭ تاشقى جەھەتتە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئىشەنچىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى، ئىچكى

جەھەتتە چارۋىچىلارنىڭ يۆلىشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بىلگىنىدە، ئوسماننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش پەيتى پىشىپ يەتتى دەپ ھېسابلىغان. 1945-يىل 1-ئايدا، ۋۇ جۇڭشىن ئالتاي، چىڭگىل، جىمىنەي، قابا ناھىيىلىرىگە بىرىپ ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىم بولغان مۇقاش قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ «ئايرىم-ئايرىم مەخپىي بىرىپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش» ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىشىنى تاپىلىغان، مۇبادا ئوسمان ئۆلكە مەركىزىگە كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشىمەن دېسە، «سەمىمىي قارشى ئالىمەن»، پۇرسەت بولسا، ئوسماننى جياڭ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ «ئالدىغا ئېلىپ بىرىپ كۆرۈشتۈرىمەن» دېگەن.(89)

ئەمما ئوسمان تەسلىم بولۇشنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە تولا ئارىسالدى بولغان. 1945-يىل 2-ئايدا، ئۇ ۋۇ جۇڭشىننىڭ تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئەلچىسى ئورازغالى بىلەن كۆرۈشكەن. ئوسمان ئورازغالىغا: «مېنىڭ ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭغا كەلگىنىگە ئىشەنمەسلىكىمدىكى سەۋەب، بۇ يەنە شۇ شېڭ دۇبەننىڭ ھىيلىسىمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، پەرىزىمچە شېڭ دۇبەن تېخىچە شىنجاڭدا، ئۇ ياشىنىپ قالغان ۋۇ جۇڭشىننىڭ قورۇق نامى بىلەن تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ بىزنى قىلتاققا چۈشۈرمەكچى. ئەگەر شېڭ دۇبەننىڭ كەتكىنى، ۋۇ جۇڭشىننىڭ كەلگىنى راست بولسا، ۋۇ جۇشى مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ھەقىقىي ۋەكىلىنى ئەۋەتسۇن. ئۇنداق قىلمايدىكەن، بۇگۈنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى شېڭ شىسەينىڭ بۇرۇنقىدەك ... پۇقرالارنى قايتۇرۇپ كېتىش مەقسىتىدە قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرى بولغان بولىدۇ. شۇڭا مەن ھازىرچە ھۆكۈمەت بىلەن ياخشىلىشىشقا پېتىنالمايۋاتىمەن» دېگەن.(90) ئوسمان بۇ گەپلەرنى قىلغاندا، تاشقى موڭغۇلىيىلىك ئوفىتسېر يېنىدا نازارەت قىلىپ ئاڭلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن

ئوسماننىڭ گەپلىرى سەل تاقۇر-تۇقۇر بولۇپ قالغان. ئۇ شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىن كەتكىنىگە ئىشەنمەيمەن دەپ ئوپئوچۇق باھانە كۆرسەتكەن[91]: ئۇ ئورازغالىنى بۇرھاننىڭ چارۋىچىسى بولغان دەپ تۆۋەن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ۋۇ جۇڭشىن «ھەقىقىي ۋەكىل» ئەۋەتسۇن دەپ ۋۇ جۇڭشىننىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سۆزلىشىشكە كاتتا مەنسەپدار ئەۋەتىشىنى پۇراتقان. شۇنداق قىلىپ ئوسمان شۇچاغدا تەسلىم بولۇشنى ھەم سىيلىق گەپلەر بىلەن رەت قىلغان، ھەم كېيىنكى كۈنلەردە تەسلىم بولۇش توغرىسىدا سۆزلىشىش يولىنى ئېتىپ قويمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا شۇچاغدا تۆپىدە تۇرغان تاشقى موڭغۇلىيىلىك ئوفىتسېرنىڭ كۆزىنى بويىغان. ئوسمان شۇچاغدا تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپ بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىشنىمۇ، گومىنداڭغا تەسلىم بولۇشنىمۇ خالىماي، قاراپ باقماقچى بولغان. ئوسمان كۆكتوقايلىق ئىكەن، تاشقى موڭغۇلىيە ئوسمانغا ھەمكارلىشىپ كۆكتوقاينى ھۇجۇم بىلەن ئالماقچى بولغاندا. ئوسمان خەلقىنىڭ يېمەكلىكى يېتىشمەيدۇ، ئاتلار ئورۇق، ئەسكەرلەر چىداشلىق بېرەلمەيدۇ دېگەنلەرنى باھانە قىلىپ ئۇنىمىغان. ئوسمان كۆكتوقايغا قايتىپ بېرىپ ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپ رۇخسەت قىلمىغان.[92] ئەمما ئالتايدىكى گومىنداڭ بىلەن پارتىزانلارنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە ئەگىشىپ،[93] ئوسمان يېڭىۋاشتىن ئىلى تەرەپكە ئۆتۈۋالغان. 1945-يىل 5-ئاينىڭ 20-كۈنى، ئوسمان بىلەن دەلىلخان مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلغان. ئوسمان ئالتايغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئالاھىدە كۈچ كۆرسەتكەن، ئۇ ئالتاينى ئىشغال قىلىپ، كەلگۈسىدە ھەرقايسى تەرەپنىڭ مەنپەئەت تالىشىشىدىكى سىياسىي دەسمايىسىنى ئاشۇرۇش خىيالىدا بولغان.

گومینداڭنىڭ شەھەر قوغداش ئارمىيىسى چىڭ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئوسمان مەقسىتىگە يېتەلمىگەن.

7-8-ئايلاردا، ئىلىدىن شىمالغا يۈرۈش قىلغان مىللىي ئارمىيە بىلەن ئالتايدىكى يەرلىك پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئارقىمۇ-ئارقا غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوسمان سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان. ئۇ دەسلىخاندىن ۋە ئىلى تەرەپتىن تېخىمۇ نارازى بولغان. مىللىي ئارمىيە ئالتاي ئەتراپلىرىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، ئوسمان ئادەملىرىنى بۆلگىن، چىڭگىل دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا ۋە بەيتىك تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە چېكىنىدۇرۇپ دەم ئالدۇرغان ۋە تەرتىپكە سالغان. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە باتناپ: «چارۋىچىلاردىن ئاچ قېلىپ، ئېتىلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر بەك كۆپ، چارۋا مالغىمۇ ھەددىدىن زىيادە زىيان بولدى، بۇ يىلقى ئالتاي سوقۇشىدا 300دىن ئارتۇق يارىلىق يىگىت ئۆلۈپ كەتتى... بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى كۆچمەن چارۋىچىلار خالىغانچە تەسلىم بولساڭلار مەن توسۇمايمەن. ھازىر مېنىڭ باشقا تەشەببۇسۇم يوق، پەقەت كۆپچىلىك چارۋىچىلار بىلەن ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولۇشنىلا ئويلاۋاتىمەن» دېگەن.[94] 9-ئاينىڭ باشلىرىدا، ئىلى مىللىي ئارمىيىسى ئالتاي قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان. ئوسمان ئالتايدىكى قازاقلار ئارىسىدا مەلۇم تەسىرگە ئىگە بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قىسمەن ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلى تەرەپ ئالتاي رايونىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا ئوسمان بىلەن ھەمكارلىشىشنى لازىم تاپقان، ئۇنى شۇ مەقسەتتە ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا كۆرسەتكەن. ئوسمان بۇ ئەمەلنى بەك كىچىك كۆرۈپ ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىغان، ئالتايدا مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنغىمۇ

قاتناشماسلىقنىڭ قازىنىنى ئاسقان. سوۋېتلىك ھەربىي قوماندان راتوۋ بىلەن دەللىلخان ئۆزلىرى بېرىپ تەكلىپ قىلغاندىلا، ئوسمان ئاران دېگەندە ئالتايغا بېرىپ خىزمەتكە چۈشكەن. بىراق ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئۇ يەنە ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنى تاشلاپ، كۆكتوقايغا قايتىپ ئورۇنلاشقان. ئۇ: ئالتاينىڭ ھۆكۈمەتكە قارشىلىق كۆرسىتىشى بالدۇر ئىلى ئىنقىلابى كېيىن بولدى، ئىلىنىڭ ھەقىقەتەن ئالتاينىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى تەبىئىي، دېمەك ئالتاي قوزغىلىڭى ئىلى ئىنقىلابىغا باشلامچى بولغان، شۇنداق ئىكەن، كېيىن كەلگەنلەر نېمە دەپ ئالتاينىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىكەن! دېگەن تونۇشقا كەلگەن.[95] ئالتاينى ئۆزىنىڭ زېمىنى دەپ بىلگەن ئوسمان ئىلىنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىگە يول قويۇشنى خالىمىغان، ئۇنىڭ ئىلى تەرەپ بىلەن ئادا - جۇدا بولۇشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئوسمان گومىنداڭ تەرەپنىڭ ھەربىي تەھدىتىگە دۇچكەلگەن. شۇ كەملەردە گوچۇڭ. فۇكاڭ تەرەپلەرگە ئورۇنلىشىپ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان چىڭخەي 5 - ئاتلىق جۇنى[96] چەۋەندازلىقتا ئۇستا، ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيدىغان مەرگەنلەردىن ئىكەن. بېيشاۋودىكى قوزغىلاڭچى ئامما سىرتقا چىقىپ پاراكەندىچىلىك سالغاندا، قايتا - قايتا «قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، توختىماي قوغلىنىپ» «ھەرىكەت قىلىدىغانغا قىلچە جاي تاپالماي قالغان».[97] ئوسمان ئەگەر گومىنداڭ ئارمىيىسى ئالتايغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا ئۆزىنىڭ يوقىتىلىدىغانلىقىنى سەزگەن.[98] ئۇ قورقۇش ئارقىسىدا گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۇچرىشىشقا تەقەززا بولغان. 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرى، ئۇ جۇنۇس قاتارلىق كىشىلەرنى فۇكاڭغا «ھۆكۈمەتنىڭ شۇچاغدىكى ئومۇمىي ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلاشقا ئەۋەتكەن».[99] جۇنۇس قاتارلىق كىشىلەر فۇكاڭغا بارا - بارمايلا

ئۇلارنى ئاتلىق 5 - جۈن تۇتۇۋالغان. ۋۇ جۇڭشىن ئوسماننى بالدۇرراق ئەل قىلىش ئۈچۈن جۇنۇسنى ئۆزى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا «ھەر جەھەتتىن مۇۋاپىق ئېتىبار بەرگەن»، كېتىمدىغان چېغىدا ئۇنىڭغا پاختىلىق كىيىم، قولاقچا قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغان. ئوسماننىڭ بېيشاۋودا تۇرۇشلۇق چاپارمەنى قاباس تەسلىم بولغان سۈلايمان بىلەن نۇرغوجايغا خەت يېزىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارغا تۇتۇۋاتقان پوزىتسىيىسىنى سۈرۈشتۈرگەن، گەپ ئارىسىدا ئۆزىنىڭمۇ تەسلىم بولۇش نىيىتى بارلىقىنى پۇراتقان. ۋۇ جۇڭشىن دەرھال ئۆز قولىدا يازغان خەتنى نۇرغوجايغا تۇتقۇزۇپ ئۇنى بېيشاۋوغا قاباس بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتكەن. ئوسمان بىلەن قاباس ۋۇ جۇڭشىننىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ خەتنى جامائەتكە ئېلان قىلغان.

1946 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، نۇرغوجاي بىلەن قاباسنىڭ ۋەكىللىرى كەنىن، ئېبدىلخانلار ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن. كەنىن قاتارلىق كىشىلەر قاباسنىڭ ھۆكۈمەتتىن ئاشلىق، چاي، شېكەر قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قوتقۇزۇشنى ھەمدە ئوسماننى ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس قىلىپ تەيىنلەشنى، ئالتايدا مىللىي قوشۇن تەشكىل قىلىشنى تەستىقلاشنى تەلەپ قىلىپ يازغان خېتىنى ئېلىپ كەلگەن.[100] بۇ ۋۇ جۇڭشىن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش، كەلگۈسىدىكى ئۆلكە رەئىسلىكىنى جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان ۋاقىت ئىكەن، شۇڭا ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئوسماننىڭ مۇئاۋىن رەئىس بولۇش شەرتىگە جاۋاب بېرىش ھوقۇقى قالمىغان. ئۇ بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كەنىن قاتارلىق كىشىلەرگە ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قۇتقۇزۇشتا «مەسىلە يوقلۇقى»نى بىلدۈرگەن.[101] ئوسماننى تەسلىم قىلىش ئىشىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋۇ جۇڭشىن تەسلىم بولۇشقا ئۇندەش خىزمىتىنى

«بوشاشتۇرماي چىڭىتىش»قا ئۆزىنى ئۆزى رىغبەتلەندۈرگەن[102]. ئۇ 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ شتاب باشلىقى قوشۇمچە مۇئاۋىن كوماندىرى گو چىچياۋ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن نۇرغوجاي، خۇسەيىن قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتىشنى قارار قىلغان. نۇرغوجاي بېيشاۋوغا بېرىپ قاباسىنى قايىل قىلغان، خۇسەيىن ساقچى باشقارمىسىنىڭ بىر ئالاھىدە خادىمىنىڭ ياردىمىدە ئالتايغا بېرىپ ئوسمان بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن.

مۇشۇ قېتىمقى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەشنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلگۈچە ۋۇ جۇڭشىن 1946-يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنى ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا قايتىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرىدىغان سىياسىي ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان. ئەمما گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئوسماننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ھەرىكىتى ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭدىن كېتىشى بىلەن ئاخىرلاشمىغان. بەش ئايدىن كېيىن، ئوسماننىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئالتاينى ماددىي ئەشيالار بىلەن قۇتقۇزۇش، گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ئالتايغا ئاتلاندۇرۇپ چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرغۇزۇش قاتارلىق تەلەپلەرنى قويۇپ، ئوسماننىڭ ئىلى تەرەپ بىلەن ئادا-جۇدا بولۇش، ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىش مۇقەددىمىسىنى باشلىغان.[103]

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، ۋۇ جۇڭشىننىڭ قازاق چارۋىچىلىرىدىن ھال سوراش، قازاق قوزغىلاڭچىلىرىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش سىياسىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تۇراقلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەسكى، ئەگەر بىرمۇنچىلىغان قازاق، موڭغۇل چارۋىچىلار ئەسلىدىكى چارۋىچىلىق رايونىغا قايتىپ كەلمىگەن، ئوسماننىڭ قول

ئاستىدىكى بىرقىسىم ئامما كەينى-كەينىدىن تەسلىم بولمىغان بولسا[104]، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ تارباغاتاي، ئالتايلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى تېخىمۇ زورىيىپ، مىللىي ئارمىيە شىمالغا يۈرۈش قىلماي تۇرۇپلا گومىنداڭنىڭ ئاشۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسى خەلق ئۇرۇشىنىڭ كەڭ دېڭىزىغا ئاللىقاچان غەرق بولغان بولار ئىكەن.

## ئىككىنچى، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەردىن، ئەمەلدارلاردىن ۋە ئاممىدىن ھال سوراش

شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ھەربىي قوشۇن ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار كەلگۈسى تەقدىرىگە كۆز يەتكۈزەلمەي بىئارام بولۇشقان؛ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلق ئاممىسى ئىلى ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىغان. شۇڭا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئارمىيىنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىش شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ئىشىغا ئايلانغان. 1945-يىل 2-ئايدا، ۋۇ جۇڭشىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاراشلىق ھەرقايسى نازارەت، ھەيئەت ۋە باشقارما باشلىقلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەردىن، ئەمەلدارلاردىن ۋە خەلقتىن ھال سوراش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھال سوراش ئۆمىكىگە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى شې لىگيۇن باشلىق، ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇۋەققەت شتاب باشلىقى لو كەنفېن مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ھال سورىغان.[105]

1) جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىيلەردىن، ئەمەلدارلاردىن ھال سورىغان.

ئىلى ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، «جەنۇبىي شىنجاڭ كۆرۈنۈشتە تىنچتەك قىلسىمۇ»، ئەمەلىيەتتە يوشۇرۇن خەۋپ-خەتەر كۆپ بولغان، «ھەممىدىن بەك غەمگە سېلىۋاتقىنى ئەسكەر يېتىشمەسلىكىدىن ئىبارەت» بولغان، «بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش يولى سىياسىينى تەتبىقلاش ۋە پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ھەمكارلاشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان»،[106] ئۇنداق قىلمىغاندا، ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە «ئارمىيە، ساقچى ۋە ھۆكۈمەت بىر-بىرى بىلەن ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالماي»، «بىرەر ۋەقە يۈز بەرسە ئۆز-ئارا مەسلىھەتلەشمەيدىكەن»، «سوۋېت ئىتتىپاقى كۈشكۈرتمىگەن ھالەتتىمۇ ھەرقايسى مىللەتلەر غەيرىي نىيەتتە بولىدىكەن، ئەھۋال شۇنداق بولىدىغان بولسا، خانىۋەيرانچىلىقنىڭ يۈز بېرىشى چوقۇم ئىكەن».[107]

جەنۇبىي شىنجاڭدا كۇچادىن خوتەنگىچە بولغان كەڭ رايونلاردا گومىنداڭنىڭ ئالتە ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ۋە بىر قوشۇمچە تۈەنى تۇرغۇزۇلغان، بۇلار شېڭ شىسەيدىن قالغان يەرلىك قوشۇن بولۇپ، قوراللىرى كونىراپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن، جەڭگىۋارلىقى ئاجىز، يېڭى ھۆكۈمەتتىن پەخەس بولۇۋاتقان قوشۇن ئىكەن. ۋۇ جۇڭشىن جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچىتىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھال سوراش ئۆمىكى ئارقىلىق «ھال سوراش» نامى ئاستىدا، قوشۇنلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ۋە روھىي ھالىتىنى ئىگىلىگەن، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ۋە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئۇلارغا سەنمىنجۇيىلىق ئىدىيىنى سىڭدۈرۈش، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق شۇيەردە

تۇرۇشلۇق ئارمىيە بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ قارىمۇ-قارشىلىق مۇناسىۋىتىنى يۇمشاتماقچى بولغان. لو كەنفېننىڭ «ھال سورىشى» ئارقىلىق «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كونا ھەربىي قوشۇنلار مەركەزگە بويسۇنۇش، باشقا ئەندىشىدە بولماسلىق قارارىغا كەلگەن».[108]

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلارمۇ ئاساسىي جەھەتتىن شىڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەر ئىكەن، ئۇلار يېڭى ھۆكۈمەت بىلەن كونا ھۆكۈمەت ئالمىشىۋاتقان پەيتتە تۇرغاچقا، ئىستىقبالىغا كۆز يەتكۈزەلمەي، روھىي جەھەتتە تولىمۇ بىئارام بولۇپ قالغان. شۇڭا ئۇلاردىنمۇ جىددىي ھال سوراش لازىم بولغان. ھال سوراش ئۆمىكى ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ئۇلارغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئۇلارنىڭ شۇ يەردىكى ئارمىيە، ساقچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيىنىڭ بىرلىككە كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا سىڭىشى ۋە كېڭىيىشىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان.

2) جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىدىن ھال سورىغان.

لو كەنفېننىڭ قارىشىچە، 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ جەمئىيىتى كونا فېئودال-دىنىي كۈچلەر پۈتۈنلەي كونترول قىلغان جەمئىيەت بولماستىن، ئىلغار ئىدىيىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ياش زىيالىيلار كۈچى باش كۆتۈرگەن، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا زور تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان» جەمئىيەتكە ئايلانغان.[109] شۇڭا لو كەنفېن جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھال سورىغاندا، كونا كۈچلەرنى «ئۆزگەرتىش»تىن تاشقىرى، ياش ئوقۇغۇچىلارنى پارچىلاش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىلغار ئىدىيىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ياش زىيالىيلار كۈچىنى ۋەيران قىلماقچى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا،

لــو كــەنفىن خــەلق كــۆڭلىنى رام قىلــش ئۈچــۈن ھۆكــۈمەتكــە ۋاكالىتەن چارۋىچىلىق بىجىنى كىمەيتكەن، يەنى ھەربىر قوي ئۈچــۈن ئېلىنىــدىغان 50 يــۈەن شــىنجاڭ پــۇلىنى 35 يــۈەن شىنجاڭ پۇلىغا كېمەيتكەن.[110] ھــال سوراش مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشــكەن، جەنــۇبىي شــىنجاڭنىڭ ھەرقايســى ۋىلايــەت، ناھىيىلىرى ئاتالمىش «بايراق تەقدىم قىلىش-سالام بېرىش ۋەكىللــەر ئــۆمىكى»نــى ئۇرۇمچىگــە ئــەۋەتىپ، گــومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكــە مەركىزىگــە ئــەڭ يىــراق «قەشــقەر ۋىلايىتىنىــڭ توققــۇز ناھىيىســىدىكى 160 مىــڭ ئاممىنىــڭ ئۆلكــە مەركىزىگە بېرىپ بايراق تەقدىم قىلىش-سالام بېرىش ئۆمىكى»نىڭ كــۆلىمى بىرقــەدەر چــوڭ بولــۇپ، ۋۇ جۇڭشــىنىڭ ئــەڭ قىــزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن.[111]

ئومۇمەن ئالغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھال سوراش ئۆمىكى كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشكەن. 1945-يىل 10-ئاينىڭ 14-كۈنــى، ۋۇ جۇڭشــىن ئىلــى ئىنقىلابىنىــڭ جەنــۇبىي شــىنجاڭغا كېڭىيىشىنى توسۇش «تەجرىبىسى»نى يەكۈنلىگەندە، جەنۇبىي شــىنجاڭدىن ھــال ســوراش ئۆمىكىنىــڭ رولىغــا يــۇقىرى باھــا بەرگــەن. ئــۇ مۇنــداق دېگــەن: ئىلــى ئىنقىلابىنىــڭ جەنــۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيمىگەنلىكىدىكى سەۋەب شۇكى، «بىرىنچىدىن قويۇپ بېرىلگەن مەھبۇسلار يول بويى تەشۋىق قىلىپ ماڭغان، بــۇ خــۇددى ئــۇرۇق سېلىشقا ئوخشايدۇ»؛ «ئىككىنچىــدىن لــو كــەنفىننى ئــەۋەتىپ جەنــۇبىي شــىنجاڭدىن ھــال سورىدۇق، بــۇ خۇددى سۇغىرىپ ئوغۇتلاشقا ئوخشايدۇ»؛ ئۈچىنچىدىن جەنۇبىي شــىنجاڭدىكى كومانــدىر-جەڭچىلــەر پــىداكارلىق كۆرســىتىپ قەلئەلــەرنى قەيســەرلىك بىلــەن قوغدىــدى، شــۇنىڭ بىلــەن چېچەكلەپ مېۋە بەردى.[112]

## ئىزاھلار:

(1) «زۇڭتۇڭ جياڭ ھەزرەتنىڭ ئىدىيە-سۆزلىرى ئومۇمىي توپلىمى»، 19-جىلد نۇتۇقلار، تەيبېي، «گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ھەيئىتى»، 1984-يىل نەشرى، 176-بەت.

(2) «زۇڭتۇڭ جياڭ ھەزرەتنىڭ ئىدىيە-سۆزلىرى ئومۇمىي توپلىمى»، 19-جىلد، نۇتۇقلار، 403-404-بەتلەر.

(3) «جۇڭگو گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىجرائىيە ھەيئىتى 22-سانلىق ئەزالار يىغىنىنىڭ خاتىرىسى»، (1944-يىل 1-ئاينىڭ 27-كۈنى)، جاڭ داجۈننىڭ «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل» دېگەن كىتابىنىڭ 5890-5891-بەتلىرى.

(4) جۇ چۈنخۇي: «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى»، ۋۇ فۇجاڭ تۈزگەن «شېڭ شىسەينى باشتىن كەچۈرۈش خاتىرىسى»نىڭ 323-بېتىگە بېسىلغان.

(5) مەزكۇر ئازغىنا قىسىمىنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى كۆرسىتىلمىگەنلىرى «جۇڭگو گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ دېكلاتى (1943-يىل 1-ئايدىن 1945-يىل 3-ئايغىچە)»دىن ۋە «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5-توپلام، 2-قىسىم، «سىياسى» (4)، 813-831-بەتلەردىن ئېلىندى.

(6) «زۇڭتۇڭ جياڭ ھەزرەتنىڭ ئىدىيە-سۆزلىرى ئومۇمىي توپلىمى»، 19-جىلد، نۇتۇقلار، 319-320-بەتلەر.

(7) دىياۋ باۋشى تۈزگەن: «مىنگو دەۋرىدىكى ۋۇ(لىچىڭ ئەپەندى) جۇڭشىنىڭ تەرجىمىھالى»، تەيبېي، تىجارەت باسمىخانىسى 1988-يىل نەشرى، 125-بەت.

(8) ۋۇ جۇڭشىن: «زۇڭسەيگە يوللانغان خەت»، (1944 يىل 9-ئاينىڭ 24-كۈنى)، قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىن يازغان «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى، شىنجاڭنى باشقۇرۇشتىن بۇرۇنقى كەچۈرمىشلەر». ۋۇ جۇڭشىنىڭ خاتىرىسىدە مۇئامىلىگە دائىر بىرمۇنچە خەت-ئالاقە، تېلېگرامما ۋە ھەرخىل دوكلات قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ئېتى

بارلىرى شۇ ئېتى بويىچە ئېلىندى، ئېتى يوقلىرىغا ئاپتور ئۆزلىرى يوللاش ـ تاپشۇرۇۋېلىش مۇناسىۋىتىگە ياكى مەزمۇنىغا قاراپ ئات قويۇپ قويدى.

(9) «زۇڭسەينىڭ مەخپىي نومۇرلۇق تېز خېتى»، قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىن يازغان «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى. شىنجاڭنى باشقۇرۇشتىن بۇرۇنقى كەچۈرمىشلەر».

(10) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

(11)(12) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.

(13) خۇاڭ خوچىڭ: «شىنجاڭدا ئىشلىگەن چاغلارنى ئەسلەش»، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن «ج ك پ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 39 ـ توپلىمىغا بېسىلغان، ج ك پ تارىخى نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى، 49 ـ ، 51 ـ بەتلەر.

(14)(16) «زۇڭتۇڭ جياڭ ھەزرەتنىڭ ئىدىيە ـ سۆزلىرى ئومۇمىي توپلىمى»، 19 ـ جىلد، نۇتۇقلار، 404 ـ 405 ـ بەتلەر.

(15) «مۇۋەققەت شتاب باشلىقى لو كەنفېننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتى»، (1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈندىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»گە قاراڭ.

(17) «جۇڭگو گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىجرائىيە ھەيئىتى 24 ـ سانلىق ئەزالار يىغىنىنىڭ خاتىرىسى»، (1944 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى)، قاراڭ: جاڭ داجۈن يازغان «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 5898 ـ بەت.

(18) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 5933 ـ بەت.

(19) جياڭ دالۇننىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىدە ساقلانغان تاپشۇرۇش ماتېرىيالى، «شىنجاڭدىكى ناھەق دېلولارنىڭ باش ـ

ئاخىرى»نى تۈزۈش گورۇپپىسى يازغان «شىنجاڭدىكى ناھەق دېلولارنىڭ باش ـ ئاخىرى». جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى، 159 ـ بەت.

(20) چېن شياۋيى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭخۇا مىنگونىڭ مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ دەسلەپكى تۈزۈلۈشى ـ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى»، 7 ـ قىسىم، «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو»، (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» دېيىلىدۇ) (3)، تەيبېي، «گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ھەيئىتى»، 1981 ـ يىل نەشرى، 117 ـ بەت.

(21) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 457 ـ بەت.

(22)(23) يۇ جەنباڭ: «جاڭ جىجۇڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ـ جاڭ جىجۇڭنىڭ مەخپىي ئىشلار كاتىپىنىڭ ئەسلىمىلىرى». ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، 132 ـ 133 ـ بەتلەر.

(24) «زوڭتۇڭ جياڭ ھەزرەتنىڭ ئىدىيە ـ سۆزلىرى ئومۇمىي توپلىمى»، 19 ـ جىلد، نۇتۇقلار، 180 ـ بەت.

(25) «زوڭتۇڭ جياڭ ھەزرەتنىڭ ئىدىيە ـ سۆزلىرى ئومۇمىي توپلىمى»، 4 ـ جىلد مەخسۇس ئەسەرلەر، 1 ـ بەت.

(26) جاڭ شيەنۋېن مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىدىن تېزىسلار»، خېنەن خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى، 596 ـ بەت.

(27) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1944 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

(28) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى.

(29) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1944 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋە 9 ـ كۈنى.

(30)(31)(65) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

(32) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى». 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.

(33)(34)(35)(37)(38) «زۇڭشەينىڭ مەخپىي نومۇرلۇق تېز خېتى». «زۇڭشەيگە يوللانغان مەلۇمات». (1944 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى).
قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىن يازغان «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى. شىنجاڭنى باشقۇرۇشتىن بۇرۇنقى كەچۈرمىشلەر».

(36) جىن شاۋشىيەن: «گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى».

(39) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 420 ـ بەت.

(40) تاۋ سىيۆ: «تاۋ سىيۆنىڭ ئۆز بايانلىرى». خۇنەن خەلق نەشرىياتى. 1985 ـ يىل نەشرى. 84 ـ بەت.

(41) 1944 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى شىنجاڭغا ئۆلكە رەئىسى بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتقان. ۋۇ جۇڭشىن ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە مادارى يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ باش تارتقان. جياڭ جيېشى: «ھازىر سىزدىن باشقا تازا مۇۋاپىق ئادەم تېپىلمايۋاتىدۇ. غەيرەت قىلىپ بېرىڭ. بەش يىل تۇرسىڭىزلا بولىدى» دېگەن. ۋۇ جۇڭشىن گەرچە ئاخىرقى ھېسابتا ۋەدە بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدىكى كۆز ـ قاراشلىرىنى، مەسىلەن جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىدا ھەرقايسى جاينىڭ ئەھۋالى «بىر ـ بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ»، «ئىدارە قىلىشنىڭ يولى جەھەتتە ھەر جاينىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش قاراشلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان: ئۇ دېڭ لىزىنىڭ جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى دوراپ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش لازىم» دېگەن تەشەببۇسىنى «چوڭ گەپ» ساتقانلىق دەپ، ئۇنىڭغا ئىزچىل قارشى تۇرغان. گەرچە شۇ چاغدا جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىننىڭ كۆز قاراشلىرىغا يا ماقۇل، يا ياق دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى جياڭ

جېيشىنىڭ ۋۇ جۇڭشىننى قايتا قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولۇپ كۆزدىن كەچۈرۈشىنى داۋاملىق چىڭ تەكىتلىگەنلىكىدىن قارىغاندا، جياڭ جېيشى ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئاساسىي جەھەتتىن قوشۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. جياڭ جېيشىنىڭ «يەنىلا سىزنىڭ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن»، «يەنىلا سىزنىڭ بارغىنىڭىز تۈزۈك» دېگەنلىكى جياڭ جېيشىنىڭ ئۆزىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش مەقسىتىنى ۋۇ جۇڭشىن ئوبدان گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ دەپ ھېسابلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ۋۇ جۇڭشىننىڭ «زۇڭسەينى زىيارەت» (1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى)، «زۇڭسەينى زىيارەت» (1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى) دېگەن يازمىلىرىغا قاراڭ. بۇلار ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى. شىنجاڭنى باشقۇرۇشتىن بۇرۇنقى كەچۈرمىشلەر» دېگەن خاتىرىسىگە يېزىلغان.

(42) «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا شىنجاڭ ئالاھىدە رايونىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات»، (1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى) قاراڭ: شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى يېزىش ھەيئەتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلات ۋە ھۆججەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى.

(43) ھىندىستان ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ ئارخىپخانىسى (لوندون) ئارخىپى. A. D. W :L\P&S\12\2358 فوربېسنىڭ «شىنجاڭ مىلىتارىستلىرى ۋە مۇسۇلمانلار (1911 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە داۋام قىلغان مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى)» دىن ئېلىندى. كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى، 155 - بەت.

(44) چېن لى: «ئىلى ۋەقەسىدىن قىسقىچە خاتىرە»، جېڭجۇڭ باسما ئىدارىسى 1948 - يىل نەشرى، 9 - بەت.

(45) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 11 - قىسىم، 6171 - بەت.

(46)(47)(50)(87)(88) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»،

1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى.
(48)(49) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.
(51)(55) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى.
(52)(56)(58) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى.
(53) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى
(54) چېن لى: «ئىلى ۋەقەسىدىن قىسقىچە خاتىرە»، 10 ـ بەت.
(57) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.
(59) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 2 ـ قىسىم، «سىياسى» (4)، 806 ـ بەت.
(60) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 2 ـ قىسىم، «سىياسى» (4)، 810 ـ 811 ـ بەتلەر.
(61) (ئەنگلىيىلىك) A. D. W فوربېس: «شىنجاڭ مىلىتارىستلىرى ۋە مۇسۇلمانلار: 1911 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى»، 166 ـ بەت.
(62) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 2 ـ قىسىم، «سىياسى» (4)، 812 ـ بەت.
(63) «جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارنىڭ جياڭ جيېشىغا يوللىغان تېلېگراممىسى»، ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1944 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»گە قاراڭ.
(64) «زۇڭسەينى ئوبدان كۈتۈش ھەققىدە مەخپىي تېلېگرامما»، ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1944 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»گە قاراڭ.
(66) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 4 ـ

ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

(67) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى.

(68) جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان: «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقتىم ـ ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زۇڭنىڭ خاتىرىسى»، 546 ـ بەت.

(69) شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرىنى كۆپلەپ قولغا ئېلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئىنتايىن زور ۋەھىمە پەيدا قىلغان. شېڭ شىسەي قازاق چارۋىچىلارنىڭ قورallıق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېنىقلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان. مىلتىق چارۋىچىلارنىڭ ئۆز ئوۋلاش ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش قورالى بولغاچقا، مىلتىقنى ئېنىقلاپ تاپشۇرۇۋېلىش ئىشى چارۋىچىلار:ىڭ ھاياتىغا تەھدىت يەتكۈزۈپ، ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭنىڭ سەۋەبىگە ئايلانغان. 20 ـ ئەسىرگە تەۋە 40 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي دېگەن يېرىدە چارۋىچىلارنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر زور ئىككى قېتىملىق قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن. شېڭ شىسەي خىل قوراللارغا تايىنىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن چارۋىچىلارنى ۋەھشىيلىك بىلەن قورشاپ يوقاتقان. ئەمما شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ بارا ـ بارا يامانلىشىشىغا ئەگىشىپ، باشتا شېڭ شىسەينىڭ قورشاپ يوقىتىشىغا ياردەم بەرگەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمدى قازاق چارۋىچىلارنىڭ قوزغىلىڭىنى يوشۇرۇن قوللايدىغان بولغان. ئوسمان ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش داۋامىدا بارا ـ بارا قوزغىلاڭچى چارۋىچىلارنىڭ باشلىقىغا ئايلانغان. ئوسماننىڭ كۈچى بىردە كۈچىيىپ، بىردە ئاجىزلاپ تۇرغان، ئەمما شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى بولغان كەڭ چارۋىچىلارمۇ ئوسمانغا ھېسداشلىق قىلىپ ئۇنى قوللىغان. دەرۋەقە، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئارىسىدا

خېلى بىرقىسىم چارۋىچىلار مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈلگەن، ئوسمان: چارۋىچىلارنىڭ چارۋا ماللىرىنى بۇلاپ تۇگەتسەڭ، ئۇلار كىيىم-كېچەكسىز، يېمەك-ئىچمەكسىز قېلىپ تەبىئىي ھالدا ئىنقىلاب قىلىدۇ دېگەننى ئەقىدە قىلغان. ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، قازاق خەلق ئاممىسىدا شېڭ شىسەينىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىغا چىدىغۇدەك تاقەت قالمىغان. شېڭ شىسەي كۆپ قېتىم پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن قازاق چارۋىچىلارنىڭ قوراللىق قارشىلىقىنى زادى تىنچىتالمىغان .

(70) ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي) ئىنقىلابى ئەڭ دەسلەپ ئىلىدا يۈز بەرگەن . شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئىلى ئىنقىلابى دەپمۇ ئاتالغان: ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا شەھىرى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي مەركىزى بولغاچقا، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىلى ھۆكۈمىتى ياكى غۇلجا ھۆكۈمىتى دەپمۇ ئاتالغان. مەزكۇر كىتابتا يېزىق جەھەتتىكى كۆپ تەكرارلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇقۇم ئوخشاش مەنىدە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلدى.

(71) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى »، 1945-يىل 1-ئاينىڭ 16-كۈنى

(72)(74) بەي جېنشېڭ، [ياپونىيىلىك] لىيۇەن شىنيى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي-ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1992-يىل نەشرى، 448-بەت.

(73) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1944-يىل 10-ئاينىڭ 30-كۈنى.

(75) دەلىلقان (1906-1949)، تولۇق ئىسمى «دەلىلقان سۇغۇرباييېپ»، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، شىنجاڭ ئالتاي ۋىلايىتىدىن، مىللىتى قازاق، قەبىلە باشلىقى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى بىرقەدەر چوڭقۇر قوبۇل قىلغان. 1937-يىلى قازاق-قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن

باشلىقى بولغان، 1940 - يىلى ئالتاي ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان. 1941 - يىل 10 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالماتا شەھرىگە بېرىپ ئوقۇغان. ئىككى يىلدىن كېيىن ئالتايغا قايتىپ كېلىپ قازاق خەلقىنىڭ قوراللىق كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلغان، دەسلەپتە قازاق ئازادلىق ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار باش قوماندانى بولغان، كېيىنچە ئالتاي خەلقى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدە مۇئاۋىن ھەيئەت باشلىقى بولغان. 1945 - يىل 9 - ئايدا، ئىلى مىللىي ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ پۈتۈن ئالتاي تەۋەسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سەھىيە باشقارما باشلىقى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە خائىنلىق قىلغاندىن كېيىن. دەللىقان ئالتايغا ۋالىي بولۇپ، قىسىملىرىنى باشلاپ ئوسماننى ئالتايدىن قوغلاپ چىقارغان. 1949 - يىل 9 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئىلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا ئايروپىلان ھادىسىسى يۈز بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بايقال رايونىدا قازا تاپقان.

(76)(78)(85) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

(77) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.

(79)(81)(82)(83)(92) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.

(80) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى.

(84) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى.

(86) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.

(89) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى.

(90) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

(91) ۋۇ جۇڭشىن 1945 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»دە ئوسماننىڭ ئورازغالىغا ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئەلەن ۋاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ باشقىلارنى رام قىلىش كۈچىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى يازغان. بۇنىڭدىن ئوسماننىڭ ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن دېگىنى يالغان گەپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

(93) 1945 ـ يىل 4 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلىدا باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان زور كۆلەملىك ھەربىي ھۇجۇمغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئالتايدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەرنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرغان. گومىنداڭنىڭ تۇرۇشلۇق ئارمىيىسى تەمىناتى قىيىن بولغاچقا مۇداپىئە سېپىنى قىسقارتقان، كۆكتوقاي، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى، قارا چوققا قاتارلىق جايلاردىكى ھەربىي قوشۇنلىرىنى گۇچۇڭغا چېكىندۇرۇپ، ئالتاي قاتارلىق جايلارنى ساقلاۋاتقان ئارمىيىگە ياردەم بېرىش ـ تەمىنات يەتكۈزۈش لىنىيىسىدىن ۋاز كەچكەن، ئالتاي ساقلاش ئىمكانىيىتى قالمىغان جانسىز شەھەرگە ئايلانغان. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئالتايدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەر ئالدىدا روشەن زەئىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. قاراڭ: بەي جېنشېڭ، [ياپونىيىلىك] لىيۇەن شىنيىلەر يازغان «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 402 ـ 403 ـ بەتلەر.

(94) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى.

(95) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 1 ـ

ئاينىڭ 17 ـ كۈنى.

(96) ئاتلىق 5 ـ جۇن خۇيزۇلار بىلەن سالالارنى تايانچى كۈچ قىلغان قوشۇن بولۇپ، چىڭخەيدىكى مىلىتارىست ما بۇفاڭغا قاراشلىق بولغان. جۇن باشلىقى ما چېڭشياڭ بولغان، تۆۋەندە ئىككى لۈي بولۇپ، ھەر لۈيدە ئىككى تۈەندىن جەمئىي ئالتە تۈەن. ھەر تۈەندە تەخمىنەن مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بولغان. ئىلى ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئۇلارنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا يۆتكىگەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاتلىق 5 ـ جۇن ئاتلىق 1 ـ شىغا ئۆزگەرتىلگەن، ئۇ سانجى، قۇتۇبى، گۇچۇڭ، فۇيۈەن، مورى، ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىدا مۇداپىئەدە تۇرۇپ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىلەن تىركەشكەن. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ما چېڭشياڭ ھەربىي قىسىمدىن ئايرىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن، شىجاڭلىقنى خەن يۈۋېن ئۈستىگە ئېلىپ، تاۋ شىيۆ بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن ئۆزگەرتىلىپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 22 ـ بىڭتۈەنى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

(97) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

(98)(99) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.

(100) 1945 ـ يىل 10 ـ ئايدىلا، ھەربىي كومىتېت سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭ بۇيرۇققا بىنائەن ئىلى تەرەپ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان، 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ھەققىدە تۈزۈلگەن بىتىم»نى ئىمزالىغان. بۇ بىتىمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى نەپەر مۇئاۋىن رەئىسىنى ھەر قايسى ۋىلايەتلەر كۆرسىتىدۇ، مەركەز ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ، ئىلى تەرەپ

مىللىي ھەربىي قوشۇن تەشكىل قىلىسا بولىدۇ دېگەنگە ئوخشاشلار بەلگىلەنگەن. ئوسمان ئوتتۇرىغا قويغان شەرتنىڭ ئاشۇ بىتىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئېنىق.

(101)(102) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1946 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.

(103) دەرۋەقە، ئوسماننىڭ گومىنداڭغا تەسلىم بولۇشىدا ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئۆزىگە تارتىپ قىزىقتۇرۇشىدىن باشقا، ئوسماننىڭ ئىلى تەرەپ بىلەن بولغان زىددىيىتىنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكىمۇ سەۋەب بولغان. ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرىنىڭ قوشۇندىن تازىلاپ چىقىرىلغانلىقىنى كۆرۈپ، كېيىنكى قەدەمدە شۇنداق تەقدىرنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىشىدىن بەكرەك ئەنسىرىگەن.

(104) ئوسماننىڭ گومىنداڭغا ئاخىرقى ھېسابتا تەسلىم بولۇشى سەل كېچىككەن بولسىمۇ، لېكىن ۋۇ جۇڭشىن ئوسماننى ھامان بىر ئىلاج قىلىپ تەسلىم قىلىشقا تىرىشىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمەتكە ئەل بولۇشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يولى قالدۇرغان. بۇ ئوسمان بىلەن دەلىلقان ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىقنى كۈچەيتىشتە زور رول ئوينىغان. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئوسماننىڭ قىسمى ئىلى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئالتاي قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە، جەڭگاھتىن يىراقتا تۇرغان، بۇنىڭ ئۆزى ئوسماننىڭ گومىنداڭغا تەسلىم بولۇش ئىمكانىيىتىنى ساقلاپ قالغانلىقى بىلەن زور مۇناسىۋەتلىك.

(105) ئەمەلىي ھال سوراش جەريانىدا، شىي لىڭيۈن بارمىغان، لو كەنفېن ئۆمەكنى باشلاپ بېرىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھال سورىغان.

(106)(110) ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.

(107) جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان: «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقىتىم ـ ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زوڭنىڭ خاتىرىسى»، 546 ـ بەت.

(108) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.

(109) «مۇۋەققەت شتاب باشلىقى لو كەنفېنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتى»، ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈندىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»گە قاراڭ. ئەمەلىيەتتە جەنۇبىي شىنجاڭدا ياش زىيالىيلارنىڭ سانى كۆپ بولمىغان. يەنە كېلىپ مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسىي كەمچىل بولغان، ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى فېئودال ـ دىنىي كونا كۈچلەر بىلەن تەڭ تۇرالىشى مۇشكۇل بولغان. ئەمما بۇ بىر بۆلەك كۈچلەرنىڭ شىنجاڭدا مەلۇم چاقىرىق كۈچى ۋە تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغانلىقى ئەمەلىيەت.

(111) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى.

(112) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى.

# II باب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىۋاستە بېسىمى ئالدىدا: شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ پەسەيتىلىشى

## 1-پاراگراف ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرىنىڭ ھاكىمىيەتكە جەلپ قىلىنىشى

جياڭ جيېشى ئەسلىدە كونا پىكىرلىك ۋۇ جۇڭشىننى جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىنى ئىدارە قىلىشتىكى ئەنئەنىۋى ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق شىنجاڭنى تىنچلاندۇرالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىن ئەنسىرىشىم تۈگەيدۇ دەپ ئويلىغان. بىراق شىنجاڭدا ئىلى ئىنقىلابى تېز يۈز بېرىپ ۋە كېڭىيىپ، جياڭ جيېشىنى تىترەككە سالغاندىن كېيىن، ئۇ ۋۇ جۇڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنى قايتىدىن قاراپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان، شۇنىڭدەك شىنجاڭ مەسىلىسىنىمۇ قايتىدىن قاراپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان. جياڭ جيېشى ھەقىقەتەن ۋۇ جۇڭشىندىن ئەقىللىقرەك چىقىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى-مىللىي مەسىلە دېگەن تونۇشقا كەلگەن،[1] ئۇ شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا دىپلوماتىيە تەدبىرىنى قوللانغاندىن تاشقىرى، شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات

ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان.

1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، جياڭ جيېشى مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالارنى ئىككى قېتىم قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدىكى پىكرىنى ئاڭلىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاغزاكى بايان قىلغان پىكىرلىرىنى رەتلەپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى تۈزۈشتە پايدىلىنىشى ئۈچۈن يازما دوكلات قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەر جياڭ جيېشىغا: شىنجاڭدا بارلىق «پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ـ كىچىك خادىملىرى» مىللەتلەرنىڭ نوپۇس نىسبىتى بويىچە بولۇشى لازىم، «كۆپ سانلىقلارغا يەرلىك خەلقتىن باشلىق قويۇلۇشى كېرەك»؛ «سىياسىي ئىشلارغا قاتناشقۇچىلار ئىچىدە، مەركەزنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ۋە مىللىي قۇرۇلتاي (گومىنداخۇي) قاتارلىق يىغىنلاردا شىنجاڭ ۋەكىللىرى بولۇشى»، «ئۇنى پۈتۈنلەي شىنجاڭنىڭ يەرلىك خەلقلىرى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم» دېگەن تەكلىپلەرنى بەرگەن ھەمدە جياڭ جيېشىدىن ئۆزلىرىنى شىنجاڭغا «شىنجاڭ خەلقىنى خاتىرجەملەندۈرۈش ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ۋەقەلەرنى تىنچىتىش» ئۈچۈن ئەۋەتىشنى ئىلتىجا قىلغان.[2] بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار جياڭ جيېشىدىن مەنسەپ تەلەپ قىلغان. چۈنكى «ئىجتىمائىي بايلىقتا مىللەتچىلىك ئارقىلىق ئىگە بولۇش ئاسانراق، نام جەھەتتە ئورۇنلۇقراق بولىدۇ».[3] جياڭ جيېشى ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرماقچى بولغان، چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، كوممۇنىزمغا ئۆچ مەيدانىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە كۆرسىتىدىغان سىياسىي تەسىرىنى توسۇشنى كۆزلىگەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ مىللىي سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ

مىللىي زۇلۇمغا قارشى كۆرەش قىلىش سېپىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى كۆزلىگەن.

ئەمما ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جېيشىنىڭ قايتا-قايتا نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدىلا شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولغان، شۇڭا شىنجاڭدا بولىدىغان مۇنداق زور كادىر ئۆزگىرىشىنى ۋۇ جۇڭشىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېجىرىشكە توغرا كەلگەن. جياڭ جېيشى ئۆز ئوغلى جياڭ جىڭگونى «ئۈرۈمچىگە ئايروپىلاندا بېرىپ»، «ھەممە گەپنى ۋاكالىتەن يەتكۈزۈش»، ۋۇ جۇڭشىندىن «تەپسىلىي مەسلىھەت سوراش» ئۈچۈن ئەۋەتكەن.[4] جياڭ جىڭگو ۋۇ جۇڭشىنغا: شىنجاڭدا ئىمكانقەدەر ھەر مىللەت كىشىلىرىنى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش كېرەك، يەنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنى باشقۇرۇشتا، باشقا مىللەتلەر باش، خەنزۇلار مۇئاۋىن ئورۇنغا قويۇلسا، «بولىۋېرىدۇ»؛ ھەمدە «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورۇن تەسىس قىلىپ»، ئۇنىڭغا باشقا مىللەتلەرنىڭ «ئابرويلۇق كىشىلىرى» «تاللاپ» قويۇلسا بولىدۇ دېگەنلەرنى ئېيتقان.[5] ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جېيشىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنىڭ تېگىگە يەتمەي، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش پىكرىنى سىيلىق گەپلەر بىلەن رەت قىلغان. ئۇ: «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاراشلىق ئورگانلارغا ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى خادىملار قابىلىيىتىگە قاراپ تەيىنلەنگەن»، مىللەت ئايرىپ يۈرمىگەن دېگەن؛ ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورۇن تەسىس قىلىشقا قوشۇلغان، لېكىن «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نازارەت-باشقارمىلاردىكى خىزمەتداشلار ناھايىتى تىرىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ»، ئەگەر كادىرلارنى تەڭشىمەكچى بولساق، «ئىلى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن ئېلىپ بارايلى، نۆۋەتتە ئەسلىدىكى ئەھۋالنى ۋاقتىنچە

ساقلاپ قالايلى »، دېگەن.[6]

6 ـ ئايدا، جياڭ جيېشى جۇڭچىڭدا ۋۇ جۇڭشىندىن مەسئۇد قاتارلىقلار شىنجاڭغا قايتسا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى يۈزتۇرانە تۇرۇپ يەنە سورىغان. ۋۇ جۇڭشىن يەنىلا قارشىلىق بىلدۇرۇپ: مەسئۇد قاتارلىقلار « قاچانلا قايتسا بولىدۇ »، ئەمما ئۇلار پانتۇركىستلىق[7] « ناتوغرا ئىدىيىسى »نى تۈزىتىشى كېرەك دېگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋۇ جۇڭشىن ئۆزى بىلەن بىللە چۇڭچىڭغا كەلگەن موڭغۇل ۋاڭنىڭ رەپىقىسى ۋۇ جىڭبىن، پىچان ناھىيىسىدىكى خۇيزۇ چوڭ پومېشچىك ما تىڭشياڭ[8] دېگەنلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، « بۇلار شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئورۇنلىرىدا ئابرۇيلۇق ، كۈچلۈك كىشىلەر ھەم دۆلەتكە سادىقلار »، شىنجاڭدا ۋۇ جىڭبىن، ما تىڭشياڭغا ئوخشاش ئادەملەر « خالىغان يەردىن كۆپ تېپىلىدۇ » دېگەن.[9] ۋۇ جۇڭشىننىڭ گېپىنىڭ تېگىدىن شىنجاڭغا مەسئۇدلاردەك پانتۇركىستلەر كېرەك ئەمەس دېگەن مەنا ئېنىق چىقىپ تۇرغان. ۋۇ جۇڭشىن قايتا ـ قايتا قارشىلىق بىلدۇرگەچكە، جياڭ جيېشى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش پىلانىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرغان.

7 ـ ئايدىن كېيىن، ئىلى مىللىي ئارمىيىسى پەيدىنپەي چۆچەك ـ ئالتاي قاتارلىق رايونلارغا ھۇجۇم قىلغان، ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىمۇ ھالاكەت خەۋپىدە قالغان. ئىلى مىللىي ئارمىيىسى بارغانلا يېرىدە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ كۈچلۈك ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن، جياڭ جيېشى ئازسانلىق مىللەت كىشىلىرىنى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش ئىشىنى ھەرگىز كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى « ناھايىتى قەتئىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ »، شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بېرىش ئالدىدا تۇرغان سىياسىي

بۆلۈم باشلىقى جاڭ جىجۇڭغا: «شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش لازىم» دېگەن. ئۇ يەنە: «چېگرا رايون ئىچكىرىدىن پەرقلىنىدۇ، رەئىس ۋە نازىرلارنىڭ مۇئاۋىنلىرىنى كۆپەيتىپ، مەركەزدىكىلەر بىلەن يەرلىك ئورۇندىكىلەر باشلىق ۋە مۇئاۋىنلىقنى بۆلۈشۈپ ئۈستىگە ئېلىشى لازىم» دېگەن.[10] جياڭ جېيشىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زۇڭمۇ 1945-يىل 10-ئاينىڭ 2-كۈنىدىكى خاتىرىسىدە تەھلىل قىلىپ: «شىنجاڭدا مىللەتلەر مۇرەككەپ، دىنىي خاھىش يېقىن شەرقتىكىگە مايىل، ئىچكى قىسىمدىكىلەر جۇڭياڭدىن ئايرىلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى ئىستەيدۇ» دېگەن.[11] شۇڭا، تاڭ زۇڭ ئىككىنچى كۈنى جياڭ جېيشى قاتارلىقلارغا يوللىغان مەكتۇپىدا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەسەۋۋۇرىنى مۇنداق بايان قىلغان: «شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىنتىلىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ رايونىنى يەرلىك كىشىلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئورنىغا ئىگە بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغان، كۈچلۈك قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەيدىغان بازا قىلىپ تىكلەش». بۇنداق قىلىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى «ھەرقايسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىرى، نازىرلار ۋە ھاكىملارنىڭ مۇئاۋىنلىرىنى تەسىس قىلىش. رەئىس خەنزۇلاردىن بولغاندا، مۇئاۋىن رەئىس شىنجاڭلىقتىن بولۇش. نازىرلىق ۋە ھاكىملىقتا جايلاردىن ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى تاللاپ تەيىنلەش، ئەمما مۇئاۋىنلىقتا بىردىن خەنزۇ ياكى باشقا مىللەت كىشىلىرىنى قويۇش».[12]

گومىنداڭنىڭ ئازسانلىق مىللەت كىشىلىرىنى شىنجاڭ ھاكىمىيىتىگە قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق مىللىي زىددىيەتنى پەسەيتىش تەسەۋۋۇرىنى جياڭ جېيشى تەستىقلىغان[13] ھەمدە گومىنداڭ 6-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2-ئومۇمىي

يىغىنىدا ئېتىراپ قىلىنغان[14] «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ھەققىدە تۈزۈلگەن بىتىم» (تۆۋەندە قىسقارتىپ تىنچلىق بىتىمى دېيىلىدۇ)دە تولۇق ئىپادە تاپقان. «تىنچلىق بىتىمى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە: شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە، جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىگەندىن تاشقىرى، قالغان ئىككى نەپەر مۇئاۋىن رەئىسلىكنى شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئەخمەتجان[15] بىلەن بۇرھان[16] ئۈستىگە ئالغان؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 25 نەپەر ئەزاسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى، يەنى 15 نەپىرىنى ئازسانلىق مىللەت كىشىلىرى تەشكىل قىلغان: ھەرقايسى نازارەت، باشقارما، جەمئىيەت، ئىدارىلەردە خەنزۇلار بىلەن ئازسانلىق مىللەتلەر باشلىق ياكى مۇئاۋىن باشلىق بولغان؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدىمۇ ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى كۆپلەپ ئىشلىتىلگەن.[17] شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشتىن خېلى بۇرۇنلا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەسئۇدنى شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلىگەن، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئۆلكە رەئىسلىكىدىنمۇ يۇقىرى ۋەزىپە ئىدى.[18] شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يەنە شىنجاڭلىق ئازسانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىش سانىنى كۆپەيتىشنى تەستىقلىغان، مەسىلەن، گومىنداڭ 6-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «چېگرا رايون مەسىلىسىگە دائىر دوكلات ھەققىدىكى قارار لايىھىسى»دە: «ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىنكى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزالىرى، مەمۇرىي

پالاتا ئەزالىرى ئىچىگە موڭغۇل، زاڭزۇ، خۇيزۇ-ئۇچ مىللەتتىن بولغان سادىق، پىشقان يولداشلار قاتناشتۇرۇلىدۇ»، «موڭغۇل، زاڭزۇ، خۇيزۇ-ئۇچ مىللەتنىڭ قابىل كىشىلىرى ھەرقايسى پالاتا، مىنىستىرلىك ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ ئەمەلىي خىزمىتىگە قاتنىشىش پۇرسىتىگە تولۇق ئىگە بولىدۇ»، «يېڭىدىن قوشۇلغان مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ئىچىدە موڭغۇل، زاڭزۇ، خۇيزۇ-ئۇچ مىللەتنىڭ ۋەكىل سانى كۆپەيتىلىدۇ»، «موڭغۇل-تىبەت ھەيئىتى چېگرا ئىشلىرى مىنىستىرلىكى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، موڭغۇل، زاڭزۇ، خۇيزۇ-ئۇچ مىللەتنىڭ پىشقان كىشىلىرىنىڭ ئەمەلىي خىزمەتكە قاتنىشىپ، ئەمەلىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.[19] شۇچاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خۇيزۇلارنىڭ يېگانە مىللەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، پەقەت خەنزۇلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، بۇيەردە تىلغا ئېلىنغان «خۇيزۇ» ئاساسەن شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئازسانلىق مىللەتلەرنى كۆرسەتكەن.

## 2-پاراگراف ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە مەلۇم دېموكراتىك سىياسىي ھوقۇقنىڭ بېرىلگەنلىكى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ توسۇۋېلىشقا بولمايدىغان تاشقىنى ئالدىدا، جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مىللىي زۇلۇمنى قىپيالىڭاچ يولغا قويۇش دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، شىنجاڭدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىك سىياسىي بايرىقىنى نىقاب قىلىپ يېپىش لازىملىقىنى پەيدىنپەي تونۇپ يەتكەن. شۇڭا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن ۋە ئەيسا يوللىغان «شىنجاڭدىكى مالىمانچىلىقنىڭ سەۋەبلىرى ۋە شىنجاڭ

خەلقىنىڭ ئارزۇسى توغرىسىدا جياڭ جيېشىغا دوكلات»[20]قا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئۆزلۈكسىز يېڭى سىياسىي ۋەدىلەرنى بېرىپ تۇرغان.[21] 1945-يىل 9-ئاينىڭ 10-كۈنى، جياڭ جيېشى شىنجاڭغا قارىتا «سىياسىي-دىنىي» ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا پائال تەييارلىق كۆرۈش قارارىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ چىقارغان[22]. باشقىچە ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەت خەلقىگە سىياسىي جەھەتتە يول قويۇشقا باشلىغان.

جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە سىياسىي جەھەتتە يول قويۇشى ئىچكى-تاشقى قاتمۇ-قات بېسىم تۈپەيلىدىن بولغان. ئىچكى جەھەتتە: ئىلى مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭ كۆڭۈل قويۇپ مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرغان جىڭ، شىخۇ مۇداپىئە سەپلىرىنى ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلغان، ئۈرۈمچى مۇداپىئەسىز قېلىپ، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان؛ مۇبادا ھەر مىللەت خەلقىگە سىياسىي جەھەتتە يول قويۇش ئارقىلىق مىللىي زىددىيەت پەسەيتىلمەيدىغان بولسا، پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ قولدىن كېتىش خەۋپى تۇغۇلۇپ، جياڭ خاندانلىقىنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسى تۈپتىن تەۋرەپ قالغان بولاتتى. تاشقى جەھەتتە: سوۋېت ئىتتىپاقى گەرچە «جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى»دە شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق ھەققىدە ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە مەزكۇر شەرتنامە ھەققىدىكى سۆھبەت ئېلىپ بېرىلىشتىن بۇرۇن ۋە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە سىياسىي جەھەتتىن يول قويۇشىنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرى ئۆمىكى ستالىننىڭ شىنجاڭدا خەنزۇلار ئازسانلىق، «جۇڭگو باشقا مىللەتلەرگە بۇرۇنقىدىن كەڭ بولۇشى لازىم، شۇندىلا تىنچ، ئىناق بولالايدۇ»[23] دېگەنلىكىدىن

موسكۋاغا بېرىپلا خەۋەر تاپقان: جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەندە، ستالىن شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ «ئەڭ ئوبدان چارىسى ھوقۇق بېرىشتۇر»، «بىزدە بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان تۈرلۈك مىللەتلەر بار، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ھوقۇقىنىمۇ ئېتىراپ قىلمىغان بولساق، ماجىرا مەڭگۈ تۈگىمىگەن بولاتتى» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇچاغدا جۇڭگونىڭ سۆھبەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، مەمۇرىي پالاتا باشلىقى قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى سۇڭ زىۋېن سوۋېت تەرەپكە ۋەدە بېرىپ: «بىز بىرقانچە جەھەتتە يول قويۇشنى خالايمىز» ھەمدە «توپىلاڭنى بىر ئىلاج قىلىپ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىمىز» دېگەن.[24] ئۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى باشقا دىپلوماتىيە يولى بىلەنمۇ جۇڭگو تەرەپكە: ھۆكۈمەت خەلققە يول قويىدىغان بولسا، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بولىدۇ دېگەن ئۇچۇرنى يەتكۈزگەن.[25]

جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە سىياسىي جەھەتتە يول قويۇشى ئاساسىي جەھەتتىن «تىنچلىق بىتىمى» ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «تىنچلىق بىتىمى»دە: «ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلايدىغان سايلام ھوقۇقى بېرىدۇ»، سايلام تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: «ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى خەلق ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك كېڭەشنى قۇرىدۇ، ناھىيىلىك كېڭەش ھاكىمنى سايلايدۇ»، «ۋىلايەتلىك مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بىلەن مۇئاۋىن ۋالىيسىنى شۇيەردىكى خەلق كۆرسىتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ»؛ «ناھىيىلەردە كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى سايلىنىپ، ئۆلكىلىك

كېڭەش قۇرۇلىدۇ، ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ياردەملىشىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭدەك يەنە: ھۆكۈمەت دىنىي كەمسىتىش سىياسىتىنى بىكار قىلىدۇ، خەلققە دىنغا ئىشىنىدىغان تولۇق ئەركىنلىك بېرىدۇ، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت-ئالاقىلىرىدە خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ، ھۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت بىلەن سەنئەتنى ئەركىن راۋاجلاندۇرۇشنى بەلگىلەيدۇ، خەلق مەتبۇئات، يىغىن ئۆتكۈزۈش ۋە سۆز ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن ۋە باشقىلار.[26]

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، جياڭ جيېشى «تىنچلىق بىتىمى»دە شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەت خەلقىگە مەلۇم بۇرژۇئا دېموكراتىك سىياسىي ھوقۇقنى ھەقىقەتەن بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئۇ ۋۇ جۇڭشىنىڭ ئىستىپاسىنى تەستىقلاپ، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئېڭىغا بىرقەدەر ئىگە بولغان جاڭ جىجۇڭنى ھەربىي كومىتېت باشلىقى، غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمە مۇدىرى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلىگەن. جياڭ جيېشىنىڭ بۇ تەدبىرلىرى ئۇنىڭ شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ باشقۇرۇش ئورنىغا شىنجاڭنى بۇرژۇئا دېموكراتىك سىياسىتىدىن ئىبارەت ئالدامچىلىق ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ باشقۇرۇشقا باشلىغانلىقىنى، يەنى شىنجاڭنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىزچىل داڭلاپ كەلگەن ئاتالمىش سەنمىنجۇيىلىق چېگرا سىياسىتى ئارقىلىق باشقۇرۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

# 3-پاراگراف ئىجتىمائىي زىددىيەتنى پەسەيتىش يولىدىكى بىرقانچە تەدبىر

شۇچاغلاردا شىنجاڭ سىنىپىي زىددىيەت بىلەن مىللىي زىددىيەت گىرەلىشىپ كەتكەن جايغا ئايلانغان. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ھەرقانداق مىللىي زىددىيەت تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا سىنىپىي زىددىيەتتىن ئىبارەت، ئەمما فېئوداللىق-دىنىي كەيپىيات قويۇقلاشقان شىنجاڭ مۇھىتىدا، سىنىپىي زىددىيەت ھەمىشە مىللىي زىددىيەت شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. شىنجاڭدا ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاممىۋى ئاساس تەييارلاپ بەرگەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنىغا ئايلانغان ئۇچقۇننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتنى تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىپ پەسەيتىشكە مەجبۇر بولغان.

## بىرىنچى، باجنىڭ كېمەيتىلىشى

باج-سېلىقنىڭ ئېغىرلىقى خەلقنىڭ تىرىكچىلىكىگە تەھدىت سېلىپ، خەلقنى خەۋپكە قارىماي تەۋەككۈل ھەرىكەت قىلىشقا ئاسانلا مەجبۇرلايدۇ. 1945-يىل 4-ئايدا، مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەر جياڭ جيېشىغا خەت يېزىپ، «خەلقنىڭ باج-سېلىقىنى يەڭگىللىتىش» مەسىلىسىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان.[27] 7-ئاينىڭ 20-كۈنى، 4-نۆۋەتلىك مىللىي سىياسىي ئىشلار كېڭىشى 1-قۇرۇلتىيىنىڭ 19-سانلىق يىغىنىدا، شىنجاڭ سىياسىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ ئەزاسى قادىر قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان «شىنجاڭ خەلقىنىڭ

سېلىقنى يەڭگىللىتىپ، خەتەرلىك دېلولارنى ھەل قىلىش» تەكلىپىنى ماقۇللىغان.[28] ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەقىقىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشكە تۈرتكە بولالمىغان.

1945-يىل 10-ئايدا، جاڭ جىجوڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ شىنجاڭدىكى باج-سېلىقنى يەڭگىللىتىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىنلىكىنى مۆلچەرلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن «بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت باج-سېلىقنى يەڭگىللىتىشنى ھەقىقىي ئويلىنىپ، سېلىق سېلىشنى قاتتىق چەكلىشى لازىم» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن.[29] سۆھبەت داۋامىدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى باج نىسبىتىنى خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىغا قاراپ بەلگىلەش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[30] گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرغان، «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ 7-ماددىسىدا: «ھۆكۈمەت باج نىسبىتىنى خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ. خەلق ھۆكۈمەت ئالدىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، سېلىقنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ، ئەمما بۇنداق سېلىقنىڭ مىقدارىدا خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىكنى ئۆلچەم قىلىش لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن.[31]

شۇنداق دېيىش كېرەككى، جاڭ جىجوڭ «تىنچلىق بىتىمى»نى ئىجرا قىلىشتا مەلۇم سەمىمىيلىك كۆرسەتكەن، ئۇ ۋۇ جۇڭشىننىڭ بىرقانچە خىل باجنى كېمەيتىشكە كىرىشكەنلىكى ئاساسىدا[32]، 1946-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋالىي مەھكىمىلىرىگە، ناھىيىلىك

ھۆكۈمەتلىرىگە ۋە باج ئىدارىلىرىگە 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن تارتىپ ئۆلكە بويىچە بارلىق باجنى يېرىم يىلغىچە ئالماسلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجىنى بىر يىلغىچە ئالماسلىق توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ شۇچاغدا جۇڭگودا يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە باج ئېلىنمايدىغان بىردىنبىر ئۆلكىگە ئايلانغان.(33) ئەمما شۇنى كۆرسىتىش لازىمكى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ باج-سېلىقنى كېمەيتىش ماددىسىنى ئىجرا قىلىشتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇشنى كۆزلىگەن ھەمدە ئۈچ ۋىلايەتتىكى قولدىن كەتكەن يەرلەرنى سىياسىي يول بىلەن قايتۇرۇۋېلىشنى مەقسەت قىلغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغانلىقىنى ھەمدە خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشقا كۈچى يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغىنىدا، شىنجاڭ خەلقىنى بۇلاپ-تالاشنى قايتىدىن ئېغىرلاشتۇرغان.

## ئىككىنچى، شىنجاڭ پۇلى بىلەن قاپىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان سىياسەتنىڭ ساقلاپ قېلىنىشى

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، شىنجاڭدا ئۆز پۇلى-شىنجاڭ پۇلىنى ئايرىم تارقاتقان. ئۇ گومىنداڭغا ئىتائەت قىلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى پۇل تۈزۈمىنى ساقلاپ قالماقچى بولۇپ، جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋېڭ ۋېنخاۋغا: شىنجاڭ پۇلى تەرتىپكە سېلىنىپ 3.2 يۈەن بىر ئامېرىكا دوللىرىغا ئايلاندۇرۇلدى، ئۇنى ھازىرغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇش ئاسانغا توختىمىدى، «مەركەزنىڭ ھالىمىزغا يېتىشىپ»، «ئوبدان چارە تېپىپ ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ كۆپ قېتىم

ئېيتقان.[34] 1942-يىل 8-ئاينىڭ 17-كۈنى، شېڭ شىسەي جۇ شاۋلياڭ بىلەن بىرلىكتە جياڭ جيېشىغا خەت يېزىپ، شىنجاڭ پۇلى بىلەن فابىنىڭ باھاسىدىكى ئالاھىدە پەرق مەسىلىسىنى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەركەزنىڭ مۇۋاپىق چارە بىلەن ھەل قىلىشىنى تەلەپ قىلغان.[35]

جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ بۇ تەلىپىنى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ ھېسابلىغان بولسىمۇ، لېكىن «شىنجاڭنى ھەقىقىي تۇردە ئىگىلەش»، «شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىش» نۇقتىسىدىن ئويلىنىپ، يىراقنى كۆزلەشكە مەجبۇر بولغان: «ئەگەر مەركەز شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ھازىر ئىقتىساتقان پۇل تۈزۈمىنى ساقلاپ قالمىاي، فابىنى دەرھال تەلتۆكۈس يولغا قويىدىغان بولسا، نەتىجىدە شىنجاڭدا مال باھاسى بىردىنلا ئۆرلەپ، خەلق قاتتىق تۇرمۇش ئازابىدا قالىدۇ-دە، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەركەزگە قاتتىق نارازىلىقى قوزغىلىدۇ، ياتلارنىڭ ۋە خائىنى، قورچاقلارنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشىغا پۇرسەت تۇغۇلىدۇ».[36] مالىيە مىنىستىرلىكى جياڭ جيېشىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، مەركىزىي بانكىنىڭ شىنجاڭدا شۆبىسىنى تەسىس قىلىپ گوۋەنجىن ئاكسىيەسىنى تارقىتىش ۋە ئۇنى شىنجاڭ پۇلى بىلەن تەڭ ماڭغۇزۇشنى، گوۋەنجىن ئاكسىيەسىنىڭ 25 تىيىنىنى شىنجاڭ پۇلىنىڭ بىر يۈەنىگە ئايلاندۇرۇشنى بەلگىلىگەن.[37] جياڭ جيېشى، شېڭ شىسەيلەر مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ چارىسىگە ئىلگىرى-ئاخىر قوشۇلغان. شېڭ شىسەي شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى بىلەن سودا بانكىسىغا ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭ خادىملىرىغا پېرېۋوت قىلىنغان پۇللارنى بېرىشتە پۈتۈنلەي بىر يۈەن گوۋەنجىن ئاكسىيەسىنى تۆت يۈەن شىنجاڭ پۇلىغا، بەش يۈەن فابىنى بىر يۈەن شىنجاڭ پۇلىغا ئالماشتۇرۇش بەلگىلىمىسى بويىچە بېجىرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.[38] شۇنداق قىلىپ،

شىنجاڭ پۇلى بىلەن فابىنى ئالماشتۇرۇش نىسبىتى مۇقىملاشقان.

گومىنداڭ شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ غايەت زور مالىيە قىزىل رەقەمى پۇل تارقىتىش يولى بىلەن تولدۇرۇلغاچقا، ئەگەر شىنجاڭ پۇلىنى تارقىتىش توختىتىلىدىغان بولسا، شىنجاڭ مالىيىسى ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمىغان. ئەمما شۇكۈنلەردە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بارلىق مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچىنى ئىچكى ئۇرۇشقا سەرپ قىلغاچقا، شىنجاڭغا ھەقىقىي ياردەم بېرىشكە ئىمكانىيىتى يار بەرمەي، شىنجاڭنىڭ ئۆز پۇلىنى داۋاملىق تارقىتىشىغا، فابى بىلەن شىنجاڭ پۇلىنىڭ 5:1 ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قېلىشىغا، شىنجاڭ پۇلىنى ئىچكىرىگە پېرېۋوت قىلىپ مال سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىشىغا مەجبۇر بولغان.(39)

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پۇل پاخاللىقى سىياسىتىگە ئەگىشىپ فابى ئۈزلۈكسىز پاخاللىشىپ، شىنجاڭ پۇلىنىڭ مۇناسىپ ھالدا كۇرسى چۈشۈشكە سەۋەبچى بولغان. ئەمما ئەگەر فابىنى شىنجاڭ پۇلىغا ئالماشتۇرۇشقا يول قويۇلماي، شۇقەدەر زور ھەربىي - مەمۇرىي خىراجەت شىنجاڭدىكى ئازغىنا ئاھالىنىڭ زىممىسىگە ئارتىلىدىغان بولسا، شىنجاڭ پۇلىنىڭ كۇرسى فابىنىڭكىدىنمۇ بەك تېز چۈشۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن بولار ئىكەن.(40)

## ئۈچىنچى، غەربىي شىمال خەلق تۈرمۈشى سانائەت شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

شىڭ شىسەي شىنجاڭدا تەسىس قىلغان يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، بايلىق ئوندۇرۇۋېلىش ئورگىنى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ قاتتىق زىيان يەتكۈزگەن. ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭنى باشقۇرغان چاغدا، ئۇنىڭ سودا ئورگانلىرى كونا پېتىمدىن ئۆزگەرمىگەن، بىرلا يېرى ۋۇ جۇڭشىننىڭ پەرمانىغا بويسۇنىدىغان بولغان. 1945 - يىلىنىڭ بېشىدا، مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەر جياڭ جيېشىدىن «شىڭ شىسەي تەسىس قىلغان مەخسۇس سېتىش سودىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش»نى تەلەپ قىلغان.[41] ئەمما زادى نەتىجىسى چىقمىغان. گومىنداڭ ئىچىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر «شىنجاڭدىكى خەۋپنىڭ مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكى، ئىقتىساد مەنبەسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكى، خەلقنىڭ ئېغىر كۈنگە قالغانلىقى سەۋەبىدىن بولغانلىقى»نى تونۇپ يەتكەن.[42] بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە: «بىرىنچىدىن، شىڭ شىسەي شىنجاڭدىكى ۋاقتىدا بەك قاتتىق تىزگىنلىگەچكە، خەلق ماددىي ئەشيالارنى بېسىپ قويۇپ سېتىشنى خالىمىغان، كېيىن شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندە، خەلق ئۆزى ساقلاپ قويغان نۇرغۇنلىغان ماددىي ئەشيالىرىنى يۇقىرى باھادا تۆكمە قىلىپ ساتقان، شۇنىڭ بىلەن مال باھاسى توسۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئۈستى - ئۈستىگە ئۆرلەۋەرگەن: ئىككىنچىدىن، قاتناش قوراللىرى ھەربىي ئىشلارنى تەمىنلەشكە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، جايلاردىكى ماددىي ئەشيالارنى يۆرۈشتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان، قاتناش قوراللىرىنىڭ كەملىكى مۇھىم بىر سەۋەب بولغان».[43]

جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭنى باشقۇرغاندا، ھەممىدىن بۇرۇن خەلق ئاممىسى نەپرەتلىنىدىغان شىنجاڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق بەش مىليارد يۈەن فابى ئېلىپ، غەربىي شىمال سانائەت شىركىتىنى تەسىس قىلغان. بۇ شىركەت غەربىي شىمالنى تىجارەت دائىرىسى قىلغان، ئەمما مۇھىم نۇقتىسىنى شىنجاڭدىكى بىر ئىقتىسادىي ئورگانغا قارىتىپ، باش شتابىنى لەنجۇغا قۇرغان، شاڭخەي، نەنجىڭ، ئۇرۇمچىلەردە شۆبىسىنى قۇرغان. بۇ شىركەت ئىچكى ئۆلكىلەردىن كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملار (مەسىلەن، چاي، شېكەر، رەخت قاتارلىقلار)نى سېتىۋېلىپ، شىنجاڭغا ئېلىپ بېرىپ تەننەرخ باھاسىدا ساتقان. «مال ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغاچقا، جىددىي ھاجەتمەن شىنجاڭ خەلقىگە ھەرھالدا بىرئاز ياردىمى تەگكەن».[44] بىراق مەزكۇر شىركەت مەبلەغ ئېبوروتى ۋە ترانسپورت جەھەتتىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مال مەنبەسى كەمچىل بولغانلىقتىن، كېيىنكى كۈنلەردە ھەمىشە تۇرۇپ ئۈزۈلۈپ قالىدىغان، تۇرۇپ داۋاملىشىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، شىنجاڭنىڭ ماددىي ئەشيا تەمىناتى قىيىن بولۇۋاتقان مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلالمىغان.

## تۆتىنچى، قاماقتىكى خادىملارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى

شېڭ شىسەي شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا رەھىمسىزلىكى بىلەن داڭ چىقارغان، ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە شىنجاڭدا تۈرمىلەر ئورماندەك كۆپىيىپ، ئىچى ئادەمگە تولۇپ ئاپەتكە ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، خەلقنىڭ ھەممىدىن بەك نەپرىتىنى

قوزغىغان. ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭنى باشقۇرغاندىن كېيىن، مەركەزنىڭ ھەربىي قانۇن ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىدىن خادىم ئەۋەتىپ شىنجاڭ تۈرمىلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان مەھبۇسلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا جياڭ جيېشىغا تەكلىپ بەرگەن.[45] جياڭ جيېشى ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ھەربىي قانۇن ئىجرائىيە باش نازارەتچى شتابىنىڭ مەركىزىي ستاتىستىكا ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەنلەر قاماقتىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى قويۇپ بەرگەن. ئەمما جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭنى باشقۇرغاندا، «ئۆلكە بويىچە تۈرمىدە يېتىۋاتقان كىشىلەر يەنىلا كۆپ بولغان».[46] جاڭ جىجۇڭ «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ «ۋەقە» يۈز بەرگەندىن بۇيان «قاماققا ئېلىنغان» كىشىلەرنى قويۇپ بېرىش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، 1946-يىل 7-ئاينىڭ 19-كۈنى «سىياسىي خاراكتېرلىك مەھبۇسلارنى پۈتۈنلەي قويۇپ بېرىش» توغرىسىدا ئاشكارا پەرمان چىقىرىپ، ھەرقايسى ۋالىي مەھكىمىلىرى، ناھىيىلەر ۋە شەھەرلەرنىڭ شۇ بويىچە بېجىرىشىنى تەلەپ قىلغان. «ئىشتىن كېيىن ھەرقايسى تەرەپنىڭ قىلغان دوكلاتىدىن قارىغاندا، ئاساسىي جەھەتتىن شۇ بويىچە بېجىرىلگەن».[47]

## بەشىنچى، مۇسادىرە قىلىنغان خەلق مۈلكىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشى

شېڭ شىسەي شىنجاڭدا سان-ساناقسىز ناھەق دېلولارنى پەيدا قىلغان، ئازراقلا مەرتىۋىسى ۋە مال-مۈلكى بار كىشىلەر قاچانلا بولمىسۇن ئۇنىڭ زەھەرلىك قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىلگىرى مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ساداسى كۈندىن-

كۆنگە ئەۋجىگە چىققان. 1945 - يىلى 4 - ئايدا، مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەر جياڭ جيېشىنىڭ ئالدىدا شىڭ شىسەي مۇسادىرە قىلغان مال - مۈلۈكلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تۈنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان.[48] 7 - ئايدا، جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىن بىرلىكتە جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى ئېنىقلاپ قايتۇرۇپ بېرىشكە مەسئۇل بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. تېلېگراممىدا: «قامالغان مەھبۇسلارنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ قوشۇپ مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلكى قانۇن بويىچە ئېنىقلانمىسا، ئەدلىيە جەھەتتىكى رەسمىيەتنى ئاخىرلاشتى دېيىشكە بولمايدۇ، خەلقمۇ ساخاۋەتلىك سىياسەت يېرىم يولدا تاشلىنىپ قالدى دەپ ئاغرىنماي قالمايدۇ. ھازىر تۈرمىدىن چىققان مەھبۇسلار مال - مۈلكىنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتىدۇ، كەيپىياتى ۋە سۆزلىرى ئىنتايىن جىددىي......جانابلىرى ھەربىي قانۇن ئىجرائىيە باش نازارەتچى شتابىغا بۇيرۇق قىلغان بولسىلا، ئۇلار ئەدلىيە مىنىستىرلىكى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ، مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئېنىقلاش ئېلىپ بارسا، ئىلگىرى شىنجاڭدىكى كونا ئالاھىدە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئېنىقلاشقا ئەۋەتىلگەن سوتچىلار ئۆمىكى ئاخىرلاشتۇرمىغان رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ تۈگەتسە، جۇ شاۋلياڭ قاتارلىق كىشىلەر داۋاملىق كۈچ چىقىرىپ ياردەملەشسە، ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلاپ، مەركەزنىڭ چېگرا رايون خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان ئىزچىل پەزىلىتىنى روشەن نامايان قىلىشاق» دېيىلگەن.[49] 4 - نۆۋەتلىك مىللىي سىياسىي ئىشلار كېڭىشى 1 - قۇرۇلتىيىنىڭ 19 - سانلىق يىغىنىمۇ قادىر قاتارلىق كىشىلەرنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان مال -

مۇلكىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدىكى تەكلىپىنى ماقۇللىغان.[50] ئەمما جياڭ جيېشى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان. 10 - ئايدا، جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىن بۇرۇنقى ئىشنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇپ، «بۇ دېلو مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ئابرۇيىغا ئالاقىدار، خەلق بۇنىڭغا ئىنتايىن دىققەت قىلماقتا» دەپ تەكىتلىگەن.[51] جياڭ جيېشى يەنىلا ئاڭلىماسلىققا سالغان، بۇنداق قىلىشىغا مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇش ئىشىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئۇستىگە ئېلىشىنى خالىمىغانلىقى ئاساسىي سەۋەب بولغان. ئەنە شۇ ئەھۋال ئاستىدا، جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بىر ئىنقىلاش ھەيئىتى تەشكىللەپ «قانچىلىك ئىنقىلابىي ئىنقىلىيالىسا شۇنچىلىك ئىنقىلىتىش»قا مەجبۇر بولغان[52]، ھەرھالدا شۇنداق قىلىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇش ھەققىدىكى غەزەپلىك كەيپىياتىنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتكەن.

## ئالتىنچى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى

جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، تارىختىن قېپقالغان مىللىي ئازازلىق ۋە مىللىي ئاداۋەتنى پەيدىنپەي تۈگىتىش لازىم[53]، ھەربىيلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلىشىشى مىللىي ئازازلىق ۋە زىددىيەتنى ئەڭ ئاسان پەيدا قىلىدۇ دېگەن تونۇشقا كەلگەن. جاڭ جىجۇڭ مىللەتلەر ئارىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنمىدىغان تاۋ سىيۆنى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا يەرلىك ئورۇننىڭ تەرتىپىنى ساقلاش بىلەن بىرۋاقىتتا، ھەربىيلەرنى يەرلىك ئورۇننىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرماسلىققا دىققەت قىلىش توغرىلىق

بۇيرۇق چۈشۈرگەن. تاۋسيۈ جاڭ جىجۇڭنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن، ھەربىي قىسىمنىڭ يەرلىك ئورۇنىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقىنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ، ھەرقايسى قىسىملارنىڭ شۇ يولىيورۇقنى ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. بۇ تەدبىر يولغا قويۇلۇشى بىلەن شىنجاڭدىكى جىددىي ۋەزىيەت ھەقىقەتەن پەسەيگەن.[54]

ئۇنىڭدىن باشقا، جاڭ جىجۇڭ يەنە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ساقچى ئورگانلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە كىرىشىپ، ئۇلارنى يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلارغا بېقىندۇرۇپ، يەرلىك مەمۇرىي باشلىقلارنىڭ تىزگىنلىشىنى قوبۇل قىلىدىغان قىلغان.[55] ئىجتىمائىي داۋالغۇشنى پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان تاسادىپىي ۋەقەلەرنى جاڭ جىجۇڭ «چوڭ ئىشنى كىچىكلىتىش، كىچىك ئىشنى يوق قاتارغا چىقىرىش» پرىنسىپى بويىچە كېڭىشىش چارىسىنى قوللىنىپ ھەل قىلغان. مەسىلەن، قۇمۇلدا مىللەتلەر ئارا تويلىشىش ئىشى دىنىي مەسىلىگە تاقىلىپ، ئۇيغۇرلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، جاڭ جىجۇڭ ئۇنى ۋاقتىدا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ۋەقەنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىنى ئۇنۇملۇك توسقان. كېيىنچە، جاڭ جىجۇڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت (ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاياللار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئەرلەر بىلەن توي قىلماسلىق ئادىتى)كە ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرى توي قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇ ئوفىتسېر، ئەسكەرلىرى ۋە خەلقنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئاياللار بىلەن توي قىلىشىنى مەنئىي قىلىشنى بەلگىلىگەن.[56] جاڭ جىجۇڭ يەنە قول ئاستىدىكىلەرگە ۋەقە پەيدا قىلىپ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى قايتا - قايتا جېكىلىگەن.[57]

## 4 ـ پاراگراف شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىش

1942 ـ يىلى جياڭ جيېشى غەربىي شىمالنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئاساسى غەربىي شىمالدا دېگەن ئىستراتېگىيىلىك قاڭجېنىنى بېكىتكەن، ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «كەڭ غەربىي شىمالنى ئېچىش» تەشۋىقات پائالىيىتى ئەۋج ئالدۇرۇلغان. 1945 ـ يىل 5 ـ ئايدا، «جۇڭگو گومىنداڭ 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسى»دە: «چېگرا رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن يار ـ يۆلەك بولۇش» جاكارلانغان.[58] 1946 ـ يىل 3 ـ ئايدا، گومىنداڭ 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «چېگرا رايون مەسىلىسىگە دائىر دوكلات توغرىسىدىكى قارار لايىھىسى» ماقۇللىنىپ، يۇقىرىدىكى خىتابنامە كونكرېتلاشتۇرۇلغان: چېگرا رايوننىڭ ئىقتىساد، قاتناش قاتارلىق ئىشلىرىغا «مەخسۇس پۇلنى كۆپەيتىپ ئاجرىتىش، ھەرقايسى ئالاقىدار باشقۇرغۇچى ئورگانلارنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ، تېز ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇش لازىم» دېيىلگەن.[59] بىراق خىتابنامىدىمۇ، قارارىدىمۇ غەربىي شىمالنى ئېچىش، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش دېيىلگەنلەر باشتىن ـ ئاخىر ئەمەلىيلەشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغان قۇرۇق ۋەدە بولۇپ قالغان.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا چېگرا رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا جاڭ جىجۇڭلا ھەقىقىي ھەيدەكچى بولغان. ئۇ گومىنداڭ 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا: «شىنجاڭ مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل

قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭنى يېتەرلىك كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈش لازىم. مەن ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرغۇچى تارماقلىرىنىڭ مالىيە جەھەتتە چوتنى بەك ئازغا سوقماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى شىنجاڭنىڭ دۆلەتنىڭ ئامانلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ئەھمىيىتى ھەقىقەتەن چوڭ. ئەگەر مالىيە جەھەتتە چوت ئازغا سوقۇلىدىغان بولسا شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستىقبالى ئىنتايىن قاراڭغۇلىشىدۇ-دە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئاسانغا چۈشمەيدۇ، شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش، شىنجاڭغا كاپالەتلىك قىلىش ئىشى مۇقەررەر ھالدا ئىنتايىن زور توسالغۇغا ئۇچرايدۇ... بىز شىنجاڭ خەلقىنى ئىچكى ئىنتىلىشىنى كۆچەيتىپ ۋەتەننى ھىمايە قىلىدىغان بولسۇن دەيدىكەنمىز، ئۇلارنى كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇشىمىز، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدىشىمىز، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. شۇنداق قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ۋەتەندىن ھەرگىز ئايرىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمما بىزنىڭ مەركىزىمىز پۈتۈن كۈچى بىلەن شىنجاڭغا مەدەت بەرگەن، ياردەم بەرگەن، شىنجاڭنى گۈللەندۈرگەن چېغىدىلا، بۇ مەقسەتكە ئاندىن يېتىشكە بولىدۇ» دەپ مۇراجىئەت قىلغان.(60) شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ جياڭ جيېشىغا: «شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ئىقتىسادنى ھەربىي ئىشلار ۋە سىياسىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتا. چۈنكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى قالاق، مۇبادا مەركەز ئۇ يەرنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ، سانائەت بازىسىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايدىغان بولسا، شىنجاڭ ۋەتەنگە يېقىنىدىغان مۇناسىۋەت، شىنجاڭ خەلقى ۋەتەندىن ئايرىلمايدىغان مۇناسىۋەت بارلىققا كېلىدۇ. بۇ شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە تەدبىر» دەپ تەكلىپ بەرگەن.(61) شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە

كېرەكلىك خىراجەت ھەققىدە، جاڭ جىجۇڭ جياڭ جيېشىغا خىراجەتنى يەرلىك ئورۇننىڭ ئۆزى غەملىشىگە تايانماي، پۈتۈنلەي مەركەزدىن ئاجرىتىپ بېرىشى لازىم، «چۈنكى شىنجاڭ ئەزەلدىن كەمبەغەل جاي، خىراجەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا مادارى يوق، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن، زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش لازىم»، مەركەز مالىيىسىنىڭ قىيىنچىلىقى بولسىمۇ، «لېكىن شىنجاڭنى قولغا كەلتۈرۈش ئاخىرقى پەللىگە يەتكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئەگەر مەركەز ئەڭ زور ئىرادىگە كېلىپ، ئەڭ زور كۈچ سەرپ قىلىپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلمايدىغان بولسا، كەلگۈسىدە پۈتۈنلەي پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ-دە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولىدۇ» دېگەن تەكلىپلەرنى بەرگەن.[62] جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ ئىچىدىكى بىلىملىك زات بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈرلۈككە ئىگە ئىدى، ئۇ شىنجاڭ مەسىلىسىدىكى تۈپ چاتاقنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ھەقىقەتەن سېزىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

جاڭ جىجۇڭ جياڭ جيېشىغا: مەمۇرىي پالاتا شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش تېخنىكا يېتەكچىلىك ئۆمىكىنى شىنجاڭدا دائىم تۇرۇشقا ئەۋەتسۇن، بۇ ئۆمەك شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تورلۇك قۇرۇلۇش پىلانلىرىنى تۈزۈشىگە، ھەرخىل قۇرۇلۇش خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشىگە، تورلۇك قۇرۇلۇش خىزمىتىنى بېجىرىشىگە ياردەملەشسۇن، بۇ ئۆمەك قارىمىقىدا دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق، قاتناش، زاۋۇت-كان، مالىيە، سەھىيە قاتارلىق كەسپىي بۆلۈملەرنى قۇرسۇن، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە كېرەكلىك خىراجەت ۋە مەزكۇر

ئۆمەككە كېرەكلىك خىراجەتنى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالسۇن دېگەن تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. جياڭ جيېشى بۇ تەكلىپنى تېزدىن تەستىقلاپ، مەمۇرىي پالاتانىڭ ھەقىقىي تۈردە مۇھاكىمە قىلىشىغا تاپشۇرغان.[63] مەمۇرىي پالاتا شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش تېخنىكا يېتەكچىلىك ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، كۆپ جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، «مەمۇرىي پالاتا شىنجاڭدا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش تېخنىكا يېتەكچىلىك ئۆمىكىنىڭ 1-قارارلىق (1948-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1951-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە) قۇرۇلۇش پىلانى تېزىسى»نى تۈزۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، چېگرا رايون خەلقىنىڭ ئىچكىگە ئىنتىلىشىنى مۇستەھكەملەش، چېگرا رايوننى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت زور نەتىجىگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان، ئۇنىڭ مەزمۇنى دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت، كانچىلىق، قاتناش ـ ترانسپورت، داۋالاش-ساقلىق ساقلاش، ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.[64] ئەمما شۇچاغدا گومىنداڭ ئۆزى قوزغىغان ئىچكى ئۇرۇشتا زەربە يەپ ئېغىز-بۇرنى قانغا بويالغاچقا، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىگە قىلچە چولىسى تەگمىگەن، مەزكۇر پىلان تاشلىنىپ قېلىپ ئەمەلگە ئاشمىغان. جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «پىلان تۈزۈلگىنى بىلەن زادى ئىشلەنمىگەن».[65]

## ئىزاھلار:

(1) ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدا مىللىي مەسىلىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى زادى ئېتىراپ قىلمىغان، ئۇ شىنجاڭ مەسىلىسى نوقۇل سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت تاشقى كۈچ تەسىرىنىڭ نەتىجىسى دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرغان. ۋۇ

جۇڭشىننىڭ 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»گە قاراڭ.

(2) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 2 ـ قىسىم، «سىياسى» (4)، 835 ـ 837 ـ بەتلەر.

(3) شۈي شۈن: «مىللەتچىلىك»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى، 49 ـ بەت.

(4) «جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىنغا يازغان خەت»، ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»گە قاراڭ.

(5)(6) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى.

(7) پانتۈركىزم 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىيىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر مىللەتكە تەۋە، بىر «تۈرك ئىمپېرىيىسى»نى قۇرۇشى كېرەك دېگەننى تەرغىب قىلىدۇ. پانتۈركىزم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە پانتۈركىزم شىنجاڭغا تارقالغان. ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىللىرى مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ غىرت يالغان ئاتالمىش «تۈركىي مىللىتى» شىنجاڭدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەردىن باشقا ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە تاجىكلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھازىرمۇ بىرمۇنچە مىللىي بۆلگۈنچىلەر پانتۈركىزم بايرىقىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو شىنجاڭنى پارچىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارماقتا.

(8) ما تىڭشياڭ. شىنجاڭنىڭ ئىچان ناھىيىسىدىن، خۇيزۇ، چوڭ پومېشچىك. ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭنى باشقۇرغان چاغدا، ۋۇ جۇڭشىنغا بەك ياراپ قالغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان.

(9) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

(10) «چوڭچىڭدىكى جاڭ بۇجاڭ ۋىن بونىڭ مەخپىي نومۇرلۇق تېلېگراممىسى»، ۋۇ جوڭشىننىڭ 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»گە قاراڭ.

(11) جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان: «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقتىم - ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زۇڭنىڭ خاتىرىسى»، 544 - بەت.

(12) جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان: «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقتىم - ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زۇڭنىڭ خاتىرىسى»، 683 - 684 - بەتلەر.

(13) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 - قىسىم، 442 - بەت.

(14) گومىنداڭ 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «چېگرا رايون مەسىلىسىگە دائىر دوكلات توغرىسىدىكى قارار لايىھىسى»دە «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ مەزمۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. جۇ كۈنتيەننىڭ «سەنمىنجۇيىلىق چېگرا رايون سىياسىتى» دېگەن ماقالىسىنىڭ 55 - بېتىگە قاراڭ.

(15) ئەخمەتجان قاسىمى (1914 - 1949). شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىن، ئۇيغۇر. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي رەھبىرى. ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا تاغىسىغا ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، موسكۋادىكى شەرق سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1942 - يىل ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، غۇلجىدا ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1943 - يىل 12 - ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1944 - يىل ۋۇ جوڭشىن تەرىپىدىن قويۇپ بېرىلگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ غۇلجا ھەرەمباغ ئايرودرومىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتناشقان. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانىسى، ھەربىي ئىشلار ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن ھەمدە تېزدىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىك ئورنىغا قەدەم قويغان. 1945 - يىل 10 - ئايدا، ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزگۈچى باش ۋەكىلى بولۇپ جاڭ جىجۇڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن.

1946-يىلى 6-ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، ئورۇمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىككە ئايلانغان. 1949-يىلى 8-ئايدا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقان سەپىرىدە ئايروپىلان ۋەقەسى يۈز بېرىپ قازا تاپقان.

(16) بۇرھان شەھىدى (1894-1989)، ئاتا-بوۋىسى شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن، ئۇ روسىيىنىڭ قازان ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، تاموژنا بېجى ساقچىسى، ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1929-يىلدىن كېيىن جىن شۇرېننىڭ ئەۋەتىشى بىلەن گېرمانىيىگە بېرىپ سودا-سانائەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى كۆزىتىش جەريانىدا، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان. 1935-يىلى شىنجاڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىپ، ئاممىۋى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1937-يىلى جۇڭگونىڭ زايساندا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان. كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنغان، 1944-يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1949-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان، شۇ يىلى 9-ئاينىڭ 26-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىنى يوللاپ، گومىنداڭنىڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەت ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىغان. ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغان، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولغان. 1953-يىلدىن كېيىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

(17) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2-قىسىم، 751-بەت.

(18) W. D. A فوربېس: «شىنجاڭ مىلىتارىستلىرى ۋە مۇسۇلمانلار (1919-

1949 - يىلىغىچە داۋام قىلغان مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى)»، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى، 240 - بەت.

(19) جۇ كۇنتيەن: «سەنمىنجۇيىلىق چېگرا رايون سىياسىتى»، 54 - بەت.

(20) بۇ دوكلاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: شىنجاڭ خەلقى تارىختىكى هۆكۈمرانلارنىڭ ۋەھشىيانە زۇلمىغا ئۇچراپ كەلدى، روسىيە تەۋەسىدىكى تۈركىستان خەلقى بەھرىمەن بولۇۋاتقان دېموكراتىيە، ئەركىنلىك بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەھۋال ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ. شىنجاڭ مەسىلىسىنى هەل قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش كېرەك، «گومىنداڭنىڭ دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسىدا ۋە 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينىڭ خىتابنامىسىدا رۇخسەت قىلىنغان چېگرا رايون ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇشنى جاكارلىشنى تەكلىپ قىلىمىز»، مەركەز شىنجاڭ مائارىپىدا ئوقۇتۇشنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىدا ئېلىپ بېرىشنى قانۇن بىلەن بەلگىلىشى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ سېلىقىنى يىنىكلىتىشى ، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى لازىم ۋە باشقىلار. جاڭ جىجۇڭ بۇ دوكلاتنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلغان. ئۇ شىنجاڭغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، مەسئۇد قاتارلىقلارنى شىنجاڭغا بىللە ئېلىپ بېرىپ مەسلىھەتچى قىلماقچى بولغان. سۆھبەت داۋامىدا «مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋەقەنى هەل قىلىش هەققىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپ ئورۇندا ئاشۇ دوكلاتتىكى تەكلىپنى قوبۇل قىلغان. قاراڭ: «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 - توپلام، 2 - قىسىم، «سىياسىي» (4)، 832 - 838 - بەتلەر: جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 - قىسىم، 426 - 427 - بەتلەر.

(21) 1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گومىنداڭنىڭ «6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان مەزكۇر پارتىيىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى، سىياسىتى لايىھىسى»گە چېگرا رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ تەكشى تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ماددىسى كىرگۈزۈلگەن؛ 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو گومىنداڭ 6 -

نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسى»دە چېگرا رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى، دىنى ۋە ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش بەلگىلەنگەن. 8-ئاينىڭ 24-كۈنى، جياڭ جيېشى مەركىزىي دائىمىي كومىتېتىنىڭ، دۆلەت مۇداپىئە ئالىي كومىتېتىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا يەنە: «ھەرقايسى ئۆلكە، رايونلاردىكى چوڭ-كىچىك مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتە، قانۇن جەھەتتە بابباراۋەر، ئۇلارغا ئېتىقاد، ئىقتىساد جەھەتتىمۇ ئارىلىشىۋالماي تولۇق ئەركىنلىك بېرىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىز ھەرقايسى ئۇرۇقلار سەممىي ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق مەقسىتىگە يېتىشىمىز لازىم» دېگەن. قاراڭ: «ئىنقىلابىي ھۆججەتلەر»، 70-توپلام، تەيبېي. گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش ھەيئىتى 1976-يىل نەشرى، 395-بەت، «ئىنقىلابىي ھۆججەتلەر»، 69-توپلام، 385-بەت: «زوڭتۇڭ جياڭ ھەزرەتنىڭ ئىدىيە-سۆزلىرى ئومۇمىي توپلىمى»، 21-جىلد، نۇتۇقلار، تەيبېي، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ھەيئىتى 1984-يىل نەشرى، 173-بەت.

(22) «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 764-بەت.

(23) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2)، 575-بەت.

(24) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2)، 618-619-بەتلەر.

(25) «يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەر مىللەتنىڭ قاتنىشىشىغا يول قويىدىغانلىقىنى، ئالاھىدە خىزمەتنى كەڭرەك قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى». قاراڭ: جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقتىم-ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زوڭ خاتىرىسى»، 537-538-بەتلەر.

(26) «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 770-بەت؛ «جاڭ جىجوڭ ئەسلىمىلىرى»، 2-قىسىم، 437-438-بەتلەر.

(27) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5-توپلام، 2-قىسىم، «سىياسىي» (4)، 837-بەت.

(28)(50) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى.
(29) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 427 ـ بەت.
(30) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 431 ـ بەت.
(31) «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 771 ـ بەت.
(32) ۋۇ جۇڭشىن 1945 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاشلىق تىجارىتى گۇۋاھنامە بېجى، پوسۇلكا بېجى ئىچىدە ئىشلىتىلىدىغان 10% ئىستېمال بېجى، قول سانائىتى گۇۋاھنامە بېجى، يول ئاسراش ئىئانىسىنى ئالمايدىغان بولغان؛ 6 ـ ئايدا يەنە چارۋىچىلىق بېجىنى بېجىنى 30% كېمەيتكەن. قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، 1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى.
(33) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 459 ـ بەت.
(34)(36) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 2 ـ قىسىم، «سىياسىي» (4)، 805 ـ بەت.
(35) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 2 ـ قىسىم، «سىياسى» (4)، 804 ـ بەت.
(37) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 2 ـ قىسىم، «سىياسى» (4)، 809 ـ 811 ـ بەتلەر.
(38) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى» 5 ـ توپلام، 2 ـ قىسىم، «سىياسى» (4)، 812 ـ 813 ـ بەتلەر.
(39) جاڭ جىجۇڭ: «مېنىڭ ھەقىقىي جاۋابىم ۋە جىددىي نەسىھەتىم»، (1946 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى). قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ «70 ياشتىكى ئەسلىمىلەر» (قوشۇمچە). شاپىگراف باسمىسى.
(40) شىنجاڭ پۇلى بىلەن فابىنىڭ 5:1 ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنى ساقلاش فابىنىڭ كۇرسى «نىسپىي مۇقىم بولغان» مەزگىلدە شىنجاڭ پۇل تۈزۈمىنىڭ «تۇراقلىق بولۇشى» ئۈچۈن مەلۇم پايدا يەتكۈزگەن. ئەمما فابى كېيىنكى كۈنلەردە دەھشەت پاخاللىنىپ كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىشقا قىل قالغان. فابىنىڭ شىنجاڭ پۇلىغا چېتىلدۇرۇلۇشى ئۆز نۆۋىتىدە شىنجاڭ خەلقىغە ئاپەت

ئېلىپ كەلگەن. 1948 ـ يىل 8 ـ ئايدا گومىنداڭ پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، فابىرىكىنىڭ ئورنىغا ئالتۇن پۇلنى مۆئامىلىگە سالغان. لېكىن بۇ ماھىيەتتە بىرخىل قەغەز پۇلنىڭ ئورنىغا يەنە بىرخىل قەغەز پۇلنى دەسسىتىشتىن ئىبارەت بولغان، ئالتۇن پۇل تېز ئارىدىلا فابىدىنىمۇ بەتتەر پۇلغا ئايلانغان. بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ مالىيىسىنى كرىزىستىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن، 1949 ـ يىل 5 ـ ئايدا شىنجاڭدا ئايرىم ئاقىدىغان يەرلىك پۇل ـ كۈمۈش پۇلنى تارقىتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن پۇل ـ مۇئامىلە ئالاقىسىنى ئۈزگەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي راسخوتىنى ئالتۇن پۇل ئاجرىتىپ ھەل قىلالمايدىغان بولغان. 8 ـ ئايدا، بۇرھان شەھىدىنىڭ بېشارىتى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى سودا ـ سانائەتچىلەر سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى نامىدا ئېلان چىقىرىپ، ئالتۇن پۇلنىڭ ئۈرۈمچى بازىرىدا ئېقىشىنى رەت قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئالتۇن پۇل شىنجاڭنىڭ مۇئامىلە ساھەسىدىن ئاساسەن چېكىنگەن.

(41) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 2 ـ قىسىم، «سىياسى» (4)، 837 ـ بەت.

(42)(43) جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان: «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقتىم ـ ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زۇڭ خاتىرىسى»، 517 ـ بەت.

(44) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 510 ـ 511 ـ بەتلەر.

(45) ۋۇ جۇڭشىن: «زۇڭسەيگە يوللانغان ئالاقە»، (1944 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى).

(46)(47) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 458 ـ بەت.

(48) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 2 ـ قىسىم، «سىياسى» (4)، 836 ـ بەت.

(49) «زۇڭسەيگە يوللانغان مەخپىي نومۇرلۇق تېلېگرامما»، قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىن «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى.

(51) «ۋېيىۋەنجاڭ جانابلىرىغا يوللانغان تېلېگراممىا»، قاراڭ: ۋۇ جوڭشىن «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

(52) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 459 ـ بەت.

(53) تاۋ سىيۈ: «تاۋ سىيۈنىڭ ئۆز بايانلىرى»، 76 ـ بەت.

(54)(57) تاۋ سىيۈ: «تاۋ سىيۈنىڭ ئۆز بايانلىرى»، 77 ـ بەت.

(55) جاڭ جىجۇڭنىڭ 1947 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجانلارغا يازغان خېتى، قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ «70 ياشتىكى ئەسلىمىلەر» (قوشۇمچە).

(56) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 463 ـ بەت.

(58) «ئىنقىلابىي ھۆججەتلەر»، 69 ـ توپلام، 385 ـ بەت.

(59) جۇ كۈنتيەن: «سەنمىنجۇيىلىق چېگرا رايون سىياسىتى»، 55 ـ بەت.

(60) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 445 ـ بەت.

(61) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 509 ـ بەت.

(62) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 510 ـ بەت.

(63) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 514 ـ بەت.

(64) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 514 ـ 522 ـ بەتلەر.

(65) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 659 ـ بەت. گومىنداڭ شىنجاڭغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەش يىل ۋاقىت ئىچىدە، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىككى خىلى ئېلىپ بېرىلغان: بىرىنچىسى، ئۈرۈمچىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرى ياسىلىپ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى چىڭگېداخۇ كۆلى بويىدىكى 100 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر سۇغىرىلغان؛ ئىككىنچىسى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ بەشتاش دېگەن يېرىدە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئاقسۇ ۋە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىلىرىنى سۇ ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرغان ھەمدە ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئېتىز ـ ئېرىققا كىرەكلىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلغان.

# III باب شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم چىڭىتىپ بېرىلىشى

## 1 - پاراگراف شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ چىڭىتىپ بېرىلىشىدىكى سەۋەبلەر

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىتىنىڭ چىڭىتىپ بېرىلىشى تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۇ 1946 - يىل 11 - ئايدا سۇڭ شىليەن تاۋ سىيۈنىڭ ئورنىغا شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بولغانلىقىنى بەلگە قىلغان ھالدا باشلىنىپ، 1947 - يىل 5 - ئايدا مەسئۇد شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئاخىرلىشىشىمۇ تەدرىجىي رەۋىشتە بولغان، يەنى 1948 - يىلى 8 - ئايدا تاۋ سىيۈ سۇڭ شىليەنىنىڭ ئورنىغا شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بولغان ۋاقتىدىن تارتىپ، 1949 - يىل 1 - ئايدا بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس قىلىپ تەيىنلەنگەندە ئاخىرقى ھېسابتا ئاياغلاشقان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ چىڭىتىپ بېرىلىشىدىكى سەۋەبلەر مۇرەككەپلىككە ئىگە، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇ جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە مۇناسىۋىتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى شۇنىڭدەك شىنجاڭ سىياسىتىنى بەلگىلەشتىكى ئاچقۇچلۇق كىشى - جاڭ جىجۇڭ بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك.

## بىرىنچى، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە دائىر سەۋەبلەر

1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىمزالىغان «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى ھاسىل قىلغان. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن ستالىن جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتقان، ئۇ «ر ك پ (ب) مەركىزىي كومىتېتى» نامىدىن ماۋ زېدۇڭغا تېلېگرامما بېرىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ چۇڭچىڭغا بېرىپ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشىنى ئۈمىد قىلغان؛ ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئارمىيىسى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى ئىشغال قىلغان پايدىلىق پەيتتىن پايدىلىنىپ شەرقىي شىمالغا ھەربىي قوشۇن كىرگۈزگەن، باشتا سوۋېت ئارمىيىسى دىپلوماتىيە شەرتنامىسىنىڭ چەكلىمىسى كاشىلىسىدىن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسىگە ئانچە دوستانە مۇئامىلە قىلمىغان. ئەمما كېيىنچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بارا - بارا ئۆزگىرىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى كۈچلىرىنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدا ئۇلغىيىشىنى بارغانسېرى ئاشكارا قوللىغان. بۇنداق ئۆزگىرىشكە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 9 - ئايدىن بۇيان شىمالىي جۇڭگودا قۇرۇقلۇققا چىققانلىقى سەۋەب بولغان، چۈنكى ئۇ موسكۋاغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن.[1] شۇنىڭ نەتىجىسىدە

ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھوقۇق ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي شىمالدا جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشىگە سەۋەب بولغان، شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي شىمالغا كىرگەن ج ك پ ئارمىيىسىنى قوللاش سالمىقى مۇناسىپ ھالدا بارغانسېرى كۈچىيىپ بارغان.

جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي شىمال مەسىلىسى جەھەتتىكى كەسكىن توقۇنۇشى، 2- تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقلىقىنىڭ بۇزۇلۇشى شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ يۆنىلىشىگە تەسىر قىلماي قالمىغان. شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئامېرىكىنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىگە يول قويۇشقا بولمايدىغان يەنە بىر تەسىر دائىرىسى ھېسابلاپ كەلگەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ شەرقىي شىمالغا باستۇرۇپ كىرىشىگە يول قويماسلىقنا كاپالەتلىك قىلالمىغان يەردە، ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا باستۇرۇپ كىرىشىگە يول قويماسلىققىمۇ كاپالەتلىك قىلالماسلىقى كۆرۈنۈپ تۇرغان. ئەمەلىيەتتە، گومىنداڭ شىنجاڭدا ئامېرىكىلىقلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن، «بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقا سېپىگە خەنجەر سانجىغانلىقنا باراۋەر ئىدى»،[2] سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنى ھەقىقىي «بىرلىككە كەلتۈرۈشى»نى ئۈمىد قىلمىغان، ئەلۋەتتە. ئەسلىدە شىنجاڭدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پۈتكۈل شىنجاڭغا بولغان تەسىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ئويلىغان، ئەمما ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى: شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى

زېمىن ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى»دە غايەت زور «زىياننى ئۈستىمىزگە ئالدۇق»،[3] «ئۈچ ۋىلايەت»كە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن «تىنچلىق بىتىمى»دە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە سىياسىي جەھەتتە ناھايىتى زور يول قويدۇق، ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ۋۇجۇدقا چىقمىدى دېگەن تونۇشقا كەلگەن. شۇ ئەھۋال ئاستىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەلۋەتتە شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە يەنە ھەرقانداق زور يول قويۇشنى خالىمىغان ھەمدە ئىلگىرىكى شىنجاڭ سىياسىتى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشقا ۋە ئۇنى تەرتىپكە سېلىشقا باشلىغان.

## ئىككىنچى، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە مۇناسىۋىتىگە دائىر سەۋەبلەر

ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا، جياڭ جيېشىنىڭ خىل ئارمىيىسىنىڭ تولىسى غەربىي جەنۇبتا تۇرغان، ئۇلارنى ئامېرىكىنىڭ ياردىمىدە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ بۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك بولغان. شۇڭا جياڭ جيېشى سىياسىي ئىلىم گۇرۇھىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، تىنچلىقپەرۋەر قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئىچكى ئۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋاقتىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن كومپارتىيە بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغان.

1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي قاتارلىق كىشىلەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي كومىتېتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭ ۋە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خۇرلېينىڭ ھەمراھلىقىدا بىۋاسىتە چۇڭچىڭغا بېرىپ جياڭ جيېشى بىلەن تىنچلىق

سۆھبەتى ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان. جياڭ جيېشى ئەسلىدە ماۋ زېدۇڭنى چوڭچىڭغا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كەلمەيدۇ دەپ ئويلىغان، بىراق ماۋ زېدۇڭ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، جياڭ جيېشى ساختىلىقىنى چىن قىلىپ كۆرسىتىپ، سۆھبەت ئۈستىلىدە ھەربىي بۇيرۇق ۋە مەمۇرىي بۇيرۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىملىقىنى تەكىتلەپ، كومپارتىيىنىڭ «ئۆز زېمىنىدىن ۋاز كېچىشى»، «ئۆز ئارمىيىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشى» كېرەكلىكىنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلغاندىن تاشقىرى، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ھەربىي جەھەتتە بېسىم ئىشلىتىپ، سۆھبەت ئۈستىلىدە ئېرىشەلمىگەن نەرسىسىگە شۇ يول بىلەن ئېرىشىشنى قەستلىگەن. چوڭچىڭ تىنچلىق سۆھبىتى باشلىنىپ ئەتىسى (1945-يىل 8-ئاينىڭ 29-كۈنى) جياڭ جيېشىنىڭ مەخپىي بۇيرۇقى بويىچە ھەرقايىسى ئۇرۇش رايونلىرى «باسمىچىلارنى يوقىتىش قوللانمىسى»نى بېسىپ تارقاتقان ھەمدە كۆپلىگەن ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئازاد رايونغا ھەربىي ھۇجۇم قوزغىغان. جۇڭگو كومپارتىيىسى بۇنىڭغا قارشى تىغمۇ-تىغ كۈرەش قىلىپ، گومىنداڭنى «سۆھبەت» جەھەتتىمۇ، «ئۇرۇش» جەھەتتىمۇ پايدا ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇرمىغان، ئەڭ ئاخىرى گومىنداڭنى جۇڭگو كومپارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان «تىنچ يول بىلەن دۆلەت قۇرۇش ئاساسىي فاڭجېنى» ۋە سىياسىي كېڭەش يىغىنىنى چاقىرىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. 10-ئاينىڭ 10-كۈنى، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئىككى تەرەپ «ھۆكۈمەت بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت خاتىرىسى» (يەنى «10-ئۆكتەبىر كېلىشىمى»)گە ئىمزا قويغان.

«10-ئۆكتەبىر كېلىشىمى»نىڭ سىياھى قۇرۇماي تۇرۇپ، جياڭ جيېشى 1945-يىل 10-ئاينىڭ 13-كۈنى، گومىنداڭنىڭ ھەرقايىسى ئۇرۇش رايونلىرىغا «باسمىچىلارنى

يوقىتىش» ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرگەن. گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدا ئىچكى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىدىن خالىي بولۇش مۇمكىن بولماي قالغان. 1946 - يىل 6 - ئايغا كەلگەندە، جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ ئىككى مىليون كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيىسىنىڭ 80%ىنى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يۆتكەپ، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشنىڭ بارلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىنى پۈتكۈزۈپ بولغان. 6 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، گومىنداڭ ئارمىيىسى ھەممىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئازاد رايونىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىنلا مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى ئازاد رايونلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان. 1947 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، گومىنداڭ مەركىزىي دائىمىي كومىتېتى بىلەن مەركىزىي سىياسىي كېڭەشمىسىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنى ئۆتكۈزگەن، جياڭ جيېشى يىغىندا «ھازىرقى ۋەزىيەت ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە پارتىيىمىزنىڭ مۇھىم تەدبىرى» دېگەن نۇتۇقنى سۆزلەپ، «توپىلاڭنى باستۇرۇش يولىدىكى ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك» دېگەن سىياسىي تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ 6 - سانلىق دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشى يىغىنى جياڭ جيېشى مۇھاكىمە قىلىشقا تاپشۇرغان «پۈتۈن دۆلەتتە ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىپ، كومپارتىيە باسمىچىلىرىنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇپ، دېموكراتىيە توسالغۇسىنى يوقىتىپ، ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسەتنى ۋاقتىدا يولغا قويۇش، تىنچ يول بىلەن دۆلەت قۇرۇش فاڭجېن لايىھىسى»نى ماقۇللىغان، ئەتىسى «مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى» رەسمىي ئېلان قىلىنىپ، «پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئارمىيە - خەلقنىڭ ئىرادىسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ»، «توپىلاڭنى جىددىي باستۇرۇش»،

كومپارتىيىنى قورال كۈچى بىلەن «يوقىتىش» تەلەپ قىلىنغان.[4]

جىياڭ جېيشى پۈتۈن مەملىكەتتە «توپىلاڭنى باستۇرۇپ دۆلەت قۇرۇش»تىن ئىبارەت كومپارتىيىگە قارشى سىياسەتنى يولغا قويغان يەردە، شىنجاڭ مەسىلىسى جەھەتتىمۇ شۇنىڭغا يارىشا قاتتىق پوزىتسىيە قوللانغان ئەلۋەتتە. چۈنكى، گومىنداڭنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى «شىنجاڭ مەسىلىسى دۆلەت ئىچىدىكى پۈتكۈل ۋەزىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك»[5]، ئۇ ئىچكى ئەھۋالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، «مۇبادا پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ھەل قىلىنمىسا، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشمۇ مۇمكىن بولمايدۇ» دەپ ھېسابلىغان.[6] پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىشقا كەلگەندە مۇنداق دەپ ھېسابلىغان: گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە سۇلھقا كېلەلمىسە ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا يول يوق، پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى كومپارتىيىنى يوقىتىش ئارقىلىق ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ھەل قىلىنغاندىن كېيىنلا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئاندىن ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ. چۈنكى، مەملىكەت بويىچە «ئىچكى مالىمان»نى تىنجىتقاندىلا شىنجاڭ مەسىلىسىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشقا دۆلەت ئاندىن كۈچ چىقىرالايدۇ. شىنجاڭ مەسىلىسىنى پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن بۇرۇن ھەل قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئىكەن، ئۇ ھالدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە سىياسىي جەھەتتە يەنە يول قويۇشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغان، شۇچاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا يېتەرلىك كۈچلۈك قوراللىق كۈچ توپلاپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ھەربىي ھۇجۇمىدىن

ئۆتمۈشتىكىدەك قورقۇشتىن خالىي بولۇپ قالغان، شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە ۋە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە قاتتىق سىياسەت قوللىنىشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان.

## ئۈچىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولغان سەۋەبلەر

شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەسىرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللاپ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا گومىنداڭغا قارشى پارتلىغان كۆرەش. 1945-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى، «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» غۇلجىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان. دەسلەپكى مەزگىللەردە، بىر ئۇچۇم ئەكسىيەتچىلەر ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشىنى بۇراپ، ئىنقىلابنى قىڭغىر يولغا باشلاش قەستىدە بولغان. ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابباسوپ قاتارلىق كوممۇنىستىك ئاڭغا دەسلەپكى قەدەمدە ئىگە بولغان ئىنقىلابچىلارنىڭ تىرىشىشى ۋە كۆرەش قىلىشى ئارقىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرا يۆنىلىش بويىچە ئالغا ئىلگىرىلىگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ مەسىلىسىدە شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنى نىشانلىمىغان، جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى ئۈستىدە سۆھبەت بولۇۋاتقان جاپالىق پەيتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلىنى تايانچ بازا قىلىپ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا كەڭ كۆلەمدە ھەربىي ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بېرىشتە شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن جىددىي ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ جىياڭ جيېشىنى سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ شەرقتىكى ۋە ئوتتۇرا قىسىمدىكى مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان «جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى»نى بالدۇرراق ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلىشنى كۆزدە تۇتقان. سوۋېت ئىتتىپاقى «جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەرقتىكى ۋە ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، كېلىشتۈرگۈچىلىك رولىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئويناشقا باشلىغان. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروۋ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىگە تاپشۇرغان بىر پارچە ئەسلەتمىسىدە: شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ئېيتىشىچە، قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىش نىيىتى يوق ئىكەن، بىرلا تەلىپى شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان جايلىرىدا، مەسىلەن غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەر رايونلىرىدا ئاپتونومىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرسا دەيدىكەن. ئۇلار روسىيىلىكلەرنىڭ ئارىغا چۈشۈپ، ئۇلار بىلەن جۇڭگو دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان توقۇنۇشنى كېلىشتۈرۈپ قويسا دېگەننى پۇراتتى. مۇبادا جۇڭگو ھۆكۈمىتى خالىسا، سوۋېت ئىتتىپاقى غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەملىشىپ «شىنجاڭدا پەيدا بولغان ۋەزىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن ۋاستىچى بولۇشقا ئەۋەتمەكچى» دېيىلگەن.[7] كېيىنكى كۈنلەردە مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى سۆھبەت ئۆتكۈزگەن جەريانىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى باشتىن-ئاخىر سالاچى بولۇپ، ھەر قېتىم سۆھبەت قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە سوۋېت كونسۇلى ئارىغا چۈشۈپ كېلىشتۈرۈپ قويغان. ھەتتا ستالىنىنىڭ ئۆزىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ شىنجاڭ

تىنچلىق سۆھبىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مەسىلەن، 1945 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جياڭ جىڭگو موسكۋادا ستالىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىلغا ئالغان، جياڭ جىڭگو ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى «مەركىزىي ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىر ئاي ئىچىدە شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن» دېگەنلىكىنى، جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىغا چۈشۈپ ياراشتۇرۇپ قويسا دەپ ئۈمىد قىلغانلىقىنى ئېيتقاندا، ستالىن دەرھال ماقۇل بولۇپ «سوۋېت ھۆكۈمىتى چامىسىنىڭ يېتىشىچە كۈچ چىقىرىدۇ» دېگەن ھەمدە ئىنتايىن ئىشەنچلىك قىلىپ: «قوزغىلاڭچىلار سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ كېلىشتۈرۈشىنى رەت قىلمايدۇ» دېگەن.[8] دېگەندەك شۇنىڭدىن كېيىن مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبىتى جەريانىدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆتكەن قېتىمقى سۆھبەتتە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىنى قايتۇرۇۋالغان.

«موسكۋا شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىنى قوللىمىغان»، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتكە ۋە جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسەن تاكتىكا جەھەتتىكى تەڭشىشىدىن ئىبارەت بولغان[9]، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى بوشاشتۇرغانلىقىدىن دېرەك بەرمىگەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى باشقا يەتتە ۋىلايەتكە كېڭەيتىشنى ئۈمىد قىلغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ نىيىتىنى سېزىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى: «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى»دىكى «شىنجاڭدا

يېقىنىدا يۈز بەرگەن ۋەقە توغرىسىدا» «جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش نىيىتىمىز يوق» دېگەن ۋەدىسىدە تۇرمىدى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىگە پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىش بىلەنلا قالماي[10]، بەلكى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى «دەسمايە قىلىپ»، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە «غۇلجا ۋەقەسى»نى «بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەش يولى» بىلەن «ھەل قىلىش» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، «ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تىپىدىكى مۇنداق بىرلەشمە ھۆكۈمەت شەرقىي ياۋروپادا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتىكى ئەپچىل يول سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، كۆپ قېتىم سىناق قىلىنغاندا ئاقمىغان، ئەمدىلىكتە شۇ كونا نەيرەڭنى شۇ ئەندىزىسى بويىچە شىنجاڭدا ئىشلىتىپ (پۈتكۈل شىنجاڭ) ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ»[11]. شۇ سەۋەبتىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ھەرقايسى نازارەت. باشقارمىلار» ئۈچ ۋىلايەتنىڭ «تەشۋىقات ئورگانلىرى»غا ئايلاندى، «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەئەينى قوزغىلاڭ قوزغايدىغان قوماندانلىق شتاب بولۇپ»، «خەلقنى قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا قۇتراتتى»[12]. بۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى غۇلجا تەرەپ خادىملىرىنىڭ «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئاشكارا قاتناشقان پۇرسىتى»دىن پايدىلىنىپ، «يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ‹شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ھاكىمىيەتكە نىسبەت بويىچە قاتناشسۇن› دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى، سىڭىپ كىرىش يولى بىلەن نۇرغۇنلىغان يوشۇرۇن ئۇنسۇرلارنى پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئورگانلار ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرىغا ئاشكارا ياكى مەخپىي ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار مەركەزگە قارشى پائالىيەت ئېلىپ باردى» دېگەن.[13] ئىلى

تەرەپنىڭ پائالىيىتى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا قاراشلىق يەتتە ۋىلايەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت يەتكۈزگەندە، گومىنداڭ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى نىسپىي ھالدا «مۆتىدىل» بولغان شىنجاڭ سىياسىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە باشلىغان، ئۇنداق سىياسەتنى قوللانغاندا شىنجاڭنى قوغداپ قېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە پۈتكۈل شىنجاڭنى قولدىن بېرىپ قويۇش خەۋپى بارلىقىنى، ئەگەر يەنە داۋاملىق يول قويۇلسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېغىر بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇڭا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆتمۈشتىكى نىسپىي ھالدا «مۆتىدىل» بولغان شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ ئورنىغا بىرقەدەر قاتتىق شىنجاڭ سىياسىتىنى دەسسىتىشنى ئويلىغان.

## تۆتىنچى، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولغان سەۋەبلەر

شىنجاڭ تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئۆز-ئارا مۇرەسسەلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان: ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ ئەمەلىيەتتە ئىككى تەرەپنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى كۈرىشى ئۈچۈن تەييارلىق ۋە دەم ئېلىش بولغان.(14)

1946-يىل 7-ئاينىڭ 18-كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 2-سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پروگراممىسى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە ناھىيە ھاكىملىرى خەلق تەرىپىدىن سايلانماقچى بولغان. گومىنداڭ تەرەپ سايلام شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنى قوللايدىغان ئاز سانلىق مىللەت مۇتەئەسسىپ كۈچلىرىنى ئۈچ ۋىلايەتكە سوقۇندۇرماقچى بولغان: ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قانۇنلۇق كۈرەش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى يەتتە ۋىلايەتكە

كىرگۈزمەكچى بولغان، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا گومىنداڭنىڭ قول تىقىشىغا يول قويمىغان.[15] شۇڭا سايلام مەسىلىسى شۇچاغنىڭ ئۆزىدە ئىككى تەرەپنىڭ كۆرىشىدە مۇھىم نۇقتىغا ئايلانغان. گومىنداڭ تەرەپ تەشۋىقات ئاپپاراتىدىن پايدىلىنىپ داغدۇغا قوزغىغان. 1946-يىل 9-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە «سايلامنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلىنىشىنى تىلەيمىز» دېگەن باش ماقالە ئېلان قىلىنىپ، بۇ سايلام ئۇسۇلى «شىنجاڭدىكى دېموكراتىك سىياسىنىڭ ئانىسى»، «ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ۋەتەنداشلار ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك، مۇنەۋۋەر بولغان، ئەڭ ۋەكىل بولالايدىغان كىشىلەرنى ئىمكانقەدەر ئەركىن سايلاش ئارقىلىق سىياسىغا قاتناشسا، خەلققە كېرەكلىك سىياسەتنى ئىجرا قىلسا بولىدۇ» دېيىلگەن.[16] ئەمەلىيەتتە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پەقەتلا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ھىمايە قىلىدىغان فېئودال ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى سىياسىي سەھنىگە چىقارغان. نەتىجىدە يەرلىك فېئودال-دىنىي كۈچلەر ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سايلامنى كونترول قىلىۋېلىپ، جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ئامراق كۈچلەرنىڭ گومىنداڭ كونتروللۇقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە ھوقۇق ئىگىلىشىگە بار كۈچى بىلەن توسقۇنلۇق قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپمۇ گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە سىڭىپ كىرىشىنى بار كۈچى بىلەن توسقان، دۆربىلجىن ۋەقەسى[17] ئىككى تەرەپنىڭ كۆرىشىگە مۇھىم دەلىل بولالايدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى «شىنجاڭنى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش، دەرۋەقە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى قوزغىلاڭنىڭ

غەلىبىسى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، بۇ ئىنقىلابنى مۇقەررەر ھالدا ئالغا سىلجىتىش، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەشكىلىي، تەشۋىقىي ـ تەرغىبات ئىشلىرىنى قوزغاپ؛ ھەربىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى كۈرەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»[18]تىن ئىبارەت بولغان. شۇڭا ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك سالاھىيىتى بىلەن مەمۇرىي ۋالىي ۋە ھاكىملارنى كۆرسىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق شىنجاڭدا مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان جاي قەشقەر بىلەن تۇرپاننى كونترول قىلىشقا كىرىشكەن. ئۇ ئابدۇكېرىم مەخسۇمنى[19] قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي ۋالىيلىقىغا، ئابدۇراخمان مۇھىتىنى[20] تۇرپاننىڭ ھاكىملىقىغا كۆرسەتكەن. ئابدۇكېرىم مەخسۇم ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى قەشقەردە نەچچە مىڭلىغان ئەزا كۆپەيتكەن، ئۇلار نامايىش قىلىپ، «مەركەز ئارمىيىسى شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى توۋلىغان، يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە تۇرۇشلۇق ئارمىيە بىلەن قارشىلاشقان. ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇرپانغا ھاكىم بولغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى مەركەز قىلىپ ئاممىنى قوزغاپ، شۇيەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغان ھەمدە قارغوجا، ئاستانىلەردە يەر ئاستى قوراللىق كۈچىنى مەخپىي تەشكىللەپ، ئۈچ ۋىلايەتتىن ئوغرىلىقچە قورال توشۇپ ئەكىلىپ، پەيت پىشىپ يېتىلگەندە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلانغان. ئىلى تەرەپ خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتنىشىش قولايلىقى»دىن پايدىلىنىپ، «گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە مەمۇرىي ۋىلايەتتە» زور كۈچ بىلەن

تەشكىلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان ۋە تەشۋىقات خىزمىتى ئېلىپ بارغان.[21] ئۇلار ئۈرۈمچىدە ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرغان ھەمدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قايتا تەشكىللەپ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قانۇنىي ئورگانغا ئايلاندۇرغان. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مىڭلىغان ئۇيغۇر، قازاق ياشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ نامايىش ئۆتكۈزۈپ، گومىنداڭ ئارمىيىسى شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن، قەشقەر، ئاقسۇلاردا مىللىي قىسىم قۇرۇلسۇن دېگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە تەلەپلەرنى قويغان.

ھەمكارلاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ مەقسىتى تۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر-بىرى بىلەن بولغان كۈرەشمۇ بارغانچە كەسكىنلىشىپ، قىلچە مۇرەسسە قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىغان. گومىنداڭ «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ دېموكراتىك سىياسىسىنى يولغا قويۇش ماددىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلمىغان، «ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋە تەمىنلەش مەسىلىسى»، «دۆلەت ئارمىيىسىنى ئۈچ ۋىلايەتكە كىرگۈزۈپ دۆلەت چېگرىسىنى ساقلاش مەسىلىسى»، «ئۈچ ۋىلايەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى»، «ئۈچ ۋىلايەت مەركىزىي ئورگىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ھۆكۈمەت ئەمىر-پەرمانلىرىنى، پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى»، «ئۈچ ۋىلايەت قاتنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسى» قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۈزلۈكسىز بېسىم ئىشلەتكەن.[22] ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملىق ساقلاۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ھەرگىز يول قويمىغان، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەتنى مەھكەم كونترول قىلغان، ئۈچ ۋىلايەتكە

قاراشلىق ناھىيىلەرمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقە قىلمىغان، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر-پەرمانلىرى ئۈچ ۋىلايەتتە زادى ئاقمىغان، بولۇپمۇ تاموژنا، ئەدلىيە، پوچتا-تېلېگراف قاتارلىق تارماقلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋۇجۇدقا چىقمىغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «تىنچلىق بىتىمى»نى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولغان مەقسىتىنى زادى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان.[23]

گومىنداڭ تەرەپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش قىيىنلىقىنى بىلىپ،[24] 1945-يىل 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان شىنجاڭدا داۋام قىلغان تىنچ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچىنى تولۇقلاپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەرنىڭ سانىنى سەل كەم 100 مىڭغا يەتكۈزگەن. 1946-يىل 10-ئاينىڭ ئاخىرىدا، گومىنداڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى قاتتىق سۇڭ شىلىيەننى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ يۆتكىگەن. سۇڭ شىلىيەن بۇ ۋەزىپىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ھەربىي مەغلۇبىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 100 مىڭغا يېقىن ئەسكىرى بار ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارىتىلغان يېڭى ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى پۈتتۈرگەن.[25] بۇ چاغدا گومىنداڭ تەرەپ ھەربىي كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ شىددەتلىك سىياسىي ھۇجۇمىغا يول قويۇپ بېرىشنى تەبىئىي ھالدا خالىمىغان، شۇڭا ئىلى تەرەپنىڭ سىياسىي ھۇجۇمىنى قاتتىق سىياسەت ئارقىلىق پۈتۈنلەي بېسىۋەتمەكچى بولغان.

## بەشنچى، جاڭ جىجۇڭنىڭ قېيدىشىدىن بولغان سەۋەبلەر

جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ ئىچىدىكى ئاڭلىق زات بولغاچقا، ئۇنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى گومىنداڭنىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىتىدىن پەرقلىق بولغان.[26] مەسىلەن، ئۇ شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەت ۋەتەنداشلارنى «چىرايلىق-كېلىشكەن»، «جاپاكەش-ئەمگەكچان»، «ساغلام-تېتىك» دەپ ھېسابلىغان؛ شىنجاڭ خەلقى تارىختىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىغان، «ئۇلارغا ئالاھىدە ھېسداشلىق قىلىش لازىم» دېگەن. ئۇ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلىرى ھەققىدە تەنبىھ بېرىپ، «سەۋر-تاقەت قىلىش»نى، «يول قويۇش»نى، «ھەممىدە تارىخ ئۇچۇن جاۋابكار بولۇپ، باشقىلار تارتقان ئازابقا ئېچىنىدىغان ئالىيجاناب روھ بىلەن سەۋر-تاقەت قىلىش»نى، «ھەر مىللەتنىڭ ئۆچمەنلىك روھىغا مۇئامىلە قىلىشتا ئۇلارنى دوستانىلىق بىلەن تەسىرلەندۈرۈش»نى، «ئۇلارغا مېھرىبانلىق بىلەن ياردەم بېرىش»نى تەلەپ قىلغان. شۇڭا، جاڭ جىجۇڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە: سوۋېت ئىتتىپاقىغا «ھەمكارلىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ» ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلغان؛ ئىچكى ئىشلار جەھەتتە: «دانا سىياسەت قوللىنىپ، كىشىلەر كۆڭلىنى رام قىلىش»نى تەشەببۇس قىلغان؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە: مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ قاتنىشىنى، شىنجاڭنى ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەشنى ياخشىلىشىنى، شىنجاڭغا مالىيە جەھەتتىن ياردەم بېرىپ «خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، كىشىلەر كۆڭلىنى رام قىلىپ ئىچكى تەرەپكە تەلپۈندۈرۈشى»نى تەشەببۇس قىلغان.[27]

جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەسلەپكى

ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ھەقىقەتەن نىسپىي ھالدا مۆتىدىل سىياسەت قوللانغان. ئەمما شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە داۋالغۇپ تۇراقسىزلىنىشى «بىر قىسىم خەنزۇلار بىلەن خۇيزۇلار»نىڭ «شۇنىڭدەك ئاز ساندىكى مانجۇلار بىلەن شىبەلەر»نىڭ ۋەھىمىگە چۈشۈشىگە سەۋەب بولغان: شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە-ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدا «جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش فاڭجېن-سىياسىتىگە نىسبەتەن بارغانسېرى گۇمان تۇغۇلۇپ»، «ئۇ بەك بوشلۇق قىلىۋاتىدۇ، ھەددىدىن زىيادە يول قويۇۋاتىدۇ، ھەتتا شىنجاڭ ئۇنىڭ قولىدا نابۇت بولىدىغان بولدى» دېيىشكەن. ھەتتا ئەزەلدىن سالماقلىق ۋە ئېغىر-بېسىقلىقى بىلەن داڭ چىقارغان تاۋ سىيۆمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ بىر سۆھبەت يىغىنىدا جاڭ جىجۇڭغا ھەسرەت بىلەن: «ئەگەر مۇشۇنداق قىلىپ شىنجاڭنى قولدىن كەتكۈزىدىغان بولساق، كەلگۈسىدە تارىخ ئالدىدا جاۋابكارلىقتىن قاچالمايمىز» دېگەن.[28] جامائەت پىكرىمۇ چۇقان كۆتۈرۈپ كەتكەن، شۇ چاغدا «ۋەتەن قۇتقۇزۇش گېزىتى»دە «شىنجاڭدىكى كرىزىس» سەرلەۋھىلىك باش ماقالە ئېلان قىلىنىپ، جاڭ جىجۇڭ قوللانغان سىياسەتنىڭ زەئىپلىكى ئەيىبلەنگەن. تيەنجىندىكى «يىشىباۋ گېزىتى»نىڭ مۇخبىرىمۇ «بىزگە شىنجاڭ كېرەكمۇ-يوق» دېگەن ماقالە ئېلان قىلىپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ تىنچلىق سىياسىتىنى «لەگلەك ئۇچۇرۇش» تىپىدىكى خەتەرلىك قىلمىش، مۇبادا يىپ ئۈزۈلۈپ كەتسە، لەگلەكنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايدۇ. جۇڭگو ناھايىتى ئوبدان بىر پارچە زېمىندىن ئايرىلىپ قالىدۇ دېگەن. ماقالىدە يەنە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە: «بىزگە شىنجاڭ كېرەكمۇ-يوق؟»دەپ سوئال قويغان. ۋۇخەن، گۇاڭجۇ، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردىكى گېزىتلەرمۇ بۇ ماقالىنى بەس-بەس بىلەن كۆچۈرۈپ باسقان.[29]

جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەشەببۇسىنى جياڭ

جيېشى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە قوللىغان بولسىمۇ،[30] لېكىن جاڭ جىجۇڭ يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ، ئاممىنىڭ ۋە جامائەت پىكرىنىڭ غايەت زور بېسىمىغا دۇچار بولغان. جاڭ جىجۇڭ ئەنە شۇنداق شارائىت ئاستىدا، ئۆزىنىڭ 1947 - يىل 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرىنى باشلىغان. 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ قەشقەردە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ قەشقەردىكى ئەزالىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان. يىغىندا جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر سۆز قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنلا بىرقانچە ئۇيغۇر ياشلار مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلەپ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغان. بەزىلەر جاڭ جىجۇڭنىڭ ئېتىنى ئاتاپ، ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. جاڭ جىجۇڭ بۇنداق توغرىدىن - توغرا ئېتىنى ئاتاشنىڭ ھۆرمەتسىزلىك ئىكەنلىكىنى تەنقىدلىگەن ھەمدە ئۆزى نامۇۋاپىق دەپ ھېسابلىغان تەلەپلەرنى رەت قىلغان. ئامما ئىنتايىن نارازى بولغان.

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ يەكەن، خوتەنلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىدە ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، «ھەممىمىز تۆرلۈك زىددىيەتلەرنى تۈگەتكىنىمىزدىلا تىنچلىقنى مۇستەھكەملەپ، قۇرۇلۇشنى باشلاشقا ئاندىن ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا سۆز قىلغان. ئۇ سۆزىدە جۇڭخۇا مىنگونىڭ خەلقى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىشى كېرەك، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئىقتىساد جەھەتتە يېقىن مۇناسىۋىتى بار، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى كۈچەيتىش لازىم، ئەمما بۇ ئىككىسىنى ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى چىڭىتىشتا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش لازىم، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى

قوغدىغانـــدا جۇڭگـــو ـ ســـوۋېت دوســـتلۇقىنى چىڭىـــتىش لازىـــم. ئـەركىنلىكنى تەكىتلىگــەندە باشــقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگــە زىيــان يەتكۈزمەســلىكنى ئالــدىنقى شــەرت قىلىــش لازىــم، مەســىلەن «گـــېزىتلەردە ھېلــى ئــۇنى، ھېلــى بــۇنى خالىغانچــە تىللاش، كوچىلاردا خالىغانچە ئادەم تۇتۇپلاپ ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى ئۇرۇش» باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ دېگەنگە ئوخشاشلارنى تەكىتلىگــەن.[31] ئـەمما بۇ سۆزنى قىلىشتىكى تـۈپ مەيــدان ۋە ئاساســي خــاھىش خاتــا بولغــانلىقى ئۈچــۈن ئىككــى تەرەپنىڭ شۇ چاغدىكى تىركىشــىش كەيپىياتىنى يۇمشــىتالمايلا قالماســتىن، بـــەلكى ئاممىنىـــڭ ئېچىمـــۇ زور نـــارازىلىقىنى قوزغىغان.[32]

جـاڭ چىجـۇڭ شـۇ ئاخشـىمى ۋالىـي مەھكىمىسىگـە چۈشـكەن. ئاخشىمى سائەت 10لاردا، بەش ـ ئالتە مىڭ ئۇيغۇر ئاممىسى ۋالىـي مەھكىمىســـىنى قورشــاپ، ئــۆزلىرى ئالــدىنقى كۈنلــەردە ئوتتــۇرىغا قويغــان تۈلەپلەرگــە جــاڭ جىجــۇڭنىڭ جــاۋاب بېرىشــىنى تەلــەپ قىلغــان ھەمــدە «يوقالســۇن جــاڭ جىجــۇڭ!» دېگــەن شــوئارلارنى توۋلىغان. كېچە سائەت بىرلەردىن ئاشقىچە تىركەشكەندىن كېيىنمۇ ئامــا تــارقىلىپ كەتمەكتــە يــوق، بــەلكى داغــدۇغا بارغانســېرى ئــۇلغايغان. جــاڭ جىجــۇڭ ئامالســىز قېلىــپ، مــۇئاۋىن رەئىــس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مۇھاسىرىنى بوشىتىشنى تاپىلاپ ئادەم ئەۋەتكــەن، لــېكىن ئــۇياقنىڭ نــەدىلىكى بىلىنمىگــەن. جــاڭ جىجۇڭنىڭ ھەمراھلىرى كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بېرىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ قالغان، بىرسى يان دەرۋازىدىن غىپپىدە چىقىپ تېلېفون ئىدارىسىگە بېرىپ شۇيەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىگە ئەھۋالنى تېلېفون ئــارقىلىق مەلــۇم قىلغــان.[33] شــۇ يــەردە تۇرۇشــلۇق ئارمىيىنىــڭ جۇنجاڭى جاۋ شىگۋاڭ بىۋاسىتە ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇرسا ئېغىر ئــاقىۋەت يــۈز بېرىشـــىدىن قورقـــۇپ، جـــاڭ جىجـــۇڭنى ۋالـــىي مەھكىمىســـىنىڭ ئارقــا دەرۋازىســـدىن تۇيـدۇرماي ئېلىـپ چىقىـپ

كەتكەن. جاڭ جىجۇڭ بۇنىڭغا ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن قەشقەر ۋالىيسى ئابدۇكېرىم مەخسۇم ئارقىدا تورۇپ يول كۆرسەتكەن دەپ ھېسابلاپ، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ «مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ ئويياتقا قويغانلىقى»دىن «قاتتىق غەزەپلەنگەن».[34] ئەتىسى تاڭ سەھەردە، جاڭ جىجۇڭ ئاچچىقى بىلەن قەشقەردىن كەتكەن، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنى ئايرودرومغا ئۇزىتىپ چىقمىغان.

جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «پوزىتسىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ»، «بۇلار زادى غەرەز ئۇقمايدىغان نەرسىلەر ئىكەن»، مېنىڭ «شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى باش قاتۇرۇپ تىلىشىمنى ئاجىزلىق دەپ بىلىۋاتىدۇ»، مېنى «ھەدەپ قىستاۋاتىدۇ»، گومىنداڭ شىنجاڭدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتمىگۈچە «بۇلارنىڭ نەپسى قانائەت تاپمايدىكەن» دېگەن تونۇشقا كەلگەن. شۇڭا ئۇ «ئۇلارغا ئەمدى يول قويماي، قاتتىق پوزىتسىيە قوللىنىش»نى قارار قىلغان.[35]

## 2 - پاراگراف شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ چىڭىتىلغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى

### بىرىنچى، تەشۋىقاتتا قارشى تەشۋىقات، تەشكىلاتتا قارشى تەشكىلات، نامايىشقا قارشى نامايىش

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك سۈپىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە تەشكىلات ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇنىڭ سىرتىدا ئۇ ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر

مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى مەركەز قىلىپ، ھەممىشە يۇزلىگەن ۋە مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە قىسمەن قازاق ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ يىغىن ئېچىپ، تارىختىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى ئۈستىدە شىكايەت قىلغان. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدىكى ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىنى قاتتىق سۆككەن. جاڭ جىجۇڭ ئۆزىگە ئىلى تەرەپنىڭ بەك چوڭ بېسىم ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ جياڭ جيېشى نەنجىڭدا چاقىرغان مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئىشپىيونلۇق قاتارلىق تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ «تەشۋىقاتقا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، تەشكىلاتقا قارشى تەشكىلاتنى ئىشقا سېلىش، نامايىشقا قارشى نامايىش قىلىش» تىن ئىبارەت يېڭى تاكتىكىنى كېڭىشىپ بەلگىلىگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ مېڭچۈن، شىنجاڭ گارنىزونى باش قوماندانلىق شتابى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لياڭ كېشۈن قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ، «تەشۋىقاتقا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، تەشكىلاتقا قارشى تەشكىلاتنى ئىشقا سېلىش، نامايىشقا قارشى نامايىش قىلىش» نىڭ كونكرېت چارىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا مەسئۇل قىلغان ھەمدە ليۇ مېڭچۈننى گۇرۇپپا پائالىيىتىنىڭ چاقىرغۇچىسى قىلىپ بېكىتكەن.

گومىنداڭنىڭ «تەشۋىقاتقا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش» دېگەن كونكرېت تاكتىكىسىغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى، شىنجاڭ گارنىزونى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى ۋە شىنجاڭ گېزىتخانىسى مەسئۇل بولۇپ، سىياسىي

تەشۋىقات ھۇجۇمىنى قوزغىغان. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس زېمىنى، ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش دېگەنلەرنى تەكىتلىگەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا ماقۇللانغان سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى، يەنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى لازىم، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ئالاھىدە بولۇۋېلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى لازىم دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارنى تەشۋىق قىلغان.

تەشكىلىي جەھەتتە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قايتا تەشكىللەپ ۋە كونترول قىلىپ، ئۇنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قانۇنىي تەشكىلاتقا ئايلاندۇرغان. شۇ تەشكىلاتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر، قازاق ياشلىرىنى يىغىن ئېچىش، كوچا نامايىشى قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇرغان. گومىنداڭ تەرەپ ئۆزى ئىگىلىيەلەيدىغان ياكى قىسمەن ئىگىلىيەلەيدىغان شىنجاڭ خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، موڭغۇل مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، مانجۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، موڭغۇل، مانجۇ ئاممىسىنى ئايرىم-ئايرىم يىغىپ: «ئىلى تەرەپ شىنجاڭدا ھوقۇققا ئىگە بولسا، شىنجاڭدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ياشىشىغا ئورۇن قالمايدۇ» ۋەھاكازا دەپ قۇتراتقان.[36] ئۇنىڭدىن باشقا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى بولغان، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەزكۇر ياشلار تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ئۈچ ۋىلايەتتىن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتكىچە كېڭەيگەن ھەمدە ئۇرۇمچى

بىلەن قەشقەردە ھەممىدىن جانلىنىپ، گومىنداڭ كۈچلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلانغان. گومىنداڭ تەرەپ ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ۋە تەسىرىنى توسۇش ئۈچۈن 1947-يىل 4-ئايدا سەنمىنجۇيىچى ياشلار ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسىنى قۇرغان. شىنجاڭ شۆبىسىگە تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى «ياشلار مۇلازىمەت جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ، ئاھالىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش نىقابى ئاستىدا ياشلارنى جەلپ قىلغان؛ «ياشلار ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى»نى قۇرۇپ، ياش ئارتىسلارنى ئويۇن كۆرسىتىشكە ئۇيۇشتۇرۇش شەكلى ئارقىلىق مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى كېڭەيتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر تەشكىلات بىر تۈركۈم ئاتارمەن-چاپارمەنلەرنى مەخپىي توپلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردا جېدەل تېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۈچلىرىگە زەربە بەرگەن.

1946-يىلنىڭ ئاخىرىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا ئىچكى ئۇرۇشقا، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلگەن، بۇ ھال ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە غايەت زور ئىلھام بەرگەن، ئۇلار ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە نامايىش قاتارلىق قانۇنلۇق كۈرەش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق بېسىم ئىشلىتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ئەزالىق سۈپىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان قارارلارنى ماقۇللاشقا مەجبۇرلاشنى پىلانلىغان.[37]
1947-يىل 2-ئاينىڭ 20-كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلارنىڭ يىغىلىشىنى ئۆتكۈزگەن، يىغىلىشتىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ

دەرۋازىسى ئالدىغا نامايىش قىلىپ كېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە 30 نەچچە تۈرلۈك تەلەپ قويغان ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نامايىشچىلارنىڭ سانى بەش مىڭغا يەتكەن، قويغان تەلىپىمۇ 55 خىلغا يەتكەن. ئۇلار قويغان تەلەپلەرنىڭ يادروسى مەركەز ئارمىيىسى ئىچكىرىگە چېكىنىپ كەتسۇن، ئاقسۇ، قەشقەرلەردە مىللىي ئارمىيە قۇرۇلسۇن، ھەرقايسى ۋىلايەتنىڭ ۋالىيلىرى يەرلىك كىشىلەردىن سايلانسۇن دېگەنلەردىن ئىبارەت بولغان. 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىجوڭنىڭ شىنجاڭدا يوق پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن رەئىسلىك سۈپىتى بىلەن رىياسەتچىلىك قىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جىددىي يىغىنىنى ئېچىپ گومىنداڭپەرەس يەكەن ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ بىلەن خوتەن ۋالىيسى خاۋ دېگىباڭ (ئۇيغۇر)نى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش لايىھىسىنى ماقۇللىغان. گومىنداڭ تەرەپ قاتتىق چۆچۈگەندىن كېيىن، نامايىشقا قارشى نامايىش قىلىش، تەلەپ قويۇشقا قارشى تەلەپ قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە قايتۇرما زەربە بېرىشنى قارار قىلغان. 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، گومىنداڭ تەرەپ ئۈرۈمچى شەھەر رايونى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى خۇيزۇ، قازاق ئاممىسىنى ھەريكەتلەندۈرۈپ بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزگەن. ئەتىسى يەنە خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئون مىڭدىن ئارتۇق خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇلار ئاممىسى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزگەن، بۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاتلىق 5 ـ جۇننىڭ ئەسكەرلىرى پۇقراچە كېيىنىپ قىستۇرۇلغان.[38] نامايىشچى ئامما ئەخمەتجان قاسىمغا 16 تۈرلۈك تەلەپ قويغان، ئۇنى يىغىنچاقلىغاندا ئاساسلىقى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە دۆلەت ئارمىيىسىنى مۇداپىئەدە

تۆرغۇزۇش، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يەرلىك قوراللىق كۈچلىرىنى شىنجاڭ «تىنچلىق بىتىمى» بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، غۇلجا ۋەقەسى ۋاقتىدا يەرلىك گۇناھسىز ئاھالىنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى قاتتىق جازالاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئارىسىدا كەمسىتىش ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىشقا قارشى تۇرۇش دېگەنگە ئوخشاشلاردىن ئىبارەت بولغان.[39] ئەخمەتجان قاسىمى مۇنبەرگە چىقىپ ئاممىغا سۆز قىلغاندا ئامما ئارىسىغا سوقۇنۇۋالغان بۇزۇق ئۇنسۇرلار چۇقان كۆتۈرگەن ۋە توسقۇنلۇق قىلغان، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە بىرقىسىم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ چاغدا نامايىشچى قوشۇننىڭ تەرتىپى بەك قالايمىقانلىشىپ، ئىككى تەرەپتىن بىرقانچە كىشى يارىلانغان ۋە ئۆلگەن. سوڭ شىلىيەن ۋەقە ئۇلغىيىپ كەتسە ئەھۋالنى كونترول قىلالماي قېلىشتىن قورقۇپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچىنىڭ باشلىقى ليۇ ياجېنى ئوتتۇرىغا چىقىپ نامايىشچى ئاممىنى نەسىھەت بىلەن تارقىتىشقا ئەۋەتكەن. گارنىزون قوماندانى لو رۇبىننى ئەسكەر چىقىرىپ مۇداپىئەنى كۈچەيتىشكە بۇيرۇغان. 2-ئاينىڭ 26-كۈنى، گومىنداڭ تەرەپ ژاندارما، ساقچىلارنى چىقىرىپ، بوجاڭ، جاجاڭلار بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدا نوپۇس تەكشۈرۈپ ئاق تېررورلۇقنى يولغا قويغان. 3-ئاينىڭ 5-كۈنى يەنە نوپۇس تەكشۈرۈش نامى ئاستىدا، ئۈرۈمچىنىڭ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نەنلياڭ رايونىدا كەڭ كۆلەمدە ئاختۇرۇپ كىشىلەرنى قولغا ئالغان ۋە پاراكەندىچىلىك سالغان. «25-فېۋرال ۋەقەسى» يۈز بەرگەن كۈنى ئاخشىمى سوڭ شىلىيەن ئۈرۈمچىدىكى ئەھۋالنى جياڭ جيېشىغا مەلۇم قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدە ۋاقىتلىق ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشىنى تەستىقلىشىنى تەلەپ قىلغان. ئىككى كۈندىن كېيىن، جياڭ

جىيىشى ئۈرۈمچىدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشنى جاۋاب تىلىگرامما ئارقىلىق تەستىقلىغان.[40] ھەربىي ھالەت ۋاقتىدا ھەرقانداق ئادەمنىڭ توپلىشىپ نامايىش قىلىشىغا مۇتلەق يول قويۇلمىغان؛ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن شىنجاڭ گارنىزونى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ تەستىقىنى ئېلىش شەرت قىلىنغان. ئۈرۈمچىدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش بۇيرۇقى 3-ئاينىڭ 6-كۈنى بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن «جەمئىيەت تەرتىپى ۋە ئامانلىقنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئاممىۋى نامايىش ۋاقتىنچە داۋاملىق مەنئى قىلىنغان».[41]

ئەسلىنى ئالغاندا «تەشكىلاتقا قارشى تەشكىلات، تەشۋىقاتقا قارشى تەشۋىقات» سىياسىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى تۈنجى ئىجادىيىتى بولماستىن، ئىچكىرىدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى باستۇرۇشتا يولغا قويۇلغان ئۇسۇلنىڭ شىنجاڭغا كۆچۈرۈلۈشى. ئىدى خالاس».[42]

## ئىككىنچى، «دېموكراتىيە»نى چەكلەش ئېلانى ۋە قانۇن لايىھىسىنىڭ جاكارلىنىشى

ئۈرۈمچىدە «25-فېۋرال ۋەقەسى»نىڭ يۈز بېرىشى شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ يۈنىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ھەممىدىن بۇرۇن بۇ جاڭ جىجوڭنىڭ ئۆزى قوللانغان شىنجاڭ سىياسىتى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. جاڭ جىجوڭ ئەسلىدە شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ ئاتالمىش سەنمىنجۇيىلىق يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئىشىنى تەجرىبە قىلماقچى بولغان ھەمدە بۇنى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان مەدەنىي

سىياسەت دەپ ھېسابلىغان.[43] ئەمما «25-فېۋرال ۋەقەسى»نىڭ ساۋاقلىرى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن.[44] گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ ئۆتكەنكى نىسپىي ھالدا مۆتىدىل سىياسەت ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش باشلانغان. قايتا ئويلىنىش نەتىجىسى «كەڭ ۋە يۇمشاق سىياسەت» ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ سىياسىي ھۇجۇمىنى چەكلىيەلمەيلا قالماستىن ھەمدە شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ بۇرۇنقى ئاداۋەتتىن ۋاز كېچىشىگە تۈرتكە بولالمايلا قالماستىن، بەلكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى كۈرەشنى بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى ۋە كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى دېگەندىن ئىبارەت بولغان.[45] بۇنداق قايتا ئويلىنىش گەرچە خاتا بولمىسىمۇ[46]، لېكىن ئۇ جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى سىياسىي قارىشىدىن تەۋرىتىپ قويغان.[47] شۇڭا «25-فېۋرال ۋەقەسى» ئۇنىڭغا بەك قاتتىق تەسىر قىلغان. 3-ئاينىڭ 16-كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ئىچكىرىدىن ئۈرۈمچىدىكى مەھكىمىسى «غەربىي بىنا»غا قايتىپ كېلىشى بىلەنلا «قاتتىق ئاچچىقلىنىپ»، ساقچى-قوغدىغۇچى خادىملارنى تىللاشقا باشلىغان، ئاندىن كېيىن باش كاتىپ ليۇ مېڭچۇننى تىللىغان، ئاندىن يەنە سۇڭ شىلىيەننى ۋە ئۈرۈمچى گارنىزونىغا مەسئۇل 46-شىنىڭ شىجاڭى لو روبىننى تىللىغان، «چىرايىنى چېچىلغاقلىق، بىئاراملىق قاپلىغان»، «ھەممەيلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە بۇرۇلۇش بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن».[48]

«25-فېۋرال ۋەقەسى»نىڭ جاڭ جىجۇڭغا كۆرسەتكەن روھىي جەھەتتىكى تەسىرى ئۇنىڭ شىنجاڭدا «دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇش»سىياسىتىدىن توپتوغرا چېكىنىشىگە بىۋاسىتە سەۋەب بولغان. بۇنداق چېكىنىش بىر ئېلان ۋە بىر قانۇن لايىھىسىدە ئىپادىلەنگەن. بىر ئېلان «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ

ئاساسىي پوزىتسىيىسى ۋە مۇستەھكەم مەيدانىنى شەرھلەش» دەپ ئاتالغان. بۇ ئېلاندا، جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى نامىدىن: «تىنچلىق بىتىمى» ۋە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پروگراممىسى»[49]نى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋە قۇرۇلۇش نىشانىغا قاراپ مېڭىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىككى چوڭ قىممەتلىك دەستۇر، ئۇنى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن جياڭ جيېشى قوشۇلۇپ تەستىقلىغان، بۇ ئىككى ھۆججەت «بىر تەرەپتىن مەركەزنىڭ سىياسىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئومۇمىي ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ»، كىمكى «تىنچلىق بىتىمى» ۋە «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى بۇزۇشقا ئورۇنسا، شۇ مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنى ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئەڭ جىددىي ئېھتىياج ـ تىنچلىق، تىنچلىق بولغاندىلا خاتىرجەملىك بولىدۇ، خاتىرجەملىك بولغاندىلا قۇرۇلۇش قىلىشقا بولىدۇ، پەقەت قۇرۇلۇشلا پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنى يورۇقلۇق ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا كىمكى تىنچلىقنى بۇزسا، شۇ خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولىدۇ. شىنجاڭدا تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئەمما ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتتە ۋە جەمئىيەتتە دېموكراتىك بولمايۋاتقان كىشىلەر بار، ئۇلار دېموكراتىيە بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتىدۇ. «دېموكراتىيىنى بۇرمىلاشقا يول قويۇلمايدىغانلىقى، چېكى يوق

ئەركىنلىكنىڭ بولمايدىغانلىقى»نى بىلىش لازىم. خەلق ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان ھەر دەرىجىلىك، قانۇنلۇق، خەلق پىكرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئورگانلار بار، كىشىلەر ئۆزلىرى سايلىغان ۋەكىللىرىنى ئېلىپ تاشلىيالايدۇ، ئەمما خەلق پىكرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ ئورنىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزىنى خالىغانچە خەلق ۋەكىلى قىلىۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ. «خەلقنىڭ دۆلەتكە قارشى تۇرۇش ئەركىنلىكى، باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى-تەرۇز قىلىش ئەركىنلىكى مۇتلەق يوق». مەسىلەن، 2-ئاينىڭ 21-كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئاممىنىڭ نامايىش قىلىپ تەلەپ قويۇش، ھۆكۈمەتكە تەھدىت سېلىش، ھۆكۈمەتكە دۈشمەنلىك قىلىش ھەرىكىتى، 2-ئاينىڭ 25-كۈندىكى نامايىش قىلىپ تەلەپ قويۇش، پاجىئەلىك ۋەقە پەيدا قىلىش، تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، تىنچلىقنى بۇزىدىغان ئىغۋاگەرلىك ھەرىكىتىنىڭ ھەممىسى تۈزىتىشكە تېگىشلىك. «بىزنىڭ قەتئىي پوزىتسىيىمىز مۇنداق: ئىجابىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىز «تىنچلىق بىتىمى» ۋە «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن چىڭ تۇرۇپ ئىزچىللاشتۇرىمىز: سەلبىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىز «تىنچلىق بىتىمى» ۋە «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئۇنسۇرلارنى ۋە ئارىنى بۇزغۇچىلارنى ئەڭ قاتتىق ۋە ئۈنۈملۈك چارە قوللىنىپ پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قەتئىي جازالايمىز» دېگەنلەرنى تەكىتلىگەن.[50] جاڭ داجۇن بۇ ئېلاننىڭ مەقسىتى خەلققە داۋلى جەھەتتە «كۆرسەتمە بېرىش ئىدى» دېگەن.[51]

شۇنىڭدىن كېيىنلا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە «تىنچلىققا زىيان يەتكۈزگەن دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى»نى ئېلان قىلغان. بۇ «چارە» جەمئىي يەتتە ماددىغا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: «تىنچلىققا قەستەن زىيان يەتكۈزگەن،

تېررورلۇق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان جىنايەتچى ھېسابلىنىپ، ئەڭ قاتتىق جازالىنىدۇ». تىنچلىقتا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى دېگەننىڭ مەزمۇنى: «ئەمەلدارلار ۋە خەلققە قاتىللىق قىلغانلار؛ ئاشكارا ئادەم توپلاپ زورلۇق بىلەن تەھدىت سېلىپ، باشقىلارغا ياكى مەھكىمىلەرگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ، جامائەت تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزگەنلەر؛ جامائەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە تېررورلۇق ۋاستىلىرىنى ئىشلەتكەنلەر؛ پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، مىللەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالغانلار، باشقىلارنى جامائەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قۇتراتقانلار» دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.[52] جاڭ داجۇن بۇ «چارە»نى ئېلان قىلىشتىكى مەقسەت «خەلقنى قانۇننىڭ نەزەرىيە ئاساسى جەھەتتىن جازالاش ئىدى» دېگەن.[53] مەزكۇر «چارە» بويىچە بولغاندا، ھەرقانداقلىكى سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش ياكى يىغىنلارنىڭ ھەممىسىنى «باشقىلارنى جامائەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قۇتراتقانلىق» ياكى «جامائەت تەرتىپىگە زىيان يەتكۈزگەنلىك» دەپ چۈشىنىشكە بولىدىكەن، 2 ـ تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا تىنچلىقتا زىيان يەتكۈزگەن ئېغىر جىنايەت دەپ ھېسابلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ قەتئىي باستۇرۇشى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولىدىكەن. مەزكۇر «چارە»نىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ «ھۆكۈمەت مەتبۇئات، يىغىن ئۆتكۈزۈش ۋە سۆز ئەركىنلىكىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن 6 ـ ماددىسى ۋە «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نىڭ خەلقنىڭ ئىدىيە، سۆز، مەتبۇئات، جەمئىيەتلەرگە ئۇيۇشۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەركىنلىكى قانۇن بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ دېگەن بەلگىلىمىسى ئەمەلىيەتتە بىكار قىلىنغان.[54]

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن، مەزكۇر «چارە» ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزۈشتىكى مۇھىم قانۇن ئاساسىغا ئايلانغان.

## ئۈچىنچى، ئوسماننى گاھ ئاشكارا، گاھ يوشۇرۇن قوللاش

ئوسمان ئالتايدىكى قازاق چارۋىچى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم باشلىقى بولغان. ۋۇ جۇڭشىن ئۇنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولغاندىن كېيىن، ئوسمان ئالتايدىن ۋەكىل ئەۋەتىپ جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان. جاڭ جىجۇڭ: «مەن شۇ چاغدا بەك تەڭلىكتە قالدىم، بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدىم. مەن ئوسماننى ئالتاينىڭ ۋالىيسى بولغاندىكىن ئىلى تەرەپنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن رەئىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئوسماننىڭ ۋەكىلىنى بىللە قوبۇل قىلدۇق» دېگەن.[55] ئوسماننىڭ ۋەكىلى: تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئالتاي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقە قىلمىدى، شۇڭا سالام بېرىشكە مېنى ئەۋەتتى دېگەن. ئوسماننىڭ ۋەكىلى ئالتاينىڭ ئەھۋالى قىيىنلىقىنى ئېيتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندىن تاشقىرى، ئۈرۈمچىدىكى ئابرۇيلۇق زاتلار، مەسىلەن ئەلەن ۋاڭ، جانىمقان، سۇلايمان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئالتايغا قايتىشى، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئالتاي چېگرىسىغا بېرىپ مۇداپىئە كۆرۈشى قاتارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. قوبۇلدىن كېيىن بۇ ۋەكىل يەنە ۋاستە ئارقىلىق جاڭ جىجۇڭدىن

مەخپىي يولىيورۇق سوراپ: سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ كۆكتوقاي ناھىيىسىدە ۋولفرام رۇدىسى قېزىۋاتىدۇ، ئوسمان ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، قورال كۈچى بىلەن قوغلىۋېتىشنى ئويلاۋاتىدۇ، شۇڭا چېگرا قاراۋۇل قوشۇنى نامى ئاستىدا تېزدىن ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ ئوسمانغا ياردەم بېرىشنى ھەمدە ئۇنىڭغا قورال- ياراق، ئوق-دورا ياردەم بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز دېگەن.(56)

جاڭ جىجۇڭنىڭ قانداق ئويدا بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن رەئىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئوسماننىڭ ۋەكىلىنى بىللە قوبۇل قىلىشى بىلەن ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئوسماننىڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى قايرىپ قويۇپ، گومىنداڭ بىلەن بىۋاستە بېرىش-كېلىش قىلغان مۇناسىۋىتى ھە دېگەندىلا ئاشكارىلانغان. بولۇپمۇ ئوسماننىڭ دۆلەت ئارمىيىسى ئالتاي چېگرىسىغا بېرىپ مۇداپىئە كۆرسە دەپ تەلەپ قىلغانلىقى ئىلى تەرەپ زادى تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان ئىش بولغان. دېمەك، ئوسمان بىلەن ئىلى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى قىلچە مۇرەسسە قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىغان. گومىنداڭ تەرەپ ئوسمان ۋەكىلىنىڭ زىيارەت قىلىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە بىر قەدەر مۇرەككەپ تۈيغۇدا بولغان، بىر تەرەپتىن ئوسمانغا قورال- ياراق، ئوق-دورا ۋە باشقا زۆرۈر ماددىي ئەشيالارنى ئىمكانقەدەر ياردەم بېرىپ، «ئۇلارنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ پارچىلاش»نى ئويلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئىلى تەرەپكە سېزىلىپ قېلىپ، سۈركىلىش پەيدا بولۇشىدىن، بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى كېڭىشىپ ھەل قىلىش تەس بولۇشىدىن قورققان». شۇڭا جاڭ جىجۇڭ قايتا- قايتا ئويلانغاندىن كېيىن: «ئاۋۋال ئوسمانغا بىرئاز ئوق-دورا ۋە كۈندىلىك لازىمەتلىك بۇيۇملارنى ئاجرىتىپ»، «ۋەكىلىنىڭ

ئېلىپ كېتىشىگە بېرىش»نى قارار قىلغان: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆكتوقايدا ۋولفرام رۇدىسى قازغانلىقى ھەققىدە كۆتۈلمىگەن ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوسماننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوراللىق ھەرىكەت قوللانماسلىقىنى تەلەپ قىلغان؛ چېگرا قاراۋۇل قوشۇنى ئەۋەتىش مەسىلىسى توغرىسىدا «تىنچلىق بىتىمى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەتكە تەئەللۇق مەسىلىنىڭ بىر قىسمى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەل قىلىنىدۇ، شۇڭا چېگرا قاراۋۇل قوشۇنىنى دەماللىققا ئەۋەتىشكە بولمايدۇ دېگەن.[57]

ئەمما شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىككى تەرەپنىڭ كۆرۈشى كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشكەنلىكى، شىنجاڭ ۋەزىيىتىمۇ بارغانسېرى جىددىيلەشكەنلىكى ئۈچۈن، جاڭ جىجوڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى بالدۇرقى ئىككىلىنىش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، «ئوسماننى ئىمكانقەدەر قوللاش»، «ئىلى تەرەپنى ئوسماندىن پايدىلىنىپ پارچىلاش ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىگە بولغان بېسىمنى يېنىكلىتىش قارارىغا كەلگەن»، شۇ چاغدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانىنى ۋە ئۆزىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى ئاساس قىلغان جاڭ جىجوڭ «بۇنداق ۋاستىنى قوللىنىشتىن مۇقەررەر ھالدا خالىي بولالمىغان».[58] شۇڭا جاڭ جىجوڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي خىراجىتىنى ئەمدى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئارقىلىق بېرىپ يۈرمەي بىۋاسىتە ئاجرىتىپ بېرىشنى، ئالتاي ۋالىيسىنىڭ تامغىسىنى ۋەكىلىدىن ئەۋەتىپ بېرىشنى ھەمدە ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىگە بىر قىسىم ئاشلىق، رەخت، چاي ۋە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئاجرىتىپ بېرىشنى ئاشكارا جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاڭ

جىجۇڭ ئارمىيە تەرەپنىڭ ئوسمانغا ئۈچ - تۆت يۈز تال مىلتىق، ئون نەچچە يېنىك پىلىموت ۋە بىرقىسىم ئوق - دورا تەقدىم قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. ھەربىي ئىشلار باشقارمىسى (ھەربىي ستاتىستىكا ئىدارىسى [جۇنتۇڭ] شىنجاڭدا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئىشپىيونلۇق ئورگان)غا ئوسماننىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئىككى تەرەپنىڭ ئالاقە باغلىشىغا قولايلىق تۇغدۇرىدىغان بىر رادىئو ئىستانسىسى ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئالتايغا ئەسكەر ئەۋەتىشكە كەلگەندە، گومىنداڭ تەرەپ «ئەۋەتىشنى خالىمىغان ئەمەس، بەلكى شۇ كۈنلەردە ئەسكىرىي كۈچى يېتىشمىگەنلىكى، بولۇپمۇ تەمىنلەش، ترانسپورت قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئىلاجسىز بولدى قىلغان»[59].

جاڭ جىجۇڭ ئالتايغا بېرىلىدىغان ماددىي ئەشيا ۋە خىراجەتنى بىۋاسىتە ئوسمانغا بېرىپ، مۇقەررەر ھالدا ئىلى تەرەپنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان؛ ئوسمانغا مەخپىي ھالدا ھەربىي قورال بەرگەنلىكى ھەمدە رادىئو ئىستانسىسى ئەۋەتكەنلىكىمۇ ئىلى تەرەپكە سېزىلمەي قالمىغان. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوسماننى گومىنداڭغا پۈتۈنلەي تەسلىم بولدى دەپ ھېسابلىغان. 1947 - يىل 2 - ئايدا، ئىلى تەرەپ ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ۋە توپچى ئەسكەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلغان، ئاران مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بار ئوسمان قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالماي، ئۆزىگە ئەۋەتىپ بېرىلگەن رادىئو ئىستانسىسى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئارمىيە تەرەپتىن ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بولغان. گومىنداڭ تەرەپ ئاز ساندىكى ئەسكەرنى ئەۋەتەي دېسە كارغا يارىمايلا قالماي بەلكى يوقىتىلىپ كېتىشىدىن، بىر شى ئەسكەر ئەۋەتەي دېسە تەمىنلەشنىڭ قىيىنلىقىدىن، ئەگەر ئىلى تەرەپ ئالدىنقى سەپكە ياردەمنى داۋاملىق كۆپەيتسە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ۋەيران بولۇشىدىن ئەنسىرىگەن. بىراق مۇبادا ئوسمان

قوغلانسا ياكى يوقىتىلسا گۆچۈك تەرەپنىڭ ئىلى تەرەپ ئالتايدىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ قىلىدىغان ھۇجۇمىنىڭ خەۋپىگە ھەرقاچان دۇچ كېلىشىدىنمۇ ئەنسىرىگەن. شۇڭا، شىنجاڭدىكى ئارمىيە تەرەپ زۆرۈر تېپىلغاندا ئوسمانغا دەرھال ماسلاشسۇن دەپ ما شىجېنىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىنى بەيتىك دېگەن يەردە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن.

ئوسمان قىسمى بەيتىك تېغىغا چېكىنگەندىن كېيىن، شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى ئۇنىڭغا قورال-ياراق، ئوق-دورا ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارنى ياردەم بەرگەچكە ئۇنىڭ كۈچى ئۈزلۈكسىز ئۆلغايغان. 1947-يىل 8-ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئوسمان قىسمى ئالتايدىكى مىللىي ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلغان، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىڭگىل ۋە كۆكتوقاينى ئىشغال قىلىۋالغان. ئالتايدىكى مىللىي ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى 9-ئاينىڭ 10-كۈنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە چېكىنگەن. 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئوسمان ئالتاينىڭ سىياسىي مەركىزى ئالتاي شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قوبۇقساردا مۇداپىئەدە تۇرۇشلۇق چۆچەك 2-ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ئالتاي شەھىرىگە ياردەم بېرىشكە ماڭغاندا، يول ئۈستىدە ئوسمان قىسمىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. 9-ئاينىڭ 16-كۈنى، ئوسمان قىسمى ئالتاي شەھىرىگە بېسىپ كىرگەن، دەلىلقان ئازغىنا ئادەملىرىنى باشلاپ جېمىنەيدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە چېكىنگەن. ئوسمان ئالتاي شەھىرىدە ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، ۋالىي، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ئەمەلدارلارنى تەيىنلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنلا، ئوسمان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇرچىن ۋە قابالارنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، پۈتۈن ئالتاي ۋىلايىتىنى دېگۈدەك كونترول قىلغان.

ئوسماننىڭ ئالتاينى ئىشغال قىلىشى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە

غايەت زور ھەربىي تەھدىت پەيدا قىلغان، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ سەل قاراپ تۇرمىغان ئەلۋەتتە. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئالتايغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئىككى يولغا بۆلۈنگەن، بىرىنچى يولدا چۆچەك 3 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى توپتوغرا بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە كىرىپ، ئاندىن ئېرتىش دەرياسىنى بويلاپ، شەرققە يۈرۈش قىلغان: ئىككىنچى يولدىكىلەر ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ بۇرچىن ناھىيىسىدىن ئۆتۈپ تاشيولنى بويلاپ ئالتاي شەھىرىگە يۈرۈش قىلغان. 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى دەلىلقان مىللىي ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىپ ئالتاي شەھىرىنى ئىشغال قىلغان، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي ۋالىي مەھكىمىسىنى قايتا تەشكىللىگەن، ئوسمان قىسمى يەنە بىر قېتىم يېڭىلىپ گۆچۈڭ، فۇيۈەن تەرەپلەرگە چېكىنگەن.

گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالتاينى چىڭ ساقلاشقا ئىرادە باغلىغانلىقىنى، يالغۇز ئوسماننىڭ كۈچىگە تايىنىش بىلەن ئالتايدا پۇت تىرەپ تۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. بىراق ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ ئوسماننىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا بىۋاسىتە ياردەملىشەيلى دېسە بۇ شىنجاڭدا ئۇرۇش ئوتىنى قايتا تۇتاشتۇرۇشتىن باشقا ئىش بولمايدىغانلىقىنى، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئايدىڭلاشمىغان ئەھۋال ئاستىدا شىنجاڭدا ئۇرۇش مەيدانىنى قايتا ئېچىشنىڭ ئاقىلانىلىك بولمايدىغانلىقىنى ئويلىغان. شۇ سەۋەبتىن ئوسماننىڭ ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىلىشى بىلەن كارى بولمىغان:

## تۆتىنچى، مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە قويۇلۇشى

مەسئۇد، ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىنلەر مەشھۇر پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلار بولۇپ، تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىپ، مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇنداق سىياسىي تەشەببۇسىغا شىنجاڭنىڭ شۇ چاغلاردىكى ھۆكۈمرانلىرى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيلەر يول قويمىغان، ئۇلار ئىلگىرى-ئاخىر چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن. كېيىنچە ئۇلار گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ ئارىغا ئېلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگونى پارچىلاش سۈيىقەستىنى ئانچە-مۇنچە پەردازلاپ، شىنجاڭدا ئاتالمىش «مۇستەقىللىقتىن تۆۋەن، ئاپتونومىيىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان» يۇقىرى دەرىجىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئەمما بۇ ئادەملەر شۇنداق بىر ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، ئۇ بولسىمۇ ئۇلار سوۋېت روسىيىسىگە ئۆچمەنلىك قىلغان، سوۋېت روسىيىسىچە ئىنقىلابتىن قورققان ھەمدە سىياسىي نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە ئىلى تەرەپ بىلەن كەسكىن قارىمۇ-قارشى ھالەتتە تۇرغان. شىنجاڭدا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلىدىغان چاغدا، جاڭ جىجوڭ ئۇلارنى شىنجاڭغا بىللە ئېلىپ كېلىشتە، ئۇلارنىڭ مىللىي سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئىلى تەرەپنىڭ سىياسىي تەسىرىنى توسۇشنى كۆزلىگەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىچىدە ئىلى تەرەپ بىلەن قارىمۇ-قارشى بولغان، بۇ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىشى ئۈچۈن ئەلۋەتتە زىيانلىق بولغان. ئاللىقاچانلا سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەردىن پايدىلىنىپ ئىسكەنجىگە ئېلىشنى ئويلىغان[60] جاڭ جىجوڭ بۇ چاغدا مەسئۇدنىڭ

كۆچلىرىنى تېخىمۇ كۆچەپ يۈلگەن،[61] مەسئۇدنىڭ كۆچلىرىنى سوۋېتپەرەس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆچلىرى بىلەن توقۇنۇشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىلى تەرەپنىڭ سىياسىي قۇدرىتى ۋە تەشۋىقات ھۆججۇمىنى ئىسكەنجىگە ئالماقچى ۋە ئاجىزلاشتۇرماقچى بولغان. شۇنداق قىلىپ گومىنداڭ بىر تەرەپنى ئۈچۈرۈپ، ئىككىنچى تەرەپنى باسىدىغان سىياسىي ھىيلە-مىكىر ئويۇننى ئويناش ئۈچۈن ئۆزىنى گويا ئىككى تەرەپنىڭ كەسكىن سىياسىي توقۇنۇشىدا چەتتە تۇرغاندەك قىلىپ كۆرسەتكەن.[62]

گومىنداڭنىڭ مۇنداق سىياسىي ھىيلىسى ئىلى تەرەپنىڭ كۆزىنى بويالمىغان ئەلۋەتتە. ئىلى تەرەپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قاينام-تاشقىنلىق كۈرىشىنى شىنجاڭدىكى ئاساسىي مىللەت-ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ سىياسىي كۈچ سىنىشىشىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى خالىمىغان. ئىلى تەرەپ ئەنە شۇنى كۆزدە تۇتۇپ، مەسئۇدنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولۇشىنى مۇقەررەر ھالدا بار كۈچى بىلەن توسقان. ئىلى تەرەپ گەرچە گومىنداڭنىڭ مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسى قىلىش قارارىغا قەتئىي قارشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ تەرەپ زادى يول قويمىغان، ئۇ ئىلگىرىكى ھەربىي تەھدىتىنى بوشاتقاندىن كېيىن، ئىلى تەرەپنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەت ماكانىنى سىياسىي جەھەتتىن سىقماقچى بولغان.

## بەشىنچى، تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باستۇرۇلۇشى

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر ئىنقىلابىنى شىنجاڭنىڭ باشقا يەتتە ۋىلايىتىگە كېڭەيتىش ئۈچۈن، مەمۇرىي

ۋالىي ۋە ھاكىملارنى كۆرسىتىش يولى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئەمەلىي كونترول قىلغان جايلارنى سىياسىي جەھەتتە كېڭەيتكەن. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە تۇرپان بىلەن قەشقەر ھەممىدىن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان، ئەخمەتجان قاسىمى ئابدۇكېرىم مەخسۇمنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا كۆرسەتكەن، يەنە ئابدۇراخمان مۇھىتىنى تۇرپاننىڭ ھاكىملىقىغا كۆرسەتكەن.

تۇرپان قۇمۇلغا ۋە ئىچكىرىگە بارىدىغان قاتناشنىڭ مۇھىم ئۆتەر يولى، شۇڭىدەك گومىنداڭ ئارمىيىسىنى تەمىنلەيدىغان مۇھىم بازا بولغان، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ كۆرسەتكەن كىشىنىڭ تۇرپان ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇشىغا بىرمۇنچە ئادەملەر قارشى پىكىردە بولغان، ئەمما جاڭ جىجۇڭ بۇنى ئەخمەتجان قاسىمى تۈنجى رەت كۆرسەتكەن ھاكىم، رەت قىلىش ئەپسىز دەپ قاراپ قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولغان. ئابدۇراخمان مۇھىتى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، تۇرپان ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى مەركەز قىلىپ، ئاممىنى تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىشقا، ھۆكۈمەتكە ئاشلىق سېتىشنى رەت قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرگەن ھەمدە تۇرپاننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئاستانە، قاراغوجىلارنى بازا قىلىپ، مەخپىي قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشقا تەييارلانغان. 1947 - يىل 6 - ئايدا بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى بىرقىسىم ئەسكىرىي كۈچ گۇچۇڭ تەرەپكە يۆتكەلگەن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە قوراللىق قوزغىلاڭ ئېلىپ بارغان.

ئۈچ ۋىلايەت تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى دېھقانلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە قوزغاشتا، شۇيەرلەردىكى قوزغىلاڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي

شىنجاڭدا بىرلا ۋاقىتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەسىر كۆرسىتىشكە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى بىلەن قىستاپ ھۇجۇم قىلىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ ئۈرۈمچىگە بىۋاسىتە تەھدىت سېلىشقا بولىدۇ ھەمدە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنى يېتىم ھالەتتىكى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ تاشلاشقا بولىدۇ دېگەنلەرنى كۆزدە تۇتقان. 7-ئاينىڭ 8-كۈنى، پىچان ناھىيىسىدىكى 600 دىن ئارتۇق قوراللىق دېھقان لەمجىن ساقچىخانىسىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، بارلىق ساقچىنى يوقاتقان، بارلىق قورال-ياراق ، ئات-ئۇلاقلارنى قولغا چۈشۈرگەن. 7-ئاينىڭ 10-كۈنى، قوزغىلاڭچى دېھقانلار يەنە ياڭخىدىكى ساقچىخانىغا ھۇجۇم قىلىپ بىرقانچە ساقچىنى ئۆلتۈرگەن، ئىسكىلاتتىكى 10 مىڭ دەندىن ئارتۇق ئاشلىقنى بۇلاپ كەتكەن. ئاشۇ قوزغىلاڭ غەلىبىسىدىن رىغبەتلەنگەن تۇرپان، پىچان، توقسۇن قوزغىلاڭچى دېھقانلىرى كۈچىنى توپلاپ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم قاتناش ئۆتكىلى بولغان كۇمۇش ۋە سىڭگىم ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلغان. 7-ئاينىڭ 12-كۈنى، توقسۇندىكى قوراللىق دېھقانلار كۇمۇشكە ھۇجۇم قىلغاندا، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق 128-شىنىڭ ئىككى لېيەنىنىڭ كەسكىن قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئەتىسى تاڭ سەھەردە، ئابدۇراخمان مۇھىتى شەخسەن ئۆزى مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇننى باشلاپ 20 نەچچە ئېغىر ۋە يېنىك پىلىموت ، بەش-ئالتە يۈز تال مىلتىق بىلەن سىڭگىم ئېغىزىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان. سىڭگىم ئېغىزىدا 78-جۇڭگە قاراشلىق 176-شىنىڭ بىر يىڭ ئەسكىرى تۇرۇشلۇق ئىكەن، ئۇلار مۇستەھكەم قورغان ئىستىھكامىغا تايىنىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. كۇمۇش، سىڭگىملەرنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ جان تومۇر

ئۇرنىدا تۇرۇۋاتقان تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى سۆڭ شىلىيەنگە: «قەتئىي باستۇرۇڭ، ئۇزۇل-كېسىل تازىلاڭ، سىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىڭىزغا تولۇق ھوقۇق بەردۇق» دەپ يوليورۇق كۆرسەتكەن.[63]

سۆڭ شىلىيەن جاڭ جىجۇڭ كۆرسەتكەن يوليورۇقنىڭ روھى بويىچە دەرھال جىددىي ھەربىي يىغىن چاقىرىپ، كومۇش، سىڭگىم ئېغىزىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپ، چىڭ تۇرۇپ ياردەم كۈتۈشىنى قارار قىلغان: ئاتلىق ئەسكەرلەر 5-جۇننىڭ جۇنجاڭى ما چېڭشياڭغا توقسۇندا تۇرۇشلۇق يې چاڭشۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنگە دەرھال تېلېگراما بېرىڭ، ئۇلار بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ شەھەر سىرتىنى قوغداشقا قالدۇرغاندىن تاشقىرى، يې چاڭشۇ تۈەنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى ئۆزى باشلاپ سىڭگىم ئېغىزىغا بېرىپ قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى تارمار قىلىشى ۋە تازىلىشى دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن: 78-جۇننىڭ جۇنجاڭى يې چېڭغا قومۇلدا تۇرۇشلۇق 178-شىنىڭ شىجاڭى مو ئېروغا دەرھال تېلېگراما بېرىڭ، ئۇ ئىككى يىڭ پىيادە ئەسكەرنى ئاپتوموبىل بىلەن سىڭگىمغا ئەۋەتسۇن، ئۇلار يې چاڭشۇ قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە شۇيەردىكى قوزغىلاڭچى ئاممىنى قورشاۋغا ئالسۇن ۋە يوقاتسۇن دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن: قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق 128-شىنىڭ شىجاڭى جۇڭ زۈيىنغا بىر تۈەنجاڭنى بەلگىلەڭ، ئۇ خېلى كۆپ ئەسكەرنى باشلاپ كومۇشكە ياردەمگە بارسۇن، كومۇشتە تۇرۇشلۇق ئارمىيە بىلەن بىرلىشىپ شۇ يەردىكى قوزغىلاڭچى ئاممىنى يوقاتسۇن دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن: ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 46-شىغا بىر يىڭ پىيادە ئەسكەر چىقىرىڭلار، ئۇلار ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ تۇرپاننىڭ ئۈرۈمچىگە قاتناشتىكى ئۆتەر يولى داۋانچىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق

يەرلەرگە بېرىپ جايلىشىپ، قېچىۋاتقان «توپىلاڭچىلار»نى توسۇپ زەربە بېرىشكە تەييارلىنىپ تۇرسۇن دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، سۇڭ شىلىيەن يەنە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىلەرگىمۇ قاتتىق پەخەس بولۇش، ئەگەر قوزغىلاڭ ئالامەتلىرى سېزىلسە، دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ باستۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

شىنجاڭدىكى ھەربىي تەرەپ ئۇرۇش قىلىش تەربىيىسىنىمۇ كەم كۆرگەن، قورال ياراقلىرىمۇ كەمچىل بولغان ئاشۇ قوزغىلاڭچى دېھقانلارغا ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشى پۇختا. قورال-ياراقلىرى ساز قۇدرەتلىك قوراللىق كۈچلەر بىلەن تاقابىل تۇرۇشتا مەسىلىنى ئاسانلا ھەل قىلغان. كۈمۈش تەرەپتىكى قوزغىلاڭچى ئامما ئېغىر قوراللارنىڭ ھىمايىسى يېتەرلىك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، باتۇرلۇقىغا، جۇشقۇن غەيرىتىگە تايىنىپ قەيسەرلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان. 7-ئاينىڭ 14-كۈنى، 128-شىنىڭ ياردەم بەرگۈچى قوشۇنى يېتىپ بېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭچى ئاممىنى پۈتۈنلەي تىرىپىرەن قىلغان. سىڭگىم ئېغىزى تەرەپتىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن ئېغىر-يېنىك قورالغا ئىگە بولغانلىقى ھەمدە تەربىيە كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بىرقەدەر كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولغان. ئەمما گومىنداڭنىڭ شۇيەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئىستىھكامى مۇستەھكەم، ئاشلىقى، ئوق-دورىسى يېتەرلىك بولغانلىقى، ئالدىنقى سېپىدە كۈچلۈك ئوت كۈچى تورى ھاسىل قىلغانلىقى ئۈچۈن، پارتىزانلار زور تالاپەتكە ئۇچرىغان ھەمدە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ئارمىيىنىڭ سېپىنى بىرقانچە قېتىم تەۋرىتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىرى بەرىبىر ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىغان. 7-ئاينىڭ 14-كۈنى، يې چاڭشۇنىڭ تۇەنى ۋە قۇمۇلدىن ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىلگەن قوشۇن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، پارتىزانلارغا شەرق ھەم غەرب ۋە ئىچكى-تاشقى

جەھەتتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن، پارتىزانلار ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئايرىم ـ ئايرىم بۆلۈنۈپ ياڭخى، قاراغوجا، ئاستانە، مۇرتۇق، سۇباش قاتارلىق تەرەپلەرگە چېكىنگەن. سىڭگىم ئېغىزىنى ساقلىغۇچى ئارمىيە بىلەن ياردەمگە كەلگەن قوشۇن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەينىدىن قوغلىغان، شۇنىڭدىن كېيىن پارتىزانلار گەرچە كىچىك كۆلەملىك قارشىلىقنى ئۈزۈشتۈرغان بولسىمۇ، لېكىن كۈچى ئاجىزلىشىپ قالغاچقا ئاخىرى 100 گە يەتمەيدىغان پارتىزان ئىلى تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان.

تۇرپان، پىچان، توقسۇن قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، مەسئۇد ھاكىملىقتا باشقا كىشىنى ئەۋەتكەن، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ھەربىي ستاتىستىكا ئىدارىسى سىستېمىسىدىكى كىشى ئۈستىگە ئالغان. ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەزكۇر باشلىقى جاڭ جىجۇڭ بىلەن سۇڭ شىلىيەنگە ئۇقتۇرماي تۇرپاندا نۇرغۇن ئادەمنى قولغا ئالغان ۋە بىرقىسمىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا ۋەقە يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭ جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىلەرگە كەسكىن ھەربىي قىلغۇچى مۇھىم ئۇنسۇرلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن قولغا ئېلىپ رىجىم بىلەن باشقۇرۇش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرگەن. جايلاردىكى ئارمىيىنىڭ جۇنجاڭ، شىجاڭ ۋە تۇەنجاڭلىرى جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قولغا ئېلىشنى يولغا قويۇپ، قەشقەردىلا 40 ـ 50 ئادەمنى قولغا ئالغان، باشقا جايلاردا 20 ـ 30 ئادەمنى قولغا ئالغان. (64)

يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر قاتار قاتتىق سىياسەتنى يولغا قويغان. ئەمما بۇنداق قاتتىقلىقنىڭمۇ

مەلۇم چېكى بولغان، مەسىلەن گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئاخباراتىدىن قارىغاندا، تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى «ئىلى تەرەپ ئارقىدا تۇرۇپ قوللىغان»، قوزغىلاڭغا قاتناشقانلاردىن ئەسىرگە چۈشكەن كوماندىرلارنىڭ بەزىلىرىمۇ ئىلى تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن. ئەمما جاڭ جىجۇڭ تۇرپان، پىچان، توقسۇن ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا «ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىلى تەرەپكە چېتىشتىن قەتئىي ساقلىنىپ، تاسادىپىي يۈز بەرگەن قاتاردىلا بىر تەرەپ قىلىش» فاڭجېنىنى قوللانغان.(65) ئوسمان ئالتاينى قايتا بېسىۋالغاندىن كېيىنمۇ گومىنداڭ ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىشكە پېتىنمىغان. دېمەك گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە ھەربىي توقۇنۇش پەيدا قىلماسلىقنى چەك قىلغان.

## 3 - پاراگراف شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ تارقىلىپ «بۆلۈنمەي» تۇرۇشى

مەسئۇدنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولۇشىنى توسۇش ھەققىدە ئىلى تەرەپ ئىلگىرى تۇرلۇك ئۇسۇللارنى قوللانغان. خەۋەر ئېلان قىلىنغان دەسلەپكى ۋاقىتتىلا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا مەسئۇدقا قارشى تەشۋىق ۋاراقلىرى ۋە لوزۇنكىلار پەيدا بولغان. جاڭ جىجۇڭ مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنى مەزكۇر قارارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان، ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى تاكى ئۆلكە باشلىقىنى خەلق سايلىغانغا قەدەر داۋاملىق قوشۇمچە ئۆتىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، مەسئۇدنىڭ

شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولۇشى توغرىسىدىكى قارارغا زادى قوشۇلۇشقا ئۇنىمىغان. جاڭ جىجۇڭمۇ يول قويماي، مەسئۇدنىڭ رەئىس بولۇشى ھەققىدىكى «ئوچۇق پەرمان ئېلان قىلىنىپ بولدى، ئۇنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەننى بىلدۈرگەن.[66]

1947-يىل 5-ئاينىڭ 28-كۈنى مەسئۇدنىڭ خىزمەتكە چۈشۈش مۇراسىمى بىلەن ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆتكۈزۈلگەن. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىلى تەرەپتىن بولغان ئەزالىرى يىغىنغا قاتنىشىشنى رەت قىلىش يولى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. مەسئۇدنىڭ خىزمەتكە چۈشۈش مۇراسىمى بىلەن ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلىۋەرگەن بولسىمۇ، لېكىن يىغىندا يەنىلا باشقىچە ئاۋاز يۈز بەرگەن. ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ قەشقەرلىك ئەزاسى ئوسمان داموللا ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن سۆز قىلىپ، شىنجاڭدا ئۆتمۈشتە سەنمىنجۇيى ئىجرا قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئىنقىلاب يۈز بەردى، رەئىس جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنلا، مەركەزگە ھەقىقىي ۋەكىل بولۇپ سەنمىنجۇيىنى يولغا قويدى، شۇڭا ئۆلكە رەئىسىنى ئۆزگەرتمەسلىكنى ئۈمىد قىلىمىز، مەركەزنىڭ رەئىس جاڭ جىجۇڭنى ئورنىدا قالدۇرۇپ، رەئىس جاڭ جىجۇڭ ئۆز قولى بىلەن ئىمزالىغان شىنجاڭ «تىنچلىق بىتىمى» بىلەن «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پروگراممىسى»نىڭ ئۈزۈل-كېسىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمىز دېگەن.[67] ئوسمان داموللا گېپىنىڭ تېگىدە: مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كېڭەش ئەزاسى ئوسمان داموللا قاتارلىق 40 نەچچە كىشى جاڭ جىجۇڭغا بىر پارچە

ئوچۇق خەت يېزىپ، يۇقىرىدىكى پىكىرنى قۇۋۋەتلەپ: «ئۆتكەن يىلى تىنچلىق بىتىمىگە بىنائەن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر يىل جەريانىدا بىر قىسىم يېڭى تەدبىر قوللىنىپ ۋە پىلان تۈزۈپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن تىنچلىق بىتىمىنى ۋە سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى يولغا قويۇش جەھەتتە تا ھازىرغىچە كىشىنى قانائەتلەندۈرگىدەك خىزمەت قىلالمىدى، خەلق ئۈمىد قىلغان بۇ مەسئۇلىيەت يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ زىممىسىدە. كېڭەش ئەزالىرى شۇنداق ھېسابلايمىزكى، تىنچلىق بىتىمىگە بىنائەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى يۇقىرىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن بۇرۇن ئۆزگەرتىش ھاجەتسىز، ئۇ كونا پېتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك؛ يەنە شۇنداق ھېسابلايمىزكى، مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتماي، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىغا بىلدۈرمەي ۋە كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبىرىنى ئۆزگەرتىش مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭا كېڭەش ئەزالىرى تىنچلىق بىتىمىگە بىنائەن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تىنچلىق بىتىمىدە خەلق ئالدىدا ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتىدە چىڭ تۇرۇشىنى ھەمدە رەئىسنى خەلق ئاساسىي قانۇن بويىچە سايلاشتىن بۇرۇن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قىلچە ئۆزگەرتمەسلىكنى تەلەپ قىلىمىز» دېگەن.[68] جاڭ جىجۇڭ ئوسمان داموللىنىڭ تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق رەت قىلىپ: «تىنچلىق بىتىمىنى رەئىسنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئىجرا قىلالمايدىغان ئىش يوق؛ ئۇيغۇرلاردىن ياشانغان ئابرۇيلۇق مەسئۇد ئەپەندىنى رەئىسلىككە تەيىنلىگەنلىك شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ھۆرمەت قىلغان ئەقىلگە مۇۋاپىق تەدبىر، مەركەزنىڭ ئوچۇق بۇيرۇقىنى

ئۆزگەرتىشىنى تەلەپ قىلىش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس» دېگەن.[69]

كېڭەش ئەزالىرى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەن: بىرى گومىنداڭپەرەس بولۇپ مەسئۇدنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولۇشىنى قوللىغان؛ يەنە بىر تەرەپ قەتئىي قارشى پىكىردە چىڭ تۇرغان، ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە يول قويمىغان. ھەيئەت رىياسەتتىكى كۆپ سانلىق ئەزالار كېڭەش ئەزالىرى ئوتتۇرىغا قويغانلىكى تەكلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسى بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىپ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش بۇيرۇقىغا قارشى تۇرىدىغان بولماسلىقى لازىم دەپ تەكلىپ بەرگەن. ئىلى تەرەپتىكى ئەزالار ئالدىنقى ئىككى نۇقتىنى پرىنسىپ جەھەتتە قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما ئاخىرقى بىر نۇقتىنى ماقۇل كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. «بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئۆلكىلىك كېڭەشتىن پايدىلىنىپ مەسئۇدنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى تۇرۇش نىيىتىدىن يانمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن».[70] ھەيئەت رىياسەتنىڭ پىكرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش زادى مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلكىلىك كېڭەش ۋۇجۇدقا چىقمىغان.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا قاتتىق سىياسەتنى ئىجرا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىچىدىمۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتىمۇ ھېچقانچە پائالىيەت ماكانىغا ئېرىشەلمىگەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدە، گومىنداڭ تەرەپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ كۆپ سانلىق ئاۋازىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى قويغان تەكلىپلەرنىڭ ماقۇللىنىشىغا ئىمكان بەرمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالار قويغان

تەكلىپىنى ئالدى بىلەن كاتىبات باشقارمىسىنىڭ تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشىغا تاپشۇرۇشى كېرەك دەپ بەلگىلىگەن، ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ تەرەپنىڭ قارشى تەدبىر كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىنئالا مەسلىھەتلىشىۋېلىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرغان. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەكلىپلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا ماقۇللانغان ھالەتتىمۇ، ئۇنى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزۈش تەلەپ قىلىنغان، بۇ ئارقىلىق «كېچىكتۈرۈپ بېجىرىش» نامى ئاستىدا قارار قىلىشىنى تاشلاپ قويماقچى بولغان. ئەگەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەسئۇد ئاساسىي يېتەكچى بولىدىغان بولسا، ئىلى تەرەپنىڭ ھۆكۈمەت ئىچىدە بىرەر ھەرىكەت قىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدىكەن. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە، ئىلى تەرەپ ئۆتكەندە چاڭ جىجۇڭ «مۆتىدىل» سىياسەت يولغا قويغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قانۇنىي كۆرەش شەكلى ئارقىلىق خەلقنى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا چاقىرغان. ئەمما گومىنداڭ شىنجاڭدا قاتتىق سىياسەتنى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت خەلق ئۈستىدىكى كونترولنى كۈچەيتكەن، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى ئاق تېررورلۇق قاپلىغان، جۇڭگۇ، جۇنتۇڭ ئىشپىيونلىرى ھەممە يەرگە تارقىلىپ، يەرلىك ئورۇنلاردا خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلغان،[71] خەلق مىدىراپ قويسىلا سورۇشتۇرۇلىدىغان، زوۋان سورەلمەيدىغان بولغان، ئىلى تەرەپنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ۋىلايەتلەردە سىياسىي تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن گويا ھېچ ئىمكانىيەت قالمىغان. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىلى تەرەپ ئەگەر بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە داۋاملىق تۇرىدىغان بولسا، بۇ گومىنداڭنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭدىكى «دېموكراتىك سىياسى» دېگەن چىرايلىق گەپلىرىگە پەرداز بولۇپ بەرگەنلىك بولار ئىكەن خالاس، ئۇلار بۇنىڭدىن ھېچقانداق پايدىغا ئىگە بولالمايلا

قالماستىن، بەلكى گومىنداڭ تەرەپنىڭ «تىنچلىق بىتىمى»گە ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەتنى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگۈزىدىغان غايەت زور بېسىمغا دۇچ كېلەر ئىكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىشتىن خالىي بولالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. 1947 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى ئالدى بىلەن ئىلىغا قايتىپ كەتكەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ كەينى ـ كەينىدىن خوش دېمەيلا كېتىپ قالغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلانغانلىقى ئەمەلىيەتتە جاكارلانغان.

ئىلى تەرەپ چېكىنىپ كەتكىنى بىلەن گومىنداڭ تەرەپتە يول قويۇش ئوي ـ پىكرى كۆرۈلمىگەن. 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جاڭ جىجوڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى رەھىمجانغا خەت يازغان، ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ سەۋر ـ تاقەت قىلغانلىقى ۋە يول قويۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتكەندىن تاشقىرى، «مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى» دېگەن مەرتىۋىسى ۋە سۈپىتى بىلەن «ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى بولغان ئىككى ئەپەندى»گە «سوئال» قويغان: «1. غۇلجا تەرەپتىكى ئەزالار پۈتۈنلەي چېكىنىپ، تىنچلىق بىتىمىنى بىرتەرەپلىمىلىك بىلەن يىرتىپ تاشلىماقچىمۇ ـ قانداق؟ 2. غۇلجا تەرەپ تىنچلىق بىتىمىنى بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن ئىناۋەتسىز دەپ جاكارلايدىغان بولسا، يەنە بىر قېتىم قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزماقچىمۇ ـ قانداق؟ خىزمەتكە چۈشكەن چاغدىكى قەسىمىڭلەرگە ‹پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىمىز› دېگىنىڭلارغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستۈڭلەرگە ئېلىشنى، ‹تەڭرىيەتنىڭ ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ جازاسىغا ئۇچراش›نى خالاۋاتامسىلەر ـ قانداق؟ 3. غۇلجا تەرەپتە

ئەگەر يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئىككى تۈرلۈك ئوي - پىكىر بولمىسا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى بولغان ئىككىڭلار ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، بارلىق مەسىلىلەرنى ئەقىلغا مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىش ئۈستىدە سەمىمىي مەسلىھەتلىشىشنى خالامسىلەر - يوق؟»[72] 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجان جاڭ جىجوڭغا جاۋاب خەت يېزىپ، گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلمىغانلىقىنى ئەيىبلىگەن ھەمدە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىشكە مۇنداق شەرت قويغان: «(1) شىنجاڭ خەلقى ئارىسىدىكى ئىلغار كىشىلەرنى بېسىش ۋە خارلاشنى تېزدىن مەنئى قىلىڭلار؛ (2) قاماقتا ئېلىنغان مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قويۇپ بېرىڭلار ھەمدە بۇلارنى قاماقتا ئالغان كىشىلەرنى قاتتىق جازالاڭلار؛ (3) مەسئۇد ئەپەندىنى ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىڭلار؛ (4) 1946 - يىل 6 - ئايدا ئىمزالانغان بىتىمنىڭ بارلىق ماددىلىرىغا تولۇق رىئايە قىلىڭلار».[73]

ئىككى تەرەپ يېزىشقان خەت - چەكلەردىن قارىغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنى ئەيىبلىگەن ھەمدە بىر - بىرىگە يول قويۇشنى خالىمىغان. گومىنداڭ تەرەپ ئىلى تەرەپكە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەلىپىنى قويغان: ئىلى تەرەپ گومىنداڭغا مەسئۇدنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىش، ھەربىي - ساقچى ئورگانلىرىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى توختىتىش تەلىپىنى قويغان.[74] ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي ئىختىلاپىنى دەرھال تۈگىتىشى ئەسلا مۇمكىن بولمىغان، ھەرقايسى تەرەپ قايتا ھەمكارلىشىش ھەققىدە قارشى تەرەپكە قويغان تەلەپلەرمۇ ھېچقايسى تەرەپنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ قانائەتلەندۈرەلمىگەن. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆتكەنكى ھەمكارلىقتىن نارازى بولغاچقا، ئۆتكەنكى شۇ ھەمكارلىقنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قىلچە قىزىقمىغان. دەرۋەقە

ئىككى تەرەپ مەسىلىنى ئۆزئۆشقا مۇراجىئەت قىلىش يولى بىلەن هەل قىلىشنىمۇ خالىمىغان، چۈنكى هەر ئىككى تەرەپ كېيىنكى سىياسىتىنى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ بەلگىلىمەكچى بولۇۋاتقان. گومىنداڭ هۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، كومپارتىيە مەسىلىسىنى هەل قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا شىنجاڭ مەسىلىسىنى هەل قىلىشقا ئاندىن تۇتۇش قىلماقچى بولغان؛[75] ئۈچ ۋىلايەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ سەۋەبى تۈپەيلىدىن[76]، ئۆزئۆشقا مۇراجىئەت قىلىشنى راۋا كۆرمىگەن. چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ «ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا بولغان تەسىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە هامان تەييارلىنىپ تۇرغان».[77]

هەر ئىككى تەرەپ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ ئاخىرقى هېسابتا بۆلۈنۈشنى خالىماي نام جەهەتتىكى ئالاقىسىنى ساقلاپ تۇرغان. گومىنداڭ تەرەپنى ئالغاندا، جاڭ جىجۇڭ يازغان خېتىدە ئەخمەتجان قاسىمىنى داۋاملىق مۇئاۋىن رەئىس دەپ، رەهىمجاننى مۇئاۋىن نازىر دەپ ئاتىغان هەمدە ئىككى تەرەپنىڭ ئالاقىلىشىش يولى خەت يېزىشىش ئارقىلىق راۋان ساقلاپ قېلىنغان، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى ئالغاندا، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەهىمجان 1947-يىل 10-ئاينىڭ 16-كۈنى جاڭ جىجۇڭغا يازغان جاۋاب خېتىگە ئۆزلىرىنىڭ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت ئەزاسى» دېگەن سالاهىيىتى بىلەن ئىمزا قويغان، 1948-يىل 2-ئاينىڭ 17-كۈنى ۋە 1948-يىل 10-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى جاۋاب خەتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت ئەزاسى دېگەن سالاهىيىتى بىلەن ئىمزا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن باشقىچە يېڭى سالاهىيەتنىمۇ ئىشلەتمىگەن.[78] بۇچاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەت «بىرلەشمە بولۇپ

ھەمكارلىشالمىغان» بولسىمۇ، لېكىن «تارقالغانۇ بۆلۈنمىگەن».

## ئىزاھلار:

(1) شىمالىي جۇڭگو شەرقىي شىمال بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىگە يېقىن جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، «يالتا شەرتنامىسى» بىلەن «جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭلا جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالدا ئالاھىدە ھوقۇق-مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان، ئامېرىكىلىقلارنىڭ شەرقىي شىمالغا كىرىشىگە ئېنىق يازما چەك قويۇلمىغان، شۇ سەۋەبتىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئاشكارا قارشى تۇرۇشنى ئەپسىز كۆرگەن. بىراق ئامېرىكىنىڭ كۈچى شەرقىي شىمالغا كىرىدىغانلا بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتىكى ئىنتايىن زور تەھدىت پەيدا قىلاتتىكەن. شۇڭا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي جۇڭگودا قۇرۇقلۇققا چىقىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلغان.

جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي شىمالدا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى سۆھبىتىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالغا كىرىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ئۈچۈن، شەرقىي شىمالدىكى مۇھىم زاۋۇت-كان كارخانىلىرىنى مونوپولىيىلىك ئاساستا شېرىكلىشىپ باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى لازىم تاپقان، جياڭ جيېشى بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپىگە ئامېرىكىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تاقابىل تۇرماقچى بولغان، شۇڭا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي شىمالدا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى سۆھبىتىدە 1945-يىل 10-ئايدىن 1946-يىل 3-ئايغىچە، يەنى سوۋېت ئارمىيىسى شەرقىي شىمالدىن چېكىنىشكە باشلاشتىن بۇرۇن زادى كېلىشىم ھاسىل قىلىش مۇمكىن بولمىغان.

(2) دېڭ لىچۈن: «شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشنىڭ ئالدى-

كەيىندە—جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىگە دائىر بىر سەھىپە»، «يېقىنقى زامان تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»نىڭ 1989-يىللىق 5-سانى.

(3) شۆ شيەنتيەن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە: جياڭ جيېشىنىڭ «جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى»دە زور قۇربان بېرىشىگە جۇڭگونىڭ «شىمالدىكى ئۈچ تەرىپى»دە ئىنتايىن جىددىي ۋەزىيەت يۈز بەرگەنلىكى سەۋەب بولغان، يەنى شەرقىي شىمالدا سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن پۈتۈن شەرقىي شىمال زېمىنىنى ئىشغال قىلغان، غەربىي شىمالدىكى شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئۈتتەك لاۋۇلداپ شىددەت بىلەن ئەۋج ئالغان، شىمالدا تاشقى موڭغۇلىيە ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بولۇپ بولغان. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، «جياڭ جيېشى شىمالدىكى بىر زېمىنى (تاشقى موڭغۇلىيە)دىن كېچىپ، ئىككى زېمىنى (غەربىي شىمال بىلەن شەرقىي شىمال)نى قوغداپ قېلىش قاڭجېنىنى قوللانغان، يەنى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئالاھىدە ھوقۇق-مەنپەئىتىنى ئېتىراپ قىلىش بەدىلىگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمال ۋە شىنجاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدۇرغان». قاراڭ: شۆ شيەنتيەن: «ئۇرۇشتىن كېيىنكى شەرقىي شىمال مەسىلىسى ۋە جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ يۆنىلىشى»، «يېقىنقى زامان تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 1996-يىللىق 1-سانى.

(4) «ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك ۋە توپىلاڭنى باستۇرۇپ دۆلەت قۇرۇش ھەرىكىتى»، دەۋر نەشرىياتى 1947-يىل نەشرى، 1-2-بەتلەر.

(5) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۇن-سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 220-بەت.

(6) جاڭ جىجوڭ: «جاڭ جىجوڭ ئەسلىمىلىرى»، 2-قىسىم، 540-بەت.

(7) چىن شياۋيى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭخۇا مىنگونىڭ مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ دەسلەپكى تۈزۈلۈشى-ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى»، 7-قىسىم، «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)،

تەيىبىي، «گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى» تۈزۈپ نەشر قىلغان 1981 ـ يىل نەشرى، 767 ـ 768 ـ بەتلەر، جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 420 ـ 421 ـ بەتلەر.

(8) چېن چۈنخۇا تەرجىمىسى: «ستالىن بىلەن جياڭ جىڭگونىڭ سۆھبەت خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 12 ـ ئاي ـــ 1946 ـ يىل 1 ـ ئاي)، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى، مەركىزىي ئارخىپخانا، مەركىزىي پارتىيە تارىخى نەشرىياتى تۈزگەن «ج ك پ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 61 ـ توپلام، 1997 ـ يىل 3 ـ ئاي.

(9) شېن جىخۇا: «جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقلىقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى (1944 ـ 1950)».

(10)(12)(13) «ئۆزۈشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 757 ـ بەت.

(11) «ئۆزۈشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 755 ـ بەت.

(14) بەي جېنشېڭ، (ياپونىيىلىك) لىيۇەن شىنيى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 445 ـ بەت.

(15) بەي جېنشېڭ، (ياپونىيىلىك) لىيۇەن شىنيى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 447 ـ بەت.

(16) «سايلامنىڭ ۋاقتىدا ئورۇنلىنىشىنى تىلەيمىز»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1946 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى باش ماقالىسى. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»نىڭ 3 ـ قىسىم، 457 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

(17) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ناھىيىلىك كېڭەش ۋە ھاكىملارنىڭ خەلق سايلىمى جەريانىدا، ئون مەمۇرىي ۋىلايەتنىڭ ھەربىرى بىردىن سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى بەلگىلىگەن. ئالتاي ۋىلايىتى سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش رايونىنىڭ ئالتىنچىسىگە كىرگۈزۈلگەن، بۇ رايوندىكى سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىغا مەزكۇر ۋىلايەتنىڭ قازاق مۇئاۋىن ۋالىيسى تۈيۈزى باشلىق بولغان.

1946 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۈيۈزى چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە كېتىۋاتقان كې بىنچۈەن (قازاق، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى) ۋە شوپۇر بىلەن تەڭلا ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ۋەقە مەسىلىسى ئۈستىدە گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىر - بىرىنى ئەيىبلەپ، قاتتىق سۆككەن. ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ۋەقە توغرىسىدا تۈيۈزى دۆربىلجىن كۇلۇبىدا كىنو قويۇلغاندا، ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ بارغان ئەكسىيەتچى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ ئاممىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغاندىن كېيىن، ئامما تۈيۈزىنىڭ ياتىقىغا بېسىپ كىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن دېسە، جاڭ جىجۇڭ تۈيۈزى تىنچلىق بىتىمى، سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى، سايلام ھۆججەتلىرى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمزا قويغان باشقا ھۆججەتلەرنى ئېلىپ بارغان، ئەكسىيەتچى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ئېلىپ بارمىغان، ئۇ ماتېرىياللارنى ئامما ئارىسىدا تارقاتقانلىقى ئەقىلگە ۋە قانۇنغا مۇۋاپىق ھەرىكەت دېگەن. قاراڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 - قىسىم، 538 - 539 - بەتلەر.

(18) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۈن - سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 216 - بەت.

(19) ئابدۇكېرىم مەخسۇم، ئۇيغۇر، شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىن. چوڭ پومېشچىك قوشۇمچە باي سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا سودىگەرچىلىك قىلغان، ئوغۇل - قىزلىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، ئىلغار ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. شېڭ شىسەي ۋاقتىدا تۈرمىگە قامالغان، 1945 - يىل ۋۇ جۇڭشىن ۋاقتىدا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ ئولتۇراقلاشقان. 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن قەشقەر مەمۇرىي ۋىلايىتىنىڭ تەپتىش ۋالىيسى بولغان، كېيىنكى يىلى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان.

(20) ئابدۇراخمان مۇھىتى (1901 - 1957)، ئۇيغۇر، شىنجاڭنىڭ تۇرپان ناھىيىسىدىن. ئۇ 1934 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان. 1946 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قايتا تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈچ

ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن تۇرپانغا ھاكىم بولغان. كېيىنكى يىلى 7-ئايدا، تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوزغىغان، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن 100دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆزۈپ چىقىپ، تىيانشان تېغىنى بويلاپ ئىلىغا چېكىنگەن. 1949-يىل 12-ئايدا جۇڭگو كومپارتىيە تەشكىلاتىغا قاتناشقان، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. كېيىن ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە باشلىق بولۇپ يۆتكەلگەن.

(21)(28) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۇن-سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 221-بەت.

(22) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2-قىسىم، 534-بەت.

(23) بەي جېنشېڭ، (ياپونىيىلىك) لىيۇەن شىنيى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي-ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 445-446-بەتلەر.

(24) جاڭ جىجۇڭ سۇڭ شىلىيەنگە: «يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلى تەرەپ بىرمۇنچە نامۇۋاپىق تەلەپلەرنى ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ياشلارنى دائىم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كېلىپ تەلەپ قويۇشقا، كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىشقا قۇترىتىپ، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردى. ئۇلاردا (ئىلى تەرەپنى دېمەكچى) سەمىمىيەت يوقتەك قىلىدۇ، كەلگۈسى ئىستىقبالدىن ئۈمىد كۈتۈش قىيىن بولۇۋاتىدۇ» دېگەن، شۇڭا جاڭ جىجۇڭ «شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچنى تولۇقلاش زۆرۈر» دەپ ئويلىغان، چېن چېڭمۇ شۇنداق قاراشتا بولۇپ، «شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس» دەپ ھېسابلىغان. قاراڭ: سۇڭ شىلىيەن «غالچا جياڭجۇن-سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 218-220-بەتلەر.

(25) بۇ يېڭى ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئورۇمچىنى مەركەز قىلىپ، ماناس دەرياسى لىنىيىسىدە ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى كۈچلۈك ھەربىي بېسىمنى ساقلاپ قېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەسكىرىي كۈچنى

مەركەزلەشتۈرۈپ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى بىرقانچە ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورۇنلارنى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. بۇنىڭدا جىددىي ئەھۋال ئاستىدا ئۆز-ئارا ھەمنەپەس بولۇپ، ياردەملىشىشتىن تاشقىرى، ئىستراتېگىيىلىك ئارقا سەپتىكى ئورۇننىڭ مۇستەھكەم بولۇشىغا ۋە ھەربىي تەمىنات لىنىيىسىنىڭ راۋان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش مەقسەت قىلىنغان. قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچنى ئارقا تېرەك قىلغان بۇ يېڭى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى ئىلگىرىلەپ ھۇجۇم قىلىشقىمۇ، چېكىنگەندە مۇداپىئە كۆرۈشكىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىپ، ھەم ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ شەكىللەندۈرگەن ھەربىي تەھدىتنى يوقىتىپ ھەم جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شەرقىي شىنجاڭ يەرلىرى ئۈستىدىكى ئىستراتېگىيىلىك كونترولنى كۈچەيتىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ سىياسىي، ھەربىي جەھەتتىكى سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

(26)(29) شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 3-قىسىم، 463-464-بەتلەر.

(27) جاڭ جىجوڭ: «جاڭ جىجوڭ ئەسلىمىلىرى»، 2-قىسىم، 442-443، 454-، 500-بەتلەر.

(30) جاڭ جىجوڭ شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ نىسپىي مۆتىدىل سىياسىتىنى يولغا قويغاندا، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان. جياڭ جيېشى جاڭ جىجوڭغا «ئۇلارغا ئېيتىڭ»، «سىزنىڭ بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى تەشەببۇسىڭىز، دەل مېنىڭ تەشەببۇسۇم. ھەممەيلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ بۇيرۇققا بويسۇنسۇن» دەپ تاپىلىغان. بۇ ھەقتە جياڭ جيېشى جاڭ جىجوڭغا «ئۆز قولىدا يازغان بۇيرۇق» نىمۇ بەرگەن. قاراڭ: جاڭ جىجوڭ «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە بىزنىڭ تۈپ قارىشىمىز ۋە پوزىتسىيىمىز» (مىنگونىڭ 36-يىلى 3-ئاينىڭ 30-كۈنى مەمۇرىي بىنادا ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇل كادىرلىرىغا قىلغان سۆز)، جاڭ جىجوڭنىڭ «70 ياشتىكى ئەسلىمىلەر»،

«قوشۇمچە» دېگەن يازمىسىغا بېسىلغان.

(31) 1947-يىل 5-ئاينىڭ 5-كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا بېرىلگەن پىكىرلەرگە جاۋاب: «كۆپچىلىك تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى تۈگەتكەندىلا ئاندىن تىنچلىقنى مۇستەھكەملەپ، قوراللىنىشنى باشلاشقا بولىدۇ»، كىتابچە، 14-16-بەتلەر: جاڭ داجۈننىڭ «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل» دېگەن كىتابىنىڭ 7378-7382-بەتلىرىدىن ئېلىندى.

(32) بەي جېنشېڭ، (ياپونىيىلىك) لىيۇەن شىنيى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي-ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 460-بەت.

(33) ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تېلېفونىنى تەلەپ قويغۇچى ئامما كونترول قىلىۋالغاچقا، جاڭ جىجۇڭنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغان.

(34)(35) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۈن-سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 256-بەت.

(36) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۈن-سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 224-225-بەتلەر.

(37) ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ يىغىن ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، تەلەپ قويۇش قاتارلىق ھەرخىل قانۇنىي كۈرەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى گومىنداڭ كۈچلىرى كونتروللۇقىدىكى خوتەن، يەكەن، قۇمۇل، ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىرىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۈچ ۋىلايەتنى ياقلايدىغان كىشىلەرنى ۋالىي قىلغان. شۇنداق قىلىپ گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى كونترول قىلغان ئاھالە، يەر مەيدانى گومىنداڭنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. شۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلقنى گومىنداڭنىڭ تۇرۇشلۇق ئارمىيىسى بىلەن قارشىلىشىشقا يەنە قوزغاپ، دۆلەت ئارمىيىسىنى شۇ جايدا تۇرۇشقا

ئامالسىز قېلىپ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىندىغان بولسا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ شىنجاڭ ئىنقىلابىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مەقسىتىگە يېتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان بولار ئىكەن. قاراڭ: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 466 ـ 467 ـ بەتلەر.

(38) «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 758 ـ بەتلەر.

(39) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۇن ـ سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 229 ـ بەت.

(40) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۇن ـ سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 232 ـ بەت.

(41)(45) جاڭ داجۇن: «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 7334 ـ 7335 ـ بەتلەر.

(42) جۇڭگو خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەككىز يىللىق ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇرۇشتىن كېيىن تىنچ ۋە مۇقىم بىر سىياسىي مۇھىتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىنتىلىپ تەشنا بولغان. بىراق گومىنداڭ بىر پارتىيە ھاكىم مۇتلەقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ياردىمىدە ئىچكى ئۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويغان. بۇ ھال ھەقلىق رەۋىشتە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تىنچلىق، دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىش، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى تېزدىن قانات يايغان. گومىنداڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئالدىدا ئىلاجسىز قېلىپ، تەشۋىقاتتا قارشى تەشۋىقات قىلىش، تەشكىلاتتا قارشى تەشكىلات قۇرۇش، ھەرىكەتكە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش تاكتىكىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق بۇزغۇنچىلىق قىلغان ۋە باستۇرۇشنى يولغا قويغان. 1946 ـ يىل 2 ـ ئايدا چۇڭچىڭ ۋە باشقا جايلاردا. گومىنداڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئالداپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەن، گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىمۇ بىر قاتار زوراۋانلىق

هەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان.

(43) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 7354-بەت.

(44) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 7336-بەت.

(46) شۇنى كۆرسىتىشكە تېگىشلىككى، جاڭ جىجۇڭ ھەقىقەتەن گومىنداڭ ئىچىدىكى بىرقەدەر ئاڭلىق زات ئىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى تارىختىكى ھۆكۈمرانلار شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن سىياسەتتىن ھەقىقەتەن پەرقلىق بولغان. ئەمما گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چوڭ شارائىت ئاستىدا جاڭ جىجۇڭنىڭ شەخسىي ئاڭلىقلىقى پۈتكۈل گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاڭلىقلىقى دېگەن گەپ ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بەزى ئىرادىسىنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى چۈشەنمىگەن، ئىزچىللاشتۇرمىغان. يەنە كېلىپ جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭ خېلى بىرقىسمى ئىلاجسىزلىقتىن قوللىنىلغان. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىدىيىسى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ چېگرىسىدىن ۋە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە خاس ماھىيەتنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن. شۇڭا، جاڭ جىجۇڭنىڭ ئاتالمىش «دېموكراتىيىسى» چىن مەنىدىكى دېموكراتىيە ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئاتالمىش «مىللىي باراۋەرلىكى» چىن مەنىدىكى مىللىي باراۋەرلىك ئەمەس ئىدى. «25-فېۋرال» ۋەقەسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتالمىش «تەرەققىيپەرۋەر» شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن، ئۇ ھەرگىز شىنجاڭدا «دېموكراتىيە» ۋە «مىللىي باراۋەرلىك»نى يولغا قويغانلىقتىن مەغلۇپ بولمىغان. شۇنى بىلىش كېرەككى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن توقۇنۇشقان، مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇ شىنجاڭ خەلقى ئالدىدا قانداقمۇ ھەقىقىي

دېموكراتىيە ۋە ھەقىقىي مىللىي باراۋەرلىكنى يولغا قويالىسۇن؟

(47) جاڭ جىجۇڭ يولغا قويغان بۇرژۇئا «دېموكراتىك سىياسىسى» شىنجاڭدا سىياسىي مۇقىملىقنى ئورنىتالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تەشكىلاتقا قارشى تەشكىلات قۇرۇش، تەشۋىقاتقا قارشى تەشۋىقات قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇنداق چارىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىلاجسىزلىقتىن تاللانغان، بىراق بۇ چارە شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى داۋالغۇشنى توسۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە شىنجاڭدىكى مىللىي زىددىيەتنى ئىنتايىن خەتەرلىك دەرىجىگە يەتكۈزگەن: «25 - فېۋرال ۋەقەسى»دىن كېيىن، ئۈلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى دىنىي قائىدە بويىچە جەسەتنى ئۈچ كۈن ئىچىدە دەپنە قىلىشقا ئۇنىمىغان، ئامىمىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ كەتكەن: ئىلى تەرەپ ھۆكۈمەتنىڭ «ساختا تىنچلىقى»نى ئەيىبلەپ، خەلقنى گومىنداڭنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان. ئاز ساندىكى ياشلار ھەتتا گومىنداڭ بىلەن ئۆلۈمگە قارىماي ئېلىشىدىغان قەتئىي ئىرادىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇزدەك دەرياغا سەكرەپ يۇيۇنغان. (قاراڭ: جاڭ داجۈن «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 7343 - 7344 - بەتلەر)، بۇنداق نەتىجە جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى دەسلەپكى نىيىتىنىڭ تەتۈرىچە بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى سىياسىي ئارزۇسىدىن تۈپتىن تەۋرىتىپ قويغان.

(48)(51)(53) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 7337 - بەت.

(49) «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پروگراممىسى» 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان، ئۇ بەزىدە «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» دەپمۇ ئاتالغان.

(50) «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي پوزىتسىيىسى ۋە قەتئىي مەيدانىنى شەرھلەش» (مىنگونىڭ 36 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى). قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «70 ياشتىكى ئەسلىمىلەر»، (قوشۇمچىسى).

(52) جاڭ داجۇن: «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 7344 - بەت.

(54) «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پروگراممىسى»نىڭ 2 - ماددىسىدا: «خەلقنىڭ ئىدىيە، سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش، جەمئىيەتلەرگە ئۇيۇشۇش، ئولتۇراقلىشىش، كۆچۈش، جىسمانىي، مال - مۈلۈك جەھەتتىكى تولۇق ئەركىنلىكى قانۇن بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 - قىسىم، 471 - بەت.

(55)(56) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 - قىسىم، 535 - 536 - بەتلەر.

(57) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۇن - سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 240 - بەت.

(58)(59) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۇن - سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 241 - 243 - بەتلەر.

(60) 1946 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، جاڭ جىجۇڭ ئۇنىڭغا: «مەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا مەسئۇد قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ قارشى تۇرىمەن» دېگەن.

(61) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۇن - سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 219 - 220 - بەتلەر، جاڭ داجۇن: «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 7336 - بەت: جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى» 2 - قىسىم، 658 - 659 - بەتلەر. ئەمەلىيەتتە، يالغۇز جاڭ جىجۇڭلا مەسئۇدنى يۆلەش خىيالىدا بولۇپلا قالماي، جياڭ جيېشىمۇ بالدۇرلا شۇنداق نىيەتتە بولغان. مەسىلەن، 1947 - يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ مەمۇرىي بىنادا ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇل ئەمەلدارلىرىغا قىلغان سۆزىدە: «ھەرقايسىڭلارغا بىر خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قوياي. بۇ ئىشنى مەركەزدىمۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر بىلىدۇ. مەن بۇ قېتىم نەنجىڭغا قايتىپ بارغاندا، بىرمۇنچە

يولداشلار مېنى ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، ئۇلار ماڭا بۇدا ۋېيىۋەنجاڭنىڭ مېنى مۇھىم بىر مەسىلىنى ئېيتىش ئۈچۈن چاقىرتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئەتىسى سارايغا تاماق يېگىلى باردىم، ئۆزۈم يالغۇز ۋېيىۋەنجاڭغا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئىخچام دوكلات قىلدىم، ۋېيىۋەنجاڭ مەندىن: ‹شىنجاڭنىڭ رەئىسى كىم بولسا بولىدۇ› دەپ سورىدى، مەن جاۋاب بەرگىچە، ۋېيىۋەنجاڭ يەنە ‹ئۇيغۇرلاردىن رەئىس بولىدىغان بىرەرسىنى تېپىشقا بولامدۇ؟ پالانى قانداق؟ دەپ سورىدى، بۇ ئىشنى بەي بۇجاڭ بىرقانچىسىلا بىلىدۇ» دېگەن. ئەمما ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى پالانى دېگەننىڭ كىملىكىنى ئېيتىشنى جاڭ جىجۇڭ شۇ چاغدا ئەپسىز كۆرگەن. لېكىن «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»دىكى خاتىرىگە قارىغاندا، بۇ مەسئۇدنى بىلدۈرىدىكەن. جاڭ جىجۇڭ: «يىلنىڭ بېشىدا (1947-يىلنىڭ بېشى دېمەكچى-ئاپتور) مەن نەنجىڭدا جياڭ ۋېيىۋەنجاڭغا شىنجاڭ مەسىلىسىنى دوكلات قىلغاندا، جاڭ ۋېيىۋەنجاڭ ئۇنى (مەسئۇدنى دېمەكچى-ئاپتور) تىلغا ئالدى ۋە مەندىن: ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولسا قانداق؟ دەپ سورىدى» دېگەن. قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە بىزنىڭ تۇتۇپ قارىشىمىز ۋە پوزىتسىيىمىز» (مىنگونىڭ 36-يىلى 3-ئاينىڭ 30-كۈنى مەمۇرىي بىنادا ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇل كادىرلىرىغا قىلغان سۆز): جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2-قىسىم، 541-بەت.

(62) جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزى ھىيلە-مىكىرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن، ئۇ سىياسىي ھايات پۈتۈنلەي ئۇستىلىققا باغلىق، ئۇستىلىقتا «بۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى بېسىش»، «ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ، بۇنى بېسىش» كەم بولماستۇر. ئەمما «مەيلى ئا بىلەن بىرلىشىشتە بولسۇن، مەيلى ب بىلەن بىرلىشىشتە بولسۇن، كىشىلەرگە بىرلىشىمەن دەپ باھانە تېپىپ بەرگەندىن كۆرە، ئۇلارنى ئۆز-ئارا كۈرەش قىلىشقا قويۇپ بەرگەن تۈزۈك»، ئەجىر قىلماي پايدا ئالغان تۈزۈك دېگەن قاراشتا بولغان. قاراڭ: (ياپونىيىلىك) گوۋۋكوئېر يازغان «جياڭ زۇڭتۇڭنىڭ مەخپىي

خاتىرىسى»، 7 ـ قىسىم، 154 ـ 155 ـ بەتلەر.
(63) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۇن ـ سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 262 ـ بەت.
(64) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۇن ـ سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 262 ـ بەت. ئۇنىڭدىن باشقا جاڭ جىجۇڭ ئېيتقان سان بۇ ساندىن كۆپ ئاز. جەمئىي ئون نەچچە ئادەم ئىكەن. قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 549 ـ بەت.
(65) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 548 ـ بەت.
(66)(67) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 542 ـ بەت.
(68) «ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى ئوسمان داموللا قاتارلىقلارنىڭ جاڭ جىجۇڭغا يازغان خېتى»، قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 543 ـ بەت.
(69) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 543 ـ بەت.
(70) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 547 ـ بەت.
(71) تاۋ سىيۆ: «تاۋ سىيۆنىڭ ئۆز بايانلىرى»، خۇنەن خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى، 84 ـ بەت.
(72) «جاڭ جىجۇڭنىڭ 1947 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجانغا يازغان خېتى»، قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «70 ياشتىكى ئەسلىمىلەر» (قوشۇمچە).
(73) «1947 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجاننىڭ جاڭ جىجۇڭغا يازغان جاۋاب خېتى»، قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «70 ياشتىكى ئەسلىمىلەر» (قوشۇمچە).
(74) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 554 ـ بەت.
(75) ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ ئۆزى قوزغىغان ئىچكى ئۇرۇشتا كەينى ـ كەينىدىن يېڭىلىپ مات بولغان. شۇ سەۋەبتىن شىنجاڭدا چوڭراق ئىش تەۋرىتىشكە قۇدرىتى يەتمىگەن. 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىلا، چېن چېڭ سۇڭ شىلىيەنگە: كومپارتىيە ئارمىيىسى ئۇرۇش قىلىپ چاڭجياڭ بويىغا كېلەي

دەپ قالدى، نەنجىڭ تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى سېزىپ، قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن زور قوشۇن يۆتكىمەكتە. «مەركەز ھازىر شىنجاڭغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرەلمەيدۇ» دېگەن (سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۇن ـ سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 220 ـ بەت). ئىچكى ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە گومىنداڭ ھەربىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان چېغىدا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا مادارى يەتمىگەن، ئىچكى ئۇرۇش داۋامىدا گومىنداڭنىڭ كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شىنجاڭدا يەنە بىر ئۇرۇش مەيدانى ئېچىشنى ئەلۋەتتە خالىمىغان، ئۈمىدىنى پەقەت كەلگۈسىدە ئىچكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىغان. ۋەزىيەت ئۆزگىچە ئۈچ ۋىلايەتكە قوراللىق تىركىشىش سىياسىتىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان.

(76) بۇ مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە كۆرسەتمۋاتقان تەسىرى يەنىلا چوڭ بولغان. مەسىلەن، شىنجاڭ تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، «غۇلجىدىكى مەخپىي بەلگىسى ‹1 ـ نومۇرلۇق› ‹2 ـ نومۇرلۇق› ئۆيلەردە تۇرۇشلۇق سوۋېت مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى نازارەت، ئىدارىلىرىدىكى سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پولىنوۋ بۇيرۇق بويىچە دۆلىتىگە قايتقان». ئەمما 1947 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، «ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنى مەخپىي ھالدا غۇلجىغا يەنە ئەۋەتكەن، مەخپىي بەلگىسى ‹ئەخمەتجان قاسىمى 2 ـ ئىشخانىسى› دەپ ئاتالغان»، مانا بۇنىڭدىن ئۈچ ۋىلايەتكە بولغان تەسىرىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شىن جىخۇا ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ چاغدىكى شىنجاڭ سىياسىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى ۋە تىنچلىق ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق شىنجاڭنى كونترول قىلىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، «ۋاقتىنچە نىشانىنى ئۈچ ۋىلايەت ئۈستىدىكى

كونترولىنى كۈچەيتىشنى ئاساس قىلىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى جىم تۇرۇپ كۆزىتىش»كە قاراتقان. روشەنكى، شۇچاغدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۇرۇش قوزغىشىنى سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ قوللىمىغان. ئەگەر ئۈچ ۋىلايەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىدىن ئايرىلىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ تەخمىنەن 30 مىڭ كىشىلىك قوراللىق كۈچى بىلەن گومىنداڭنىڭ 100 مىڭغا يېقىن ئادىمى بار ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇپ غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن بولمىغان بولار ئىكەن. قاراڭ: شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش ھەيئىتى يازغان «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى، 171 - ، 247 - بەتلەر؛ شېن جىخۇا يازغان «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى (1944-1950): سۇڭ شىلىيەن يازغان «غالچا جياڭجۈن - سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 206 - بەت.

(77) شېن جىخۇا: «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى»، (1944-1950).

(78) «1947 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجاننىڭ جاڭ جىجۇڭغا يازغان جاۋاب خېتى»، «1948 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجاننىڭ جاڭ جىجۇڭغا يازغان جاۋاب خېتى»، «1948 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجاننىڭ جاڭ جىجۇڭغا يازغان جاۋاب خېتى»، قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «70 ياشتىكى ئەسلىمىلەر»، (قوشۇمچە).

# IV باب چىڭىتىلغان شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ قايتىدىن بوشىتىلىشى

## 1 - پاراگراف شەرقىي تۈركىستانچىلار ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭ سىياسىي ساھەسىدىكى ئىپادىلىرى

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ھاياتىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. ئەمما شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر- بىرىدىن پەرقلىنىدىغان مەزھەپلەرمۇ ساقلانغان. يەنى ئۈچ ۋىلايەتچىلەر[1]، شەرقىي تۈركىستانچىلار ۋە مۇتەئەسسىپلەر دېگەن مەزھەپلەر بولغان، ھەربىر مەزھەپ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي ئاساسقىمۇ ئىگە بولغان.

ئۈچ ۋىلايەتچىلەر ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپلار[2] ۋەكىللىك قىلغان ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئىبارەت بولغان، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ تەسىرىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قوبۇل قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن بولۇشنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يار- يۆلىكىگە تايىنىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلغان. ئۈچ ۋىلايەتچىلەرنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى «ناھايىتى كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ۋە ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان»[3]. ئۇنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچى

ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى بولغانلىقى كەڭ خەلق ئاممىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى ياشلار، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار، شۇنىڭدەك شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشقان چاغلاردا «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» تەربىيىسىنى ئېلىپ شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ھىمايە قىلغان.[4] شەرقىي تۈركىستانچىلار مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالار ۋەكىللىك قىلغان كۈچلەر ئىكەن، بۇ مەزھەپتىكىلەر ئاساسىي جەھەتتىن پانتۈركىزمچىلەر بولغان، ئۇلار جۇڭگونىڭ تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى سۆككەن، ئەمما سوۋېت روسىيىسىدىكىدەك ئىنقىلابتىن قورقۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پەخەس بولۇپ يۈرگەن، شۇڭا ئۇلار دەسلەپكى چاغلاردا شىنجاڭنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇشىنى تەشەببۇس قىلماي، مىللىي ئاپتونومىيىنىڭ ئەمەلگە قويۇلۇشىنىلا تەلەپ قىلغان. بىراق ئۇلار شىنجاڭدا مەلۇم تەسىرگە ئىگە بولغاندا، بارا-بارا «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ»، «مەركەزگە قارشى تۇرۇپ»، «يۇقىرى دەرىجىلىك ئاپتونومىيە»نى تەشەببۇس قىلغان.[5] شەرقىي تۈركىستانچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى كەمچىل بولسىمۇ، لېكىن مەسئۇد قاتارلىقلار قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا بىر تۈركۈم مۇرىتلىرىنى يېتىشتۈرگەن. مۇتەئەسسىپلەر ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى فېئوداللار، دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئىبارەت بولغان، بۇ بىر قىسىم كىشىلەر تەييار مەنپەئەت ئىگىلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىگە بولۇپ كەلگەن ئىجتىمائىي ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئىزدىگەن. بۇ مەزھەپتىكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى

بىرقەدەر كۆپ بولغان، ئۇيغۇرلاردىن قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي ۋالىيسى يولۋاس، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي ۋالىيسى خېۋىلايەت دېكباك (ئۇيغۇرچە ئىسمى نۇربەك) قاتارلىقلار شۇ جۈملىدىكى كىشىلەردىن بولغان. مۇتەئەسسىپلەر شىنجاڭدا مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان، چۈنكى شىنجاڭدا فېئودال كۈچلەر ئىنتايىن زور بولغان، «كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بەلگىلىگەن، پۇلى بارلار كۈچلۈك بولغان، كىم باي بولسا شۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى بولغان»، ئۇنىڭدىن باشقا، دىنىي زاتلارمۇ ئىنتايىن زور كۈچكە ئىگە بولغان.[6] شىنجاڭدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۈچ ۋىلايەتچىلەر ۋە شەرقىي تۈركىستانچىلارنىڭ كۈچى نىسپىي هالدا ئازراق، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ كۈچى ئەڭ كۆپ بولغان. مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قازاقلار ئىچىدىكى ۋەكىللىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپ سالىس[7] قاتارلىق كىشىلەر ئىكەن، خۇيزۇلار ئىچىدىكى ۋەكىللىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زېڭشەن قاتارلىق كىشىلەر ئىكەن، موڭغۇللار ئىچىدىكى ۋەكىللىرى- شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئىجتىمائىي باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئېردەنى قاتارلىق كىشىلەر ئىكەن. ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «25- فېۋرال ۋەقەسى» دەل شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى قازاق، خۇيزۇ ۋە خەنزۇ مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ چوڭ بىرلىشىشىدىن ئىبارەت بولغان.[8]

جاڭ جىجوڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇش سىياسىتىدىكى مۇهىم پەرق: ۋۇ جۇڭشىن شەرقىي تۈركىستانچىلارنى ئىشقا سېلىشقا قەتئىي قارشى تۇرغان، ئۇ بۇ كىشىلەر كۆپ يىللارغىچە مەركەزنىڭ كۈچلۈك ئېتىبارىغا ئىگە

بولغان تۇرۇپ، يەنە شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىكنى دەۋەت قىلدى[9]، ئۇلارغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا ئۇ شىنجاڭدىكى مۇتەئەسسىپ كىشىلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلغان، چۈنكى بۇ كىشىلەر گومىنداڭغا ئالا كۆڭۈل بولماي جان-جەھلى بىلەن تايانغان: جاڭ جىجۇڭ مەسئۇد قاتارلىق شەرقىي تۈركىستانچىلارنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇ شەرقىي تۈركىستانچىلارنى شىنجاڭنىڭ سىياسىي مۇنبىرىگە چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ «دېموكراتىيە»نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان يۇقىرى مۇقامىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان سىياسىي مەيدانىدىن پايدىلىنىپ[10]، شىنجاڭنى شىنجاڭلىقلار باشقۇردى دېگەن بايراق ئاستىدا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى پارچىلاش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان.[11] دەرۋەقە، گومىنداڭ ئۆزى بىلەن بۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ئىختىلاپنىمۇ كۆرگەن، شۇڭا ئۇلار بىلەن مەلۇم سىياسىي رامكا ئىچىدە ھەمكارلاشقان.[12] ئەمما، جاڭ جىجۇڭ شەرقىي تۈركىستانچىلارنى يۆلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇتەئەسسىپلەر كۈچلىرىنىمۇ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي ئاساسى قىلغان. ئۇ مۇنداق قىلىشتا ئىجتىمائىي ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغاندىن تاشقىرى، سىياسىي نۇقتىئىنەزەرىنىمۇ كۆزدە تۇتقان، يەنى «دېموكراتىك سىياسىينىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» «ئۆكتىچىلەرنىمۇ ئارىغا سىغدۇرۇش، ياتلارغا كەڭ قورساق بولۇشتىن ئىبارەت» دېگەننى كۆزدە تۇتقان، شۇڭا ئۇ «شىنجاڭنى بىر مەزھەپتىكى كىشىلەرلا كونترول قىلماسلىقى كېرەك، دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن رەھبەرلىك قىلىش لازىم» دەپ ھېسابلىغان.[13]

مەسئۇد ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاساسىي جەھەتتىن گومىنداڭنىڭ گۇماشتىسىغا ئايلانغان، ئۇ قولىدىكى ھوقۇقتىن

ۋە تەشۋىقات قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى يېتىشتۇرۇپ ۋە ئۇلغايتىپ، ھەممە يەردە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۈچلىرى بىلەن قارشىلاشقان. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كىشىلىرىنى «قىزىل پاچاقلار» دەپ تىللىغان، «ھەمىشە كوچىلاردا ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ چاتاق چىقارغان»، سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى ۋە ئىلى تەرەپنىڭ خادىملىرىنى ئۇرۇپ-دۇمبالىغان.[14] مەسئۇد قاتارلىقلار شىنجاڭدىن ئايرىلغىنىغا كۆپ يىل بولغاچقا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېچقانچە ئەگەشكۈچىلىرى يوقلۇقىغا، شىنجاڭدىمۇ ھېچقانچە كۈچى[15] يوقلۇقىغا قارىماي، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىغا مەلۇم دەرىجىدە بۆلگۈنچىلىك سالغان، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قىسمەن مەقسىتىگە يەتكەن.[16] مەسئۇد ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدىكى شىنجاڭ گېزىتىمۇ ئىلگىرىكى قورۇنۇشنى ئازايتىپ، ئادەم يەيدىغاندەك ياۋۇز قىياپىتىنى ئاشكارىلىغان، ھەتتا «ئەنسىز زاماننى ئۇخشاشتا قېتىق دەستۇردىن پايدىلىنايلى» دېگەن باش ماقالىنى ئېلان قىلىپ، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان.[17] گومىنداڭ مەسئۇدنىڭ ئەنە شۇ ئىپادىلىرىدىن ھەرھالدا رازى بولغان، ئەمما ئۇنىڭدىن نارازى بولغان جايلىرىمۇ كۆپ بولغان، مەسىلەن، مەسئۇد شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، «جاھىل ۋە ئىقتىدارسىزلىقى»نى ئىپادىلەپ، «پۈتۈنلەي ئازسانلىق كىشىلەرنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىش» بىلەنلا قالماي،[18] بەلكى پانتۈركىزملىق ئىدىيىسى خەتەرلىك دەرىجىدە كۈچىيىپ، شىنجاڭدا ئاشكارىدىن-ئاشكارا جۇڭگونى پارچىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان.

1948-يىل 10-ئايدا، جاڭ جىجۇڭ مەسئۇد بىلەن ئەيساغا شەخسىي نامىدىن بىر پارچە خەت يازغان، بۇ خەت گومىنداڭ

ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانچىلارغا بولغان نارازىلىقىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرگەن. جاڭ جىجۇڭ شۇ خېتىمدە تۆت مەسىلىنى تىلغا ئالغان: بىرىنچىسى «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى»، ئىككىنچىسى «مەركىزىي ھۆكۈمەتكە نارازىلىق مەسىلىسى»، ئۈچىنچىسى «يۇقىرى دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە مەسىلىسى»، تۆتىنچىسى «دېموكراتىك سىياسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى». جاڭ جىجۇڭ «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى» ئۈستىدە توختالغاندا، ئەيسا رەھبەرلىك قىلغان ئۇيغۇرچە گېزىتتە يەرلىك ھۆكۈمەت خىزمىتى ئىسكەنجىگە ئېلىنىدى دېيىلگەنلىكى، ئۇنىڭ بىرمۇنچە پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ خەلقنى دۆلەت ئارمىيىسىدىن يىراقلاشتۇرغانلىقى، ئەگەر خەنزۇلارغا قارشى ئاڭنىڭ داۋاملىق ئەۋج ئېلىشىغا يول قويۇلىدىغان بولسا، بۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن زىيىنى بەك چوڭ بولىدىغانلىقى. مەسئۇد قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان ھاكىمىيەتكىمۇ ئىنتايىن زور تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتقان. جاڭ جىجۇڭ «مەركىزىي ھۆكۈمەتكە نارازىلىق مەسىلىسى» ئۈستىدە توختىلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت پەۋقۇلئاددە قىيىن مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، سىلەر مەركەزنىڭ ھالىغا يېتىشىڭلار كېرەك، «ئادەتتىكى نورمال ئەھۋال ئاستىدا» تۇرغان بولسا، «مەركەزنىڭ ئىنتايىن زور كۈچ بىلەن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشىگە، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە قىل سىغمايتتى» دېگەن. جاڭ جىجۇڭ «يۇقىرى دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە مەسىلىسى» ئۈستىدە توختالغاندا ئاتالمىش «يۇقىرى دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە»گە شەرت بولۇشى لازىم، شىنجاڭنىڭ ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە قورۇلۇش جەھەتلىرىدە «مۇستەقىل» ياكى «يۇقىرى دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە» بولىدىغان قۇدرىتى بارمۇ؟ جۇڭخۇا مىنگو ئاستىدا بىرلىككە كېلىش شىنجاڭ ئۈچۈن پايدىلىق دېگەن. جاڭ جىجۇڭ

«دېموكراتىك سىياسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى» ئۈستىدە توختالغاندا، «دېموكراتىك سىياسىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دېموكراتىك سىياسىي روھقا خىلاپلىق قىلماي، دېموكراتىك تۈزۈمنى سەمىمىيلىك بىلەن ھۆرمەت قىلىشى لازىم»، مەسىلەن، ھاكىمنى ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ سايلىشى، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىدىن تۆۋەن خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشتا ھاكىم كۆرسىتىپ ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇش قانۇنغا ئايلاندى. ئەمما ھازىر بەزىلەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرىنى ۋە ناھىيىدىكى باشقا ئەمەلدارلارنى خالىغانچە يۆتكەۋاتىدۇ ۋە ئالماشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دېموكراتىك سىياسىنى يولغا قويۇشى لازىمكى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ ئالىدى بىلەن دېموكراتىيىنى بۇزىدىغان تەدبىرلەرنى قوللانسا بولمايدۇ» دېگەن.[19]

مەسئۇد قاتارلىق شەرقىي تۈركىستانچىلارنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي مۇنبىرىدىكى ھەرىكەتلىرى مۇنداق ئىككى چوڭ مەسىلىنى پەيدا قىلغان: بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنى پارچىلاش يولىدا شۇغۇللانغان پانتۈركىزملىق پائالىيەتلىرى ئەسلىدىلا تەرەپ-تەرەپتە خەتەر يوشۇرۇنۇپ تۇرغان شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ تېخىمۇ داۋالغۇشىغا سەۋەب بولغان، ھەتتا ئۇلارغا ئىلگىرىدىنلا يول قويۇپ كېلىۋاتقان جاڭ جىجۇڭمۇ تاقەت قىلالماي قالغان؛ ئىككىنچىدىن، مەسئۇد باشچىلىقىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن جاكارلانغان «دېموكراتىك سىياسى» مىزانىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان. ئەمەلىيەتتە، نوپۇزلۇق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزى تۈزگەن ئويۇن قائىدىسىگە ئېتىبارسىز قاراپلا قالماي، بەلكى مەسئۇدنىڭ ئوغلى

مەي خۇەنشىن (ئەر تۇغرۇل)مۇ «جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھال سوراش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى» نامىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ھوقۇقى دائىرىسىدىن ھالقىپ بىرمۇنچە قانۇنسىز ئىشلارنى قىلغان، مەسىلەن، يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئالماشتۇرىۋەتكەن، يەرلىك خەلق پىكرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئورگانلارنى مەنسىتمىگەن، يەرلىك ئاتاقلىق زاتلارنى ھاقارەتلىگەن، يەرلىك ئەدلىيە مەمۇرىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغان ۋە باشقىلار،[20] نەتىجىدە شىنجاڭ جەمئىيىتى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ ۋە قاراڭغۇلىشىپ، سىنىپىي زىددىيەت بۇرۇنقىدىنمۇ كەسكىنلەشكەن.

## 2 ـ پاراگراف ئۈچ ۋىلايەت بىلەن «ياخشىلىشىش»

مەسئۇد شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىك ئورنىغا چىقىرىلسا ئۈچ ۋىلايەتچىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدىغانلىقىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پەرەز قىلغان. شۇڭا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ قارارغا كېلىشتە ئىلى تەرەپ بىلەن مەسلىھەتلەشمىگەن، چۈنكى «ئەگەر بۇ ئىش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئىلى تەرەپ قوشۇلمىسا ئوڭايسىزلىق يۈز بېرىدىكەن». شۇنداقتىمۇ گومىنداڭ ئىلى تەرەپنىڭ قارشىلىقىغا تاقابىل تۇرىدىغان ئاساسلارنى ئالدىن تېپىپ قويغان، مەسىلەن، «تىنچلىق بىتىمى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە رەئىسنى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەيىنلەيدىغان بولغان، ئىلى تەرەپ بىلەن مەسلىھەتلىشىش شەرتى قويۇلمىغان، دېمەك، ئىلى تەرەپنىڭ قارشى تۇرۇشى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس ئىكەن.[21] بىراق ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئىلى تەرەپ خادىملىرىنىڭ غۇلجىغا قايتىپ كېتىش يولى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى ئۆلكىلىك بىرلەشمە

ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلىيەتتە پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولغان، مۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىنى گومىنداڭ تەرەپ باشتا ئويلاپ باقمىغان.[22]

ئەھۋال گەرچە «ئويلىمىغان يەردىن» چىققان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ تەرەپ يول قويۇش كويىدا بولمىغان. ئىلى تەرەپ «قانۇنىي» يول بىلەن قارشى تۇرغان، گومىنداڭنىڭ كارى بولمىغان: ئىلى تەرەپ تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلىرىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنى قوزغىسا،[23] گومىنداڭ ئۇنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرغان، ھەتتا جۇڭگو-موڭغۇلىيە چېگرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش شەكلىدە يۈز بەرگەن بەيتىك ۋەقەسىگىمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دەسلەپتە ناھايىتى قاتتىق پوزىتسىيە قوللانغان: سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن،[24] تەشۋىقات ماشىنىلىرىنى ئىشقا سېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ھەمدە بەيتىكتە تۇرۇشلۇق ئارمىيىگە ئىستىھكامنى چىڭ ساقلاش، «ئوڭايلىقچە چېكىنمەسلىك» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.[25] گومىنداڭ تەرەپنىڭ شۇقەدەر قاتتىق يول تۇتۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب 1945-يىل 9-ئايدىكى شىنجاڭ كرىزىسىدىن بۇيان گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچى كۈچىيىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ماناس دەرياسىنى چېگرا قىلىپ قوراللىق تىركىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن تەپتارتمايدىغان بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە داۋاملىق قارشى تۇرىدىغان، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتى داۋاملىق جىددىيلىشىدىغان بولسا، «شىنجاڭ مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش مۇمكىن بولمايدىكەن»، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئىكەن، گومىنداڭ تەرەپنىڭ شىنجاڭدىكى «تىركىشىش شەكىللەنگەن بولسىمۇ لېكىن نىسپىي ھالدا مۇقىم بولۇۋاتقان ۋەزىيەت»تىن

قانائەتلىنىشى تۇرغان گەپ.[26]

ئەمما 1948 - يىلى 6 - ئايغا كەلگەندە، گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچكى ئۇرۇشتا قاتتىق زىيانغا ئۇچراپ، ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 3 مىليون 600 نەچچە مىڭغا چۈشۈپ قالغان، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇش قىلىشقا يارايدىغان ئەسكىرى ئاران 1 مىليون 700 مىڭ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەسكەرلەرنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پارچىلاپ شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي جۇڭگو، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىي شىمالدىن ئىبارەت بەش چەڭ مەيدانىدا ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئۆلغىيىپ 2 مىليون 800 مىڭغا يەتكەن. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە، گومىنداڭ نەنجىڭدا ھەربىي ئىشلار يىغىنى چاقىرىپ، ئۇرۇش سېپىنى قىسقارتىپ، لەنجۇ - ليەنيۈنگاڭ، تيەنجىن - پۇكۇ، بېيپىڭ - خەنكۇ تۆمۈر يوللىرى ۋە باۋجى - چېڭدۇ تاشيولى قاتارلىق مۇھىم نۇقتىلارغا تايىنىپ، نۇقتىلىق مۇداپىئە كۆرۈشنى قارار قىلغان. گومىنداڭنىڭ بۇ ئىستراتېگىيىلىك قىسقارتىش، مۇداپىئە كۆرۈش ھالىتى ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىتىنىڭ يۈزلىنىشىگە مۇقەررەر تەسىر كۆرسەتكەن.

1948 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجاننىڭ ئىككىنچى جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتىشتىكى تۈگۈن، يەنى مەسئۇدنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش - قالدۇرماسلىق مەسىلىسى ۋە شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ساقچى ئورگانلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلىرى مەسىلىسى ئىنتايىن ئايدىڭلاشقان.[27] گومىنداڭ ئىچكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولۇۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ بارغانسېرى ئايدىڭلىشىشىغا ئەگىشىپ، گومىنداڭ تەرەپ ئىلى

تەرەپنىڭ ھەربىي ھۇجۇمىغا ئۇچراپ پۈتۈن شىنجاڭنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا شۇنچە تەقەززا بولغان. ئەمما گومىنداڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىلى تەرەپنىڭ قايتا ھەمكارلىشىش ھەققىدىكى شەرتلىرىنى كۆزدە تۇتۇشقا مەجبۇر بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق مەيداندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان باشلىقلىرىنى يەڭگۈشلەپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىلى تەرەپتىكى ئەزالىرىنىڭ ئۆتكەنكى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت شەكلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان.

سۇڭ شىليەن شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى، شۇنداقلا شىنجاڭدا قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزۈشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلغان مۇھىم شەخسنىڭ بىرى بولغان. شىنجاڭدىكى ئارمىيە ۋە ساقچىلارنىڭ تۈرلۈك قانۇنسىز ھەرىكەتلىرى ھەققىدە باش تارتىپ بولمايدىغان جاۋابكارلىق سۇڭ شىليەننىڭ ئۈستىگە چۈشكەن. ئەڭ دەسلەپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ سۇڭ شىليەنگە ئاشكارا قارشىلىق بىلدۈرۈشنى ئەپسىز كۆرگەن، ئەمما ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن سۇڭ شىليەننى ئاشكارا ئەيىبلەۋەرگەن. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قارىشىچە، سۇڭ شىليەن ئۈرۈمچىدىكى «25 ـ فېۋرال ۋەقەسى»نى مەخپىي پىلانلاپ ئۇيۇشتۇرغان، ئوسماننى مەخپىي كونترول قىلىپ ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتكەن، بىۋاسىتە ئەسكەر چىقىرىپ تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان ۋە باشقىلار. جاڭ جىجوڭ ئۈچ ۋىلايەت كەسكىن قارشى تۇرۇۋاتقان كىشىلەر شىنجاڭدا تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئىلى تەرەپ بىلەن قايتىدىن ھەمكارلىشىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ، جياڭ

جېپشىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، 1948-يىل 8-ئايدا سۇ شىلىيەننى غەربىي خوبېيدىكى ئوتتۇرا جۇڭگو «باسمىچىلارنى يوقىتىش» باش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى قىلىپ يۆتكىۋەتكەن. شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى سىياسىي پوزىتسىيىسى نىسپىي ھالدا مۆتىدىل بولغان تاۋ سىيۈ ئۈستىگە ئالغان.

جاڭ جىجۇڭ ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى مۇددىئاسىنى تاۋ سىيۈگە توغرا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، تاۋ سىيۈنى شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەتكە چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ لەنجۇدىكى خۇسۇسىي مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، ئىچكى تىنچلىقنى كۆچەپ تەشەببۇس قىلىش ھەققىدە جياڭ جېيشىغا بىرقانچە قېتىم تەكلىپ بېرىپ يازغان خەتلىرىنى ۋە جياڭ جېيشى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسىنى تاۋ سىيۈگە كۆرسەتكەن. جاڭ جىجۇڭ تاۋ سىيۈگە: «شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۈشىنىشى ۋە ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن كېلىشىپ، ئىلى تەرەپتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ئەزالارنىڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم، بۇ سىياسىي جەھەتتىكى ئېھتىياج بولۇپلا قالماي، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭدا مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى چەكلەش ئۈچۈن زۆرۈر» دېگەن.[28] سۇڭ شىلىيەن شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا تاۋ سىيۈ رىياسەتچىلىك قىلغان، ليۇ مېڭچۈن غەربىي شىمال ھەربىي-مەمۇرىي قوماندانلىق مەھكىمىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق بەنگۇڭتىڭىنىڭ باش كاتىپى قوشۇمچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى نامى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە

رىياسەتچىلىك قىلغان، چۇي ۋۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى سۈپىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان، لىيۇ زېرۇڭ مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە خاس ۋەكىلى سۈپىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇلار بىردەك جاڭ جىجۇڭنىڭ تىنچلىق تەشەببۇسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ۋەقەسىدە قولغا ئېلىنغان ئون نەچچە ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى قويۇپ بەرگەن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنى تىزگىنلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەن ھەمدە تۇرۇشلۇق ئارمىيە بىلەن يەرلىك خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە توقۇنۇش يۈز بېرىشىدىن ساقلانغان.(29) لىيۇ مېڭچۈن يەنە شىنجاڭ گارنىزونى باش قوماندانلىق شتابى سىياسىي خىزمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لياڭ كېشۈن بىلەن شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى تەن ۋېيشۈگە سوۋېت دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى ۋە ئازاد رايون خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق تەشۋىق قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن.

جاڭ جىجۇڭنىڭ مەسئۇدنى رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن يۆتكىشىدە قىيىنچىلىق نىسپىي ھالدا چوڭراق بولغان. چۈنكى مەسئۇدنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغىنىغا ئۇزاق بولمىغان، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئىچىدە بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنى قوللايدىكەن، ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش رەسمىيىتىدىن دەرمەھەل ئۆتكۈزەلمەسلىك ئېھتىمالى بار ئىكەن، شۇڭا مەسئۇدنى ئالماشتۇرۇۋېتىش مەسىلىسىدە جاڭ جىجۇڭ ئۇدا بىر قارارغا كېلەلمەي ئارسالدى بولغان. ئەمما ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجاننىڭ 1948-يىل 10-

ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى خەۋپلىك ئەھۋالنى دەرھال ھېس قىلغان[30] ۋە دەرھال ئۈرۈمچىدىكى ليۇ مېڭچۈن، چۈي ۋۇ، ليۇ زېرۇڭلارنى لەنجۇغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ قارشى تەدبىر ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، مەسئۇدنى دەرھال ئالماشتۇرۇۋېتىشنى قارار قىلغان. تېلېگرامما ئارقىلىق ئالاقە قىلىشتىكى بىرمۇنچە ئەپسىزلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭ نەنجىڭغا ئۆزى بېرىپ جياڭ جيېشىغا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مەسئۇدنى ئالماشتۇرۇۋېتىش زۆرۈر بولىۋاتقان سەۋەبلەرنى چۈشەندۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا مەسئۇدنى ئالماشتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىدىكى سەۋەبلەرنى ئالاقىدار تەرەپلەرگىمۇ چۈشەندۈرگەن[31]، شۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي پالاتاسى 1948 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇش قارارىنى ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جاڭ جىجۇڭ مەسئۇدقا مەخسۇس تېلېگرامما بېرىپ «يېرىم يولدا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىڭىزغا چوڭقۇر ھەسرەتلىنىمەن»، «ھازىر مەركەز ئەمەلىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، زۆرۈر تەدبىر قوللانماي تۇرالمىدى» دېگەن. جاڭ جىجۇڭ بۇيەردە كۆرسەتكەن «ئەمەلىي ئېھتىياج» «ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن يول ئېچىش»نى بىلدۈرگەن.[32]

شىنجاڭ ئۆلكىسىگە يېڭىدىن بۇرھان شەھىدى رەئىس بولغان. بۇرھان شەھىدى نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ خىزمەتكە چۈشۈشتىن بۇرۇن، ليۇ زېرۇڭ، چۈي ۋۇ، ليۇ مېڭچۈنلەر بۇرھان شەھىدى بىلەن ئۇزاق سۆزلىشىپ، گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن قايتىدىن ھەمكارلىشىش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن. بۇرھان شەھىدى ئەخمەتجان قاسىمىغا خەت يېزىپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ «ئاغرىنىشى تېخى تۈگەپ كەتمىگەن» بولسىمۇ،

«لېكىن يولنىڭ يۆنىلىشىنى توغرىلاشقا باشلاپتۇ، ئۆزى ئىلگىرى ناھايىتى چوڭ ئۈمىد بىلەن كۆرسەتكەن مەسئۇدتىن ئەمدى خاتىرجەم بولالماي قاپتۇ»، ئۇ شىنجاڭ مەسلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋېتىپتۇ، «ھەم سىزدىن خەۋەر كۈتۈۋېتىپتۇ» دېگەن.[33] ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر گەرچە گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ. لېكىن گومىنداڭ تەرەپنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن بىلدۈرگەن ئارزۇسىنى قوبۇل قىلغان، ئىككى تەرەپنىڭ جىددىي مۇناسىۋىتى يۇمشىغان.

بۇرھان شەھىدى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن «پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەت» ئېلان قىلغان. ئۇ شۇ مۇراجىئەتتە: «قوماندان جاڭ جىجۇڭ بىزگە: ‹ئەبەدىي تىنچلىقنى كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش لازىم› دەپ ئۇچۇق كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇقىغا قارشى بولغانلىكى ئىشلار تىنچلىقنى بۇزغانلىق بولىدۇ، بىز ئۇنى ئەكسىيەتچىلىك دەپ تونۇيمىز: مەملىكەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى بولغانلىكى ئىشلارنى قىلىش تىنچلىقنى بۇزغانلىق بولىدۇ، بىز ئۇنى ئەكسىيەتچىلىك دەپ تونۇيمىز؛ دېموكراتىك سىياسىيغا قارشى بولغانلىكى ئىشلارنى قىلىش تىنچلىقنى بۇزغانلىق بولىدۇ، بىز ئۇنى ئەكسىيەتچىلىك دەپ تونۇيمىز: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا قارشى بولغانلىكى ئىشلارنى قىلىش تىنچلىقنى بۇزغانلىق بولىدۇ، بىز ئۇنى ئەكسىيەتچىلىك دەپ تونۇيمىز! شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارنى بىرلىككە، ئىتتىپاقلىققا، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىشقا، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋە ھەرىكەتلەرگە زادى يول قويماسلىققا چاقىرىمەن»

دېگەن.[34] بۇرھان شەھىدىنىڭ «پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەتى»دىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ بىر قولىدا جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق بايرىقىنى، يەنە بىر قولىدا «دېموكراتىك سىياسى» بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى-تاشقى بارلىق سىياسەتلىرىگە ئەنە شۇ ئىككى بايراقنى قوماندان قىلغان. بۇرھان شەھىدىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى يەنە بىر قېتىم تەڭشەشنى تاماملاپ، ئۆتكەنكى نىسپىي قاتتىق شىنجاڭ سىياسىتىنى پۈتۈنلەي يۇمشىتىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قايتىدىن مۇرەسسە قىلغانلىقىنى ھەمدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە سىياسىي جەھەتتە يەنە بىر قېتىم يول قويغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

بۇرھان شەھىدى ئۆتمۈشتە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان مەزگىلدە، نىسپىي ھالدا مۆتىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ، گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ سىياسىي توقۇنۇشىدا، ھامان ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە تۇرغان، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خېلىلا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، سوۋېتلىكلەرگە يېقىپ قالغان. بۇرھان شەھىدىنى تاللاپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە قويۇشتا ئۈچ ۋىلايەت ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «ياخشىلىشىش» مەقسەت قىلىنغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئۆزئارا ئىسكەنجىگە ئالدۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي ھىيلىسىنى يەنىلا ئۇنتۇمىغان، شەرقىي تۈركىستانچى مۇھەممەت ئىمىننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2-مۇئاۋىن رەئىسى[35] قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى قىلىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇ ئارقىلىق بۇرھان شەھىدىگە توسقۇنلۇق قىلىش ۋە ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىش مەقسىتىمۇ ناھايىتى ئايدىڭ بولغان.[36]

# 3-پاراگراف شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ پارچىلىنىشى: شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشى

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوڭ شىلىيەن بىلەن مەسئۇدنى ھەربىي، مەمۇرىي ۋەزىپىسىدىن ئالماشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئىلى تەرەپتىكى ئەزالىرى گومىنداڭ بىلەن قايتا ھەمكارلىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلمىگەن. كېيىنچە ھەتتا گومىنداڭ تەرەپمۇ ئۇنىڭدىن ئانچە ئۈمىد كۈتمەيدىغان بولغان. چۈنكى، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى پۈتۈنلەي ئايدىڭلىشىپ، ئىلى تەرەپتىكى خادىملارنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قايتىپ كېلىپ گومىنداڭ بىلەن شەكلەن ھەمكارلىقنى ساقلاپ قېلىشى ياكى قالماسلىقى مۇھىم بولماي قالغان، مۇھىم بولغىنى گومىنداڭنىڭ جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى پۈتكۈل ھۆكۈمرانلىقى ئۈزۈل-كېسىل گۇمران بولۇشقا ئاز قالغان، شۇنداق ئىكەن شىنجاڭ ھەتتا پۈتكۈل غەربىي شىمال قايسى يولنى تاللىشى كېرەك؟

بىرەر ھۆكۈمران گۇرۇھ گۇمران بولۇشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا پارچىلىنىش بولۇشىدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئۆزى مۇرەككەپ سىياسىي مەزھەپلەرنىڭ يىغىندىسى بولغان گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى بوش بىرلەشكەن قىسمى يىمىرىلىش بىلەن قالماي، ئۇنىڭ يادرولۇق قىسمىمۇ پارە-پارە بولۇشقا يۈزلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۇاڭشى سىستېمىسى گۇرۇھى، مابۇفاڭ گۇرۇھى ئۆزىنى ئويلاش بىلەن قالماي، بەلكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىدىكى مۇھىم

يادرولۇق ئەرباب جاڭ جىجۇڭمۇ چىشىنى چىشلەپ دۆلەت، مىللەتكە خاس ھەقىقەت بىلەن پارتىيە-گورۇھقا خاس خۇسۇسىي مەنپەئەتنىڭ ئالدىنقىسىنى تاللاشقا مەجبۇر بولغان. ئەمدى بۇنى كونكرېتلاشتۇرۇپ شىنجاڭ مەسىلىسىگە كەلسەك. جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى نەزەرگە ئېلىشقا پۈتۈنلەي قۇدرىتى يەتمەي قالغان ئەھۋال ئاستىدا، گومىنداڭ ئىچىدىكى تۈرلۈك مەزھەپلەر شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئورنى ۋە ئىستىقبالىنى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە پىلانلاپ چىققان.

گۇاڭشى گورۇھى شىنجاڭ بىلەن ھېچقانداق چوڭقۇر مۇناسىۋەتتە بولمىغان.[37] 1949-يىل 1-ئاينىڭ 21-كۈنى، گۇاڭشى گورۇھىنىڭ باشلىقى بولغان لى زۇڭرېن پۈتۈن دۆلەتكە «ھۆكۈمران» بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىڭ پۈتۈن مەملىكەت شاھمات تاختىسىدىكى ئەھمىيەتسىز ئورۇنقا ئايلانغان، ئۇ چاڭجياڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى قوغداپ قېلىش، تەبىئىي ئىستراتېگىيىلىك جاي چاڭجياڭغا تايىنىپ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى يېرىم زېمىننى قوغداپ قېلىش خىيالىدا بولغان. ئۇ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانىغا تېلېگرامما بېرىپ، ئۇنىڭدىن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ بىر لۇيىنى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداشقا قالدۇرغاندىن تاشقىرى قالغان ئەسكەرلەرنى بىر-بىرلەپ ساناپ ئىچكىرىگە يۆتكەپ چاڭجياڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ كۈچىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغان.[38]

ما بۇفاڭ گورۇھى دىنىي مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن بۇرۇندىنلا شىنجاڭنى مۇھىم بىلىپ كەلگەن. 1945-يىلى. ما بۇفاڭ ئۆزىنىڭ 5-ئاتلىق جۈنىنى شىنجاڭغا يۆتكەشكە ماقۇل بولغان، بۇ ئۇنىڭ كەلگۈسىدە شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشىدىكى مۇھىم بىر قەدىمى بولغان. شۇڭا ئۇ شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ئارقا ھويلىسى ھېسابلاپ. باشقىلار ئالدىدا: «شىنجاڭ مېنىڭ

قولۇمدا، شىنجاڭدا مىڭلىغان ئارمىيەم بار، شىنجاڭ خەلقى مېنىڭ سۆزۈمگە كىرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان» دەپ ماختانغان.[39] 1949 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ما بۇفاڭ جاڭ جىجۇڭنىڭ ئورنىغا غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسىگە باشلىق بولغاندىن كېيىن. ئۇنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇش قارا نىيىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىي ئاساسى كەمچىل بولغان شىنجاڭ شەرقىي تۈركىستانچى كۈچلىرىمۇ ما بۇفاڭنىڭ ئەمەلىي كۈچكە ئىگە گورۇھلۇق ئورنىنى ئالاھىدە مۇھىم بىلىپ، ما بۇفاڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى جىددىيلەشتۈرگەن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ غەربىي شىمالدا ئىسلام دىنىدىكى «مۇستەقىل دۆلەت» قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىشنى ما بۇفاڭنىڭ جياڭ جيېشىغا ئېيتىشىنى تەلەپ قىلغان.[40] چەتتە ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوللىشى بار، ئىچكى جەھەتتە غەربىي شىمالدىكى مۇسۇلمانلار بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە قولۇمدا ئارمىيەم بار دەپ ھېسابلىغان ما بۇفاڭ راستىنلا ئاتالمىش «ئىسلام دىنىي دۆلىتى»نىڭ پادىشاھى بولۇش شېرىن چۈشىنى كۆرۈشكە باشلىغان. ئەمما كېيىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ زەربىسى ئاستىدا كونا ئۇۋىسى تىرى - پىرەن بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ خام خىيالىدىن كېچىپ، جېنىنى چەت ئەلگە ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر بولغان.

جاڭ جىجۇڭ جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز گورۇھىغا تەۋە ھەم ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ كەلگەن. گومىنداڭ گورۇھى گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا، جاڭ جىجۇڭمۇ ئاشۇ يادرولۇق گورۇھتىن بارا - بارا ئايرىلىپ چىققان. لى زوڭرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىچكى ئىشلارنى يېڭىلاش، كىشىلەر كۆڭلىنى رام قىلىش، تىنچلىق سۆھبىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭنى مەمۇرىي پالاتانىڭ باشلىقى بولۇشقا كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلغان. جاڭ جىجۇڭ قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان،

گومىنداڭ پۇتۇنلەي ئۈمىدسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، جاڭ جىجۇڭنىڭ چېكىنىپ غەربىي شىمالنى قوغداش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيگەن.[41] ئەمما لى زۇڭرېن «تىنچلىق» ئويۇنىنى ئوينىغاندا، ئۇنىڭ ئورنىغا تەبىئىي ھالدا جاڭ جىجۇڭ بېيپىڭغا بېرىپ تىنچلىق سۆھبىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان.

جاڭ جىجۇڭ ئەسلىدە غەربىي شىمالنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتى ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان، شۇ چاغدا ئۇ شىنجاڭغا نىسبەتەن خېلى ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن تاشقىرى، چىڭخەي، نىڭشىيالاردىكى ما جەمەت كۈچلىرىنىڭ تەسلىككە سېلىۋاتقانلىقىنى، گەنسۇغىمۇ كۈچ سەرپ قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان. 1949-يىل 2-ئاينىڭ 7-كۈنى، جاڭ جىجۇڭ گەنسۇ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ ھەيئەتلىكىدىن پايدىلىنىپ «ئۈچ يىلدىن بۇيانقى تىنچلىق ھەرىكىتىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسىگە بىر نەزەر» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ، «غەربىي شىمالنىڭمۇ كەلگۈسىدە سۇلھىقا كەلمەي قالمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ»، كەلگۈسىدە تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىش ياساش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرگەن.[42] گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ۋەزىيىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۆندۈرۈشى بىلەن بېيپىڭدا قېپقالغان، ئۇنىڭ ئورنىغا ما بۇفاڭ غەربىي شىمال ھەربىي-مەمۇرىي مەھكىمىسىگە باشلىق بولغان، جاڭ جىجۇڭنىڭ غەربىي شىمالنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىگە باش قاتۇرۇشتىكى قىيىنچىلىقى بىردىنلا كۆپىيىپ كەتكەن، ئەمما ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ساھەدىكى تەسىرى يەنىلا غايەت چوڭ بولغان.

تاۋ سىيۇ 1948-يىل كۈزدە شىنجاڭغا بېرىپ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە كىرىشىشتىن بۇرۇنلا، جاڭ جىجۇڭ تاۋ سىيۇ بىلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، ھەر ئىككىلىسىلا شىنجاڭدا ھەرگىز مىلتىق ئېتىشقا

بولمايدۇ، مىلتىق ئېتىلمىدىغان بولسا شىنجاڭ جەزمەن چوڭ قالايمىقانچىلىققا گىرىپتار بولىدۇ دېگەن تونۇشقا كەلگەن، دېمەك ئىككىيلەن شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالى توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىۋالغان.[43] لى زۇڭرېن. تاۋ سىيۆنى شىنجاڭدىكى ئارمىيىنى ئىچكىرىگە يۆتكەش توغرىلىق مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن نەنجىڭغا چاقىرتقاندا. ئۇ جاڭ جىجۇڭنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، نەنجىڭ ۋە گۇاڭجۇغا يىغىنغا بېرىشنى قايتا-قايتا رەت قىلغان، نامدا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭ قىسىملىرىنى شەرققە يۆتكەش بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇنلىغان سەپەر خىراجىتى ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشنى باھانە قىلىپ ۋاقىتنى كەينىگە سۇرگەن.[44] 1949-يىل 4-ئاينىڭ 15-كۈنى، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرى «ئىچكى تىنچلىق پۈتۈمى» ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلغان، جاڭ جىجۇڭ بۇنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىمايدىغانلىقىنى پەملەپ، خۇاڭ شاۋخۇڭ بىلەن چۇي ۋۇ «ئىچكى تىنچلىق پۈتۈمى»نى ئېلىپ يوليورۇق سوراش ئۈچۈن نەنجىڭغا ئۇچۇشتىن بۇرۇن، چۇي ۋۇغا: «ئەگەر پۈتۈم ئىنكار قىلىنسا، سىز شىنجاڭغا قايتىپ تاۋ سىيۆگە ئېيتىڭ، جياڭ جيېشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، ئەمما شىنجاڭغا تىنچلىق كېرەك. شىنجاڭ تىنچلىق يولىغا مېڭىشى لازىم. شىنجاڭدا بىر پاي ئوق ئېتىشقىمۇ بولمايدۇ» دېگەن.[45] چۇي ۋۇ شىنجاڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن. جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭغا تىنچلىق كېرەك دېگەن پىكرىنى تاۋ سىيۆگە يۈزتۇرانە تۇرۇپ يەتكۈزگەن.

تاۋ سىيۆ نامدا شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ ئاران تۆتتىن بىرىچىسىگە قوماندانلىق قىلالىغان. قاغىلىقتىكى باشقىدىن تەشكىل قىلىنغان 87-شى ۋە لو شۈرېننىڭ 179-

لۇيى خۇ زوڭنەنگە، ما چېڭشياڭنىڭ 5 - ئاتلىق شىسى[46] ما بۇفاڭغا ئىتائەت قىلغان. شۇڭا تاۋ سىيۆنىڭ شىنجاڭدىكى تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ئىشىدا ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش لازىم بولغان. لى زوڭرېن شىنجاڭدىكى ئارمىيىنى شەرققە يۆتكەشنى تەلەپ قىلغان. تاۋ سىيۆ جاڭ جىجوڭنىڭ پىكرىگە بىنائەن ۋاقىتنى قايتا - قايتا كەينىگە سۈرگەندىن تاشقىرى، ئۆزىمۇ: شىنجاڭدا مىللىي مۇناسىۋەت مۇرەككەپ، ئارمىيىنى ئوبدان ئىگىلەش شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ تۇراقلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل، «ئەگەر ئارمىيىنى يۆتكەپ كەتسە، زېمىنى كەڭ رايون بوش قالىدۇ - دە، مۇقىملىقنى ساقلاش مۇقەررەر قىيىن بولىدۇ» دېگەن تونۇشتا بولغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاپ ياكى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەربىي قىسىمنىڭ ئىچكىرىگە بېرىپ ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىغا قوشۇلمىغان.[47] ئەمما تاۋ سىيۆ ئارمىيىنى شەرققە يۆتكەش پىلانىغا ئاشكارا قارشىلىق كۆرسەتمەي، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن چاندۇرماسلىق يولىنى تۇتقان. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىچكىرىگە يېقىن قۇمۇلدىن بىر تۈەن ئەسكەرنى ئەنشى، جيۇچۈەن تەرەپلەرگە يۆتكەپ نامىدا ئالدىدا ماڭغانلار دەپ ھېسابلاپ، ھەربىي قىسىمنى ئىچكىرىگە مېڭىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان قىلىپ كۆرسەتكەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىي قىسىمنىڭ سەپەرگە چىقىشى ھەققىدىكى تەپسىلىي پىلانىنى ئۆز قولى بىلەن تۈزۈپ، پىلانىنى ناھايىتى چوڭ مەلۇم قىلىپ، خىراجەتنى ناھايىتى جىق تەلەپ قىلغان.[48] لى زوڭرېنىنىڭ بۇ ھەربىي خىراجەتنى كۆتۈرۈشكە قۇربى يەتمىگەچكە ئارمىيىنى ئىچكىرىگە يۆتكەش پىلانى تاشلىنىپ قالغان.

ليۇ مېڭچۈن غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي قوماندانلىق مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك

ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى بولۇپ كەلگەن. 1949 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن بېيپىڭغا تىنچلىق سۆھبىتىگە بېرىشتىن بۇرۇن، ليۇ مېڭچۈننى نەنجىڭغا چاقىرىپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى ھەققىدە يولىيورۇق كۆرسەتكەن. ما بۇفاڭ غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندە، ليۇ مېڭچۈن ما بۇفاڭغا شىنجاڭدا جاڭ جىجۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش سىياسىتى ۋە سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش لازىم، ئۇنداق بولمىسا ئىستېپا بېرىپ قارشى تۇرىمەن دېگەن ئىپادىسىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ليۇ مېڭچۈن «دائىم جاڭ جىجۇڭ بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ تۇرغان» ھەمدە سىرتتىكى خەۋەرلەرنى تاۋ سىيۆگە يەتكۈزۈپ تۇرغان.[49] ليۇ مېڭچۈننىڭ تىنچلىق يولىدىكى پائالىيىتى ئەڭ كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى بەزى ئەكسىيەتچىلەر كوممۇنىست دەپ ھېسابلىغان.[50] تاۋ جىنچۇ تاۋ سىيۆنىڭ بىر نەۋرە ئۇكىسى بولۇپ، شۇ چاغدا شىنجاڭ گارنىزونى باش قوماندانلىق شتابىدا شتاب باشلىقى بولۇپ تۇرغان، ئۇ شىنجاڭغا جۇڭگو كوممۇنىستى چياۋ گۇەنخۇانىڭ قوللىشى بىلەن بېرىپ، شىنجاڭدا ھەقىقەتكە قايتىشقا دەۋەت قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان.[51] شۇ چاغدا ئۇ تاۋ سىيۆ بىلەن ھەرقايسى شىجاڭ، لۈيجاڭلار ئارىسىدا تېخىمۇ قىزغىن ئالاقە باغلاپ يۈرۈپ[52]، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان. شىنجاڭ گارنىزونى باش قوماندانلىق شتابى سىياسىي خىزمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لياڭ كېشۈن تىنچلىق ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، «بۇتخانىنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇتنى ئېتىراپ قىلماسلىق» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئەلا تەدبىر، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا ھەرگىز قېتىلماسلىق لازىم، دېگەن. 1949 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى،

جاڭ جىجوڭ بىيپىڭدا «ۋەزىيەت ھەققىدە بايانات» ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ ھەربىي-مەمۇرىي خادىملىرىنى «يىراققا نەزەر تاشلاپ، كۆڭلى-كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، ھەممىدە دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ، ئەۋلادلارنىڭ مەڭگۈلۈك بەخت-سائادىتىنى ئويلاش»قا چاقىرىپ، «قەتئىي تۈردە جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن سەمىمىي ھەمكارلىشىشنى بىلدۈرگەن». ئۇ: «دۆلەت يېڭىدىن تۇغۇلۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھازىر يېڭىدىن تۇغۇلۇۋاتىدۇ، نېمە ئۈچۈن بىز گومىنداڭ ۋە شەخسلەر ئارقىدا قېلىشنى راۋا كۆرۈپ يېڭىدىن تۇغۇلمايمىز!» دېگەن.[53] جاڭ جىجوڭنىڭ مىللەت ۋە دۆلەتكە خاس ھەقىقەت كۆزدە تۇتۇلغان بۇ باياناتى ۋە ھەرىكىتى تاۋ سىيۆ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كېيىنكى كۈندە تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىدا مېڭىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.[54]

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئەسلىدە تاۋ سىيۆنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن جاڭ جىجوڭنى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ۋەكىلىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىشنى ئويلىغان ھەمدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن ئارقىلىق ئىلىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن باش كونسۇلى يېشىپىيۇنىڭ پىكرىنى ئالغان. يېشىپىيۇ جاڭ جىجوڭ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. جاڭ جىجوڭ كەلسە، ھەقىقەتەن چوڭ رول ئوينايدۇ دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە دېڭ لىچۈنگە ۋەدە بېرىپ، گومىنداڭ تەرەپتە تىنچلىق سۆھبىتىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىش، شىنجاڭدا يەنە قان تۆكۈش ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىماسلىق جەھەتتە ھەقىقەتەن سەمىمىيەت بار، ھازىر شەرت-شارائىت پىشىپ قالدى، جاڭ جىجوڭ شىنجاڭغا كەلمىسىمۇ ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ دېگەن.[55] ماۋ زېدۇڭ ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سوۋېت

ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتمىگەن، پەقەت 9-ئاينىڭ 8-كۈنى ماۋ زېدۇڭ بېيپىڭدىكى جۇڭنەنخەيدە جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ لەنجۇ بىلەن چىڭخەيدىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرغان ۋە جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلەرگە تېلېگرامما بېرىپ، ئۇلارنى ھەقىقەتكە قايتىشقا چاقىرىشنى ئۈمىد قىلغان. جاڭ جىجۇڭ بۇرۇنلا شۇ ئويدا بولغانلىقىنى، پەقەت 5-ئايدىن بۇيان تاۋ سىيۆ، بۇرھانلار بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ئېيتقان. ماۋ زېدۇڭ ئۇنىڭغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دىڭ لىچۈننى ئەۋەتىپ غۇلجىدا رادىئو ئىستانسىسى قۇرغانلىقىنى، ئۇ تېلېگراممىسىنى دىڭ لىچۈن ئارقىلىق يوللىسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

9-ئاينىڭ 10-كۈنى جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بۇرھانغا تېلېگرامما ئەۋەتكەن. جاڭ جىجۇڭ شۇ تېلېگراممىسىدا: «ھازىر ئومۇمىي ۋەزىيەت تەدرىجىي ئۆزگىرىپ مەشەگە يەتتى. ئومۇمىي ئەھۋال مۇقىملاشتى. ھازىر لەنجۇ ئازاد بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسى يالغۇز خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدى. ئىنقىلابنىڭ بۈيۈك مەقسىتىنى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تىنچلىقىنى، شۇنىڭدەك پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ۋە بارلىق ئوفىتسېر-جەڭچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋاقتىدا ئوچۇق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، گۋاڭجۇ ھۆكۈمىتىدىن ئالاقە ئۈزگەنلىكىڭلارنى رەسمىي جاكارلاپ خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرىغا ئۆتۈڭلار. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىڭلار. مەن ماۋ جۇشىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، بارلىق ئوفىتسېر-جەڭچىلەرگە، ئارمىيە-ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا ھەممىشە غەمخورلۇق

قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئىشنى مۇۋاپىق ۋە قانائەتلىنەرلىك بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلدىم. مەن تەكلىپكە بىنائەن پات يېقىندا ئېچىلىدىغان يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىمەن ھەمدە ماۋجۇشى بىلەن يۈزتۇرانە كېڭىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولسام. ئۆزۈمنىڭ شىنجاڭغا بېرىش نىيىتىم بارلىقىنى ئېيتىمەن، ماقۇل كۆرسە تاپشۇرۇقنى ئالغاچقا تەييارمەن، سىلەردىن شۇنى ئالاھىدە ئۈمىد قىلىمەنكى، دەرھال قەتئىي قارارغا كېلىپ، بارلىق قىيىنچىلىق ۋە غەم-ئەندىشىلەرنى تۈگىتىپ، ھەممە ئىشنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەسكىن ھەرىكەت قىلساڭلار، ئامانلىق ئىمكانىيىتى كۆپرەك بولىدۇ. تۆھپەڭلەرمۇ چوڭ بولىدۇ. ھەرقايسى جۇنجاڭ، شىجاڭلارغا ياكى ئالاقىدار ئارمىيە-ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا زۆرۈر تېپىلسا مېنىڭ نامىمدا تېلېگىراما بەرسەڭلەر، ئۇلار ئەھۋالنى چۈشىنىپ قوبۇل قىلىدۇ... سىلەرنىڭ پىكىرىڭلار قانداق، تېزدىن تېلېگىراما ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى كۈتىمەن» دېگەن.[56] ئەتىسى جاڭ جىجوڭ يەنە تاۋ سىيۆگە تېلېگىراما بېرىپ. شىنجاڭ تەرەپكە دائىر ئەھۋاللارنى سورىغان ھەمدە تاۋ سىيۆنىڭ ئالاقىدار تەدبىرلەرنى قوللىنىشى ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن. مەسىلەن، ما چېڭشياڭنىڭ پوزىتسىيىسى قانداق؟ ئۇنى قايىل قىلىشقا بولسا بەك ياخشى، بولمىسا مەزكۇر قىسىمنى قاراشەھەر ۋە بۈگۈرگە يۆتكەپ، بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلمايدىغان، قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغان قىلىش تۈزۈك دېگەن: يەنە: شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە باشلىقلىرى ئىچىدىكى ئاخىرىغىچە جاھىللىق قىلىدىغان بىر ئىككىسىنى ئالدى بىلەن ئالماشتۇرۇۋېتىش. كەڭ قورساقلىق قىلىپ ئىشنى بۇزۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. ئۆلكىدىكى شەرقىي تۈركىستانچىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى يەنىلا سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. مېنىڭ ۋە ئۆزىڭىزنىڭ نامىدىن ماقالە ئېلان قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھازىر

يۈرگۈزۈۋاتقىنى سەنمىنجۇيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى دېموكراتىزم ئىكەنلىكىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق سىياسىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش سىياسىتى قوللىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسىڭىز قانداق دېگەن ۋە باشقىلار.[57]

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تاۋ سىيۆ شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى داۋامىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىش قىلغان ۋە ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇنىڭ ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېن قاتارلىق جاھىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئادەتتىكى بېرىش-كېلىش، مېھماندارچىلىق داۋامىدا ھاسىل بولغان خۇسۇسىي يېقىنچىلىق بولغاچقا، بۇ مۇناسىۋەتنىڭ بالدۇرلا ئاشكارىدىن-ئاشكارا بۇزۇلۇشى مۇمكىن بولمىغان. 9-ئاينىڭ 19-كۈنى، جۇنتۇڭ ئىشپىيونى لو شۇرېن خۇ زوڭنەننىڭ يې چېڭ ھەربىي قىسمىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەپ بۇيرۇق كۈتسۇن، ئەگەر تاۋ سىيۆ ماڭمىسا ياكى كېتىشكە توسقۇنلۇق قىلسا، كەسكىن بىرتەرەپ قىلسۇن دېگەن جىددىي تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغان. يې چېڭ تېلېگراممىنى ئالغاندىن كېيىن، ما چېڭشياڭ، لو شۇرېنلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھەربىي قىسمىنى 9-ئاينىڭ 20-كۈنى ماڭدۇرۇش، مېڭىشتىن بۇرۇن ليۇ مېڭچۈن، چۈي ۋۇ، تاۋ جىنچۇ قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ تاۋ سىيۆنى قوشۇن بىلەن بىللە يۆتكىلىشكە مەجبۇرلاشنى قارار قىلغان.[58] يې چېڭ تاۋ سىيۆ بىلەن بولغان شەخسىي يېقىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تاۋ سىيۆگە ئىشنى ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى تەكلىپ قىلغان. بۇنىڭغا ما چېڭشياڭ، لو شۇرېنلار ئاران ماقۇللۇق بىلدۈرگەن. ھېلىمۇ ياخشى تاۋ سىيۆ ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پىلانىدىن ۋەقە يۈز بېرىشتىن بۇرۇن خەۋەر تاپقاچقا، قىممەتلىك ۋاقىتقا ئىگە بولۇپ، ئۇلار بىلەن

سەممىي سۆزلەشكەن. ئۇلارغا پايدا ـ زىياننى چۈشەندۈرگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئەگەر ئۇلار ھەربىي قىسىمدىن ئايرىلىپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشنى خالىسا نۇرغۇن پۇل بېرىدىغانلىقىنى ھەمدە جىسمانىي، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۈرېنلار پۇرسەت قولدىن كەتكەنلىكىنى بىلىپ، خۇ زۇڭنەننىڭ بۇيرۇقىنى ئەمدى ئىجرا قىلمايدىغانلىقىنى(59)، تاۋ سىيۆنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇنداق قىلماي، ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۈرېنلار لىيۇ مېڭچۈن قاتارلىقلارنى تۇتىمىز دەپ ئۇق چىقىرىدىغانلا بولسا، پۈتكۈل شىنجاڭ ۋەزىيىتى يىغىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە يامانلاشقان بولاتتىكەن. تاۋ سىيۆ ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۈرېنلارنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇرھان بىلەن بىللە جاڭ جىجۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭغا ما چېڭشياڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدىن كەتكەندىن كېيىن، تاۋ سىيۆ باش بولۇپ گۇۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئۈزۈشنى جاكارلايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.(60)

ما چېڭشياڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدىن كەينى ـ كەينىدىن كەتكەندىن كېيىن، 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئەتىگەندە، تاۋ سىيۆ جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ھەربىي قىسىم كادىرلىرىنى تەڭشىگەن. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە، تاۋ سىيۆ شياۋگۇەندىن يۇقىرى ئوفىتسېرلاردىن 300 نەچچە كىشىنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىپ خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرىغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت بىرلا چىقىش يولى بارلىقىنى كۆرسەتكەن. يىغىندىن كېيىن، تاۋ سىيۆ بىلەن لىيۇ مېڭچۈن ھەقىقەتكە

قايتىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي تېلېگراممىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى تەييارلىغان، تاۋ سىيۈ باش بولۇپ، مۇئاۋىن باش قوماندان، قوشۇمچە قايتا تەشكىللەنگەن 42-شىنىڭ شىجاڭى جاۋ شىگۇاڭ قاتارلىق كىشىلەر ئىمزا قويۇپ، ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى تېلېگراممىنى ئېلان قىلغان.

بۇرھان شەھىدىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە جاڭ جىجۇڭ ئۆزى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭغا جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن تىنچلىق سىياسىتى زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. 1949-يىل 2-ئايدا، بۇرھان شەھىدى لەنجۇدا گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ ئۆلكە باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان مەزگىلدە، جاڭ جىجۇڭ بۇرھانغا شىنجاڭ خىزمىتى ھەققىدە يوليورۇق بېرىپ: «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ۋە سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى چوقۇم كۈچەيتىش، ئىلى تەرەپ بىلەن تېزدىن ياخشىلىنىشىش لازىم. بىز پۈتكۈل غەربىي شىمال دائىرىسىدە چوقۇم تىنچ ۋەزىيەتنى ساقلاپ، ئۇرۇشنى چەكلىشىمىز لازىم» دېگەن. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسى ھەققىدە جاڭ جىجۇڭ بۇرھانغا: «ئىقتىسادىي جەھەتتە سىلەر قانداقلىكى تەدبىر قوللانساڭلار، مەن قوشۇلىمەن» دېگەن. شۇڭا ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ شىنجاڭدا مۇستەقىل شىنجاڭ پۇلى تارقىتىش قارارىغا كەلگەن.[61] شۇنىڭدىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ بۇرھانغا يەنە ئۆزىنىڭ شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ۋەزىيىتى ھەققىدىكى ھۆكۈمىنى ئېيتقان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ھازىر ئىچكىرىدە يۈز بېرىۋاتقان ھەممە ئەھۋال شىنجاڭغا مۇقەررەر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىچكىرىدە يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى ئىككى خىل تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ: بىرىنچىسى، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ھەمكارلىشىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا،

ئۇنىڭ شىنجاڭغا كۆرسەتمىدىغان تەسىرى ئانچە چوڭ بولمايدۇ. مەن غەربىي شىمالدا بار كۈچۈم بىلەن تىنچ ۋەزىيەتنى ساقلاشقا، شىنجاڭ بىلەن قوشنا دۆلەتنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىشكە، ئىقتىسادىي خىزمەتنى تەرتىپكە سېلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا تىرىشىمەن. مۇشۇ ئىشلار ئورۇنلانسا شىنجاڭدا ھېچقانداق زور ۋەقە يۈز بەرمەيدۇ. ئىككىنچىسى، كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلغان بىر يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى مۇمكىن. گومىنداڭنىڭ كۈچلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى چېكىنىپ تەيۋەنگە بېرىۋېلىشى مۇمكىن. كومپارتىيىنىڭ ئۇلارغا يەنە بىرەر تەدبىر قوللىنىشىمۇ ئاسان ئەمەس. مۇبادا ئىككىنچى خىل ئەھۋال يۈز بەرسە، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى قانداق بولىدۇ؟ شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى، چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسى دېگەنگە ئوخشاش ئىچكىرىنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلىرى بار. بۇ پاكىتلارنى كۆزدە تۇتۇپ، كومپارتىيە ئىچكىرىدىن پەرقلىنىدىغان سىياسەتلەرنى قوللىنىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ھازىر خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھۆكۈمەتنى يېڭىۋاشتىن تەستىقلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.»[62] جاڭ جىجوڭ بۇرھانغا يەنە ئۆزىنىڭ غەربىي شىمالدا بىر ئىلاج قىلىپ ئورۇشتىن ساقلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «شىنجاڭدا بەلكىم شېڭ شىسەينىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىدەك سىياسەت (شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنى دېمەكچى) بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلەر» دېگەن.[63]

جاڭ جىجوڭنىڭ بۇرھاننى تاللاپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە قويۇشى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن كۆزلىگەن تەدبىر بولغان. جاڭ جىجوڭ ئۇنىڭ «ۋەتەن كۆزقارىشىغا ئىگە» ئىكەنلىكى، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىقىنى[64]

يارىتىپ. ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولۇشقا بىرقەدەر مۇۋاپىق كىشى دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا 1947 - يىلىدىلا جاڭ جىجوڭ جياڭ جيېشىغا بۇرھان ئالاھىدە يېتىشتۇرۇشكە بولىدىغان ئىختىساس ئىگىسى. ئالدى بىلەن ئۇنى مەركەز بىلەن تونۇشتۇرۇپ، باردى - كەلدى قىلدۇرۇپ، كېيىن شىنجاڭغا رەھبەر قىلىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلساق بولىدۇ دەپ تەكلىپ بەرگەن، ئۇ بۇرھاننى نەنجىڭغا يۆتكەپ ئالاھىدە ھۆكۈمەت ئەزاسى قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن.[65] بۇرھان شىنجاڭنى باشقۇرغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ قارشى ئالغان، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ دېڭ لىچۇنگە: بۇرھان ھەقىقىي ئىلغار كىشى. بىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىتتىپاقچىمىز بولالايدۇ. ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە، خەنزۇلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىراتىمۇ ناھايىتى ياخشى، ئۇنىڭدا تار مىللەتچىلىك قارىشى پۈتۈنلەي يوق، ئۇ ناھايىتى قابىلىيەتلىك، ئۇ رۇسچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچىنى ئوبدان بىلىدۇ، شىنجاڭدىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىختىساس ئىگىسى، ئەگەر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەسئۇل كىشى تاللاشقا توغرا كەلسە، ئۇ ھەممىدىن ياخشى دېگەن.[66] بۇرھان سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغاچقا، شىنجاڭ ئۈچۈن تىنچ تاشقى مۇھىت ھاسىل بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇرھان جاڭ جىجوڭنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا كىرىشكەن.[67] 1949 - يىلى 8 - ئايدا، ماناس، قۇتۇبى، سانجى ناھىيىلىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىدىكەن دېگەن گەپ تارقالغان، بۇرھان ليۇ مېڭچۈن بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ماناسقا ۋەكىل ئەۋەتىشنى قارار قىلغان. ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى كۆرۈشكەندە قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئارىدىكى ئوقۇشماسلىق

تۈگىتىلگەن. بۇرھان يەنە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئوبدان شەخسىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، ھەمىشە خەت ئالاقىسى قىلىپ تۇرغان. 1949-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى. بۇرھان ئەخمەتجان قاسىمغا يازغان خېتىدە: «ئىچكى ۋەزىيەت» غەلىبىلىك تەرەققىي قىلماقتا دېگەن، ئەمما ئۆزىنىڭ خۇددى ئىبرەتلىك سۆزلەردە ئېيتىلغاندەك «كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچە ئېيىقنى يېزنە دېيىشكە توغرا كەپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى. گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ھەر جەھەتتىن ھەپىلىشىشكە ۋە ئالاقە باغلاشقا توغرا كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان.(68)

بۇرھان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدىمۇ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق ئىشلىرىنى ناھايىتى جىددىي ئېلىپ بارغان. ئۇ جاڭ جىجۇڭ بىلەن كېڭىشىپ بەلگىلىگەن پرىنسىپ بويىچە، 1949-يىل 5-ئاينىڭ 20-كۈنى شىنجاڭ كۈمۈش پۇلىنى تارقىتىپ، گومىنداڭنىڭ «ئالتۇن پۇلى»نى شىنجاڭدا خەجلەشنى توختىتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالاقىنى ئۈزگەن. بۇرھان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدىكى تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرغان خادىملارنى ھەرباب بىلەن قولغا كەلتۈرگەن(69): جاھىل شەرقىي تۈركىستانچى مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق كىشىلەرگە كەلگەندە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «تىنچ يول بىلەن ئازادلىققا چىقىشنى تېزدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن» ئۇلارنىڭمۇ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشىگە قوشۇلغان.(70) 9-ئاينىڭ 10-كۈنى جاڭ جىجۇڭ تاۋ سىيۆ بىلەن بۇرھانغا تېلېگرامما بېرىپ، ئۇلارنى گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە چاقىرغان. 9-ئاينىڭ 17-كۈنى بۇرھان بىلەن تاۋ سىيۆ بىرلىكتە جاڭ جىجۇڭغا جاۋاب تېلېگرامما يوللاپ: «ھۆكۈمەت تەرەپكە كەلسەك، تاكتىكىدا ئۆزگىرىش ياساش بىلەن تەڭلا

جانابلىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن تۈزگەن تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەتتىن ئەسلىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى بولغانلارنى قايتىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ، ھەمكارلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تۈزۈلگەن تىنچلىق، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق سىياسىتىگە ھەمدە ئۆلكىمىزنىڭ سىياسىي پروگراممىسىغا بىنائەن، مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ۋاقىتىنچە يەرلىك مەمۇرىي ئىشلارنى يولغا قويۇپ، مەركەزنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ، ئۆلكىمىزنىڭ ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىمەكچى» دەپ ئېيتقان.[71] 9-ئاينىڭ 19-كۈنى بۇرھان دېڭ لىچۈن ئارقىلىق ماۋ زېدۇڭغا بىر پارچە تېلېگرامما يوللاپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئۈزگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.[72] 9-ئاينىڭ 26-كۈنى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بۇرھان قاتارلىق كىشىلەر ھەقىقەتكە قايتقانلىق ھەققىدە ئومۇمىي تېلېگرامما بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقان.

## ئىزاھلار:

(1) جاڭ جىجۇڭ ئۇلارنى ئادەتتە «رادىكاللار» دەپ ئاتىغان. بەزىدە «ئالغا تەرەپدارلىرى» دەپمۇ ئاتىغان. قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2-قىسىم، 541-، 658-بەتلەر.

(2) ئابدۇكېرىم ئابباسوپ (1921-1949). شىنجاڭ ئاتۇشتىن. ئۇيغۇر، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. ئۇ 1938-يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى لىن جىلۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئىنقىلابىي ئىدىيىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. 1940-يىلى شېڭ شىسەي ئۇنى «خائىن پەرزەنتى» ھېسابلاپ ساۋەنگە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا ئاپاردۇرۇۋەتكەن. ئۇ 1944-يىلى 4-ئايدا

تەشەببۇسكار بولۇپ «ئازادلىق تەشكىلاتى»نى قۇرغان ھەمدە شۇ تەشكىلاتنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولغان. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، پارتىزان ئەترىتىنى باشلاپ غۇلجا شەھىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىستراتېگىيىلىك جايلارغا ھۇجۇم قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدە ئىچكى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1946 ـ يىل 7 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولغان. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، نەنجىڭغا بېرىپ «مىللىي قۇرۇلتاي»غا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم رەھبىرىي خادىمى دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغان. شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزى ئىلگىرى مەخپىي قۇرغان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى يەنە بىر ئىلغار تەشكىلات ـ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى بىلەن دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيە دېگەن بىر پارتىيە قىلىپ بىرلەشتۈرگەن ھەمدە رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئالغان. سوۋېتلىكلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى بارلىق تەشكىلىي پائالىيەتلەرنى توختىتىشقا ۋە بارلىق ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇغان. كېيىنچە سوۋېتلىكلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان. 1949 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئايروپىلان ۋەقەسىدە قازا تاپقان. قاراڭ: شېن جىخۇا يازغان «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى (1944 ـ 1950)». «يېقىنقى زامان تارىخ تەتقىقاتى»نىڭ 1999 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان.

(3) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 541 ـ بەت.

(4) «مۇۋەققەت شتاب باشلىقى لىو...نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتى»، قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.

(5) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۈن ـ سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 219 ـ بەت: جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم،

571 - بەت. ئەمەلىيەتتە، مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەر باشتىلا شىنجاڭدا «يۇقىرى دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە»نى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلغان. پەقەت گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۆزىنى نىسپىي ھالدا يېپىقراق تۇتۇپ، كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ساھەسىگە قەدەم قويغان ۋاقتىكىدەك قىپيالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقمىغان. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ... شىلىيەنىڭ ئۇلار شىنجاڭنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇشىنى قۇۋۋەتلىمەيتتى، پەقەت مىللىي ئاپتونومىيىنى ئەمەلگە قويۇشنىلا تەلەپ قىلاتتى دېگەنلىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمەسلىكىدىن بولغان. قاراڭ: «ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»»: خۇاڭ جيەنخۇانىڭ «ۋۇ جۇڭشىن ۋە مەسئۇد» دېگەن ماقالىسى. «شىنجاڭ يەرلىك تەزكىرىسى»نىڭ 1994 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان.

(6) «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا شىنجاڭ ئالاھىدە رايونىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات» (1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى). قاراڭ: شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى يېزىش ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى ۋە ھۆججەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل.

(7) سالىس (1919 - 1950). ئۆز ئىسمى «قالى ئاسقار ئامىر». شىنجاڭ ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىن. قازاق. ئىلگىرى - ئاخىر ئۈرۈمچى موڭغۇل - قازاق مەكتىپىدە، ئاددىي دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. خەنزۇچىنى ئوبدان بىلىدىكەن. 1942 - يىلى شىنجاڭ قازاق - قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1944 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان، ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭنى باشقۇرغاندا قويۇپ بېرىلگەن، يەتتىلا قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپ بولغان. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئوسمان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق

قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن، توپىلاڭچى باندىتلارنى باشلاپ شىنجاڭدىن قېچىپ كەتكەن. 1950-يىلى چىڭخەيدە ئۆلگەن.

(8) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل». 7336-بەت.

(9) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى». 1945-يىل 11-ئاينىڭ 24-كۈنى.

(10) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى». 1946-يىل 3-ئاينىڭ 30-كۈنى.

(11) خۇاڭ جيەنخۇا: «گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى ھەققىدە مۇلاھىزە». «غەربىي شىمال تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى»نىڭ 1994-يىللىق 4-سانى.

(12) گومىنداڭ مەسئۇد قاتارلىقلار تەشەببۇس قىلغان «تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش» نەزەرىيىسىدىن خەۋەردار بولغان. مەسئۇد قاتارلىقلارنى شىنجاڭغا قايتۇرۇشتا ئۇلار بىلەن مەلۇم سىياسىي رامكا ئاستىدا ھەمكارلىشىشنى كۆزلىگەن. خۇددى تاڭ زۇڭنىڭ جياڭ جيېشىغا تەكلىپ بەرگىنىدەك. «ئۇلارنىڭ چوڭ گەپ سېتىپ ئىشقا دەخلى يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەركەز ئۇلار بىلەن سەممىمىي سۆزلىشىشكە مۇھىم ئەربابنى (شىنجاڭغا بېرىش ئالدىدا تۇرغان خادىمنى) ئەۋەتىپ. ئەقىلغا مۇۋاپىق ھەمكارلىشىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلغان». جاڭ جىجۇڭ كېيىنچە ئەسلەپ. مەسئۇدنىڭ پانتۈركىست ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىكەنلىكىدىن ئۆزىنىڭ «ئىلگىرى قىلچە خەۋىرى يوق»لۇقىنى ئېيتقان. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ۋۇ جۇڭشىن بىلەن جاڭ جىجۇڭ مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەرنى ئىشقا قويۇش مەسىلىسىدە ئۆزئارا قىلچە بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن. ۋۇ جۇڭشىن مەسئۇد قاتارلىقلارنى بۆلۈنۈشنى تەرغىب قىلىدۇ دېسە، جاڭ جىجۇڭ مەن مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى» سىياسىي مەيدانىدىن پايدىلانماقچى دېگەن. ۋۇ جۇڭشىن مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭنى بۆلۈۋېتىش يولىدىكى پائالىيەتلىرىنى جياڭ جيېشىغا كۆپ قېتىم مەلۇم قىلغان. جياڭ جيېشى

بۇنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇدا ئورۇنسىز يول قويۇپ بەرگەن. قاراڭ: جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقىتىم ـ ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زوڭىنىڭ خاتىرىسى». 683 ـ 684 ـ بەتلەر: ۋۇ جوڭشىننىڭ 1945 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، 1946 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»: جاڭ جىجۇڭ يازغان «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 545 ـ بەت: خۇاڭ جيەنخۇا يازغان «ۋۇ جوڭشىن ۋە مەسئۇد».

(13) «1948 ـ يىل 10 ـ ئايدا جاڭ جىجۇڭنىڭ مەسئۇد قاتارلىقلارغا يازغان خېتى». قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 575 ـ بەت.

(14) «شىنجاڭدىكى پانتۈركىزم ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى». «پانتۈركىزم ـ پانئىسلامىزم تەتقىقاتى تېما گۇرۇپپىسىنىڭ ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىيالى» (1) گە بېسىلغان، 1992 ـ يىل 1 ـ ئاي، ئۈرۈمچى، شاپىگراف نۇسخىسى، 56 ـ بەت.

(15) *Barnett, A. Doak, China on the Eve of the Communist Takeover, London, Thames & Hudson, 1963, P.257* .
سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۇن ـ سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 219 ـ بەت.

(16) [ئەنگىلىيىلىك] W. D. A فوربېس: «شىنجاڭ مىلىتارىستلىرى ۋە مۇسۇلمانلار: 1911 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى»، 233 ـ بەت.

(17) شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 487 ـ 488 ـ بەتلەر.

(18) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 571 ـ بەت.

(19) «1948 ـ يىل 10 ـ ئايدا جاڭ جىجۇڭنىڭ مەسئۇد قاتارلىقلارغا يازغان خېتى». جاڭ جىجۇڭ يازغان «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى». 572 ـ 576 ـ بەتلەر.

(20) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 577 ـ بەت.

(21)(22) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى». 2 ـ قىسىم، 541 ـ 542 ـ بەتلەر.

(23) ئىلى تەرەپ تۇرپانغا ئەۋەتكەن پارتىزانلارنى تايانچ قىلىپ، شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنى قوزغىغان. گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچى خېلىلا كۈچلۈك بولغان تۇرپان، پىچان، توقسۇن ۋادىسىدا بۇنداق قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتى ناھايىتى ئاز بولغان. بۇ نۇقتىنى ئىلى تەرەپ ھېسابقا ئېلىشقا تېگىشلىك ئىكەن. شۇڭا گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيىسى تۇرپانغا ياردەم بېرىدىغان ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتكەندە، بۇرھان جاڭ جىجۇڭ بىلەن سۇڭ شىلىيەننى ئىزدەپ تېپىپ، قوراللىق باستۇرماسلىقنى، تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش لازىملىقىنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ گارنىزون باش شتابى بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ، ھەل قىلىش چارىسىنى ئاندىن مۇھاكىمە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان (سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۇن ـ سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 263 ـ 264 ـ بەتلەر). بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىلى تەرەپ ھاپىلا ـ شاپىلا ئىش تەۋرىتىشتە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى مەسئۇدنى ئىشقا قويۇش مەسىلىسىدە يول قويۇشقا مەجبۇرلاشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان.

(24) «ئۈرۈشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 781 ـ بەت.

(25) «ئۈرۈشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 780 ـ بەت.

(26) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 558 ـ بەت. گومىنداڭ تەرەپنىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى تۈپتىن ھەل قىلىش دېگىنى ئۇرۇش مەيدانىدا قولدىن كەتكەن ئۈچ ۋىلايەتنى «تىنچلىق بىتىمى»نى ئىجرا قىلىش يولى بىلەن يېڭىۋاشتىن تىنچ «بىرلىككە كەلتۈرۈش»نى بىلدۈرەتتى.

(27)(31) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى». 2 ـ قىسىم، 570 ـ بەت.

(28)(43) «ئومۇمىي مۇلاھىزە. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى»،

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى خىزمىتى ھەيئىتى قاتارلىق تارماقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى، 17 ـ 18 ـ بەتلەر.

(29)(47) تاۋ سىيۈ: «تاۋ سىيۈنىڭ ئۆز بايانلىرى». خۇنەن خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى، 86 ـ 87 ـ بەتلەر.

(30) ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجاننىڭ جاڭ جىجۇڭغا يازغان شۇ خېتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىلى تەرەپ گومىنداڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا كۆرۈنەرلىك ھالدا قىزىقمايدىغان بولغان، خەتتە ئىشلەتكەن سۆزلىرىمۇ قاتتىقلىششقا باشلىغان. مەسىلەن ئۇلار خېتىدە جاڭ جىجۇڭنى «ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىككى تەرەپ چۈشىنىش ھاسىل قىلىنغان تالاش ـ تارتىشنى ھەل قىلىش» سەمىمىيىتى يوق دەپ ئەيىبلىگەن، جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۆتكەندە ئۇلارغا يازغان خېتىنى «خەلقىمىزنىڭ قانۇنىي تەلەپلىرىنى ھاقارەتلەيدىغان خەت» دېگەن («ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجاننىڭ 1948 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭغا يازغان خېتى»، قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «70 ياشتىكى ئەسلىمىلەر» قوشۇمچە): ئېھتىمال ئىلى تەرەپنىڭ پوزىتسىيىسىدىكى روشەن ئۆزگىرىش گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسلىكى ۋەزىپىسىدىن ئالماشتۇرۇۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

(32) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 578 ـ بەت.

(33) بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، ئۇيغۇرچە 702 ـ بەت.

(34) بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم». ئۇيغۇرچە 716 ـ بەت.

(35) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن رەئىسى يەنىلا ئەخمەتجان قاسىمى بولغان (ئىشقا چۈشمىگەن).

(36) بۇرھان شەھىدى گەرچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بىۋاستە قاتناشمىغان بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش مەسىلىسىدە ئۈچ ۋىلايەتچىلەر بىلەن تامامەن بىردەك بولغان. بۇ جەھەتتە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغان ئامېرىكاپەرەس مۇھەممەت ئىمىن بىلەن ئوت

بىلەن سۆدەك چىقىشالمىغان. بۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا 1949 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى جەھەتتە سىياسىي قارىمۇ - قارشىلىق يۈز بەرگەن. مۇھەممەت ئىمىن گومىنداڭ گۇمران بولۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلىشىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قول تىقىشىغا يول قويماسلىقنى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ كومپارتىيە كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ تەشەببۇس شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان بۇرھاننىڭ تەشەببۇسىغا سىياسىي جەھەتتە كەسكىن قارشى كەلگەن. مۇھەممەت ئىمىن بۇرھان بىلەن ئاشكارا قارشىلىشىپ، بۇرھان چاقىرغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىغا قاتنىشىشنى رەت قىلغان. شۇڭا بۇ ئىككىيلەن بېرىش - كېلىش قىلمايدىغان ھەتتا كۆرۈشكەندە سۆزلەشمەيدىغان بولغان. مۇھەممەت ئىمىن ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ئاستىدا خوتەندە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇش خىيالىدا بولغان، پەقەت خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا تېز يېقىنلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ خام خىيالى بەربات بولغان. قاراڭ: بۇرھان شەھىدى يازغان «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم». ئۇيغۇرچە 709 - 710 - بەتلەر: «ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي - مەمۇرىي باشلىقلارنىڭ يېقىندىن بۇيانقى سىياسىي خاھىشى» (1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى). شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى خىزمەت ھەيئىتى قاتارلىق تارماقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىل نەشرى، 196 - بەت: يۈەن شۇ يازغان «20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى بوران - چاپقۇن ۋە ئامېرىكا كونسۇلخانىسى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2002 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان.

(37) 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا، گوڭشى گورۇھىدىكى خۇاڭ شاۋخۇڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ باققان. گەرچە بۇ پىلان قەغەز يۈزىدىلا قېپقالماي يولغا قويۇلغان بولسىمۇ لېكىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشمىگەن. گوڭشى گورۇھى شىنجاڭنى ئەزەلدىن كونترول قىلىپ

باقمىغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭغا مېھىر-مۇھەببەت باغلىمىغان. 1949-يىل 1-ئاينىڭ 21-كۈنى گوۋاڭشى گۇرۇھىدىكى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ لى زوڭرېن زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ۋاكالىتەن ئۆتىگەندىن كېيىن، تېز ئارىدىلا شىنجاڭدىن ۋاز كېچىشنى ئورۇنلاشتۇرغان.

(38) تاۋ سىيۆ: «تاۋ سىيۆنىڭ ئۆز بايانلىرى»، خۇنەن خەلق نەشرىياتى 1985-يىل نەشرى، 86-بەت؛ جاڭ شيەنۆيىن مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ تېزىسلىرى»، خېنەن خەلق نەشرىياتى 1985-يىل نەشرى، 752-بەت. بۇ قارارنى چىقىرىش جەريانى مۇنداق بولغان: دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى تەكلىپ بېرىپ، ئۇرۇش سىيى بەك ئۇزۇن، ئەسكەرلەر تەقسىم قىلىشقا يېتىشمەيۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا شىنجاڭدا 100 مىڭغا يېقىن ئەسكەرنىڭ تۇرۇشى زۆرۈر ئەمەستەك قىلىدۇ دەپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ كۆپ قىسمىنى شەرققە يۆتكەشنى تەكلىپ قىلغان. بۇ تەكلىپكە لى زوڭرېن، خې يىڭچىنلار قوشۇلۇپ، غەربىي شىمال ھەربىي-مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭدىن پىكىر سورىغان. جاڭ جىجۇڭ: «شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنى شەرققە يۆتكەشكە مەن قارشى ئەمەس، ئەمما يول بەك يىراق، پىيادە يۈرۈشمۇ، ماشىنا بىلەن توشۇشمۇ ئاسانغا توختىمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆنى تېلېگراممىا ئارقىلىق نەنجىڭغا چاقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئاندىن بىر قارارغا كەلسە»دەپ جاۋاب بەرگەن. لى زوڭرېن جاڭ جىجۇڭنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرغان. قاراڭ: مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزگەن «جۇڭخۇا تارىخ ماتېرىياللىرى خەزىنىسى»، 6-قىسىم، جۇڭگو تارىخ نەشرىياتى 1996-يىل نەشرى، 218-219-بەتلەر.

(39) بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، ئۇيغۇرچە، 721-بەت.

(40) شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 3-قىسىم، 509-بەت.

(41) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2-قىسىم، 784-بەت.

(42) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم. 785 ـ بەت.
(44) مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزگەن «جۇڭخۇا تارىخ ماتېرىياللىرى خەزىنىسى»، 6 ـ قىسىم. جۇڭگو تارىخ نەشرىياتى 1996 ـ يىل نەشرى. 218 ـ بەت.
(45) چۈي ۋۇنىڭ ئەسلىشىچە. ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن جاڭ جىجۇڭ ئۇنىڭغا شۇنداق تاپشۇرغاندىن تاشقىرى، جۇ ئىنلەيمۇ ئۇنىڭغا: «دۆلەت ئىچىدە تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئۈمىد ناھايىتى ئاز، ئەگەر مۇناسىۋەت ئۈزۈلسە، سىز دەرھال شىنجاڭغا قايتىپ بېرىپ، ئۇ تەرەپتىكى ھەربىي قىسىملارنى ھەقىقەتكە قايتىشقا دەۋەت قىلىڭ. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خەلقنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقا ياكى ئازراق ئۇچرىتىشقا تىرىشىڭ» دەپ تاپىلىغان. قاراڭ: چۈي ۋۇ يازغان «شىنجاڭنىڭ 26 ـ سىنتەبىردە ھەقىقەتكە قايتقانلىقى توغرىسىدا ئەسلىمە». شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى خىزمەت ھەيئىتى قاتارلىق تارماقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى. 393 ـ 394 ـ بەتلەر.
(46) شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار كېيىنچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان، بۇرۇنقى جۇن دەرىجىلىك تەشكىلىي تۈزۈلۈش شى دەرىجىلىك تۈزۈلۈشكە قىسقارتىلغان، بۇرۇنقى شى دەرىجىلىك تەشكىلىي تۈزۈلۈش لۈي دەرىجىلىك تۈزۈلۈشكە قىسقارتىلغان.
(48)(49) تاۋ سىيۆ: «تاۋ سىيۆنىڭ ئۆز بايانلىرى»، 88 ـ بەت.
(50) دېڭ لىچۈن: «ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي باشلىقلارنىڭ يىغىنىدىن بۇيانقى سىياسىي خاھىشى» (1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى). شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ـ تارىخى خىزمەت ھەيئىتى قاتارلىق تارماقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى»، 197 ـ بەت.
(51) تاۋ جىنچۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە چۇڭچىڭدا جۇ ئىنلەينىڭ يېنىدا ئىشلەيدىغان چياۋ گۇەنخۇا بىلەن تونۇشقان، جۇ ئىنلەي چياۋ گۇەنخۇاغا تاۋ جىنچۇغا خىزمەت ئىشلەش توغرىلىق يولييورۇق بەرگەن. تاۋ جىنچۇ 1948 ـ يىل 7 ـ ئايدا شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەتكە چۈشۈشتىن بۇرۇن

ئالاھىدە شياڭگاڭغا بېرىپ پارتىيىنىڭ مەخپىي خىزمىتىنى قىلىۋاتقان چياۋ گۇەنخۇا بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە مەخپىي ئالاقە ئورناتقان. قاراڭ: «ئومۇمىي مۇلاھىزە. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى». شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى خىزمەت ھەيئىتى قاتارلىق تارماقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى»، 5 ـ بەت.

(52) تاۋ سىيۈ: «تاۋ سىيۈنىڭ ئۆز بايانلىرى»، 92 ـ بەت.

(53) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 851 ـ بەت.

(54) «ئومۇمىي مۇلاھىزە: جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى». شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى خىزمەت ھەيئىتى قاتارلىق تارماقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى، 6 ـ بەت.

(55) دىڭ لىچۇن: «شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىنى مۇھاكىمە قىلغانلىقىغا دائىر بەزى ئەھۋاللار» 1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى)، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى خىزمەت ھەيئىتى قاتارلىق تارماقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى، 179 ـ بەت.

(56) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 581 ـ 582 ـ بەتلەر: «جاڭ جىجۇڭ جياڭجۇندىن كەلگەن تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى»، 1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»گە بېسىلغان.

(57) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 582 ـ 583 ـ بەتلەر.

(58) «ئومۇمىي مۇلاھىزە. شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى كۈرەش». شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى خىزمەت ھەيئىتى قاتارلىق تارماقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد

قىلىنىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى، 24 ـ بەت.

(59) 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، خۇ زۇڭنەن يې چېڭغا يەنە تېلېگراممىا بېرىپ: «ئۈرۈمچىدىكى توپىلاڭچىلارنى تازىلاش، ھەربىي قىسمنى جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىندۈرۈشكە بۇيرۇغان. بۇنىڭدىن كېيىن ھاۋا ئارقىلىق ياردەم بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان». قاراڭ: «ئومۇمىي مۇلاھىزە. شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى كۈرەش». شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى خىزمەت ھەيئىتى قاتارلىق تارماقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى، 25 ـ بەت.

(60) تاۋ سىيۆ: «تاۋ سىيۆنىڭ ئۆز بايانلىرى»، 108 ـ بەت.

(61) بۇرھان شەھىدىنىڭ 1949 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى خاتىرىسى، قاراڭ: بۇرھان شەھىدى يازغان «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم» ئۇيغۇرچە 718 ـ بەت. مۇستەقىل شىنجاڭ پۇلى تارقىتىش ـــ شىنجاڭدا يېڭى شىنجاڭ پۇلى تارقىتىپ، بۇرۇنقى شىنجاڭ پۇلى بىلەن گومىنداڭ پۇلىنى ئۆز ـ ئارا ئالماشتۇرۇپ خەجلەيدىغان سىياسەتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

(62) بۇرھان شەھىدىنىڭ 1949 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى خاتىرىسى، قاراڭ: بۇرھان شەھىدى يازغان «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، ئۇيغۇرچە، 725 ـ 727 ـ بەتلەر.

(63) بۇرھان شەھىدىنىڭ 1949 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى خاتىرىسى، قاراڭ: بۇرھان شەھىدى يازغان «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، ئۇيغۇرچە، 727 ـ بەت.

(64) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 541 ـ بەت.

(65) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2 ـ قىسىم، 542 ـ بەت.

(66) دېڭ لىچۈن: «ئۈرۈمچىدىكى تىنچلىق ھەركىتىنىڭ ئەھۋالى» (1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى)، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى خىزمەت ھەيئىتى قاتارلىق تارماقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى، 186 ـ

بەت.

(67) 1949-يىل 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاۋ سىيۈ جاڭ جىجۇڭغا تېلېگرامما بېرىپ: «ئىلى تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلاش ئىشىنى بۇرھان بېجىرىۋاتىدۇ، ھەمكارلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى» دېگەن. قاراڭ: تاۋ سىيۈ يازغان «تاۋ سىيۈنىڭ ئۆز بايانلىرى»، 110-بەت.

(68) دېڭ لىچۈن: «بۇرھانىنىڭ ئەخمەتجانغا يازغان خېتىنى يوللاپ بېرىش» (1949-يىل 9-ئاينىڭ 7-كۈنى). شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى خىزمەت ھەيئىتى قاتارلىق تارماقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990-يىل نەشرى، 212-بەت.

(69) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتىنىڭ باشلىقى جانىمقان قازاقلارنىڭ قەبىلە باشلىقى بولغان، ئۇ ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ، ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنانىنىڭ كۈشكۈرتۈشى ئارقىسىدا توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان. بۇرھان ئۇنى بىللە ھەقىقەتكە قايتىش ئۈچۈن قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇدا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ۋۇجۇدقا چىقمىغان. قاراڭ: بۇرھان شەھىدى يازغان «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، ئۇيغۇرچە، 739-740-بەتلەر.

(70) بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، ئۇيغۇرچە، 747-بەت.

(71) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2-قىسىم، 584-بەت.

(72) 1949-يىل 9-ئاينىڭ 19-كۈنى بۇرھان شەھىدىنىڭ ماۋ زېدۇڭغا يوللىغان تېلېگراممىسى. قاراڭ: بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم» ئۇيغۇرچە، 761-بەت.

# V باب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە شىنجاڭ مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان سىياسەت

## 1 ـ پاراگراف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارىتىلغان سىياسەت

1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەممىدىن بۇرۇن ئىلى ۋىلايىتىدە پارتلىغان، كېيىنكى يىلى 9 ـ ئايغىچە تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە كېڭەيگەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە ئوخشاش بولمىغان سىياسەتنى قوللانغان، بۇنى ھازىر ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىمىز.

### بىرىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەربىي ۋاستە بىلەن توسقۇنلۇق قىلغانلىقى (1944 ـ يىل نويابىردىن 1945 ـ يىل سېنتەبىرگىچە)

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمىدە قۇرۇلغان «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» پۈختىلىق بىلەن پىلانلاپ ئۇيۇشتۇرغان. بۇ تەشكىلات ئالدى بىلەن نىلقا پارتىزانلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، غۇلجىدىن تەخمىنەن يۈز كىلومېتىر

يىراقلىقتىكى نىلقا ناھىيىسىدە چارۋىچىلار قوزغىلىڭنى قوزغىغان، غۇلجىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن 1600دىن ئارتۇق ئەسكەر باستۇرىمىز دەپ بارغاچقا، غۇلجا شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسى بوش قالغان، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىدىكى ئاران 1500دىن ئارتۇق ئەسكەر ھەرقايسى يېگانە تايانچ پونكىتلارغا تارقىلىپ جايلاشقان. «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئاشۇ پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. قوزغىلاڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيىلەنگەن پارتىزانلار ۋە يەرلىك ئامما قاتناشقان، سوۋېت ئەسكەرلىرىمۇ جەڭگە قاتناشقان.[1] 11-ئاينىڭ 14-كۈنى قوزغىلاڭچىلار غۇلجا شەھىرىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئىشغال قىلغان، گومىنداڭ ئارمىيىسى شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھەرەمباغقا چېكىنگەن.

جياڭ جيېشىنىڭ ئىلى ئىنقىلابى ھەققىدىكى بىرىنچى ئىنكاسى قوراللىق باستۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇ ئۆرۈمچىدە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىۋاتقان جۇ شاۋلياڭغا «بارلىق كۈچى بىلەن» غۇلجىغا «ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ»، «توپىلاڭنى بالدۇرراق تىنچلاندۇرۇش» ھەققىدە يوليورۇق بەرگەن.[2]

جۇ شاۋلياڭ جياڭ جيېشىنىڭ يوليورۇقى بويىچە غۇلجىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەسكىرىي كۈچنى بەش يول بويىچە ئۇيۇشتۇرغان. ئەمما شۇ چاغدا جياڭ جيېشى ئىلى ئىنقىلابىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ قوللاۋاتقانلىقىنى[3] سېزىپ قېلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ جىددىيلىكىنى ئاگاھلىنىشقا باشلىغان. ئۇ جۇ شاۋلياڭغا غۇلجىغا يېقىن ئەتراپقا توپلىغان ئەسكىرىي كۈچ بىلەن پائال

هۇجۇم قىلىپ، «غۇلجا، سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ بىر قىسمى ـ ئاپتور)نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش»، ئىلاج بولمىغاندا، «غۇلجىدا بار كۈچى بىلەن ئۇزاققىچە تىركىشىپ تۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىش»، ھەمدە ھەربىي قىسىمنى يۆتكەپ ئۈرۈمچىدىن يېقىنىڭچە بولغان تاشيول مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم جايلارنى ھەقىقىي قوغداپ، «ۋەقە يۈز بەرگەن» جايلارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئايرودروملاردا تېزدىن مۇداپىئە ئىستىھكامىنى قۇرۇپ، «ھەرگىز قولدىن كەتكۈزۈپ قويماسلىق» ھەققىدە يوليورۇق بەرگەن.[4]

ھەرەمباغقا ياردەم بېرىشكە ماڭغان بەش يول ھەربىي قىسىمنىڭ ئۈچ يولى قار ـ مۇز قاپلاپ كەتكەن تەڭرىتاغ داۋانلىرىدىن ئۆتەلمىگەن، قالغان ئىككى يولدىكىلىرىمۇ قوزغىلاڭچى ئامما بىلەن سوۋېت ئارمىيىسى توسقانلىقى ئۈچۈن مەغلۇپ بولغان. جياڭ جيېشى ئىلىنى «تىنچىتىش» مۇمكىن بولمىغانلىقىنى بىلىپ، غۇلجىدا «ئۇزاققىچە تىركىشىپ تۇرۇش چارىسى»نى قوللانغان. 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، جۇ شاۋلياڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ترانسپورت ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ غۇلجا ئاسمىنىغا بېرىپ شۇ يەردە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ئارمىيىدىن جياڭ جيېشىغا ۋاكالىتەن ھال سورىغان.[5] 1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى ھەرەمباغدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە شەخسەن ئۆزى يوليورۇق بېرىپ: «ستالىنگرادتىن ھالقىپ ئۆتكەندەك روھ بىلەن ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇڭلار» دېگەن.[6] قوزغىلاڭچى ئامما ئىلى ئاسمىنىنى ئېگىزگە ئاتىدىغان پىلىموت بىلەن قامال قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ھاۋا ئارقىلىق ياردەم بېرىش يولىنى

ئۈزۈپ تاشلىغان: ھەرەمباغ تايانچ پونكىتىغا زەمبىرەكتىن شىددەتلىك ئوت ئېچىپ ھۇجۇم قىلغان، «ھەممىشە كۈنىگە نەچچە مىڭ پاي زەمبىرەك ئوقى ئاتقان».[7] مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ئارمىيىنىڭ ئوق-دورىسى ۋە يېمەك-ئىچمىكى تۈگەپ، «ئۈزاققىچە تىركىشىپ تۇرۇش» ئامالى قالمىغان. 1-ئاينىڭ 29-كۈنى، جياڭ جيېشى مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىشنى تەستىقلىغان.[8] قالدۇق ئەسكەرلەر مۇھاسىرىنى بۇزۇش جەريانىدا يوقىتىلغان. جياڭ جيېشى ياردەمگە بارغان ئارمىيىنىڭ «زەئىپلىكى»دىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، جۇ شاۋلياڭغا «ياردەمگە بارغان قىسىمنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل قوماندانلىرىنى جۇنجاڭدىن تارتىپ تۇەنجاڭ، يىڭجاڭلارغىچە قاتتىق جازالاش، بولۇپمۇ شىجاڭ ۋە تۇەنجاڭ دەرىجىلىكلەرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن تىرىشچانلىق ۋە قەھرىمانلىق كۆرسىتەلمىگەنلەرگە ئىبرەت قىلىش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.[9]

ئىلى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ خەلقىنى ئىنقىلاب قىلىشقا قوزغىشى ئىلى بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن. ئۇ ھەرەمباغدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىشنى تەستىقلىغان كۈندىكى خاتىرىسىدە: ئەگەر روسىيە شىنجاڭ مەسىلىسىگە قول تىقىش سىياسىتىدىن ۋاز كەچمەيدىغان بولسا، «ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاندىن ئومۇمىي تۈردە ھەل قىلىشقا تىرىشىمىز. ئەمما ئۈرۈمچى، تۇرپان، قاراشەھەر، قۇمۇللارنى قولدىن بەرمەي چىڭ ساقلاپ، كەلگۈسىدە پۈتۈن شىنجاڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى تايانچ بازا قىلىش لازىم» دەپ يازغان.[10] 2-ئاينىڭ 11-

كۇنى، ئۇ جۇ شاۋلياڭغا مۇشۇ ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئاسىنى كونكرېت ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە خەت يېزىپ: ھازىر شىنجاڭ ھەققىدىكى پىلان شۇكى، مۇھىم تايانچ پونكىتلارنى قولدىن بەرمەي چىڭ ساقلاپ، كەلگۈسىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ بازىسى قىلىش لازىم. مۇبادا ئۇمۇمىي ۋەزىيەتنى ساقلاپ قېلىشقا زورۇقىدىغان بولساق، پۈتۈن شىنجاڭ ئۆگىشاش مۇمكىن بولمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ مەلۇم دۆلەتنىڭ پاراكەندە قىلىشىدىن تولا ئەندىشە قىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك. مەن ئۇ دۆلەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى پاراكەندە قىلىشىدىن ئەنسىرىمەيمەن. زادى ئىلاج بولمىغاندا، شىمالىي شىنجاڭ تەرەپ ئىمكانىيەت ئاز ساندىكى تايانچ پونكىتلارنى ساقلاپ قېلىپ، شەھەرنى ساقلاش ئىرادىسىگە ئىگە خىل قوشۇننى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىمكانىيەت ياخشى تەمىنلەش لازىم، ئادەم سانىنى ھاۋا ئارقىلىق توشۇلىدىغان ئاشلىق ۋە ئوق-دورىنىڭ مىقدارىغا قاراپ بەلگىلەش. قالغان كۆپ ساندىكى ئەسكەرلەرنى ئارقا سەپكە يۆتكەپ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش لازىم. جىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى قىسىمنى تېزدىن جىڭ، شىخو تەرەپكە يۆتكەپ مۇداپىئە ھاسىل قىلىش لازىم. مۇشۇ پەيتتە ئەتىياز پەسلىدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەممىسىدە پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، پائال تەييارلىق كۆرمەي بولمايدۇ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن غەم ئەندىشىگە قېلىشمۇ ھاجەتسىز، مۇقىم سىياسەت ۋە قەتئىي جاسارەت بولسىلا، قولدىن كەلمەيدىغان پىلاننى تۈزمىگەن تۈزۈك. قولدىن بەرگەندىلا، قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ، ئۇنداق قىلماي، مۇداپىئەنى كۆپ قۇرۇپ، كۈچ چېچىۋېتىلسە، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا بولمايدۇ دېگەن.(11)

جۇ شاۋلياڭ جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي

مۇداپىئەسى ھەققىدىكى پىلانىغا بىنائەن، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا تېزلىكتە يېڭى مۇداپىئە خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغان: جىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى تاغ ئېغىزلىرىدىن ۋاز كېچىپ، تۇرۇشلۇق ئارمىيىنى جىڭغا چېكىندۈرۈپ مۇداپىئەدە تۇرغۇزۇپ[12]، ئۇنى ئۈرۈمچىنى قورشاپ مۇھاپىزەت قىلىشتىكى تاشقى توسۇق قىلغان؛ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسى، ئۇلاست دەرياسى ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنى چېكىندۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى سىرتىدىكى گۇچۇڭ، قۇتۇبى، ماناس، شىخودىكى كۈچلىرىنى كۈچەيتكەن[13]؛ ئالتايدا ئالتاي شەھىرى ۋە بۇرۇلتوقاينى قوغداش ئۈچۈن ئازغىنا ئەسكەر قالدۇرغان. بۇ ئىككى ئورۇندىكى ئەسكەرلەرگە ھەربىي تەمىناتنى كەلگۈسىدە ھاۋا ترانسپورتى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتمىگەن، جەنۇبىي شىنجاڭنى ساقلاۋاتقان قىسىملارنىڭ تولىسى شېڭ شىسەي ۋاقتىدىكى كونا قىسىملار بولۇپ، قورال - ياراقلىرى كونىراپ كەتكەن، ئەمما ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش تەدبىرى ۋە تاكتىكىسىنى بىلىۋالغان، «ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولغان»[14] ھەمدە گومىنداڭنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنغان.[15]

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جياڭ جيېشى شىنجاڭدا ئۇرۇش تەييارلىقىنى ئاكتىپ ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان. شۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئون شى ئەسكىرى بار ئىكەن[16]، قىسىملارنىڭ شتاتى تولۇقلانمىغاچقا[17]، ئومۇمىي ئەسكىرى كۈچى 40 مىڭغا يەتمەيدىكەن[18]. جياڭ جيېشى چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭنىڭ ئىككى شى ئاتلىق ئەسكىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەپ[19]، شىنجاڭدىكى ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلغۇچى كۈچىنى كۈچەيتكەن. شىنجاڭ بىلەن

ئىچكىرىنى دەشت-باياۋان ئايرىپ تۇرغاچقا، ھەربىي تەمىنات ئۆرۈشىنىڭ غەلىبىسى ياكى مەغلۇبىيىتىنى بەلگىلەيدىغان يېتەكچى ئامىلغا ئايلانغان، جياڭ جىېشى قاتناش مىنىستىرى يۇ پېڭفېينى شىنجاڭنىڭ قاتناش، ھەربىي تەمىنات ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئىككى قېتىم ئەۋەتكەن. يۇ پېڭفېي شىنجاڭغا 255 دانە ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ بەرگەن، جياڭ جىېشىغا ئىلتىماس قىلىپ، شىنجاڭ تەمىنلەش باشقارمىسىنى قۇرغان[20]. بۇ باشقارما شىنجاڭدىكى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ھەرقايسى سىستېمىدىكى قىسىملارنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىنى بىر تۇتاش باشقۇرغان. شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ لەنجۇ-ئۈرۈمچى تاشيولىدىن ئىبارەت بىرلا قاتناش يولى بولغان، مۇشۇ يول قولدىن كەتسە، شىنجاڭ ئىچكىرىنىڭ يۆلىشىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ، ھالاكەتلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىكەن. جياڭ جىېشى جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىنى ياساش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئەنشىدىن چاقىلىق ئارقىلىق قاراشەھەرگە بارىدىغان بىر يولنى ۋە ئەنشىدىن يۇمېن ئارقىلىق تۇرپانغا بارىدىغان بىر يولنى 1945-يىل 8-ئايغىچە پۈتكۈزۈپ بولۇشنى بەلگىلىگەن.[21] شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتى بىرقەدەر جىددىي بولغان، ئۈرۈمچى قولدىن كېتىدىغان ياكى قورشاۋدا قالىدىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزي جەزمەن ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكىلىدىكەن، جياڭ جىېشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۆۋىنىدە جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنى قۇرۇپ،[22] سىياسىي مەركەز ئۈرۈمچى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تەبىئىي ھالدا شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزىگە ئايلىنىشى ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈش توغرىسىدا

بۇيرۇق چۈشۈرگەن. جياڭ جيېشى كەلگۈسىدىكى ئۇرۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن شىنجاڭدا ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، ۋۇ جۇڭشىننى شىنجاڭدىكى ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى ۋەزىپىنى قوشۇپ ئۆتەيدىغان قىلىشنى ئويلىنىپمۇ كۆرگەن[23].

ئىلىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەت قوللانغان ۋاقتى جياڭ جيېشىنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن كېچىككەن، يەنى 1945-يىل 7-ئايدىن تارتىپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇم قوزغاپ، مۇھىم نۇقتىنى شىمالىي شىنجاڭ رايونىغا قاراتقان. جياڭ جيېشى شىمالىي شىنجاڭدا مۇداپىئە سېپى قۇرغان شەھەر چۆچەك ھەممىدىن بۇرۇن تاشلىنىپ قالغان، چۆچەك ۋالىيسى پىڭ رۇڭ ئوفىتسېر ئەسكەرلىرىنى باشلاپ جەڭ قىلمايلا قېچىپ كەتكەن. چۆچەك قولدىن كېتىپلا گومىنداڭ ئارمىيىسى ئارىسالدى بولۇپ قالغان، شىنجاڭنىڭ ھەربىي قوماندانلىق قاتلىمىدا پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلغان: بەزىلەر جىڭخېدىكى ئارمىيىنى چېكىندۈرۈپ شىخونى مۇستەھكەملەشنى قۇۋۋەتلىسە، بەزىلەر ئاۋۋال ئالتايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنى چېكىندۈرۈشنى قۇۋۋەتلىگەن، يەنە بەزىلەر ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغاندا ئاندىن چېكىندۈرۈشنى قۇۋۋەتلىگەن. جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭغا: «جىڭخېدىنمۇ، ئالتايدىنمۇ چېكىنمەي، ئۇ يەرلەرنى چىڭ ساقلىسۇن، مەركەز دەرھال ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىدۇ» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن.[24] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋۇ جۇڭشىنغا يازما بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مۇلكى، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ زېمىننى ساقلاش مەسئۇلىيىتى بار، مۇبادا بىرەر ئەمەلدار ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چېكىنىپ،

ۋەزىيىتىنى ئادا قىلمىسا، قانۇن بويىچە شۇ جايدىلا ئېتىپ تاشلانسۇن» دېگەن ھەمدە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا: «شەھەر بىلەن ھايات-ماماتتا بىللە بولۇش ئىرادىسىنى تىكلەپ، دۆلەت زېمىنىنى جەددىي مەسئۇلىيەت بىلەن قوغداشنى مۇھىم بىلىش لازىم» دەپ قاتتىق بۇيرۇق قىلغان.[25]

چۆچەك قولدىن كېتىشى بىلەنلا گومىنداڭ مۇداپىئە قۇرغان باشقا سىرتقى شەھەر-بازارلاردىكى ھەربىي تايانچ پونكىتلىرىمۇ كەينى-كەينىدىن قولدىن كەتكەن، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇشى ئاساسەن جىڭ، شىخو قاتارلىق جايلارغا مەركەزلەشكەن. جىڭ، شىخولارنى جياڭ جيېشى ئۇرۇمچىنى قورشاپ قوغداشتىكى توسۇق قىلىپ كۈچلۈك قويۇپ ئورۇنلاشتۇرغان، بۇ يەردە 12 مىڭدىن ئارتۇق خىل ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان، جىڭ ساقلاش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىستىھكاملار ياسالغان. ئىلى تەرەپ بۇ يەرنى جەزمەن ئېلىش ئۈچۈن ئاساسىي كۈچىنى مۇشۇ يەردىكى ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرغان، «زەمبىرەك ۋە يېڭى تىپتىكى قورallىرىنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپەيگەن»، «قوماندان ۋە ئېتىش ماھىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئورۇسلاردىن بولغان»[26]. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەتتا ئايروپىلانلىرى (جۇملىدىن ئېغىر بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى)نى چىقىرىپ، جىڭ، شىخولارنى ساقلاۋاتقان ئارمىيىنى ئوققا تۇتقان ۋە بومباردىمان قىلغان[27]، گومىنداڭنىڭ تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىدىن «ناھايىتى كۆپ ئادەم ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان»[28]. بەزى ئىستىھكاملاردىكى پوتەيلەرنىڭ «يېرىمىدىن كۆپرەكى» زەمبىرەك ئوقى تېگىپ ۋە بومباردىمان قىلىنىپ «ۋەيران بولغان»[29].

جياڭ جيېشى سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ شىخونى بومباردىمان قىلغانلىقىدىن تۈنجى قېتىم خەۋەر تاپقاندا،

قاتتىق «قورققان ۋە غەزەپلەنگەن»[30]: كېيىن ئۇ «ئەقىل ئىشلىتىپ تەتقىق قىلغان»دىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنى بۇزۇپ، شەرقىي شىمالدا روسىيە ئارمىيىسى ئىشغال قىلغان جاڭجياكۇ، شەنخەيگۇەن، چىنخۇاڭداۋلارنى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئۆتۈنۈپ بەردى، ئەمدى شىنجاڭدا شىخو. جىڭلارنى بومباردىمان قىلىپ، «بىز بىلەن دۈشمەنلىشىشكە بەل باغلاپتۇ»، شۇڭا «شەرقتىكى ئۈچ ئۆلكىدە ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ترانسپورتى ئۈستىدە تېز تەييارلىق كۆرۈپ ھەر ئېھتىمالنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم» دېگەن تونۇشقا كەلگەن.[31] ئەمما ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئورۇشنى كېڭەيتىش مۇددىئاسى ئۈستىدە يېڭى ھۆكۈم چىقىرىپ: بىرىنچىدىن، گومىنداڭنىڭ شەرقىي شىمال ھەققىدىكى دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراپ، شەرقىي شىمالنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرمەكچى، ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، شەرقىي شىمالنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن باش تارتماقچى، ئۈچىنچىدىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تەھدىت سېلىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ چۇڭچىڭدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىنى ئاستىرتىن قوللىماقچى، تۆتىنچىدىن، ئىلىنىڭ كۆپرەك زېمىنىنى ئىگىلىشىنى قوللاپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش قارا نىيىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تەييار پاكىت پەيدا قىلماقچى دېگەن تونۇشقا كەلگەن. جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئاسى ھەققىدىكى ئەنە شۇ تەھلىلىگە ئاساسەن، پۈتۈن كۈچىنى شەرقىي شىمالنى ئۆتكۈزۈۋېلىش مەسىلىسىگە قارىتىش، «شىنجاڭ قولدىن كەتكەن ھالەتتىمۇ پەقەت ۋاقتىنچە چىداشلىق بېرىپ، دەرھال ئاكتىپ قارشىلىق كۆرسىتىشتىن

ساقلىنىش» قارارىغا كەلگەن.[32]

شۇڭا جياڭ جيېشى 9-ئاينىڭ 7-، 8-كۈنلىرى شىخو، جىڭلار كەينى-كەينىدىن قولدىن كەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزى-ئۈرۈمچىنى جان تىكىپ ساقلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئۇ چىڭخەيدىن شىنجاڭغا قاراپ كېتىۋاتقان ئىككى شى ئاتلىق ئەسكەرنى تېز يۈرۈشكە ئالدىراتقان، 5-ئۈرۈش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گو جىچياۋنى 8-ئۈرۈش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى نامى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلاندا بېرىپ ھەربىي ئىشلارغا «ياردەملىشىش»كە يۆتكىگەن. ئەمەلىيەتتە گو جىچياۋ ئۈرۈمچىنى قوغداش ئۇرۇشىنى ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلغان: جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا «ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى جانلاندۇرۇش، كىشىلەر كۆڭلىنى تىنچىتىش» ئۈچۈن ئەۋەتكەن[33]؛ زور پاراكەندىچىلىكتە قالغان شىنجاڭدىكى «ئارمىيە-خەلقنى باشقۇرغۇچى» جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىننى «قەتئىي خاتىرجەم بولۇڭلار، ھەرگىز چوڭ ۋەقە چىقمايدۇ» دەپ بەزلىگەن؛[34] ۋۇ جۇڭشىنغا كىشىلەرنى بىئارام قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا «چۈڭچىڭغا ۋاقتىنچە كەلمەسلىك» ھەققىدە يوليورۇق بەرگەن؛[35] شىنجاڭدىكى ھەرقايسى قىسىملارغا ئۆز جايىنى چىڭ ساقلاش، «ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يۆتكەلمەسلىك» ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن؛[36] جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىننىڭ ھەر دەرىجىلىك ئارمىيە، خەلق باشلىقلىرىغا ھەرقانداق كىشى بۇيرۇق ئالماي تۇرۇپ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چېكىنسە جەڭدىن قاچقان ھېسابلىنىپ جازاغا تارتىلىدۇ دېگەن بۇيرۇقنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى قايتا-قايتا تاپىلىغان؛[37] جاڭ جىجۇڭغا ئۈرۈشتا ئاجىزلىق قىلغان 29-گۇرۇپپا ئارمىيىنىڭ

باش قوماندانى لى تىيېنجۇنگە مېنىڭ «ئۈمىدىم»نى يەتكۈزۈپ، «ئۇنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا جان پىدا قىلىش روھى، جەڭگە تەڭ ئاتلىنىپ ھايات-ماماتتا بىللە بولۇش ئىرادىسى بىلەن ئۈرۈمچىنى قوغداشقا بۇيرۇڭ» دېگەن.[38]

جياڭ جيېشى ئۈرۈمچىنى جان پىدا قىلىپ قوغداتماقچى بولغىنىدا ھەممىدىن بۇرۇن ئۈرۈمچى شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزى، ئەگەر ئۈرۈمچى قولدىن كەتسە پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ دېگەن ئىستراتېگىيىلىك ئوينى كۆزدە تۇتقان: ئاندىن قالسا تاكتىكا جەھەتنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭنى ساقلاۋاتقان ئارمىيىنىڭ تولىسى پىيادە ئەسكەرلەر، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق دالدىسى يوق دەشتى-باياۋاندا ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارى ناچار، ئۇلار مۇداپىئە ئىستىھكامى سېلىنغان ئورنىدىن ئايرىلسا، قارشى تەرەپنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئاسانلا قوغلاپ يۇرۇپ قىرىۋېتىدۇ، ئىستىھكامدىن چېكىنىپ پۈتۈن ئارمىيە گۇمران بولغاندىن كۆرە، ئىستىھكامنى جان پىدا قىلىپ ساقلاپ ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتكەن تۈزۈك دەپ ئويلىغان.[39] بىراق شۇچاغدا ئۈرۈمچىدە بارى ئاران ئالتە يىڭ ئەسكىرىي كۈچتىن ئىبارەت بولغان، ياردەم بېرىشكە كېلىدىغان قىسىملار ئەڭ تېز بولغاندىمۇ ئون كۈندە يېتىپ كېلەلەيدىكەن، «غۇلجا ئارمىيىسى ئالغا ئىلگىرىلەشنى توختاتسا بىر گەپ»، بولمىسا «ئۈرۈمچىنى ساقلاپ قېلىشقا زادى ئاساس يوق ئىكەن».[40] ئىلى تەرەپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قوزغىمىغان، جاڭ جيېشى جان تىكىپ قوغدىماقچى بولغان ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي شۇندىلا خەتەردىن خالىي بولغان.

## ئىككىنچى، ئۈچ ۋىلايەتنى «تىنچلىق بىتىمى» بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئورۇنۇش (1945 - يىل سىنتەبىردىن 1947 - يىل ئاۋغۇستقىچە)

1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىلا جياڭ جيېشى شىنجاڭ مەسىلىسىنى دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلغان[41]. ئەمما 1945 - يىل 6 - ، 7 - ئايلارغا كەلگەندىلا ستالىنىنىڭ شىنجاڭغا نىسبەتەن زېمىن تەلىپىنىڭ يوقلۇقى ۋە جۇڭگونىڭ قولىدىن كەتكەن زېمىنى ئېلىنى قايتۇرۇۋېلىشى «قانۇنغا مۇۋاپىق ئارزۇ ئىكەنلىكى» ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرگەنلىك خەۋىرى كەينى - كەينىدىن يېتىپ كەلگەن[42]. ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈمىدى تۇغۇلغانلىقىنى ھېس قىلغان جياڭ جيېشى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى تەڭشەشكە كىرىشىپ، جۇ شاۋلياڭغا ئالتاينى «مۇستەھكەم ساقلاش» ھەمدە ئەرتەينى[43] قايتۇرۇۋېلىشنى پىلانلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىنلا جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭغا: «ئادەتتىكى كۆزىتىشتىن قارىغاندا، بۇ يىل 10 - ئايدا ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن بولىدىكەن، شۇڭا چىڭخەيدىكى ئاتلىق 5 - جۇن شىنجاڭغا يېتىپ بېرىشى بىلەنلا، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىغا تەييارلىق كۆرۈشىمىز لازىم» دەپ تاپىلىغان.[44]

جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى ئىنقىلابىنى قوللىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىكەن، ئىلىنى قورال كۈچى بىلەن قايتۇرۇۋېلىش ناھايىتى ئاسانغا توختايدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان. ئەمما ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى

ئىنقىلابىنى داۋاملىق قوللاش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئىلى ئىنقىلابىنى تارباغاتاي، ئالتاي رايونلىرىغا كېڭەيتكەن، بۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشى قولدىن كەتكەن زېمىننى قورال كۈچى بىلەن قايتۇرۇۋېلىش قىيىنلىقىنى تونۇپ يەتكەن. دەل شۇ پەيتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروۋ جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىگە ئىلىدىكى قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ «جۇڭگودىن ئايرىلىشنى تەشەببۇس قىلىش نىيىتى يوق»، ئەمما ئۇلار ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە «ئاپتونومىيە»نى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ دېگەن بىر مەمورانىدۇمنى تاپشۇرغان.[45] جياڭ جيېشى ئاتالمىش «ئاپتونومىيە»نى سوۋېت ئىتتىپاقى پەيدا قىلغان قورچاق دەپ ھېسابلىغان، ئۇ شىنجاڭ قاتارلىق جايلارنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى تاشقى موڭغۇلىيىنى مۇستەقىل قىلىش بەدىلىگە ساقلاپ قالغاچقا[46]، شىنجاڭنىڭ يەنە يەر ئاجرىتىپ «ئاپتونومىيە» بولۇشىغا ئەلۋەتتە يول قويمايتتى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ۋەكىل ئەۋەتىشتە «قولدىن كەتكەن» ئۈچ ۋىلايەتنى سۆھبەت ئۈستىلىدە قايتۇرۇۋېلىشنى مەقسەت قىلغان.

«تىنچلىق بىتىمى» ئىككى تەرەپنىڭ 30 نەچچە قېتىم قايتا-قايتا كېڭەشىشى، مۇھاكىمە قىلىشى، مۇرەسسە قىلىشى ۋە رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىدىن كېيىن تۈزۈلگەن. ئىككى تەرەپ ئىمزالىغان «تىنچلىق بىتىمى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئۈچ ۋىلايەت پۈتۈنلەي شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدىغان بولغان. بىردىنبىر ئالاھىدە يېرى ئالتە تۈمەن ئارمىيە (يېرىمى دۆلەت ئارمىيىسى ۋە يېرىمى ئامانلىق ساقلاش ئەترىتى)نى ساقلاپ قالماقچى بولغان. ئەمما ئاشۇ ئالتە تۈمەن ئارمىيمۇ پۈتۈنلەي گومىنداڭ

ھەربىي سىستېمىسىنىڭ سىرتىدا مۇستەقىل بولماستىن، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى قوماندانلىرىنىڭ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون باش قوماندانى ۋە ئۆلكە بويىچە ئامانلىق ساقلاش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشى لازىم» بولغان: ئارمىيىنىڭ تەمىناتى ۋە كەلگۈسىدىكى قورال-جابدۇقلىرىنى مەركەز شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ نىزامى ۋە ئۆلچىمى بويىچە بېرىدىغان بولغان: ئارمىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى «نۆۋەت بىلەن ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئەۋەتىلىپ ئوفىتسېرلار ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك تەربىيىگە ئىگە قىلىنماقچى بولغان»: ھەربىي قىسىملارغا «ھۆكۈمەت تەلىم-تەربىيە خادىملىرىنى ئەۋەتىپ، مەشىق قىلىشقا ياردەملەشتۈرمەكچى بولغان»؛ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى دۆلەت چېگرىسىنى مۇداپىئە قىلىشقا مەركەزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى ئۈستىگە ئالغان ئارمىيىسى مەسئۇل بولىدىغان بولغان.[47]

ئەمما شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن، مەملىكەت بويىچە تىنچلىق ۋەزىيىتىنى ساقلاش مۇمكىن بولمايۋاتقان يەردە بىر بۇلۇڭغا جايلاشقان شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىنى ساقلاش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن. شۇڭا ئىلى تەرەپ «ئەندىشە»دىن، «گۇمان»دىن خالىي بولالمىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىلى تەرەپ «ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇشىدىن ۋاز كېچىشنى، ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە كىرىشىنى، مەركىزىي ئورگاننىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى خالىمىغان».[48] بۇنىڭ نەتىجىسىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت شەكىل جەھەتتە قۇرۇلغانۇ، ئەمەلىيەتتە ئىككى تەرەپ بىرلەشمەي، بىر-بىرىگە

ھۇجۇم قىلغان. ئىلى تەرەپ گومىنداڭنى «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ دېموكراتىك سىياسىيىنى يولغا قويۇش قاتارلىق ماددىلىرىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلمىدى دەپ ئەيىبلىسە، گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەتنى ئالاھىدە بولۇۋالدى دېگەن. 1947-يىل 8-ئايدا، ئىلى تەرەپ مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولغانلىقىغا قارشىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆرۈمچىدە خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى ۋە باشقا خادىملىرىنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ كېتىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنى «تىنچلىق بىتىمى» ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈش خام خىيالى بەربات بولغان.

## ئۈچىنچى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قوراللىق كۈچلىرى بىلەن تىركىشىپ تۇرۇپ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتۈش (1947-يىل ئاۋغۇستتىن 1948-يىل دېكابىرغىچە)

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەتنى «تىنچلىق بىتىمى» بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈش قىيىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ[49]، شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىشكە باشلىغان[50]. ئىلى تەرەپكە تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ قاتتىقلىشىپ بارغان. 1947-يىل 5-ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلىگەن[51] ھەمدە گومىنداڭغا تەسلىم بولغان ئالتاي ۋالىيسى ئوسماننى ئاشكارا قوللىغان.[52] ئىلى تەرەپنىڭ رەھبەرلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىغا قاتناشماسلىق يولى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن، كېيىن يەنە بەيتىك توقۇنۇشى يۈز بەرگەن.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ھەربىي جەھەتتىن

تىركىشىش ھالىتى باشلانغان. شىنجاڭدىكى ھەربىي دائىرىلەر جياڭ جېيشىنىڭ ئوسماننى قوللاش بۇيرۇقىغا بىنائەن[53]، ئوسماننى نۇرغۇنلىغان قورال، ئوق-دورا ۋە باشقا ھەربىي لازىمەتلىك ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەپ، ئوسماننىڭ بەيتىكنى بازا قىلىپ ئالتايغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشىنى قوللىغان.[54] ئوسمان ئالتاي تەرەپكە تېز ئىلگىرىلەپ، 8-ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئالتاينىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئىشغال قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى تەرەپنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىشىنى قوللىغان، ئوسمان ئالتايدىن يەنە بىر قېتىم قوغلاپ چىقىرىلغان.

گومىنداڭ ئوسمان قىسىملىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قوراللىق ئېلىشىشىغا قاراپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى ئىلىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي ئەمەلىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگەن. گەرچە گومىنداڭ ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەتنى قورال كۈچى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئۈزلۈكسىز چىقىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن جاڭ جىجۇڭ ئۇنىڭغا ھەممىدىن بۇرۇن قەتئىي قارشى تۇرغان. جاڭ جىجۇڭ ئۇرۇشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەرگە نەسىھەت قىلىپ: سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا ئۇرۇش قوزغاشنى ياكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۇرۇش قوزغىشىنى قوللاشنى خالىمايدۇ، ئەگەر گومىنداڭ تەرەپ ئالدى بىلەن ئۇرۇش قوزغايدىغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۈتۈنلەي گۇمران بولۇشىنى خالامدۇ؟ ئەخمەتجان بىرسىگە: سىلەر ئۇرۇش قوزغىساڭلار، بەلكىم شىخونى ئىشغال قىلالايسىلەر؛ ئۈچ ۋىلايەتنى ئىشغال قىلغان تەقدىرىڭلاردىمۇ، بىز پۈتۈن شىنجاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارالايمىز دەپتۇ دېگەن.[55] تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپ بىرقەدەر قۇدرەتلىك ھەربىي ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولغان پەيتتە، ھېچقايسى تەرەپ يەڭگىللىك بىلەن ئۇرۇش قوزغاشقا پېتىنمىغان، شۇنىڭ بىلەن

ئۇرۇشتىن ۋاقتىنچە خالىي بولغان.[56]

## تۆتىنچى، شىنجاڭنىڭ رېئال ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەتكە يول قويۇش
## (1948 - يىل دېكابىردىن 1949 - يىل سېنتەبىرگىچە)

1948 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، گومىنداڭ مەملىكەت بويىچە ھەممە ئۇرۇش مەيدانلىرىدا زەربە يەيدىغان پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ، مەغلۇپ بولۇش ھالىتى ئاشكارىلىنىپ قالغان. ئەنە شۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىي ھۇجۇم قوزغىشىدىن قورققان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ھەربىي جەھەتتە تىركىشىش ھالىتىنى تېزدىن ئاياغلاشتۇرماقچى بولغان.

ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا بىرىنچىدىن شىنجاڭدىكى ھەربىي - ساقچى ئورگانلىرىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەت قىلىش مەسىلىسى[57]، ئىككىنچىدىن مەسئۇدنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش مەسىلىسى توسالغۇ بولغان. سۇڭ شىلىيەن شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى، شىنجاڭدىكى ھەربىي - ساقچى ئورگانلىرىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەت قىلغانلىقىدىكى ئاساسىي جاۋابكارلىق شۇنىڭ ئۈستىدە بولغانلىقى ھەمدە ئۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭ ھەممىدىن بۇرۇن جياڭ جيېشىغا ئىلتىماس قىلىپ سۇڭ شىلىيەننى ئىچكىرىدە ھەربىي باشلىق بولۇشقا يۆتكىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇري مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تاۋ سىيۈنى قويغان. ئىككىنچى قەدەمدە جاڭ جىجۇڭ بىر ئامال قىلىپ مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن

ئالماشتۇرۇۋەتمەكچى بولغان، ئۇ مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۆزى نەنجىڭغا بېرىپ، مەسئۇدنى ئالماشتۇرۇش سەۋەبلىرىنى جياڭ جيېشىغا ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرگە چۈشەندۈرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بار بۇرھاننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ كېيىنكى رەئىسلىكىگە ئالاھىدە كۆرسەتكەن. جياڭ جيېشى جاڭ جىجۇڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان. 1948-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مىللىي ھۆكۈمەت مەسئۇدنى ئالماشتۇرۇش بۇيرۇقىنى جاكارلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا بۇرھاننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەن.

1949-يىل 1-ئايدا مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ لى زوڭرېن زۇڭتۇڭنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن قوراللىق تىركىشىش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، شىنجاڭدا چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن بىر يىڭلا ئەسكەر قالدۇرۇپ، قالغان قىسىملارنى بىر-بىرلەپ ساناپ ئىچكى ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە يۆتكەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاشنى كۆزدە تۇتۇپ»[58]، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو-سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل بولۇشنى قارار قىلغان. غەربىي شىمالنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي قوماندانلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن ما بۇفاڭ[59] ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەر قىسمىنى لەنجۇغا چېكىندۈرۈپ ئۆز ئۇۋىسىنى ساقلىتىشنى يېپىش ئۈچۈن جۇڭگو-سوۋېت سۆھبىتىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشقا

بەكرەك شاپاشلىغان.

ئەمما گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققان تاۋ سىيۆ شىنجاڭ ئەھۋالىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، «ئەگەر ئارمىيە يۆتكەپ كېتىلسە، زېمىنى شۇنچىۋالا كەڭ رايوندا بوشلۇق ھاسىل بولۇپ، مۇقىملىقنى ساقلاش مۇقەررەر تەس بولىدىغانلىقىنى»نى، «ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەربىي قىسىم ئىچكىرىگە بارسا ئىچكى ئۇرۇشقا قاتنىشىشتىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكى»نى، بۇنداق بولۇشنى ئۆزى خالىمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇرلۇك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈپ، ئاشۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىغان. جۇڭگو-سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ھەققىدە ئاللىقاچان باشلانغان سۆھبەتكە كەلگەندە، سۆھبەتكە ئەمەلىي رىياسەتچىلىك قىلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشى جۇڭگو-سوۋېت سودا سۆھبىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ ھېسابلاپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ لەنجۇ قولدىن كەتكەن، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ چېكىنىش يولى ئۈزۈلگەن ۋەزىيەت ئاستىدا سۆھبەتنى توختىتىش ھەققىدىكى يوليورۇقىنى ئىجرا قىلماي، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ سودا كېلىشىمى»نى ئىمزالىغان، بىرلا يېرى سۆھبەت كېلىشىمىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەستىقلىمىغان خالاس.

## 2 ـ پاراگراف شىنجاڭ مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان سىياسەت

### بىرىنچى، باشتىن ـ ئاخىرغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇرەسسەلىشىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

1943 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقارغاچقا، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى جىددىي بۇزۇلۇش ياساپ توڭلاش مەزگىلىگە قەدەم قويغان. شىنجاڭدەك تەسىر دائىرىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا كۆڭلى تىنمىغان سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا گومىنداڭغا ئۈزلۈكسىز ئاۋارىگەرچىلىك پەيدا قىلىپ تۇرغان. بۇ مەسىلىنى، يەنى شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى تولىراق سوۋېت ئىتتىپاقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭ مەسىلىسى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى گومىنداڭ ئىچىدىكىلەرمۇ ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەن. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى مۆلچەرلەشتە ئۈمىدۋار بولمىغان، باشقىچە ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى جياڭ جيېشىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن جەزمەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى يولغا ماڭىدىغانلىقىنى ئالدىن پەملىگەن. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ شىنجاڭ مەسىلىسىدە بوش قويۇۋېتىشنى خالىمىغان. گومىنداڭ تەرەپ شىنجاڭ مەسىلىسىدىكى ئاساسىي تۈگۈننىڭ نەدىلىكىنى ئېنىق كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇچاغدىكى پۈتكۈل خەلقئارا ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئوبدان مۇناسىۋەتنى ئىدېئولوگىيە چېگرىسىدىن ھالقىغان ھالدا ساقلاپ قېلىشى

مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلىغان. شۇڭا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جۇڭگو-سوۋېتنىڭ ئەمەلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتىكى كۆرۈنەرلىك پەرقنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭغا دائىر بىر قاتار مەسىلىلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇرەسسەلىشىش سىياسىتىنى كۈچەپ يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان.

1) ئالتاي ۋەقەسى

1944-يىل 3-ئايدا، گومىنداڭ ئارمىيىسى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە ئالتايلىق قازاقلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچى-ئوسمان قىسىملىرىنى قورشاپ يوقىتىۋاتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى كۆپ قېتىم ئايروپىلان چىقىرىپ دۆلەت ئارمىيىسىنى بومباردىمان قىلغان. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى بۇ ۋەقەنى باش ئەلچى پانيۇشكىنغا يۈزتۇرانە ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئايروپىلان مەنبەسىنى تەكشۈرۈشنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئېيتىپ قويۇشىنى تاپىلىغان. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئەكسىچە گەپ قىلىپ، جۇڭگو قوشۇنلىرى تاشقى موڭغۇلىيىگە قېچىپ كېتىۋاتقان شىنجاڭلىق قازاقلارنى چېگرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ قوغلاپ بومباردىمان قىلغاچقا، تاشقى موڭغۇلىيە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن شىنجاڭ قوشۇنلىرىغا قارشى تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان، ئەگەر شىنجاڭ ئارمىيىسى كەلگۈسىدە موڭغۇلىيە چېگرىسىنى بۇزىدىغان يەنە شۇنداق ۋەقە پەيدا قىلسا، سوۋېت ھۆكۈمىتى 1936-يىلى موڭغۇلىيە بىلەن ئىمزالىغان ئۆز-ئارا ياردەملىشىش شەرتنامىسى بويىچە موڭغۇلىيىگە ھەرقانداق زۆرۈر ياردەم ۋە مەدەت بەرمەي تۇرالمايدۇ دېگەن.[60] 1924-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ ھەل بولماي كەلگەن ۋەقەلەرنى ھەل قىلىش پروگراممىسىدا تاشقى موڭغۇلىيىنى جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىر قىسمى دەپ ئېتىراپ قىلغان، 1936-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە

بىلەن ئۆزئارا ياردەملىشىش شەرتنامىسىنى ئىمزالىغانلىقى جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىقى بولاتتى. شۇ شەرتنامىگە ئاساسەن جۇڭگوغا قوراللىق تەھدىت سالغانلىقى پۈتۈنلەي يولسىزلىق ئىدى.

ئەمما شۇ پەيتتە جياڭ جيېشى ياپونىيىنىڭ بېيپىڭ - خەنكۇ تۆمۈر يولىدىكى جېڭجۇ، لوياڭ رايونلىرىدا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ[61]، شىنجاڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە بىرەر ئىش قىلىشقا چامىسى يەتمىگەن. ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن. جياڭ جيېشى جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇبۇدىن 120 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئېرتەيگە چېكىنىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.[62] ئەمما سوۋېت ئايروپىلانلىرى داۋاملىق كېلىپ بومباردىمان قىلىپ تۇرغان. 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جياڭ جيېشى ئۆز خاتىرىسىدە ئۆز - ئۆزىنى مەسخىرىدىن ئاقلىغاندەك ئامالسىزلىق كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ: «روسىيىنىڭ ۋەھشىيلىكى ئالدىدا چىشىمنى چىشلەپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم؛ شەكىل جەھەتتە ناھايىتى ئاجىزلىق قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن دىپلوماتىيە شارائىتىدا بىردىنبىر يول شۇ. ئەگەر بىز ئۇلار بىلەن قائىدە بويىچە ئۈستۈنلۈكنى تالىشىدىغان بولساق، روسىيە پايدىلىنىدىغان يوچۇققا تېخىمۇ كۆپ ئىگە بولىدۇ؛ بىز تاشقى ياردەمسىز بولغاچقا جەزمەن خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز» دېگەن.[63] جياڭ جيېشى داۋاملىق «چىشىنى چىشلەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقى» ئۈچۈن، جۇڭگو ئارمىيىسىگە توقۇنۇش پەيدا قىلىشتىن بار كۈچى بىلەن ساقلىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ. ئاخىرى ئەھۋالنى تەدرىجىي پەسەيتىپ بارغان. كېيىنچە جياڭ جىڭگو ئاشۇ ۋەقەگە باھا بېرىپ: «ئاجىز دۆلەتتە دىپلوماتىيە بولمايدىكەن، خەق پىچاق بوپقالدى، بىز لوق گۆش، يامانغا خوش دەپ ئىتائەت

قىلىشقا، ئومۇملۇقنى كۆزلەپ مادارا قىلىشقا. ئىككى زىيانغا دۇچ كەلگەندە ئاز زىيان تارتىدىغان تەرىپىنى تاللاشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز» دېگەن.[64]

## 2) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەسىلىسى[65]

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىنقىلابىنى قوزغىغان ۋە قوللىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلىپ تۇرغان. ئىلى ئىنقىلابى باشلىنىشى بىلەنلا جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى قوللىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش يوللىرىنى ئىزدىگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يېۋسىيېۋ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگو-سوۋېت ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا سودا ئىشلىرىنىڭ راۋان بولۇشىنىلا ئارزۇ قىلىپ كەلدى دېگەن.[66] جياڭ جيېشى دەرھال مەسلىھەتچىلەر ئىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بۇ داۋمىڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ۋەكىلى سگاۋسو بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا ئەۋەتكەن، 1944-يىل 12-ئايدا ئۇنى يەنە ئۈرۈمچىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى بىلەن «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق» ۋە چېگرا رايوندا ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئامانلىق ساقلاش توغرىسىدا سۆزلىشىشكە، سۆھبەتنىڭ «غۇلجا توپىلىڭى»غا تەسىر كۆرسىتىش-كۆرسەتمەسلىكىنى كۆزىتىشكە ئەۋەتكەن. جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىنغمۇ: «روسىيىگە قارىتا دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى شۇ يەردىلا ئېلىپ بېرىڭلار، ئازراقلا ئۈمىد بولسا، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق جەھەتتە ئىمكانقەدەر يول قويۇپ، زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىش لازىم» دەپ ئالاھىدە تاپىلىغان.[67]

يېۋسىيېۋ ئىلى قوزغىلىڭى «ئومۇمىي خەلق خاراكتېرىدىكى

قوزغىلاڭدەك قىلىدۇ»، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقىسى يوق دېگەن، نەتىجىدە بۇ داۋىمىڭ چېگرا رايوندا ھەمكارلىشىپ ئامانلىق ساقلاش ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بارالمىغان. بۇ داۋامىڭ شىنجاڭ-سوۋېت سودىسى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان لايىھە ھەققىدە، يېۋسېيېۋ ئۇنى پەقەت شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا شىركىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سودا خەلق كومىسسارىياتى شىنجاڭدا تورۇشقا ئەۋەتكەن ئورگان ئوتتۇرىسىدىكى سودا بولۇپ قاپتۇ، «ھەمكارلىشىش دائىرىسى بەك تار بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ» دەپ ھېسابلىغان ھەمدە سوۋېت ھۆكۈمىتى ماڭا بۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىنى بەرگىنى يوق دېگەن.[68] سۇڭ زىۋېن بۇ دامىڭ بىلەن يېۋسېيېۋنىڭ سۆھبەتلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئالاقىدار تارماقلارنى يىغىپ كېڭەشىش ئارقىلىق «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى جۇڭگو-سوۋېت سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ھەققىدىكى تەكلىپ»نى، ئىشلەپ چىقىپ، سودا جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئېلىپ بېرىشى پرىنسىپ قىلىنىدۇ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق جەھەتتە شېرىكلىشىپ كان ئېچىشقا، زاۋۇت قۇرۇشقا بولىدۇ، قاراماي نېفىت كېنى جەھەتتىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن ھەمكارلىشىشىنى قارشى ئالىمىز ھەمدە بىر قىسىم نېفىتنى سوۋېت تەرەپكە سېتىپ بېرىمىز دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.[69] 1945-يىل 1-ئاينىڭ 29-كۈنى، سۇڭ زىۋېن بۇ تەكلىپنى سگاۋسوغا يۇزمۇ-يۈز تورۇپ تاپشۇرۇپ «سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە قايتا ۋەقە تۇغدۇرماسلىقىنى ئۈمىد قىلغان»[70]. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ جاۋاب قايتۇرماي[71]، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا سودا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش يولىنى ئېتىپ تاشلىغان.

«جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى»دە سوۋېت ئىتتىپاقى كۆرۈنۈشتە شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق ھەققىدە ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ[72]. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىلىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشىغا ئاستىرتىن ياردەم بەرگەن ھەمدە جىڭ، شىخو ئۇرۇشلىرىدا ھاۋا ئارمىيىسىنى چىقىرىپ ئۇرۇشقا ياردەملەشكەن. جياڭ جيېشى گەرچە «قاتتىق چۆچۈپ غەزەپلەنگەن بولسىمۇ»، لېكىن شەرقىي شىمال مەسىلىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭ قولدىن كېتىدىغاندەك قىلسىمۇ «پائال قارشىلىق» كۆرسەتمىگەن. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسى خەۋپ ئاستىدا قالغان جىددىي پەيتتە، جياڭ جيېشى جۇ شياۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىنغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىغا «ياردەم بەرگەنلىكى» ھەققىدىكى دەلىل - ئىسپاتلارنى «بىر ئىلاج قىلىپ تopلاش» ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن[73]. ئەمما بۇ «دەلىل - ئىسپاتلار»نى جياڭ جيېشى ۋاقتىنچە «ئاشكارىلىماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان»[74]. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان دىپلوماتىيە ۋە تەشۋىقات جەھەتتىمۇ «تېگىشلىك ۋە مۇۋاپىق ئىپادە بىلدۈرۈش، سوۋېت تەرەپكە باھانە تېپىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن چىشىغا تېگىشتىن ساقلىنىش لازىم» دېگەن[75].

3) بەيتىك ۋەقەسى

بەيتىك تېغى ئۈرۈمچى، ئالتاي، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى ئارىسىغا جايلاشقان مۇھىم ئۆتكەل، شۇنداقلا گوچۇڭ، باركۆللەرنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى توسۇق بولۇپ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولغان. گومىنداڭنىڭ بەيتىك تېغىدا بىر لىيەن ئەسكىرى تۇرىدىكەن. 1947 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن ئېتىبارەن، موڭغۇلىيە ئارمىيىسى بەيتىك تېغى موڭغۇلىيە زېمىنى دېگەننى باھانە قىلىپ، كۆچەيتىلگەن بىر يىڭ ئەسكىرى بىلەن سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ ھىمايىسىدە جۇڭگو

ئارمىيىسى تورۇشلۇق جايغا ئۇزلۇكسىز ھۇجۇم قىلغان. ئەنە شۇ بەيتىك ۋەقەسى دەپ ئاتالغان. دەسلەپتە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بەيتىك ۋەقەسىگە ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان. بىر تەرەپتىن تەشۋىقات ئاپپاراتلىرىنى ئىشقا سېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئىلگىرى-ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن موڭغۇلىيىگە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرگەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇنداق قىلىشىغا ھەممىدىن بۇرۇن شەرقىي شىمال مەسىلىسى سەۋەب بولغان. ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي شىمالنى مۇستەقىل ئىشغالىيەت دائىرىسىگە ئايلاندۇرۇشنى ئويلاپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ قول تىقىشىغا يول قويمىغان: جياڭ جيېشى بولسا شەرقىي شىمالغا ئامېرىكىنىڭ كۈچىنى باشلاپ كىرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشنى ئويلىغان. گومىنداڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي شىمالدا ھەمكارلىشالمىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى يۇرۇلۇپلا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالدا ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتىشىنى قوللىغان. جياڭ جيېشى بەيتىك ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئالدىدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۈچلىرىگە زەربە بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ئاندىن قالسا، بەيتىك ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشىگە ئوسمان بىلەن مەسئۇد مەسىلىسى سەۋەب بولغان-بولمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ۋەقە قانداقلا بولمىسۇن جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ زېمىن تالىشىشى شەكلىدە ئىپادىلەنگەن، ئەگەر جۇڭگو «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن موڭغۇلىيىگە جىددىي دىپلوماتىيە يولى بىلەن» ئېتىراز بىلدۈرمىگەن بولسا، ئەمەلىيەتتە «ھۆكۈمەت بۇ ۋەقەنى ئىنكار قىلغان ياكى تاجاۋۇزغا ئاشكارا يول قويغان بولاتتىكەن»[76]: شۇ سەۋەبتىن جياڭ جيېشى بەيتىك ۋەقەسى مەسىلىسىدە چىڭ مەيداندا تۇرۇپ،

بەيتىك تېغىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىگە ئىستىھكامنى چىڭ ساقلاش، ئەسلىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقان جاينى ھەرگىز قولدىن كەتكۈزۈپ قويماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.[77]

ئەمما تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا جۇڭگو ئاجىز دۆلەت بولغاچقا. بەيتىك ۋەقەسى مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەسكىن قارشى تۇرىدىغان بولسا، شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشى، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تېخىمۇ قىيىنلىشىشى مۇمكىن ئىكەن. شۇڭا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىلگىرىلىگەن بولۇپ چېكىنىش ھىيلىسىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن، تېز ئارىدا مەركىزىي سىياسىي كومىتېتىنىڭ ئىچكى ئىشلار، تاشقى ئىشلار، ھەربىي ئىشلاردىن ئىبارەت ئۈچ مەخسۇس ھەيئىتىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى شۇ ۋەقە توغرىسىدا قارشى تەدبىر بەلگىلىگەن، ئۇنىڭدىكى ھەممىدىن مۇھىم بىر ماددا «ۋەقەنى كېڭەيتمەسلىك» دېگەندىن ئىبارەت بولغان[78]. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى يې گۇڭچاۋ شىنجاڭنىڭ ھەربىي قوماندانىغا بەيتىك تېغىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىگە چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇقنى، يەنى «ۋەقەنى كېڭەيتىۋېتىدىغان ھەرىكەتلەردىن تىرىشىپ ساقلىنىش» بۇيرۇقنى يەتكۈزۈش توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق يوليورۇق كۆرسەتكەن[79]. غەربىي شىمالنىڭ ئالىي ھەربىي-مەمۇرىي باشلىقى بولغان جاڭ جىجۇڭمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بەيتىك ۋەقەسى مەسىلىسىدە مۇرەسسە سىياسىتىنى قوللىنىشىنى كۈچەپ قۇۋۋەتلىگەن. ئۇ جياڭ جيېشىغا ۋە مەركەزدىكى باشقا مۇھىم ئەربابلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەشۋىقاتنى توختىتىش توغرىسىدا كەينى-كەينىدىن تېلېگرامما يوللىغان ھەمدە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بەي چۇڭشىنىڭ بەيتىك ۋەقەسى مەسىلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭغا

قىلماقچى بولغان سەپىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە جياڭ جىيېشىغا جىددىي تېلېگرامما بەرگەن، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى مەيداندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان بەي چۇڭشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېشىغا تېگىپ سېلىشىدىن ئەنسىرىگەن. بەيتىڭ توقۇنۇشى ئەمەلىيەتتە 1948-يىل 9-ئايغىچە داۋاملاشقان[80]، ئەمما گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بەيتىڭ ۋەقەسىنى سىياسىي جەھەتتىن ئەتەي كۆپتۈرۈپ كۆرسەتمىدىغان ئىشنى ئاساسىي جەھەتتىن قايتا ئېلىپ بارمىغان.

4) 1949-يىلى شىنجاڭ-سوۋېت سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت

يۇقىرىدا سۇڭ زىۋېننىڭ «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى جۇڭگو-سوۋېت سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ھەققىدىكى تەكلىپ»نى سوۋېت تەرەپكە تاپشۇرسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاۋاب قايتۇرمىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق: 1946-يىل 11-ئايدا، جاڭ جىجۇڭ «جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى جۇڭگو-سوۋېت سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ھەققىدىكى تەكلىپى»نى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ساۋېلىيېۋقا يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ تاپشۇرسا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ يەنە ئۇزاققىچە جاۋاب قايتۇرمىغان. ئەمما 1949-يىلىنىڭ بېشىدا گومىنداڭنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇل-كېسىل گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى موسكۋانىڭ تەستىقىغا بىنائەن، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خاس ۋەكىلى ليۇ زېرۇڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەر ئاساسىدا شىنجاڭ-سوۋېت سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى تۇساتتىن ئاغزاكى بايان قىلغان. روشەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا ئالاھىدە ھوقۇق - مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان شەرتنامىنى ئىمزالاپ، ئۇنى يېڭى جۇڭگو بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى دەسمايىسى قىلماقچى بولغان.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى غەربىي شىمال ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش، ئارقا سەپتىكى تەھدىتنى ئىمكانقەدەر ئازايتىشنى كۆزدە تۇتۇپ[81]، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۆھبەت ھەققىدىكى تەلىپىگە ماقۇل بولۇشنى قارار قىلغان ھەمدە مەمۇرىي پالاتا باشلىقى سۇن كې جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆھبەت ئىشلىرىغا تولۇق ھوقۇق بىلەن مەسئۇل بولۇشى ھەققىدە يوليورۇق كۆرسەتكەن[82]. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئالاھىدە مۇددىئانى كۆزدە تۇتۇپ ئېلىپ بارغان ئىقتىسادىي سۆھبەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە ئىنتايىن زور دەرىجىدە يول قويغان ۋە مادارا قىلغان، ئاساسىي جەھەتتىن ئانچە كۆپ تالاش - تارتىش قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا تېزدىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تۆۋەندىكىچە كېلىشىم ھاسىل قىلغان: سوۋېت سودا ئورگانلىرى جۇڭگو تەرەپنىڭ ھۆكۈمەت سودا ئورگانلىرى، شىرىك تەشكىلاتلىرى، سودا - سارايلىرى ۋە سودىگەرلىرى بىلەن سودا قىلسا بولىدۇ؛ جۇڭگو تەرەپ سوۋېت سودا ئورگانلىرىدىن ئالىدىغان ئىمپورت - ئېكسپورت بېجى ئۆز دۆلىتىنىڭ سودا ئورگانلىرىدىن ياكى سودىگەرلىرىدىن ئالىدىغان بېجىدىن ئۈستۈن بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم؛ ئىككى تەرەپ شىنجاڭدا جۇڭگو - سوۋېت ھەمكارلىق شىركىتىدىن ئىككىنى قۇرۇشقا قوشۇلدى، ئۇنىڭ بىرى رەڭلىك ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار (ئالتۇن - كۈمۈش، ئاق ئالتۇن بۇنىڭ سىرتىدا)نى قىدىرىش ۋە قېزىش، يەنە بىرى نېفىت ئېلىش ۋە چەككىلەش شىركىتى بولىدۇ. ئۇيۇشتۇرۇش ئۇسۇلى: ئىككى

تەرەپ پاي دەسمايىسىنى تەڭ يېرىمىدىن چىقىرىدۇ، ئىشلەپچىقىرىلغان قىزىلما بايلىقنى ئىككى تەرەپ تەڭ يېرىمدىن سېتىۋالىدۇ. شىركەتنىڭ مۇدىرلىرى ئىككى تەرەپتىن تەڭگە تەڭ قويۇلىدۇ، مۇدىرىيەتنىڭ باش مۇدىرى جۇڭگولۇق، مۇئاۋىن باش مۇدىرى سوۋېتلىك بولىدۇ، باش دىرېكتور سوۋېتلىك، مۇئاۋىن باش دىرېكتور جۇڭگولۇق بولىدۇ، باش ھېساب تەكشۈرگۈچى جۇڭگولۇق، مۇئاۋىنى سوۋېتلىك بولىدۇ، شىركەتنىڭ خىزمەتچىلىرى ئىككى تەرەپتىن تەڭ يېرىمدىن قويۇلىدۇ ۋە باشقىلار.[83] ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلغان پەيتتە، سوۋېت تەرەپ بىردىنلا پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدىغان يەنە بىر مۇنچە تەلەپلەرنى كۆپەيتكەن، مەسىلەن، نېفىت ۋە مېتال شىركىتى مۇھاپىزەتچىلەرنى ئۆزى سەپلەش، تۆمۈر يول ياساش، تاشيوللارغا تېلېفون سىمى تارتىش، سىمسىز تېلېگراف ئالاقىسىدىن پايدىلىنىش، ترانسپورتنى سوۋېتلىكلەر ئۆز ئايروپىلانى بىلەن ئېلىپ بېرىش، سوۋېت تەرەپنىڭ سودا ۋە كان خادىملىرى جۇڭگو چېگرىسىدىن ئەركىن كىرىپ-چىقىش ۋەھاكازا.[84]

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى سوۋېت تەرەپنىڭ ھاسىل قىلىنىپ بولغان كېلىشىمنى ئۆزگەرتىشكە ئېھتىمال ئىلگىرىلىگەن بولۇپ چېكىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جۇڭگو تەرەپنى ماقۇل بولغان ماددىلار بويىچە كېلىشىم ئىمزالاشقا مەجبۇرلىماقچى بولغانلىقى سەۋەب بولغان دەپ ھۆكۈم قىلغان.[85] پەقەت غەربىي شىمالنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتى كۈندىن-كۈنگە جىددىيلەشكەنلىكى، بولۇپمۇ لەنجۇنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھۇجۇم بىلەن ئالغاندىن كېيىن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ چېكىنىش يولى ئۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈنلا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سۆھبەت جەريانىدا ھەرقانچە يول قويغان

ياكى ھەرقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلىغان بىلەنمۇ گومىنداڭنى شىنجاڭدا مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرالمايدىغانلىقىنى سەزگەچكە سوۋېت ۋەكىلىگە سوۋېتنى بىر ئىلاج قىلىپ تۇختىتىش ھەققىدە يولىيورۇق كۆرسەتكەن، سوۋېت ۋەكىلى ئىمزا قويغان «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ سودا كېلىشىمى» نىمۇ تەستىقلىمىغان.

يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان بىرقاتار پاكىتلاردىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا مۇرەسسەلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى گومىنداڭنىڭ ئۆزىمۇ ئىنكار قىلمىغان: «تەكشۈرۈشىمىزچە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇھىم بولغاچقا، نەچچە يىلدىن بۇيان ھۆكۈمەت دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك پرىنسىپى ئاستىدا، شىنجاڭنى تۇراقلاشتۇرۇشنى كۆزلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يول قويماي تۇرالمىدى.»(86)

## ئىككىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىگە ئەنگلىيە، ئامېرىكا كۈچلىرى ئارقىلىق توسقۇنلۇق قىلىنىشى

1942 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، خې يىڭچىن رىياسەتچىلىك قىلىپ تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئومۇمىي پىلانى» دا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا خرىستىئانلىرىنى بىر ئامال قىلىپ شىنجاڭغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كىرگۈزۈپ «سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆپرەك ئالدى ـ كەينىگە قاراپ، ئۆزىنى تارتىپراق ھەرىكەت قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش» تۈنجى قېتىم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.(87) 8 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي بىلەن جۇ شاۋلياڭ جياڭ جيېشىغا يوللىغان ئالاقىسىدە يەنە

بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ: «سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىر ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇۋاتىدۇ، بىز ئەنگلىيىلىك، ئامېرىكىلىق زاتلارنىڭ دائىم شىنجاڭغا كېلىپ تۇرۇشىنى قارشى ئېلىشىمىز، بولۇپمۇ ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە كونسۇل قويۇشىنى ئۈمىد قىلىشىمىز، زوررۇر تېپىلغاندا ئەنگلىيىلىك، ئامېرىكىلىق تېخنىك خادىملارنى ۋە مەسلىھەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچىگە تايىنىپ ئېچىشىمىز لازىم» دەپ تەكلىپ بەرگەن.[88] جياڭ جيېشى بۇ تەكلىپكە «شۇ بويىچە بېجىرىلسە بولىدۇ» دەپ تەستىق سالغان[89]. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى جياڭ جيېشىنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن، ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا تەسىس قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان، ھەتتا شىنجاڭدا مۇھاجىرلىرى يوق ئامېرىكىنىڭمۇ كونسۇلخانا تەسىس قىلىشىنى تەكلىپ قىلغان. ئامېرىكا ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا تەسىس قىلىشتا «سوۋېت ئىتتىپاقىنى نازارەت قىلىش»نى مەقسەت قىلغان.[90]

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلىرى شىنجاڭدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قايتا باستۇرۇپ كىرىشىنى توسۇشتا «ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ پوزىتسىيىسى ھەل قىلغۇچ» دەپ ھېسابلىغان.[91] 1944-يىل 3-ئايدا سوۋېت ئايروپىلانلىرى چېگرىدىن ئۆتۈپ جۇڭگو ئارمىيىسىنى بومباردىمان قىلغاندا، جياڭ جيېشى ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلتقا ئۈزلۈكسىز خەۋەر قىلىپ، روزۋېلتنىڭ «مۇمكىن بولغان ھەممە تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىپ»، ۋەقەنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسۇشىنى ئېيتقان.[92] جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن «بۇنى يەرلىك ۋەقە دەپ قاراشقا

بولمايدۇ، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى يىراق شەرق سىياسىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر ئالامىتى»، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىمۇ «مەلۇم دەرىجىدە يارىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ» دېگەن.[93] روزۋېلت گەرچە جياڭ جيېشىنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلمىغان، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيىنىڭ «كېلىشىشى» «پۈتۈنلەي ئىشەنچلىك ئەمەستەك قىلىدۇ» دەپ ھېسابلىغان بولسىمۇ[94]. لېكىن ئۇ يەنىلا مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ۋاللاتسېنى موسكۋا بىلەن چۇڭچىڭغا ئەۋەتىپ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جىددىي مۇناسىۋىتىنى كېلىشتۈرگەن، بۇ ھال ئالتاي ۋەقەسىنى تىنچىتىشتا مەلۇم رول ئوينىغان.

1945-يىل 9-ئاينىڭ باشلىرىدا، سوۋېت ئايروپىلانلىرى جىڭ، شىخولارنى بومباردىمان قىلغاندا، جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خۇرلېي بىلەن جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ۋېدېمېيېرنى تەكلىپ قىلىپ قارشى تەدبىر ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكەن، «ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈشكە قاتنىشىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىشنى ئىنتايىن خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن».[95] ئۇنىڭدىن باشقا جياڭ جيېشى يەنە مۇشۇ ۋەقە توغرىسىدا سۇڭ زىۋېننىڭ «ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىدا ئەھۋالغا قاراپ مەسلىھەتلىشىش»نى تەلەپ قىلغان.[96] سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە ئىلى جىڭ، شىخو مۇداپىئەلىنىيىسىنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئەسكەرسىز بوش قالغان ئۈرۈمچىگە غەلىبە بىلەن قىلىچ ئوينىتىپ توپتوغرا بېسىپ كىرمىگەن. بۇنىڭغا مۇھىمى ئۈرۈمچىدە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ كونسۇلخانىلىرى بولغانلىقى سەۋەب بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى قوللاۋاتقانلىقىنى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا

دىپلوماتلىرىنىڭ بىۋاسىتە كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمىغان ئەلۋەتتە.

بەيتىڭ ۋەقەسى باشلانغاندا، شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى سۇڭ شىلىيەن سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنى بومباردىمان قىلغانلىقىنى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا خەۋەر قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بەيتىڭ ئۇرۇشىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنىڭ كۆچۈرمىسىنى ئامېرىكا تەرەپكە يوللاپ تۇرغان.[97] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ يەنە ئامېرىكا مۇخبىرىنىڭ بەيتىڭدىكى ئالدىنقى سەپنى زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىپ ۋە ياردەملىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئامېرىكىدىن پايدىلىنىپ جامائەت پىكرى بېسىمى پەيدا قىلغان.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، گومىنداڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتىنى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىدىن پايدىلىنىپ ئىسكەنجىگە ئېلىشى مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشكەن؛ ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «گومىنداڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىرلىشىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقا سېپىگە خەنجەر سانجىغانلىق بىلەن باراۋەر بولغان»[98]، بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا جىددىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولغان. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دۇنيانى تالىشىشتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئېھتىياجى سەۋەب بولغاندىن تاشقىرى، شىنجاڭنىڭ مول بايلىقىغا چىشىنى بىلىگەنلىكىمۇ سەۋەب بولغان.[99]

# ئۈچىنچى، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا قوشنىدارچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە يول قويۇلۇشى

شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالاقىسى يېقىن بولۇپ كەلگەن، ئەزەلدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بولۇپ كەلگەن جياڭ جېيشى ئىلگىرى شېڭ شىسەيگە: شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «بولۇپمۇ يېقىن قوشنا بولۇپ ئۆتۈش زۆرۈرىيىتى بار» دېگەن[100]. ئۇ ۋۇ جۇڭشىننى تاللاپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلەشتە «ئىچكى - تاشقى جەھەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ»[101]. «خەق» ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ دېگەننى ئاساس قىلغان.[102] بۇ يەردە ئېيتىلغان «تاشقى جەھەت» ۋە «خەق» سوۋېت ئىتتىپاقىغا، يەنى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ بۇ يەرلىك باشلىقىنى لايىق كۆرۈدىغانلىقىغا قارىتىلغان. ۋۇ جۇڭشىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆڭلىدە قارشى تۇرۇپ كەلگەن، ئەمما ئۇ شىنجاڭ شارائىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشنىڭ «سىرت بىلەن چىقىشىش، ئىچكى قىسىمنى تىنچلاندۇرۇش» تىن ئىبارەت فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويۇپ[103]. «شىنجاڭ گېزىتى»گە مەركىزىي ئاگېنتلىقنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى خەۋەرلىرىنى باسماسلىق، قول ئاستىدىكىلەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئاشكارا ھەرىكەت قىلدۇرماسلىق ۋە باشقىلار توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ ئىچىدە بۇرۇندىلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن، جياڭ جېيشى ئەنە شۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى شىنجاڭغا سۆھبەتكە رىياسەتچىلىك قىلىشقا

ئەۋەتكەن[104]. جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭنى باشقۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سىياسەتنى مۇتلەق قوللىنىشقا بولمايلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە، چوقۇم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش لازىملىقىنى. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا ۋە شىنجاڭنى تۇراقلاشتۇرۇشقا، شىنجاڭنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن، شۇڭا جياڭ جيېشى ئۇنىڭ شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشىگە يول قويۇپ بەرگەن. يەنى جياڭ جيېشى ئۇنىڭ شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشىگە قوشۇلغان.[105] جاڭ جىجۇڭ ۋۇ جۇڭشىندىن باشقىچە يول تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى ئېغىزىدىلا دەپ قالماي، بەلكى بۇ سىياسەتنى كونكرېت ھەرىكىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ مىڭ توننىدىن ئارتۇق ماددىي ئەشياسى قۇمۇل بىلەن شىڭشىڭشيادا تۇرۇپ قالغان، جاڭ جىجۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ ماددىي ئەشيالىرىنى ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كېتىشىگە ياردەم بەرگەن. 1948 - يىل 8 - ئايدا، جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئاتسىيە كېلىشىمى (ئالمۇتادىن غۇلجا، ئۈرۈمچى ئارقىلىق قۇمۇلغا بارىدىغان ھاۋا يولى)نىڭ قەرەلى توشقان، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى كېلىشىمنى بىكار قىلىشنى كۆچەپ قۇۋۋەتلىگەن، جاڭ جىجۇڭ جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇشنى تەكىتلەپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى مەزكۇر ئاۋىئاتسىيە كېلىشىمىنى بەش يىل ئۇزارتىشقا قايىل قىلغان. جاڭ جىجۇڭ يەنە ئۈرۈمچىدىكى جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە ئۆزى باشلىقلىقنى ئۈستىگە ئالغان، مەزكۇر جەمئىيەت ئىككى

دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ناھايىتى ئوبدان رول ئوينىغان.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشىگە يول قويۇشى ئامالسىزلىقتىن بولغان، چۈنكى «مېتروپولىيىنىڭ چەت ياقىدىكى ئۆلكىلەرنىڭ كۈچلۈك قوشنا دۆلەت بىلەن يېقىنلىشىشىغا ۋە دوستانە ئالاقە قىلىشىغا قارشى تۇرۇشى ئەخمىقانىلىك بولىدۇ، ئۇنداق قارشى تۇرۇش ئىنتايىن زور خەۋپكە ئېلىپ بارىدۇ، بەلكىم ئۇ چەت ياقىدىكى ئۆلكىنى كۈچلۈك قوشنا دۆلەتنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن».(106) ئەمما ئەسلىنى ئالغاندا، گومىنداڭ مەركىزي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشى، شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈشىنى كۆككە كۆتۈرۈشى ئەمەلىيەتتە بىر-بىرىگە زىت ئىدى. مەسىلەن، جاڭ جىجۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بولۇپ كەلگەن، كۆپ سانلىق كىشىلەر جاڭ جىجۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش تەشەببۇسىدىن گۇمانلىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا قاتتىق قارشى تۇرغان، بولۇپمۇ ئۇ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى تەرەپنى زادى قايىل قىلالمىغان. شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، جاڭ جىجۇڭ دىپلوماتىيە فاڭجېنى جەھەتتە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغاچقا ئاساسىي باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن. «بۇ ھەل قىلىش ھەممىدىن تەس زىددىيەتكە ئايلانغان». ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدىمۇ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ئىچىدىمۇ بەزىلەر «ماجىرا پەيدا قىلىپ»، «سوۋېت

ئىتتىپاقىغا قارشى دولقۇن قوزغىغان». شۇڭا، نەنجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئىچىدىمۇ، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچىدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە زىددىيەت ھەقىقەتەن بەك كۆپ بولغان».[107]

شۇ چاغدا بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى باۋماۋشۇن: «مېنىڭ بىلىشىمچە، 20 يىلدىن بۇيان سىلەرنىڭ ھۆكۈمىتىڭلارنىڭ روسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇدا ئانچە دوستانە بولماي كەلدى، بىرەر يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي سىياسىتىدىن ئايرىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئىجرا قىلغىنى بىر خىل، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىجرا قىلغىنى باشقا بىر خىل بولسا، مەزكۇر يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەركەز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن دېسە، بۇنىڭغا قارشى تەرەپ قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟...شۇڭا، مېنىڭ قارىشىمچە بۇ سىياسەتنى ئاقتۇرۇش ئاسان بولمىسا كېرەك» دەپ دەل جايىدا كۆرسەتكەن.[108]

## ئىزاھلار:

(1) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللار نۇرغۇن. ئۆز ۋاقتىدا ھەرەمباغنى ساقلاۋاتقان ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا قوماندانلىق قىلغان 29-گورۇپپا ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى لى تيېجۈن: «‹باندىت›لارنىڭ بەنجاڭدىن يۇقىرى قوماندانلىرىنى ۋە مەخسۇس قىسىملىرىنىڭ تېخنىكلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن. ئۆز بىلەن دۈشمەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغان جايلاردا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ۋە ئىنتايىن رەتلىك خىل ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى بىر قانچە قېتىم سېزىلدى» دېگەن («لى تيېجۈننىڭ 1945-يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنى ۋۇ جۇڭشىنغا يازغان خېتى». قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945-يىل 2-ئاينىڭ 6-كۈندىكى

«شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»). 1949-يىل 8-ئايدا غۇلجىغا بېرىپ تۇرغان ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن ئۆز ماقالىسىدا: «1944-يىلدىكى ھەل قىلغۇچ بىر جەڭدە گومىنداڭنىڭ بىر شىلىق ئاساسىي كۈچى ئىلىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا يوقىتىلغان، بۇ ئەمەلىيەتتە سوۋېت تەرەپ قوللىغان ۋە ياردەم بەرگەن قوزغىلاڭچى ئامىنىڭ قىلغان ئىشى. شۇ چاغدا غەنىيمەت ئالغان قوراللار بىلەن مىللىي ئارمىيە تولۇق قوراللاندۇرۇلغان» دەپ يازغان (دېڭ لىچۈن: شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدە — جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىگە دائىر بىر سەھىپە»، قاراڭ: «يېقىنقى زامان تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»نىڭ 1989-يىللىق 5-سانى). جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 1947-يىلدىن 1949-يىلغا قەدەر غۇلجىدا تۇراق ۋاقىت تۇرغان تېلېگراف خادىمى پېڭ گوئەنمۇ: «ئىلىنىڭ ۋەزىيىتى ھەقىقەتەن سوۋېت ئارمىيىسىگە تايىنىپ ئۇرۇش قىلىش ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن» دېگەن [«يولداش پېڭ گوئەننىڭ 1979-يىل 3-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئەھۋالى ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، قاراڭ: شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭ ئىنقىلابىغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى-زىيارەت ماتېرىياللىرى توپلىمى» (2)، 1981-يىل شاپىگراف نۇسخىسى]. شۇ كەملەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغان ھەقىقىي سىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى 1944-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى رادىئودا: 10-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 5000 ئەسكىرى ئاسىيلىق قىلدى. خەۋەرلەردىن قارىغاندا ئۇلار شىنجاڭغا قېچىپ بارغانمىش دېگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش سودا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ كاتىپى رىكۇدبىلياساندىچۇەنمۇ سىرتتىكىلەرگە: سوۋېت دائىرىلىرى ئاسىيلىق قىلغان ئەسكەرلەرنىڭ ئىز-دېرىكىنى رازۋېد قىلىشقا 200 مىڭ رۇبلى مۇكاپات پۇلى ئاجراتتى دېگەن («زۇڭسەينىڭ 1944-يىلدىكى مەخپىي نومۇرلۇق تېلېگراممىسى»، قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1944-يىل 12-

ئاينىڭ 22-كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»). سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىش تەپسىلاتى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرگە قاراڭ: «شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ۋە شېن جىخۇا يازغان «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى (1944-1950-يىللار).

(2) «زۇڭسەينىڭ مەخپىي نومۇرلۇق تېلېگراممىسى». قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1944-يىل 11-ئاينىڭ 18-كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».

(3) 1944-يىل 11-ئاينىڭ 21-كۈنى جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭنىڭ: «ئىلى باندىتلىرىنىڭ ئاپىتى بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى». ئۇلارنىڭ قوماندانى ئۆتمۈشتە شىڭ شىسەينىڭ دۇبەن مەھكىمىسىدە تۇرغان سوۋېتلىك مەسلىھەتچى پولىنوۋ ئىكەن دېگەن دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىمۇ ھاراق ئىچكەندىن كېيىن باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ: «جۇڭگو ئارمىيىسى شىنجاڭغا كېلىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئەسكەر كۆپەيسە باندىتلار شۇنچە كۆپىيىدۇ» دېگەن. قاراڭ: جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقتىم — ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زۇڭنىڭ خاتىرىسى»، 473-بەت.

(4) «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىنغا يازغان خېتى» (1944-يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنى)، قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1944-يىل 12-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».

(5) ۋاڭ يۈنۋۇ مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «مىنگو شاڭجياڭى جۇ شاۋلياڭنىڭ تەرجىمىھالى»، تەيبېي، تىجارەت باسمىخانىسى 1981-يىل نەشرى. 36-بەت.

(6)(7) «قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ يېڭى تەشكىللەنگەن 2-جۈن قوماندانلىق شتابىنىڭ تېز خەت-ئالاقىسى» (ئۇرۇشقا دائىر ئالاقە نومۇرى 514)، قاراڭ:

ۋۇ جوڭشىننىڭ 1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».
(8) ۋۇ جوڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى: خې شېڭ: «غۇلجىدا مۇھاسىرىنى بۇزۇش جەريانى» (1945 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى). قاراڭ: ۋۇ جوڭشىننىڭ 1945 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈندىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».
(9) «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭغا يازغان خېتى» (1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)، قاراڭ: ۋۇ جوڭشىننىڭ 1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈندىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».
(10) جياڭ جيېشىنىڭ 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈندىكى خاتىرىسى، [ئامېرىكىلىق] خۇاڭ رېنيۈنىڭ «جياڭ جيېشىنىڭ خاتىرىسىنى زور تارىخ نۇقتىسىدىن ئوقۇش» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى، جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى، 400 - بەت.
(11) «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭغا يازغان خېتى» (1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى).
(12) ۋۇ جوڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.
(13) ۋۇ جوڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى.
(14) جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق يەتمىش يىل»، 6524 - بەت.
(15) ۋۇ جوڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى.
(16) يۈ فېيپېڭ قاتارلىقلار: «ئۈرۈمچىدە ترانسپورت باش باشقارمىسى تەسىس قىلىپ ھەربىي ئېھتىياجغا ماسلىشىشنى ئىلتىماس قىلىش ھەققىدە» (1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى)، قاراڭ: ۋۇ جوڭشىننىڭ 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈندىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».
(17) ۋۇ جوڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945 - يىل 5 -

ئاينىڭ 20-كۈنى.

(18) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى.

(19) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945-يىل 1-ئاينىڭ 25-كۈنى. جياڭ جيېشى 1945-يىل 1-ئايدا ما بۇفاڭنىڭ ئىككى شى ئاتلىق ئەسكىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەشنى قارار قىلغان. ئەمما ما بۇفاڭ شۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ جياڭ جيېشىدىن قورال-جابدۇق، يول خىراجىتى قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلغاچقا، ما بۇفاڭنىڭ قىسىملىرى 9-ئايغىچە كېچىكىپ، شىنجاڭغا كەينى-كەينىدىن يېتىپ بارغان.

(20) يۇ فېيپېڭ: «ئۇرۇمچىدە ترانسپورت باش باشقارمىسىنى تەسىس قىلىپ، ھەربىي ئېھتىياجغا ماسلىشىشنى ئىلتىماس قىلىش ھەققىدە» (1945-يىل 1-ئاينىڭ 19-كۈنى). 1945-يىل 1-ئايدا، يۇ فېيپېڭ، جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلەر بىرلىشىپ جياڭ جيېشىغا شىنجاڭدا تەمىنات باشقارمىسى تەسىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان، جياڭ جيېشى ئۇنى تەستىقلىغان. ئەمما ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار تەمىنات باشقارمىسىنىڭ ئۇرۇش ترانسپورت ئىدارىسىگە ياكى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىگە قاراشلىق بولۇشى ئۈستىدە ئۆزئارا تارتىشىپ يۈرگەن. كېيىن جياڭ جيېشى ئۇنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقىنى بېكىتكەن. 6-ئايدا، شىنجاڭ تەمىنات باشقارمىسى قۇرۇلغان.

(21) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945-يىل 5-ئاينىڭ 2-كۈنى. جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىدىن كېيىن، پەقەت ئەنشىدىن چاقىلىق ئارقىلىق قارا شەھەرگە بارىدىغان يوللا ياسالغان، بۇ يولدا 1946-يىل 1-ئايدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە جىددىي قاتناش باشلانغان.

(22) «جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىنغا يازغان تېز خەت-چەك» (1945-يىل 4-ئاينىڭ 22-كۈنى)، قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945-يىل 6-ئاينىڭ 8-كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى». 1945-يىل 4-ئايدا، جياڭ جيېشى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنى تەسىس

قىلىشنى قارار قىلغان، مەھكىمىنىڭ ئورنى ۋە مۇدىر نامزاتىمۇ ئىلگىرى-ئاخىر بېكىتىلگەن. ئەمما كونكرېت يولغا قويۇش ۋاقتىدا ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جيېشىغا شىنجاڭنى تۆت ئۆلكىگە ئايرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۆلكىگە ئايرىش تەكلىپى گەرچە گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېت يىغىنى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنى قۇرۇش ۋاقتى كېچىكتۈرۈلگەن. كېيىنچە مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىگە ئاساس سالغاچقا، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ۋالىي مەھكىمىلىرىنىڭ ئۈستىگە يەنە تۆپىلەپ جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغان، شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىش ئىشى قېپقالغان.

(23) جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي ۋەزىپىلىرىنى تەڭ ئۈستىگە ئالسۇن دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما ۋۇ جۇڭشىن ھەربىي باشلىق بولۇشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىش قېپقالغان. قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945-يىل 5-ئاينىڭ 30-كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».

(24) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى»، 1945-يىل 8-ئاينىڭ 5-كۈنى.

(25) «زۇڭسەينىڭ 8-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى مەخپىي نومۇرلۇق يازما بۇيرۇقى»، قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945-يىل 8-ئاينىڭ 5-كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».

(26) «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 764-بەت.

(27) تۆۋەندىكى پاكىتلارغا قاراپ ئايروپىلان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ: (1) ئايروپىلاننىڭ «ئىككى قانىتىدا بېغىررەڭ يۇلتۇز بەلگىسى بار»؛(2) گومىنداڭ ئەسىر ئالغان ئىلى تەرەپ خادىمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 48 ئايروپىلانى دەريا بويىدىكى بازىلارغا بۆلۈنۈپ قونغانلىقىنى ئېيتقان؛(3) سوۋېت ئىتتىپاقى «ئىككى تۈمەن ئاتلىق

ئەسكەر، 20 دانە ئايروپىلاننىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى رادىئودا ئاڭلاتقان». قاراڭ: «ئۈرۈمچىنى كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 762-بەت: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945-يىل 9-ئاينىڭ 15-كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».

(28)(29)(30)(31) «ئۈرۈمچىنى كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 762-763-بەتلەر.

(32) «ئۈرۈمچىنى كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 764-بەت.

(33) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2-قىسىم، 418-بەت.

(34) «ئۈرۈمچىنى كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 763-بەت: «زۇڭتۇڭ جياڭ ھەزرەتنىڭ ئىدىيە-سۆزلىرى ئومۇمىي توپلىمى»، 37-جىلد، قوشۇمچە خاتىرىلەر، تەيبېي، «گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە تارىخى ھەيئىتى»، 1984-يىل نەشرى، 319-بەت.

(35) «چۇڭچىڭدىكى ھۆرمەتلىك ئاقساقالنىڭ مەخپىي نومۇرلۇق تېلېگراممىسى»، قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945-يىل 9-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».

(36) «چۇڭچىڭدىكى ھۆرمەتلىك ئاقساقالنىڭ مەخپىي نومۇرلۇق تېلېگراممىسى»، قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945-يىل 9-ئاينىڭ 8-كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».

(37) «ئۈرۈمچىنى كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 763-بەت: «زۇڭتۇڭ جياڭ ھەزرەتنىڭ ئىدىيە-سۆزلىرى ئومۇمىي توپلىمى»، 37-جىلد، قوشۇمچە خاتىرىلەر، تەيبېي، «گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ھەيئىتى»، 1984-يىل نەشرى، 319-بەت.

(38) «جاڭ جىجۇڭنىڭ جياڭ جيېشىغا يوللىغان تېلېگراممىسى» (1945-يىل 9-ئاينىڭ 13-كۈنى)، قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945-يىل 9-ئاينىڭ 13-كۈنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».

(39) بۇ مەقسەتنى جياڭ جيېشى جىڭدىكى شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئارمىيىگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ: «جىڭدىكىلەر مۇشۇ پەيتتە جايىنى

چىڭ ساقلاپ چېكىنمەسلىكى لازىم. بولمىسا ئىلىدا! مۇھاسىرىنى بۇزماقچى بولغان چاغدىكىدەك مەغلۇبىيەت يولىغا قايتا قەدەم قويىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئەڭ ئاخىرقى بەش مىنۇتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن. ئۇ جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىنغا ئۈرۈمچىنى جان تىكىپ ساقلاش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان چاغدىمۇ شۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ: «جىڭدىكى قىسىم ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چېكىنىپ مۇداپىئە كۆرۈمەن دېمىسۇن. شۇنى بىلىش كېرەككى، چېكىنىدىغانلا بولسا، پۈتۈن قوشۇن يول ئۈستىدىلا يوقىتىلىدۇ. قىلچە قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ» دېگەن. قاراڭ: گو چى يازغان «قۇملۇقتا ھالال قان تۆكۈپ شىنجاڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش»، تەيبېي، مۇقەددەس مەدەنىيەت كىتابخانىسى 1986-يىل نەشرى. 96-بەت؛ «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1). 763-بەت؛ «زۇڭتۇڭ جياڭ ھەزرەتنىڭ ئىدىيە-سۆزلىرى ئومۇمىي توپلىمى». 37-جىلد، قوشۇمچە خاتىرىلەر، تەيبېي، «گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ھەيئىتى»، 1984-يىل نەشرى، 319-بەت.

(40) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى». 2-قىسىم. 419-بەت.

(41) خۇاڭ جيەنخۇا: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن ئىلگىرى شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقىلىشىش»، «غەربىي شىمال تارىخ-جۇغراپىيىسى»نىڭ 1996-يىللىق 1-سانى.

(42) C.F. جونېس يازغان، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتى تەرجىمە قىلغان: «1942—1946-يىللاردىكى يىراق شەرق». 1-قىسىم، شاڭخەي تەرجىمە ئەسەرلەر نەشرىياتى 1978-يىل نەشرى. 269-بەت؛ «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2). 618-بەت.

(43)(44) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى». 1945-يىل 7-ئاينىڭ 17-كۈنى. ئېرتەي گوچۇڭدىن ئالتايغا بارىدىغان قاتناش بوغۇزى. ئېرتەينى قايتۇرۇۋېلىشتا گوچۇڭدىن ئالتايغىچە بولغان قورۇقلۇقتىكى ھەربىي تەمىنات يەتكۈزۈش يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئالتاينى قولدىن بەرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش مەقسەت قىلىنغان.

(45) «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 765-766-بەتلەر.

(46) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2)، 593-594-بەتلەر. ئەسلىنى ئالغاندا «ئاپتونومىيە» دېگەننىڭ ئۆزى ناھايىتى مۇجمەل ئۇقۇم، ئەمما جياڭ جيېشىنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئاپتونومىيە» ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ ئەمەلدىكى «مۇستەقىللىق»نى ئىشقا ئاشۇرۇشىنى بىلدۈرگەن. ۋۇ جۇڭشىنمۇ «ئاپتونومىيە»نى شۇنداق چۈشەنگەن. مەسىلەن، 1945-يىل 5-ئاينىڭ 20-كۈنى، تاڭ زۇڭ چۈڭچىڭدا ۋۇ جۇڭشىننى زىيارەت قىلغاندا، ۋۇ جۇڭشىن ئىلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيە بولۇشىغا يول قويماسلىق لازىم، يول قويۇلسا ھەممە مىللەت بەس-بەس بىلەن ئۇنى دوراپ، شىنجاڭ پۈتۈنلەي قولدىن كېتىدۇ دېگەننى قۇۋۋەتلىگەن. قاراڭ: جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئارخىپخانىسى تۈزۈپ ئىلاۋە يازغان «جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان سەككىز يىل ۋاقىتنى ياساۋۇلخانىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ زۇڭنىڭ خاتىرىسى»، 512-بەت.

(47) «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 771-773-بەتلەر.

(48) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، 2-قىسىم، 535-بەت.

(49) جاڭ جىجۇڭ ئىلى تەرەپنىڭ تىنچلىق ھەققىدە سەممىيىتى يوق دەپ ھېسابلاپ، 1946-يىل 9-، 10-ئايلاردا غەربىي شىمال ھەربىي-مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ شتاب باشلىقى سۇڭ شىلىيەننى ئۆزلىرى شىنجاڭدا تۈزۈشلۈق قىسىملارنىڭ ئەسكەر ۋە قورال-سايمانلىرىنى تولۇقلاش ھەققىدە تۈزگەن جەدۋەلنى ئېلىپ جياڭ جيېشى ۋە چېن چېڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتكەن. جياڭ جيېشى شىنجاڭنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغان پىلانغا تەستىق سېلىپ، باش شتاب باشلىقى چېن چېڭنىڭ «ئەھۋالغا قاراپ بېجىرىشى»گە تاپشۇرغان. چېن چېڭمۇ «شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەقىقىي تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس» دەپ ھېسابلاپ، «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە» شىنجاڭغا كېرەكلىك ئەسكەر، قورال، سايمان قاتارلىقلارنى تولۇقلاپ بەرسۇن دەپ ماقۇل بولغان. مانا بۇلار شۇنى

چۈشەندۈردۈكى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچى يۇقىرى قاتلىمى شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش تەسلىكىنى، تونۇپ يەتكەن. قاراڭ: سۇڭ شىلىيەن يازغان «غالچا جياڭجون» . جۇڭگو تارىخ نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشرى، 218 - 220 - بەتلەر.

(50) 1946 - يىلى 10 - ئايدا، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى شىنجاڭنىڭ ئاۋۋال چېگرا قاراۋۇل چوڭ ئەترىتىدىن تۆتنى قۇرۇپ، ھەربىر چوڭ ئەترەتكە تەخمىنەن 500 ئادەم سەپلەپ، چېگرىنى ساقلىتىشقا. ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ يىغىپ تەرتىپكە سېلىشى ۋە تەلىم بېرىشىگە رۇخسەت قىلغان: ئارقىمۇ - ئارقا 15 مىڭ ئەسكەرنى تولۇقلىشىغا رۇخسەت قىلغان؛ بىر ئاپتوموبىل تۇەنى (تەخمىنەن 300 يۈك ئاپتوموبىلىغا ئىگە)نى كۆپەيتىشىگە رۇخسەت قىلغان: 3000 ھەربىي ئاتنى تولۇقلىشىغا رۇخسەت قىلغان: ئۈنىڭدىن باشقا بىر تۈركۈم قورال - سايمان، ئوق - دورا قاتارلىقلارنى تولۇقلاپ بەرگەن. قاراڭ: سۇڭ شىلىيەن يازغان «غالچا جياڭجون» ، 218 - 220 - بەتلەر.

(51) مەسئۇد قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئىلى ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن قارىمۇ - قارشى ئورۇندا تۇرغان، گومىنداڭ دەل «مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ سىياسىي مەيدانى ۋە ئىلى تەرەپ بىلەن قارشىلىق زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ. شۇلارنىڭ تەسىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ» ، ئۇيغۇرلارنى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىشنى ئويلىغان. قاراڭ: سۇڭ شىلىيەن يازغان «غالچا جياڭجون» ، 220 - بەت: خۇاڭ جيەنخۇا يازغان «گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى ھەققىدە مۇلاھىزە» ، «غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى» 1994 - يىللىق 4 - سانى.

(52) ئوسماننى ئەسلىدە ۋالىيلىققا ئىلى تەرەپ تەيىنلىگەن. ئۇ ئىلىنىڭ سىياسىتىدىن قورقۇپ گومىنداڭغا تەسلىم بولغان. گومىنداڭ دەسلەپتە ئوسمانغا ئىلى تەرەپكە بىلىندۈرمەي ياردەم بەرگەن، كېيىنچە ئالتاينىڭ خىراجىتىنى ئاشكارا ھالدا ئوسمانغا بىۋاسىتە ئاجرىتىپ بەرگەن ھەمدە ئوسماننى نورغۇن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلىگەن.

(53) «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 781 ـ بەت.

(54) چۇنكى ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن بەيتىك تېغىغا قوغلىۋېتىلگەن.

(55) جاڭ جىجۇڭ: «ھازىرقى شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە بىزنىڭ ئاساسىي كۆز قارىشىمىز ھەم پوزىتسىيىمىز» (مىنگونىڭ 36 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مەمۇرىي بىنادا ئۇرۇمچىدە تورۇشلۇق پارتىيە. ھۆكۈمەت. ئارمىيە مەسئۇل كادىرلىرىغا قىلغان سۆز)». قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «70 ياشتىكى ئەسلىمىلەر» قوشۇمچە.

(56) كۆرسىتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن قورallıq تىركىشىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى 100 مىڭغا يېقىن ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئالغان. بۇنىڭ ئۆزى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چاڭجياڭ مۇداپىئە لىنىيىسى ۋە غەربىي شىمال ئۇرۇش مەيدانىدا ئۇچراۋاتقان ھەربىي بېسىمنى مەلۇم دەرىجىدە يېنىكلىتىپ، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كۈچلۈك ياردەم بەرگەن. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭ ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئىلى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئىجابىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان، پېڭ دېخۇەيگە: «غۇلجا مىللىي ئارمىيىسىدىن بىركىشى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولۇشى لازىم»، «مىللىي ئارمىيىنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىش كېرەك»، «مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى ئۇرۇمچىگە. يەنە بىر قىسمى شىخوغا ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن» دەپ يوليورۇق كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ماۋ زېدۇڭ يەنە پېڭ دېخۇەيگە: «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۇيغۇرلار (شۇنىڭدەك باشقا مىللەتلەر) بىلەن قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت ئورناتقاندىلا، ئاندىن خەلق دېموكراتىيىسى ئاساسىدىكى شىنجاڭنى بەرپا قىلالايدۇ. شۇڭا، 14 مىڭ كىشىلىك مىللىي ئارمىيە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلىشىپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇيغۇر، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى ۋاستىسى بولۇپ،

ئاممىۋى خىزمەت ئىلىپ بېرىشى، خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشى، يەرلىك قوراللىق تەشكىلات ۋە پارتىيە تەشكىلاتىنى قۇرۇشى لازىم» دەپ يوليورۇق كۆرسەتكەن. ماۋ زېدۇڭنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ئاستىدا، مىللىي ئارمىيە تېزلىكتە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5-كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ كورپۇسنىڭ كورپۇس، شى دەرىجىلىك ئاساسىي رەھبەرلىرى ئازسانلىق مىللەتلەردىن بولغان. شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قەشقەر ھەربىي رايونى، ئىلى ھەربىي رايونى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىغىمۇ بىرمۇنچە ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شىنجاڭدا يەنە مىللىي ئارمىيىدىن نۇرغۇن كادىر يەرلىك خىزمەتكە يۆتكەلگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان بىر تۈركۈم ئىلغارلارمۇ تېزدىن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قوبۇل قىلىنغان ھەمدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئەزالىرىغا ئايلانغان. بۇ ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى باندىتلارنى تازىلاش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، دېموكراتىك ئىسلاھات، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەردە مۇھىم رولالرنى ئويناپ كەلگەن. قاراڭ: «ماۋزېدۇڭنىڭ جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ماقالىلىرى». 1-قىسىم. مەركىزىي ھۆججەتلەر نەشرىياتى 1987-يىل نەشرى، 49-، 88-بەتلەر. شۇ يوچى: «ماۋ زېدۇڭ ۋە شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى». شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن «ماۋ زېدۇڭ ۋە شىنجاڭ — ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلانغان ماقالىلەر». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994-يىل نەشرى. 93-بەت.

(57) جاڭ جىجوڭ: «جاڭ جىجوڭ ئەسلىمىلىرى». 2-قىسىم. 570-بەت.

(58) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى». 159-بەت.

(59) ما بۇفاڭ 1949-يىل 5-ئايدا غەربىي شىمالنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي مۇۋەققەت باشلىقى بولغان. 7-ئايدا غەربىي شىمالنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن.

(60) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (1)، 166-بەت.

(61) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (1)، 164-بەت.

(62) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (1)، 164 ـ 166 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

(63) جياڭ جيېشىنىڭ 1944 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى خاتىرىسى. قاراڭ: جياڭ جىڭگو يازغان «بوران ـ چاپقۇن ئىچىدىكى جىمجىتلىق»، 41 ـ بەت.

(64) جياڭ جىڭگو: «بوران ـ چاپقۇن ئىچىدىكى جىمجىتلىق»، 40 ـ 41 ـ بەتلەر.

(65) شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەتىنىمىزنىڭ چەت ـ ياقىدىكى غەربىي شىمال رايونىدا يۈز بەرگەن بولسىمۇ. لېكىن ماۋ زېدۇڭ بۇ ئىنقىلاب پارتلىغاندىن تارتىپلا ئۇنىڭغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن. 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 7 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا: «1944 ـ يىلىدىن هازىرغا قەدەر شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنى قوراللىق باستۇرۇش ۋەقەلىرى» «گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھى»نىڭ «پۈتۈنلەي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ»، ئازسانلىق مىللەتلەرنى «ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا» «قىلمىغىنى قالمىغانلىقى»نىڭ ئىپادىسى. «بۇ چوڭ خەنزۇچىلىققا ئاساسلانغان خاتا مىللىي ئىدىيە ۋە خاتا مىللىي سىياسەت»نىڭ «دەلىلى» دەپ كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىمۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ئالاقە باغلاشنى ئىستىگەن. 1946 ـ يىل 12 ـ ئايدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ نەنجىڭغا بېرىپ قورچاق مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى دوڭ بىۋۇ بىلەن ئالاقە باغلىغان. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دوڭ بىۋۇنىڭ پىكرى بويىچە «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» بىلەن «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى»نى بىرلەشتۈرۈپ «دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيە»گە ئايلاندۇرغان. دوڭ بىۋۇ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قۇۋۋىتى كىچىك بولغاچقا

يەنئەندىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىپ تۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن «دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيە» گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان. 1949-يىل 8-ئاينىڭ 14-كۈنى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن غۇلجىغا بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرغان. بۇ ئەينى زاماندا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولغان. 1949-يىل 8-ئاينىڭ 18-كۈنى، ماۋ زېدۇڭ يېڭى سىياسىي كېڭەشكە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى نامى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىغا خەت ئەۋەتىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان. تەكلىپ خېتىدە: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈنلەي ئازاد بولۇشىغا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى. سىلەرنىڭ كۈرەشڭلار پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈسى» دېيىلگەن. شۇ يىلى 10-ئاينىڭ 21-كۈنى ماۋ زېدۇڭ يەنە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلات ھەيئىتىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوپقا تېلېگرامما بېرىپ: «ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى خەلقنىڭ كۈرىشى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە» دېگەن. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ئېكسپلاتاتسىيىچى سىنىپلار ۋە ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى

يوقىتىپ، دۆلەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرىغا ئايلاندى. قاراڭ: «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى». 3-توم، ئۇيغۇرچە 2095-2096-بەتلەر: «ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ماقالىلىرى». 1-قىسىم، 82-بەت: شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش ھەيئىتى تۈزگەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994-يىل نەشرى، 308-، 339-بەتلەر: شۇ يۈچى «ماۋ زېدۇڭ ۋە شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»، 93-بەت.

(66) «ۋۇ جۇڭشىننىڭ يېۋسېيېۋ بىلەن سۆھبىتى» (1944-يىل 11-ئاينىڭ 15-كۈنى). قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1944-يىل 11-ئاينىڭ 15-كۈندىكى «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىسى».

(67) «جياڭ جيېشىنىڭ ۋۇ جۇڭشىن بىلەن جۇ شاۋلياڭغا يازغان خېتى» (1944-يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنى). قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1944-يىل 12-ئاينىڭ 3-كۈندىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».

(68) «بۇ داۋمىڭنىڭ يېۋسېيېۋ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» (1944-يىل 12-ئاينىڭ 5-كۈنى)، «بۇ داۋمىڭنىڭ يېۋسېيېۋ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» (1944-يىل 12-ئاينىڭ 12-كۈنى). قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1944-يىل 12-ئاينىڭ 5-كۈنى ۋە 12-ئاينىڭ 13-كۈندىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».

(69) «زۇڭسەينىڭ مەخپىي تېلېگراممىسى»، قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945-يىل 1-ئاينىڭ 20-كۈندىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».

(70) «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1). 805-بەت.

(71) «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 805-بەت: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 140-بەت.

(72) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2)، 655-بەت.

(73) «چۇڭچىڭدىكى ھۆرمەتلىك ئاقساقالنىڭ مەخپىي نومۇرلۇق تېلېگراممىسى»، قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945-يىل 9-ئاينىڭ 8-

كۆنىدىكى «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى».

(74)(75)(96) «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 764 ـ بەت.

(76)(77) «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 781 ـ بەت.

(78) «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 789 ـ بەت.

(79) «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1)، 780 ـ بەت.

(80) سۇڭ شىليەن: «غالچا جياڭجۈن ـ سۇڭ شىليەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 253 ـ بەت.

(81) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 145 ـ بەت.

(82) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 142 ـ بەت.

(83) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 141-144 ـ بەتلەر.

(84) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 146 ـ بەت.

(85)(86) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 147 ـ بەت.

(87) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2)، 439 ـ بەت.

(88) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 2 ـ قىسىم، «سىياسىي» (4)، 803 ـ بەت.

(89) «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 ـ توپلام، 2 ـ قىسىم، «سىياسىي» (4)، 802 ـ بەت.

(90) سۇڭ شىليەن: «غالچا جياڭجۈن ـ سۇڭ شىليەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 199 ـ بەت.

(91) [ئامېرىكىلىق] گاۋ ۋورون يازغان، ليۇ جىدو قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان: «رەقىب ۋە ئىتتىپاقچى دوست»، ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى، 209 ـ بەت.

(92) چېن جىچى تەھرىرلىگەن: «جۇڭخۇا مىنگونىڭ دىپلوماتىيە تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» (13)، تەيبېي، بوخەيتاڭ مەدەنىيەت شىركىتى، 1996 ـ يىل نەشرى، 6203 ـ بەت.

(93) «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (1)، 164 ـ بەت.

(94) «ئۆرۈش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (1). 165 ـ بەت.
(95) «ئۆرۈشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (1) 762 ـ بەت.
(97)(108) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۇن ـ سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى»، 204 ـ 205 ـ بەتلەر.
(98) دېڭ لىچۈن: «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ــ جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىگە دائىر بىر سەھىپە».
(99) ئامېرىكا ئۆرۈشتىن كېيىن شىنجاڭنى ئېچىشنى پىلانلاپ باققان. ئۇ «شىنجاڭ دۇنيادىكى ئەڭ باي زېمىن. ئالتۇن، بېنزىن، رېزىنكە (ئەسلى تېكىستتە شۇنداق)، زامانىۋى سانائەتنىڭ ئاساسىي خام ئەشيالىرىنىڭ تېپىلمايدىغىنى يوق. ئالتۇن زاپىسىنىڭ كۆپلۈكىنى جاھاندىكى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ» دەپ ھېسابلىغان. ئامېرىكا جۇڭگوغا «ياردەملىشىپ» شىنجاڭنى ئېچىش ئۈچۈن 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، 150 مىڭ ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىس لازىم بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىققان. قاراڭ: «گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي بۇيرۇق بۆلۈمىنىڭ ئۆرۈشتىن كېيىن ‹ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش مۆلچەرىگە ئائىت ئاخبارات› ھەققىدە ئىقتىسادىي مىنىستىرلىككە يازغان تېز خېتى». جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات يۇرتى 3 ـ ئورنىنىڭ نەنجىڭدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى رەتلەش باشقارمىسى تاللاپ تۈزگەن «جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، 4 ـ توپلام (1945 ـ 1949 ـ يىللار)، 1961 ـ يىل 6 ـ ئايدىكى شاپىگراف نۇسخىسى.
(100) «زۇڭتۇڭ جياڭ ھەزرەتنىڭ ئىدىيە ـ سۆزلىرى ئومۇمىي توپلىمى»، 37 ـ جىلد قوشۇمچە خاتىرىلەر، تەيبېي. «گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ھەيئىتى»، 1984 ـ يىل نەشرى، 106 ـ بەت.
(101)(103) «زۇڭسەينى زىيارەت» (1944 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى). قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىن يازغان «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى. شىنجاڭنى باشقۇرۇشتىن بۇرۇنقى كەچۈرمىشلەر».
(102) «زۇڭسەينى زىيارەت» (1944 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى). قاراڭ: ۋۇ جۇڭشىن يازغان «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى. شىنجاڭنى

باشقۇرۇشتىن بۇرۇنقى كەچۈرمىشلەر».
(104) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى». 2 ـ قىسىم. 422 ـ بەت.
(105) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى». 525 ـ بەت: يۈ جەنباڭ: «جاڭ جىجۇڭ ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى—جاڭ جىجۇڭنىڭ مەخپىي ئىشلار كاتىپىنىڭ ئەسلىمىسى». 132 ـ 133 ـ بەتلەر.
(106) جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېقىنقى زامان تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «خۇ شىنىڭ يازغان ۋە كەلگەن خەت ـ جەكلىرىدىن تاللانما»، 2 ـ قىسىم، 1979 ـ يىلى نەشرى، 245 ـ 246 ـ بەتلەر. جىون گاۋېرنىڭ «شىنجاڭدىكى ئۇرۇش مەيدانى»دىن ئېلىندى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېقىنقى زامان تارىخ تەتقىقات ئورنى «جەت ئەللەردە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات» تەھرىر بۆلۈمى تۈزگەن «جەت ئەللەردە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات»، 20 ـ توپلام، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشرى، 74 ـ بەت.
(107) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى». 525ـ526 ـ بەتلەر.

# VI باب  شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە يولغا قويۇلۇش نەتىجىسى

## 1 ـ پاراگراف شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ھاسىل بولۇش سەۋەبلىرى

### بىرىنچى، شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

1) شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ روشەن باسقۇچلۇق خۇسۇسىيىتى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلۇق خۇسۇسىيىتى ئىپادىلەنگەن. بىرىنچى باسقۇچى 1944 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1946 ـ يىل 3 ـ ئايغا قەدەر، يەنى ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان مەزگىل (جۇملىدىن جۇ شاۋلياڭ مۇۋەققەت ئۆلكە رەئىسلىكىنى «ۋاقىتلىق قوشۇمچە» ئۆتىگەن بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛ ئىككىنچى باسقۇچى 1946 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1949 ـ يىل 9 ـ ئايغا قەدەر، يەنى جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىگەندىن تارتىپ شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد

بولغانغا قەدەر. ئىككىنچى باسقۇچ ئۆز نۆۋىتىدە 1947-يىل 5-ئايدا مەسئۇدنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغانلىقىنى بەلگە قىلىپ ئىلگىرى-ئاخىر ئىككى مەزگىلگە بۆلۈنگەن.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىرىنچى باسقۇچتا شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مۇستەبىتلىك ئۇسۇلى بىلەن ئىدارە قىلغان. ھەممىگە مەلۇمكى، 1943-يىلى جياڭ جيېشىنىڭ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتابىنى توقۇپ چىقىشى ئۇنىڭ چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسىنىڭ يامان خۇسۇسىيەتلىك كېڭىيىپ ئەۋج ئالغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولدى. شۇڭا ئۇ 1944-يىل 8-ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس تاللاش ئالاھىدە ئىلتىپات قىلغان، چۈنكى ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جيېشىنىڭ مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ ئاكتىپ جارچىسى ۋە يۈرگۈزگۈچىسى بولۇپلا قالماي، جۇڭگونىڭ چېگرا رايونىنى ئىدارە قىلىشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىغا: ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلىمىنى ئۆزىگە تارتىپ خەلق ئاممىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا ئۇستا ئىدى. جياڭ جيېشى بىر تەرەپتىن ۋۇ جۇڭشىننىڭ ياردىمىدە شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى بىلەن ئىدارە قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قارىتا چىڭ ئىدىيىۋى، تەشكىلىي كونترول سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئىچكىرىدە يولغا قويغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى ئۆز پېتى دېگۈدەك شىنجاڭغا كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەن، مەسىلەن، «شىنجاڭنى پىرقە (پارتىيە) قېلىپىغا سېلىش» تەشۋىقاتىنى داغدۇغا بىلەن ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ئىدىيىۋى ئاساسىنى ئورناتقان: بوجا تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى تەشكىلىي ئاساسىنى ئورناتقان ۋە باشقىلار. 1944-

يىل 11-ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئىنقىلابىنى قوزغىغان ۋە قوللىغان چاغدا، شىمالىي شىنجاڭ تەرەپتىكى ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەت خەلقى بىر بولسا ئۇنىڭغا تولۇق ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقى ۋە قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن، يا بولمىسا، ئۆزلىرى شۇ قوراللىق قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلانغان. بۇ جىددىي ۋەزىيەت ئارقىسىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى باشقىدىن ئويلىنىپ، ئۆتمۈشتىكى سىياسەتنى يەنە داۋاملاشتۇرۇۋەرسە پۈتكۈل شىنجاڭنى قولدىن بېرىپ قويىدىغانلىقىنى سېزىپ، ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان. جياڭ جيېشىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا. شىنجاڭغا نىسبەتەن «سىياسىي ۋە دىنىي» ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا پائال تەييارلانغان[1]. 2-تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا. شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە سىياسىي جەھەتتە يول قويۇشقا باشلىغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى بىرىنچى باسقۇچىدىن ئىككىنچى باسقۇچىغا ئۆتكەن.

گومىنداڭنىڭ جياڭ جيېشى ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم ھەربىي-مەمۇرىي ئەربابلىرى بۇرژۇئا سىياسىي ئىلمىدىن مەلۇم دەرىجىدە خەۋەردار بولغان. بۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنىڭ بىرىنچى مەزگىلىدىكى شىنجاڭ سىياسىتىدە، يەنى مۇستەبىتچىلىك تەركىبىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا كېمەيتىپ، بۇرژۇئا دېموكراتىك سىياسىي مەزمۇننى كۆپەيتكەنلىكىدە ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىغا كەڭ كۆلەمدە ئىشتىراك قىلىشىغا يول قويغان، ئازسانلىق مىللەت خەلقىگە ھەرخىل دېموكراتىك سىياسىي ھوقۇق بەرگەن. كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ شىنجاڭدىكى مىللىي زىددىيەتنى پەسەيتكەن، شىنجاڭ مەسىلىسىنى شىنجاڭ ئىقتىسادىنى

راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن تۇپتىن ھەل قىلىشقا كىرىشكەن ۋە باشقىلار.[2] گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مۇنداق قىلىشتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى غەزەپلىك ھېسسىياتىنى شۇ ئارقىلىق تۈگىتىش ھەمدە «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچىلار رايونلىرىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدا تۈزۈلگەن بىتىم»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش شەكلى ئارقىلىق ئۇرۇش مەيدانىدا قولدىن كەتكەن ئۈچ ۋىلايەتنى يېڭىۋاشتىن قارىتىۋېلىشنى كۆزدە تۇتقان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ مەقسەتكە يېتەلمەيدىغانلىقىنى ۋە خەلقنى قوراللىق باستۇرۇشقا يېتەرلىك كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى سەزگىنىدە، ئۆزىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى يەنە تەڭشەپ، «كوممۇنىزمغا قارشى مۇتەخەسسىس» دەپ ئاتالغان مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىك ئورنىغا چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قاتتىق زالىملىق ئاساسىدىكى ئەشەددىي بېسىم سىياسىتىنى قايتىدىن قوللىنىپ. پەقەت بۇرژۇئا دېموكراتىك سىياسىسىنىڭ بەزى ئەۋرەت لاتىسىنىلا ساقلاپ قالغان، خالاس. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچتىكى شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ بىرىنچى مەزگىلىدىن 2-مەزگىلگە ئۆتۈشى تاماملانغان.

2) شىنجاڭ سىياسىتى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ مۇھىم تەسىرىگە ئۇچرىغان.

سىياسەت تۈزۈش-سىستېمىلىق قۇرۇلۇش، سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ يۆنىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم بىر ئامىل.

سوۋېت ئىتتىپاقى 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى ئاخىرىدىن

40- يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتلەردىن كونترول قىلىپ كەلگەن، ئۆزىنىڭ قۇدرىتى چەكلىك بولغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا بويتۇ دېيىشتىن باشقا ئامال قىلالماي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا خىرىس قىلمىغانلىقىغىلا شۈكرى- قانائەت قىلغان. سوۋېت- گېرمان ئۇرۇشى باشلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، جياڭ جيېشى بۇرۇنقى شىنجاڭ سىياسىتىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ، خې يىڭچىن قاتارلىقلارغا «شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئومۇمىي پىلانى»نى تۈزۈش ھەمدە شۇ پىلان بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىنى مۇۋاپىق پەيتتە قوغلاپ چىقىرىش، شىنجاڭغا گومىنداڭنىڭ سىياسىي، ھەربىي كۈچلىرىنى تەدرىجىي سىڭدۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا شېڭ شىسەينىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ شىنجاڭنى تولۇق كونترول قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى سوۋېت- گېرمان ئۇرۇشىدا پاسسىپ ھالەتتىن قۇتۇلۇپ تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتكەن ۋە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭىيىپ كېتىشىدىن قورققان جياڭ جيېشى شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنى تىنچلاندۇرۇش، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدا ئاتالمىش «سىياسىي ۋە دىنىي ئىسلاھات» ئېلىپ بېرىشقا جىددىي كىرىشىشكە مەجبۇر بولغان.

ئىچكى ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولغان. 1946- يىل 6- ئايدا، گومىنداڭ ئۆزىنىڭ ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچىگە

تايىنىپ ئەتراپلىق ئىچكى ئۇرۇشنى ۋەھشىيلىك بىلەن قوزغاپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسىنى بىراقلا يوقىتىش قەستىدە بولغان. بۇ ھال گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتتىق تەدبىر قوللىنىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن: بىر تەرەپتىن شىنجاڭدا ھەربىي ھازىرلىقنى كېڭەيتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ[3]، ئۈچ ۋىلايەتكە قورال كۈچى ئىشلەتمەكچى بولغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇشتا داڭ چىقارغان مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى دېگەن يۇقىرى ئورۇنغا چىقىرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۈچلىرىنى بوغۇش ۋە توسۇشنى كۆزلىگەن. گومىنداڭ ھاكىمىيىتى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ زەربىسىدە لىڭشىپ قالغاندا، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسلىكى ۋەزىپىسىدىن ئالماشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سوۋېتپەرەس بۇرھاننى رەئىسلىككە تەيىنلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن ياخشىلاشماقچى بولغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي شىمال ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئارقا سەپتىكى تەھدىتنى ئىمكانقەدەر ئازايتىشنى كۆزدە تۇتۇپ، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ-سوۋېت سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان ھەمدە سۆھبەت جەريانىدا بىرقانچە جەھەتتە چوڭ يول قويغان[4]. پەقەت لەنجۇ قولدىن كەتكەن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنىڭ چېكىنىش يولى ئۈزۈلگەن ئەھۋال ئاستىدىلا، گومىنداڭ دائىرىلىرى سۆھبەت جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەرقانچە مۇرەسسە قىلىپ يول قويغان ھالەتتىمۇ گومىنداڭنى شىنجاڭدا مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان چېغىدىلا سۆھبەت ۋەكىللىگە سۆھبەتنى توختىتىش توغرىسىدا يوليورۇق

بېرىپ، سۆھبەت ۋەكىلى ئىمزا قويغان «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ سودا كېلىشىمى»نى تەستىقلىمىغان.

3) شىنجاڭ سىياسىتىگە نەزەرىيە جەھەتتە بۇرژۇئا دېموكراتىك سىياسىسىنىڭ تەركىبى ئارىلاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭ ماھىيىتى مۇستەبىتچىلىك.

جياڭ جيېشى ۋەكىللىكىدىكى يېڭى مىلىتارىستلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى يېڭى-كونا سىياسىي كۈچلەر ئارىلاشمىسىنىڭ غەيرىي نورمال ئىجتىمائىي مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ بەرپا قىلغان ھاكىمىيەت پومېشچىكلار بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ بىرلەشمە دىكتاتورىسى دېمەكتۇر. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنە شۇ خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىگە نەزەرىيە جەھەتتە بۇرژۇئا دېموكراتىك سىياسىسىنىڭ مەلۇم تەركىبلىرىنى ئارىلاشتۇرۇشىنى بەلگىلىگەن، ئەمما ئۇ ماھىيەتتە مۇستەبىتچىلىك دېمەكتۇر. خۇددى بەزىلەر كۆرسەتكەندەك: جياڭ جيېشى «فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك، ئەپچىللىك بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۇنىڭ مۇستەبىتلىكىنى ساقلاپ قالغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن قېپقالغان ياۋۇزلۇقىنى ئاجرىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇرژۇئا سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئالدامچىلىقىنى ئالماشتۇرغان»: شۇڭا مۇستەبىتلىككە قارشى قورال بولغان «دېموكراتىيە» جياڭ جيېشىنىڭ قولىدا مۇستەبىتلىك قورالىغا ئايلانغان.(5)

پاكىتمۇ دەل شۇنداق. گومىنداڭنىڭ تارىختىكى قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارار ۋە خىتابنامىلىرىدە جۇڭگودىكى مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتە بابباراۋەر؛ چېگرا رايوندىكى مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش دېگەن سۆزلەر ئاز ئەمەس، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئازسانلىق مىللەتلەرنى سىياسىي جەھەتتە ۋەھشىيلىك بىلەن ئېزىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە غالجىرلىق بىلەن بۇلاپ-تالىغان. مەسىلەن، شىنجاڭدا،

«مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچىلار رايونلىرىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلۇق توختامى ئۈزۈلگەن بىتىم»دە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك كىشىلىرىنى مەمۇرىي ئەمەلدار قىلىپ سايلىشىغا يول قويۇلغان، ئەمما ئەمەلىيەتتە گومىنداڭنىڭ ھەربىي-ساقچى خادىملىرى خەلقنى ئۆزلىرىنىڭ (ھەربىي-ساقچىلارنىڭ) ئىرادىسى بويىچە ئاۋاز بېرىشكە نەيزە-قامچىلار بىلەن تەھدىت سېلىپ قىستىغان: شۇ بىتىمدە خەلق سۆز، يىغىن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، ئەمما گومىنداڭنىڭ ھەربىي، ساقچى، ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى مەخپىي قولغا ئېلىش ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىدىكى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىر-بىرىدىن ئاجرالغان مۇنداق خۇسۇسىيەت تەغرىسىدا، 1947-يىل 3-ئايدا، جاڭ جىجوڭ ئۈرۈمچىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇللىرىغا قىلغان سۆزىدە گەپنى يوشۇرماي: «بىز ھەر كۈنى سەنمىنجۇيى توغرىسىدا سۆزلەيمىز. بىراق ئەمەلىيەتتە ھېچقايسىسىنى ئەمەلىيلەشتۇرمىدۇق، ھەممىسى قۇرۇق، بىكار گەپ بولدى» دەپ كۆرسەتكەن.(6)

4) شىنجاڭ سىياسىتى جياڭ جيېشىنىڭ ئارزۇسىنى ئاساسىي جەھەتتىن گەۋدىلەندۈرگەن.

1932-يىلىنىڭ باشلىرىدا، گومىنداڭنىڭ ئىچىدە جياڭ جيېشى ئارمىيىنى، ۋاڭ جىڭۋېي ھۆكۈمەتنى باشقۇرىدىغان، جياڭ جيېشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېي پارتىيىنى ئورتاق باشقۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى لىن سېن قۇرۇق سۆلەت ئورنىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇ رەھبەرلىك قىلغان مىللىي ھۆكۈمەت ھەيئىتى «ھېچقانداق ئەمەلىي مەمۇرىي ئىشنى ھەل قىلالماي قالغان».(7) گومىنداڭ

ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى مۇنداق ھوقۇق تەقسىم قىلىش ۋەزىيىتى 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جياڭ جيېشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېي شىنجاڭ سىياسىتىنى تۈزۈشكە تەڭ قاتنىشىدىغان تەدبىر كۆرۈش قېلىپىنى بەلگىلىگەن. ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، جياڭ جيېشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېي شىنجاڭنىڭ چوڭ-چوڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئۆز-ئارا مەسلىھەتلىشىپ، بىر-بىرى قوبۇل قىلالايدىغان لايىھىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، مەسىلەن، خۇاڭ مۇسۇڭنى شىنجاڭدىن ھال سوراش ۋەكىلى قىلىپ تاللىغانلىقى ئەنە شۇنىڭ بىر مىسالى. خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭدىن ھال سوراش جەريانىدا كونكرېت تاكتىكىلارنى قوللىنىشى جەھەتتىكى كونكرېت ئىش تەقسىماتى جياڭ جيېشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ئۆزلىرى يۈرگۈزىدىغان خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسى بويىچە ئايرىلغان: خۇاڭ مۇسۇڭ ھەربىي قوماندانلىق جەھەتتە جياڭ جيېشىنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلغان، سىياسىي يېتەكچىلىك جەھەتتە ۋاڭ جىڭۋېينىڭ تېلېگراممىسىنى ئۆلچەم قىلغان.[8]

جياڭ جيېشىنىڭ گومىنداڭ ئىچىدىكى ئىستىبداتلىق ئورنىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، مەمۇرىي پالاتا باشلىقلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزى قوشۇمچە ئۆتىگەندىمۇ، كۈڭ شياڭشى، سۇڭ زىۋېن قاتارلىقلار ئۆتىگەندىمۇ، ياكى مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزى قوشۇمچە ئۆتىگەندىمۇ، ئۇ (جياڭ جيېشى) گومىنداڭنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرگەن، بۇ ھال جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى تۈزۈش جەريانىدا مۇتلەق يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇ نۇقتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى بەلگىلەشتىكى ئۈچ خىل قېلىپىدا ئېنىق ئەكس ئەتكەن.

شىنجاڭ سىياسىتىنى بەلگىلەشتىكى بىرىنچى خىل

قىلىپ شۇكى، جياڭ جيېشى شىنجاڭ سىياسىتىنى ئۆزىنىڭ تەھلىلى ھەم ھۆكۈمىگە ياكى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن تۈزگەن. مەسىلەن، ۋۇ جۇڭشىننى تاللاپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەش، شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىنى تايانچ بازىلارنى مۇستەھكەملەش يولى بىلەن توسۇش قاتارلىق قارارلارنى جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ تەھلىلى ۋە ھۆكۈمىگە ئاساسەن چىقارغان؛[9] مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىك ۋە سۇڭ شىلىيەننى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش ۋە ئۇنىڭدىن قالدۇرۇشنى جياڭ جيېشى جاڭ جىجۇڭنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن قارار قىلغان. شىنجاڭ سىياسىتىنى بەلگىلەشتىكى ئىككىنچى خىل قىلىپ شۇكى، جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئالاقىدار ئاپپاراتلار ياكى ئاقىللار سىياسەت تۈزۈپ ئۇنىڭ پايدىلىنىشى ۋە تاللىشىغا سۇنغان. مەسىلەن، فابى بىلەن شىنجاڭ پۇلىنى 5:1 نىسبەت بويىچە ئالماشتۇرۇشنى مالىيە مىنىستىرلىكى جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقى ۋە ئۇ بەلگىلەپ بەرگەن پرىنسىپ بويىچە تۈزۈپ چىققان ھەمدە ئۇنىڭ تەستىقى بىلەن يولغا قويغان؛ «شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئومۇمىي پىلانى»نى خې يىڭچىن جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئالاقىدار خادىملارنى يىغىپ مۇھاكىمە قىلىپ تۈزگەندىن كېيىن جياڭ جيېشىنىڭ قارار قىلىشىغا پايدىلىنىشىغا سۇنغان؛[10] مولوتوۋنىڭ شېڭ شىسەيگە يازغان خېتى ۋە شېڭ شىسەي پەيدا قىلغان «11-ئاۋغۇست خۇاڭ رۇجىن-لىن جىيۇڭ ۋەقەسى» ھەققىدە. ياساۋۇلخانىنىڭ 2-باشقارما 5-گۇرۇپپىسى (دىپلوماتىيىگە مەسئۇل)، 6-گۇرۇپپىسى (ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ ئاخبارات-دوكلاتىغا مەسئۇل)نىڭ باشلىقى چېن بۇلېي، تاڭ زۇڭ جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقى

بويىچە قارشى تەدبىرنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئۇنى جياڭ جيېشىنىڭ تاللاپ يولغا قويۇشىغا سۇنغان.[11] شىنجاڭ سىياستىنى بەلگىلەشتىكى ئۆچىنچى خىل قىلىپ شۇكى، سىياسەتنى مەركىزىي سىياسىي كېڭەشمە ياكى مەركىزىي دائىمىي كومىتېت قاتارلىق ھاكىمىيەت ئورگانلىرى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزگەن. مەسىلەن، 1947 - يىلى بەيتىك ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى مەركىزىي سىياسىي كومىتېتنىڭ ئىچكى ئىشلار، دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلار مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى تۈزگەن. 1945 - يىلى ۋۇ جۇڭشىنىڭ شىنجاڭنى ئۆلكىگە ئايرىش تەكلىپىنى مەركىزىي دائىمىي كومىتېت ئىنكار قىلغان. ئەمما شىنجاڭ سىياستىنى بەلگىلەش ئۇسۇلى ئەنە شۇنداق بولغىنى بىلەن، سىياسەتنى تۈزۈش جەريانىدا جياڭ جيېشىنىڭ شەخسىي ئارزۇسى بەربىر يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان، چۈنكى ئۇ مەركىزىي سىياسىي كېڭەشمىنىڭ رەئىسى ۋە گومىنداڭنىڭ زۇڭسەيى (مەركىزىي دائىمىي كومىتېت 1926 - يىلىدىن كېيىن رەئىس تەسىس قىلمىغان) بولۇپ تۇرغان. مەسىلەن، دۆلەت مۇداپىئە ئالىي كومىتېتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە «گومىنداڭنىڭ مەركىزىي كومىتېتى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان دۆلەت مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى بەلگىلىگۈچى ئورگان» بولغان. ئەمما بۇ ئورگان جياڭ جيېشىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ھېچقانداق تەدبىرنى بەلگىلىيەلمىگەن.[12] گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياستىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن جياڭ جيېشىنىڭ شەخسىي ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكىنى ئەنە شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## ئىككىنچى، شىنجاڭ سىياسىتىدىكى ئالاھىدىلىكنىڭ هاسىل بولۇش سەۋەبلىرى

خوش. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىدە نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن؟

بىرىنچىدىن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان ئالاقە مەنبەسى چوڭقۇر بولماي كەلگەن. گومىنداڭ تەرەپنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى گەرچە شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىگىچە سۈرۈشكە بولسىمۇ. 1928 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىن مىللىي ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ تېلېگراما يوللىغان بولسىمۇ. لېكىن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭنى ئەمەلىي كونترول قىلغان ۋاقتىنى پەقەت 1944 - يىل 8 - ئايدا شېڭ شىسەينى قوغلىۋەتكەن چاغدىن تارتىپ ھېسابلاشقىلا بولىدۇ. شىنجاڭ ئەسلىدىلا مىللەت ۋە دىن ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ رايون بولۇپ كەلگەن. 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى شىنجاڭ مەسىلىسى سەۋەبلىك ئالاھىدە نازۇكلىشىپ كەتكەن. شىنجاڭ مەسىلىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتمىگەن ۋە بېشىدىن كەچۈرمىگەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئەنە شۇنداق ئىنتايىن مۇرەككەپ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئارمانغا چۈشلۇق دەرمانى يوقلۇقىنى ئاشكارىلىغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇ تۈزگەن شىنجاڭ سىياسىتى ھامان شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى خەلقنىڭ ئارزۇسىغا زىت كەلگەن. مەسىلەن، جياڭ جېيشى ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولسا شىنجاڭ خەلقىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنى تىنچلاندۇرۇشقا بولىدۇ دەپ قارىغان[13]. لېكىن ئەمەلىيەتتە ۋۇ جۇڭشىن

شىنجاڭ خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپلا قالماي، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋۇ جۇڭشىن باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى «سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى گورۇھ» دەپ ھېسابلىشىغا سەۋەبچى بولغان[14]. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەسلىدە ناھايىتى كەسكىن بولغان زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن. يەنە بىر مىسال، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەسئۇد شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولسا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئىلى تەرەپ كۈچلىرىنى باسقىلى بولىدۇ دەپ ھېسابلاپ، ئىككى تەرەپنى تۇتۇشتۇرۇپ قويۇپ پايدا ئالماقچى. بىرىنى يۆلەپ، يەنە بىرىنى بېسىش ئۇنىڭغا ئىگە بولماقچى بولغان. ئەمما ئەمەلىيەتتە مەسئۇدنىڭ رەئىس بولۇشى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدە يىمىرىلىشىگە سەۋەب بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ داڭدار پانتۈركىست ئەسەبىيلىشىپ شىنجاڭنى بۆلىدىغان قاراڭغۇ يولغا ماڭغان، ھەتتا ئۇنى ئارىسىغا ئالغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالماي ئۇنى ئالماشتۇرۇۋېتىشقا مەجبۇر بولغان.

ئىككىنچىدىن، گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ماھىيەتتە ئەكسىيەتچىلىككە ئىگە بولۇپ كەلگەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گەرچە ئۆزىنى بۇرژۇئا دېموكراتىك سىياسىسىنىڭ بەزى نەرسىلىرى بىلەن پەدەزلەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ، شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭمۇ تومۇرىدا بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىنىڭ ھېچقانچە قېنى ئايلانغىنى يوق، ئۇلارنىڭ تومۇرىغا ئەڭ ئاساسلىقى يەنىلا ئەنئەنىۋى ئىدېئولوگىيە يىغىندىسى ئورناپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئارمىيىنى قورال قىلىپ خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشى، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرىدىغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى تىكلەش

سىياسىي ئىستىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭكىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ. فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈم دەۋرىدە، خەلقتە دېموكراتىيە بولۇشىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن بولمىغان؛ مىلتارىستلىق سىياسىسىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا خەلقنىڭ ھوقۇقسىزلىق ۋە مىلتارىستلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق ئەھۋالى يەنىلا فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈم دەۋرىدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. گومىنداڭنىڭ مىلتارىستلىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئەنە شۇ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى تۈزۈش ۋە تەڭشەش ۋاقتىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتماي، پۈتۈنلەي شىنجاڭدىكى مۇستەبىت-مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقنى قوغداشنى مەقسەت قىلىشنى بەلگىلىگەن. شۇڭا، گومىنداڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى بېسىش ئۈچۈن پۈتۈنلەي فېئودال-دىنىي كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن[15]. شېڭ شىسەي دەۋرىدە قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان كونا كۈچلەر قايتا باش كۆتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىشىغا سەۋەب بولغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گەرچە ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ سىياسىتىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قانداق تەڭشىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ گومىنداڭنىڭ خەلقنى ئېزىدىغان ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان سىنىپىي ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى توگىتەلمىگەن، ئەكسىچە، سىياسەتنى كۆپ-كۆپ تەڭشىشى مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي داۋالغۇشنى كۈچەيتىۋەتكەن.

ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭدىكى ئالاھىدە شارائىت سەۋەب بولغان. شىنجاڭ سىياسىتى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا گومىنداڭ

ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتكۈل ئىچكى سىياسىتىنىڭ شىنجاڭدىكى داۋامى دېمەكتۇر. ئەمما شىنجاڭ قانداقلا بولمىسۇن جۇڭگونىڭ چېگرىغا جايلاشقان ئۆلكىسى بولۇپ، مىللەت ۋە دىن ئەھۋالى مۇرەككەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش بولۇپ كەلگەن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەمەل قىلىشى لازىم بولغان ئاساسىي پرىنسىپقا ئايلانغان. شۇڭا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئۆز سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا شىنجاڭدىكى ئالاھىدە شارائىتنى نەزەردە تۇتۇپ تېخىمۇ جانلىق چارە قوللىنىشقا تۇرالمىغان. مەسىلەن، شىنجاڭدىكى ئارمىيىنىڭ خىراجىتىنى 1945-يىلىدىن باشلاپ پۈتۈنلەي مەركەز مالىيىسى ئۈستىگە ئالغان[16]، شىنجاڭنىڭ ئۆز ئالدىغا پۇل تارقىتىشىغا يول قويغان، فابى بىلەن شىنجاڭ پۇلىنى بەشكە بىر بويىچە ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنى ساقلاشنى بەلگىلىگەن[17]. شىنجاڭ پۇلىنى پېرېۋوت قىلىپ ئىچكىرىدىن مال سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلغان[18]. 1947-يىل 7-ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە بارلىق باجنى يېرىم يىلغىچە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجىنى بىر يىلغىچە ئالمىغان، شىنجاڭ شۇ چاغدا جۇڭگودىكى يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە باج ئېلىنمىغان بىردىنبىر ئۆلكە بولغان.[19] ئەمما بۇ سىياسەتلەر مەملىكەت خاراكتېرلىك سىياسەتلەر كۆپىنچە شىنجاڭدا ئاقمىغاچقا ئۆزگەرتىپ جانلىق يولغا قويۇلغان سىياسەت. بىراق ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى سىياسەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ھېچقانچە نەپكە ئىگە قىلمىغان، پەقەتلا شىنجاڭ سىياسىتىدىكى ئالدامچىلىقنى ئاشۇرغان: شىنجاڭدىكى ئارمىيە خىراجىتىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالغىنى بىلەن ئۇنى بۇ ھۆكۈمەت ئاساسىي جەھەتتىن قەغەز پۇل ئارقىلىق تۆلىگەن.

نەتىجىدە ئۇ «نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن كۆپەيتىلگەن قەغەز پۇللار» بولۇپ «ئۆزى ھېچنەرسىگە دال بولمىغان»؛[20] يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە باج ئالماسلىقى شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي چىقىمىنى پۇل پاخاللىقىنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق قامداش ئۈچۈن بولغان. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىگە نەزەرىيە جەھەتتە بۇرژۇئا دېموكراتىك سىياسىسىنىڭ تەركىبلىرىنى ئارىلاشتۇرغانلىقى بۇرژۇئا دېموكراتىك سىياسىسىنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ، ئەمەلىيەتتە مۇستەبىتلىكنى يولغا قويۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

تۆتىنچىدىن، جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز كۈچى چەكلىك بولغان. جياڭ جيېشىنىڭ بىر پارتىيە مۇستەبىتلىك سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمىگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغان چاغدىمۇ مىللىي ھۆكۈمەت جۇڭگونىڭ ئۆزىدىكى 18 ئۆلكىنىڭ 11 ى(ئەنخۇي، جېجياڭ، فۇجيەن، خېنەن، خۇنەن، خۇبېي، جياڭشى، جياڭسۇ، گۇاڭدۇڭ، گۈيجۇ، شەندۇڭ)نىلا باشقۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە ئاھالىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ھەمدە جۇڭگونىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىر زېمىنىنى كونترول قىلغان.[21] جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز كۈچى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىچكى - تاشقى ھەرخىل كۈچلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھەرخىل پايدىلىق پۇرسەت ۋە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، بىر بولسا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىشىنى كۆزلەشكە، يا بولمىسا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشنى ئىستەشكە مەجبۇر بولغان. مەسىلەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرىنى توسالماي قالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىنجاڭدىكى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە كۈچلىرىدىن

پايدىلىنىپ ئىسكەنجىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولغان؛[22] شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىچىدە ئەخمەتجان قاسىمى ۋەكىللىكىدىكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ سىياسىي ھوجۇمىنى توسالماي قالغاندا، ئۇسسۇزلۇقنى ئوغا بىلەن قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، مەسئۇد ۋەكىللىكىدىكى شەرقىي تۈركىستانچىلارنى يۆلەپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە قارشى قويغان: شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، گومىنداڭ ئارمىيىسى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ھەربىي ھوجۇمىنى چەكلىيەلمەي قالغاندا، غەربىي شىمالدىكى مىلىتارىست ما بۇفاڭنىڭ ئاتلىق 5- جۇنىنى شىنجاڭغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولغان. شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرخىل كۈچلەردىن پايدىلىنىپ تەڭپۇڭلۇقنى كۆزلەيدىغان مۇنداق تاكتىكىسى تاشقى ۋەزىيەتنىڭ كاشىلىسىغا تەبىئىي ھالدا بەك كۆپ ئۇچراپ، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىدىغان، ئەتىگەنكى پەرماننى كەچتە بىكار قىلىدىغان تۇستە ئىپادىلىنىپ، سىياسەتنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ساقلاشقا تېگىشلىك مۇقىملىق ۋە سىجىللىقتىن مەھرۇم بولغان.

بەشىنچىدىن، گومىنداڭنىڭ يۇقىرى قاتلىمىنىڭ سىياسىتىنى تۆۋەندە ئىزچىللاشتۇرىدىغان ئەمەلىي ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى كەم بولغان. بەزىلەر جياڭ جيېشىغا مۇنداق باھا بەرگەن: «جياڭ جيېشى يېتىشسىزلىكنى تولۇقلاش يولى بىلەن بىر يۇقىرى قاتلام ئاپپاراتىنى زورمۇزور قۇراشتۇردى، ئەمما غايىنى تۆۋەن قاتلامغا يەتكۈزىدىغان ئەمەلىي تەشكىلاتى يوق، شۇڭا ئۇ كونا زاماندىكى دۇنيا قاراشتىن ئىنتايىن نەپرەتلەنسىمۇ، لېكىن ئۆزى كەلگۈسى ئارزۇ-ئىستەك ھەققىدە بىرەر كونكرېت يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى».[23] شۇنى ئېيتىش كېرەككى، جياڭ جيېشىغا بېرىلگەن بۇ باھا دەل جايىدا بولغان. يېڭى مىلىتارىستلاردىن بولغان جياڭ جيېشى

تارىختىكى شىنجاڭ ھۆكۈمرانلىرى يولغا قويغان نەرسىلەردىن نارازى بولغان[24]، ئەمما ئۇ شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىسلاھاتى ھەققىدە بىرەر لايىھىنى تۈزەلمىگەن، دەسلەپتە ۋۇ جۇڭشىندىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئۇ ئاقمىغاندىن كېيىن جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا يۆتكەپ، ئاتالمىش بۇرژۇئا «دېموكراتىك سىياسىتى»نى يولغا قويدۇرغان. ئەمما شىنجاڭدا بۇرژۇئا «دېموكراتىك سىياسىتى»نى زادى قايسى تەرىقىدە يولغا قويۇش توغرىلىق جياڭ جيېشىنىڭ كۆڭلىدە سان بولمىغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىيەلەيدىغانلا بولسا، ھەرقانداق ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشنى راۋا كۆرگەن. ئەمما، جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى يېڭىلاش دەپ ئاتالغان بىر يۈرۈش لايىھىسى بولغان ھالەتتىمۇ شىنجاڭدا ئۇنىڭ لايىھىسىنى تۈۋەنگىچە يولغا قويىدىغان بىرلىك ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى بارلىققا كەلمىگەن، خۇددى خۇاڭ رېنيۇ ئەپەندى كۆرسەتكەندەك، جياڭ جيېشى گەرچە بىر «يۇقىرى قاتلام ئاپپارات»نى زورمۇزور قۇراشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «غايىسى»نى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان «تۈۋەن قاتلام» تەشكىلاتى بولمىغان. چۈنكى جياڭ جيېشى گۇرۇھى ھاجەتمەن بولغان يەرلىك تەشكىلاتلار فېئوداللىق جەمئىيەتكە سادىق كونا - يېڭى مۇرتلارنىڭ قولىدىلا ئىدى. ئاتالمىش بۇرژۇئا «دېموكراتىك سىياسىتى»نى يەرلىك ئورۇنلارغا خوجا بولۇۋالغان ئەنە شۇ فېئودال ئىمتىيازلىق كىشىلەردىن پايدىلىنىپ يولغا قويۇشنىڭ ئۆزى دەرەخ بېشىدىن بېلىق ئىزدىگەندەك كۈلكىلىك ئىش ئىدى. ئاندىن قالسا ھەربىيلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلىشىشى «دېموكراتىك سىياسىي» كۆز قاراشقا زىت كېلەتتى، جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ھەربىيلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلىشىشى

» «ئېقىمغا خىلاپ كېلىندىغان قالاقلىق» دېمەكتۇر[25]، ئەمما ھەربىيلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلىشىشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا «دېموكراتىك سىياسى»نى يولغا قويۇشى جەريانىدا باشتىن - ئاخىر داۋاملاشقان.[26] ھەربىيلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىنى شىنجاڭدا «دېموكراتىك سىياسى»نى يولغا قويۇشنىڭ كاپالىتى قىلىشنىڭ ئۆزى «دېموكراتىك سىياسى»نىڭ ساختىلىقى ۋە ئالدامچىلىقىنى نامايان قىلغان. روشەنكى، ساختا «دېموكراتىيە» شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي تەلىپىنى ھەرگىز قاندۇرالمىغان، شۇ سەۋەبتىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنى كەينى - كەينىدىن يەڭگۈشلەشكە مەجبۇر بولغان، نەتىجىدە شىنجاڭ سىياسىتى تۇزۇلۇش ۋە ئىجرا قىلىنىش جەريانىدا تۇراقسىز ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇپ قالغان.

## 2 - پاراگراف شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇش نەتىجىسى

### بىرىنچى، سىياسىي ساھەنى تېخىمۇ زۇلمەت قاپلىغان

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى چاغلاردا، شېڭ شىسەي دەۋرىدە قاتتىق ئازار يېگەن فېئودال - دىنىي كۈچلەرنى قايتىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى فېئودال - دىنىي كۈچلەر بىلەن بىرلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ھەمدە فېئودال - دىنىي كۈچلەرنى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى قىلغان.

شىنجاڭ «تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالىنىپ يولغا

قويۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شەكىل جەھەتتە ھەر مىللەت خەلقىگە مەلۇم دېموكراتىك سىياسىي ھوقۇقلارنى بېرىشكە مەجبۇر بولغان، ئەمما شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى بېسىش ئۈچۈن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى داۋاملىق تۈردە «چىرىك كونا كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن».[27] شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە فېئودال يۇقىرى قاتلام كىشىلەر ناھايىتى زور نىسبەتنى ئىگىلىگەن، جايلاردىكى مەمۇرىي ۋالىي ۋە ھاكىملارنىڭمۇ تولىسى فېئودال يۇقىرى قاتلام كىشىلەردىن ياكى ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ سايلىمىنى كونترول قىلالماي قالغاندا، جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىي ـ ساقچىلار پەردە ئارقىسىدىن ئالدىغا سەكرەپ چىقىپ، ھەربىيلەر مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان رەزىل ئويۇننى قىپيالىڭاچ ئوينىغان، مەسىلەن، سايلىغۇچىلارنى بىزنىڭ ئارزۇيىمىز بويىچە ئاۋاز بېرىسەن دەپ قورقۇتقان، ئەگەر مەقسىتىگە يېتەلمەي قالسا، يىغىن مەيدانىنى قوراللىق مۇھاسىرىگە ئالغان ھەتتا سايلىغۇچىلارنى قامچا ۋە مىلتىق پاينىكى بىلەن قاتتىق ئۇرغان. مەسئۇد ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاندا، ھەتتا «سايلام»دىن ئىبارەت دېموكراتىيىنىڭ گەۋدىسىنىمۇ چۆرۈۋېتىپ ، يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆز مەيلىچە ئالماشتۇرۇۋەتكەن .

گومىنداڭنىڭ ھەربىي، ساقچى، ئىشپىيون خادىملىرى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان، بولۇپمۇ ھەرخىل چىرىك كونا كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى يامانغا يانتاياق بولۇپ، خالىغىنىنى قىلغان، ھەتتا گومىنداڭ تەرەپمۇ بوجاڭ، جاجاڭلىقنى «ئەمەلىيەتتە يەرلىك قەبىھ ئۇنسۇرلار چاڭگىلىغا ئېلىنىۋالغان، خەلق ئاز زىيان تارتمىغان» دەپ ئېتىراپ قىلغان.[28] بۇ زومىگەر ـ تۆرىلەر خەلقنى خالىغانچە

بۇزەك قىلىپ قالماي، ھەتتا «بىكاردىن-بىكار كىشىلەرنى تۇتۇپ قاماپ قويغان ياكى ئۆلتۈرۈۋەتكەن»[29]، «بىرمۇنچە پومېشچىكلار ئۆز ئائىلىسىدە ئۇرۇپ-دومبالايدىغان جازا قوراللىرى ۋە ئادەم قامايدىغان قاماقخانا بىنا قىلغان»[30]. قومۇل ۋاڭى بەشىر «بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشۇم بىر ئىتنى ئۆلتۈرۈشۇمدىنمۇ ئاسان» دەپ جار سالغان[31]. ھاياتلىق ھوقۇقىمۇ ھېچقانداق كاپالەتكە ئىگە بولمىغان جەمئىيەتتە ئاددىي خەلقنىڭ باشقا ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم.

## ئىككىنچى، خەلق تۇرمۇشى تېخىمۇ مۇشكۇللەشكەن

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ناھايىتى زور ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ چىقىمى پۈتۈنلەي دېگۈدەك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن. ھۆكۈمەت خەلقتىن ھەرخىل-ھەر ياڭزا ئالۋان-ياساقلارنى ئالغان، باجنىڭ تۈرى نەچچە ئون خىلغا يەتكەن. 1944-يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆلىگەن باج سوممىسى 1937-يىلدىكىدىن يەتتە ھەسسىدىن جىقراق كۆپەيگەن، دېھقانلار يالغۇز يەر بېجى ئۈچۈن دېھقانچىلىق كىرىمىنىڭ 15 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى تۆلىگەن، دېھقانلار دارامىتىنىڭ 1/2 ىدىن كۆپرەكىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بېجى ئۈچۈن تاپشۇرغان.[32] ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ مالىيە قىزىل رەقىمىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ھەدەپ پۇل باسقاندىن تاشقىرى، يەنە نۇرغۇنلىغان فابىنى ئايروپىلاندا توشۇپ كەلگەن، شىنجاڭ قەغەز پۇلىنىڭ پاخاللىشىش سۈرئىتى ئۈچقاندەك تېزلەشكەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قەغەز پۇلغا مەجبۇرىي مال سېتىۋالغان، ئەمما خەلق باجغا ماددىي نەرسىلەرنى

تاپشۇرغان.[33] شىنجاڭ خەلقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىۋاسىتە ھەم ۋاسىتىلىك ھالدا تالان-تاراج قىلىنىپ، سودا-سانائەت ئىشتىن توختىغان، خەلق تۇرمۇشى قىيىنلاشقان[34]. كەڭ دېھقان-چارۋىچىلار بەس-بەس بىلەن قېچىپ كەتكەن. قېچىپ كېتەلمىگەنلەر ئاران-ئاران قورساق تويغۇزۇپ. ئەتىگەنلىكنى تاپسا كەچلىكنى تاپالماي قىينالغان.

گومىنداڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى نورمال ماڭغۇزۇش ئۈچۈن ھەزقايسى ئازسانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى فېئودال ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىگە تايىنىشنى لازىم تاپقان، بۇ فېئودال-دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى جەزمەن گومىنداڭ بەرگەن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، خەلققە زورلۇق بىلەن ئالۋان-ياساق سېلىپ، ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرغان. يەكەن ناھىيىسىدىكى بىر بوجاڭنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن قىسقىغىنا بىرقانچە يىل ئىچىدە ئىگە بولغان يېرى 30 مودىن تېز كۆپىيىپ 1500 موغا يەتكەن. شياڭجاڭ-بوجاڭلار ھېچقانداق باج-سېلىق تۆلىمىگەن، شۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە يالاقچىلىرىمۇ باج-سېلىقنى كەمدىن-كەم تۆلىگەن.[35] يېزىلاردىكى پومېشچىكلار ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ سېلىقىنى دېھقانلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويغان، ئۇلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك يەرلىرى غەللە-پاراق يىغىش دەپتىرىدە ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك يەرلەرگە ئايلاندۇرۇلغان. ئادەتتىكى دېھقانلارنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىلىك يەرلىرى غەللە-پاراق يىغىش دەپتىرىدە بىرىنچى دەرىجىلىك يەرلەرگە ئايلاندۇرۇلغان.[36] پومېشچىكلار يەنە يەر جاڭلىغۇچى ئەمەلدارلارغا پارا بېرىپ، ئۆزىنىڭ «جاڭلاشتا كۆپ چىققان يەرلىرىنى ئاز مەلۇم قىلغان»، دېھقانلارنىڭ «جاڭلاشتا ئاز چىققان يەرلىرىنى كۆپ ھېسابلاتقان»، نەتىجىدە يەرلىرى كۆپلەر

غەللە ـ پاراقنى ئاز تاپشۇرىدىغان ياكى يېرى ئازلار غەللە ـ پاراقنى كۆپ تاپشۇرىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن، ھەتتا بىر سۇك يېرىمۇ يوقلار ئاشلىق بېجىنى تولۇق تاپشۇرىدىغان ئەھۋال يۈز بەرگەن. بۇنداق نامۇۋاپىق ھادىسىلەر ئاندا ـ ساندا كۆرۈلمەستىن، يېزىلارنىڭ «ھەممە يېرىدە ئۇچراپ تۇرغان» [37]. بىرمۇنچە دېھقانلار باج تاپشۇرالمىغاچقا ئېسىپ ئۆلگەن ھەتتا ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن: يەنە بەزىلەر باج تاپشۇرۇش ئۈچۈن يېرىنى سېتىۋەتكەن، بەزىلەر يەرلىرىنى تاشلاپ باشقا يۇرتقا قېچىپ كەتكەن. بىرمۇنچە دېھقانلار ئېغىر سېلىق ۋە ھەرخىل ئېكسپىلاتاتسىيە دەستىدىن قەرزگە بوغۇلۇپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. [38]

1946 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»غا: «ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارغا ياردەم بېرىلىدۇ، ئىجارىكەشلىك ھوقۇقى قوغدىلىدۇ، يەرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈۋېلىشنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، تېرىغۇچىنى يەرگە ئىگە قىلىش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ» دېگەن ماددا كىرگۈزۈلگەن. [39] ئەمەلىيەتتە بۇ پۈتۈنلەي قەغەزدىكى قۇرۇق گەپكە ئايلانغان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرخىل ئالۋان ـ ياساقنى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيتىشى ئارقىسىدا يەر ئەكسىچە دېھقانلارنىڭ ئېغىر يۈكىگە ئايلانغان، دېھقانلار باجنى تولۇق تۆلەش ئۈچۈن يەرلىرىنى بەس ـ بەس بىلەن ساتقان، ھەتتا «ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىلىرىدىنمۇ يەر ساتىدىغانلار چىققان» [40].

شىنجاڭدا ھەرخىل ماللارنىڭ باھاسى ئۆرلەۋاتقان پەيتتە ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە «يەرنىڭ باھاسى بىراقلا چۈشۈپ كەتكەن». ئىلگىرى ھەر مو بىرىنچى دەرىجىلىك يەرنىڭ 10 ـ 15 چارەك گۈرۈچ بولغان باھاسى ئىككى چارەك گۈرۈچكە چۈشۈپ قالغان: ھەر مو ئىككىنچى دەرىجىلىك يەرنىڭ 8 ـ 10 چارەك گۈرۈچ

بولغان باھاسى بىر چارەك گۈرۈچكە چۈشۈپ قالغان، ھەر مو ئۆچىنچى دەرىجىلىك يەرنىڭ 5 ـ 6 چارەك گۈرۈچ بولغان باھاسى يېرىم چارەك گۈرۈچكە چۈشۈپ قالغان.[41] ئىمتىيازلىق سىنىپ شىلىپ تاپقان پۇلغا بەس ـ بەس بىلەن يەر سېتىۋېلىپ، ھە دېگەندىلا نەچچە ئون مو يەرگە، كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز مو يەرگە ئىگە بولغان. يەرنىڭ مەركەزلىشىش كۆلىمى ۋە سۈرئىتى بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن.[42] دېھقانلار قەدىر ئەھۋال كۆن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن نائىلاج يەردىن باشقا تەرەپتىن كىرىم قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، يەنى ئۆششاق ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە تېخنىكىسىغا تايىنىپ قول ھۈنىرى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ ئازدۇر ـ كۆپتۇر پۇل تېپىپ ئائىلىسىنىڭ ھاجىتىدىن چىققان. مەخسۇس قول سانائەت كەسىپىنى ئالغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كەڭ زېمىنىدا ئۆچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىمۇ تەخ بولمىغان، ھەتتا مەخسۇس سايمانلىرىمۇ يوق دېيەرلىك بولغان[43]. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئەنە شۇنىڭدىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

## ئۆچىنچى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان

گومىنداڭ شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇش ۋە قوغداش ئۈچۈن، كونا جەندىسىگە يېپىشىپ، ھەرقانداق زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى رەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان، ھەتتا ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تاشقىنىنىڭ زەربىسى ئاستىدا لىكىشىپ قالغاندىمۇ ساختا. بۇرژۇئا دېموكراتىك سىياسىسىنىڭ بەزى شەكىللىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ خەلقنى ئالدىغان، خالاس. بۇ ھال گومىنداڭنىڭ سىياسىي جەھەتتە

ئاممىنى ئۇنۇملۇك تەشكىللىيەلمەيدىغانلىقى ۋە سەپەرۋەر قىلالمايدىغانلىقىنى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى ئاساس قىلغان يېڭى تەلەپنى سىياسىي تۈزۈم رامكىسىغا سالالمايدىغانلىقىنى ھەتتا ئۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتىدىغانلىقىنى، ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ھەممىۋا كۈچلەرنى پۈتۈنلەي ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ دۈشمىنى ھېسابلاپ، قورال كۈچى بىلەن يوقىتىشتىن ئايانمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ ھال گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇكەممەل ۋە مۇستەھكەم قانۇنىي ئاساسى كەملىكىنى بەلگىلىگەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقى ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى فېئودال-دىنىي كونا كۈچلەر بىلەن جىددىي تىل بىرىكتۈرۈشكە تۈرتكە بولغان، ئەمما شۇنى ئويلاپ باقمىغانكى، 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا شىنجاڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن، ئۇنى ئاز ساندىكى ئىمتىيازلىق كىشىلەرنىڭ پۈتۈنلەي كونترول قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي تەسىرى ئاستىدا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئېڭى تولۇق ئويغانغان، ئۇلار سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قىلچە ئورۇنغا ئىگە بولمىغان، بۇنىڭ ئۈزى سوۋېت ئىتتىپاقىدا «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق، مەدەنىيەت ئادىتى جەھەتتە رۇسلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان ئەركىنلىككە ئىگە ئىكەنلىكى» ۋە «ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتە»، «سانائەت ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى جەھەتتە» «رۇسلار بىلەن باباراۋەر ئەركىنلىككە ئىگە ئىكەنلىكى» بىلەن كۈچلۈك ئەكسى پەرقنى شەكىللەندۈرگەن. «ئابستراكت ھەم كۆرۈنمەيدىغان ماركس جەلب قىلالمايدىغان كىشىلەرنى كونكرېت ھەم كۆرۈنۈپ تۇرغان ماركسىزمچىلار جەلب قىلىۋالغان»[44]. شىنجاڭدىكى كونا كۈچلەر گورۇھى خەلق ئاممىسىنى بۇرۇنقىغا

ئوخشاش ئۆز كۈچلىرىدىكى كونترول قىلالماي قالغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى خەلقنى قوراللىق باستۇرۇشقا تايىنىپ تۇتۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ھال ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچى كۈچلەرنى ئۆز تەلىپىنى ئىپادىلەشتە ۋە ئۆز نىشانىغا يېتىشتە مۇقەررەر ھالدا تۈزۈمدىن تاشقىرى يول تۇتۇشقا مەجبۇر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم بەرگەن ۋە تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تولۇق شەرت - شارائىت ھازىرلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ يېتەرلىك ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ، خەلقنىڭ قارشىلىق غەزىپىنى ۋاقىتىنچە بېسىپ، ئۇنى گومىنداڭغا قارشى تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭغا ئايلاندۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ قوزغىلاڭنىڭ توپلانغان ئېنېرگىيىسى تېخىمۇ زور، پارتلاش دەرىجىسى تېخىمۇ شىددەتلىك بولغان. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى 100 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ۋاز كېچىشى، ھەتتا ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۈرېن قاتارلىق جاھىللارنىڭمۇ نائىلاج ئارمىيىسىنى تاشلاپ ئۆز جېنىنى چەت ئەلگە ئېلىپ قېچىشىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، ئەگەر ئۇلار قارامىلىق قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا قەدەم قويۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا پېتىنىدىغان بولسا، خەلق ئۇرۇشىنىڭ بىپايان دېڭىزىغا جەزمەن غەرق بولغان بولاتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويغان قاتتىق بېسىملىق مۇستەبىت سىياسىتى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم شەرت ھازىرلاپ بەرگەن.

## ئىزاھلار:

(1) چېن شياۋيى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭخۇا مىنگونىڭ مۇھىم تارىخي ماتېرىياللىرىنىڭ دەسلەپكى تۈزۈلۈشى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى»، 7 - قىسىم. ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو (1). تەيبېي. «گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى» تۈزۈپ باستۇرغان. 1981 - يىل نەشرى. 764 - بەت.

(2) خۇاڭ جيەنخۇا: «گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى ھەققىدە مۇلاھىزە». «غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى»، 1994 - يىل 4 - سان.

(3) سۇڭ شىلىيەن: «غالچا جياڭجۇن - سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۆز بايانلىرى». جۇڭگو تارىخ نەشرىياتىنىڭ 1986 - يىل نەشرى، 218–220 - بەتلەر.

(4) تەيبېي. «جۇڭخۇا مىنگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى» تۈزۈپ باستۇرغان: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى»، 1950 - يىل نەشرى، 142 - 146 - بەتلەر.

(5) شۇ ماۋ: «جۇڭخۇا مىنگونىڭ سىياسىي تۈزۈم تارىخى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 992`- يىل نەشرى، 3 - بەت.

(6) جاڭ جىجۇڭ: «ھازىرقى شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە بىزنىڭ تۇپ قارىشىمىز ھەم پوزىتسىيىمىز» (مىنگونىڭ 36 - يىلى 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەمۇرىي بىنادا ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇل كادىرلىرىغا قىلغان سۆز)، قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «70 ياشتىكى ئەسلىمىلەر» (قوشۇمچە)، شاپىگراف نۇسخىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ئورنىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمى.

(7) شۇ ماۋ: «جۇڭخۇا مىنگونىڭ سىياسىي تۈزۈم تارىخى»، 243 - بەت.

(8) جۇڭگو 2 - تارىخ ئارخىپخانىسىنىڭ ئارخىپى، سەي جىنسۇڭنىڭ «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا» دېگەن ماقالىسىنىڭ خېنەن خەلق نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى، 99 - 100 - بەتلىرىدىن ئېلىندى.

(9) خۇاڭ جيەنخۇا: «جياڭ جيېشى ۋە شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»، «جۇڭگو چېگرا رايونلىرى تارىخ - جۇغراپىيىسى تەتقىقاتى»نىڭ 1999 -

يىللىق 4 ـ سانى: جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گېزىت ـ ژۇرنال ماتېرىياللىرىنى نۇسخىلاش مەركىزى: «جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخى»، 2000 ـ يىللىق 7 ـ سانى.

(10) چېن شىياۋيى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭخۇا مىنگونىڭ مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ دەسلەپكى تۈزۈلۈشى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى»، 3 ـ قىسىم، «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە» (2)، تەيبېي، «گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ھەيئىتى»، 1981 ـ يىل نەشرى. 438ـ440 ـ بەتلەر.

(11) جاۋ مىڭ: «شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئېتىشىنىڭ ئىچكى سىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى»، 1985 ـ يىللىق 3 ـ سانى.

(12) جاڭ ليەنخۇڭ: «گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دىپلوماتىيە تەدبىرلىرىنى بەلگىلەش مېخانىزمى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «يېقىنقى زامان تارىخ تەتقىقاتى» 1997 ـ يىللىق 2 ـ سانى.

(13) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى» (نەشر قىلىنمىغان نۇسخىسى)، 1944 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى: خۇاڭ جيەنخۇا: «ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ ئىستېپا بېرىشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

(14) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى» (ئېلان قىلىنمىغان نۇسخىسى)، 1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى.

(15) گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ شىددەتلىك سىياسىي تەشۋىقات ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى فېئودال ـ دىنىي كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن. بۇنى ھەتتا جاڭ جىجۇڭمۇ ئېتىراپ قىلىپ: گومىنداڭ تەرەپ ئۆز مەقستى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنلىكى ۋاستىلەرنى ئىشلەتكەن، «يەرلىك كونا كۈچلەر» بىلەن بىرلەشكەن دېگەن. قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ سۆزلىگەن «ھازىرقى شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە بىزنىڭ توپ قارىشىمىز ھەم پوزىتسىيىمىز» (مىنگونىڭ 36 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مەمۇرىي بىنادا ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇل كادىرلىرىغا قىلغان

سۆز).
16) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى». 1945 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى.
17) جۇڭگو 2 - تارىخ ئارخىپخانىسى تۈزگەن: «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى». 5 - توپلام. 2 - قىسىم. «سىياسىي» (4). جياڭسۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى. 812-813 - بەتلەر.
18) جاڭ جىجۇڭ: «مېنىڭ ھەقىقىي جاۋابىم ۋە جىددىي ئاگاھلاندۇرۇشۇم» (1946 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى). قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ يازغان «70 ياشتىكى ئەسلىمىلەر» (قوشۇمچە).
19) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى». 2 - قىسىم. تارىخ ماتېرىياللىرى نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى. 459 - بەت.
20) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى». 1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.
21) جو ئېرگېن دوللېس: «ۋاقتى سوزۇلغان ئىنقىلاب—1925 - 1937 - يىللاردىكى جۇڭگو گومىنداڭ سىياسىسى». 1969 - يىلدىكى ئېمىسچە نەشرى. 108 - بەت: گاۋيىنىڭ «جياڭ جيېشى ۋە غەربىي شىمالدىكى تۆت ما فامىلىلىك شەخس». دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى. ساقچى - كوماندىرلار مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل نەشرى. 74 - بەت.
22) جۇڭگو 2 - تارىخ ئارخىپخانىسى تۈزگەن: «جۇڭخۇا مىنگو تارىخىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى توپلىمى». 5 - توپلام. 2 - قىسىم. «سىياسىي» (4). 802 - بەت: خۇاڭ جيەنخۇا: «1943 - 1949 - يىللىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان سىياسىتى». «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى». 2002 - يىللىق 1 - سانى.
23) خۇاڭ رېنيۇ: «جياڭ جيېشىنىڭ خاتىرىسىنى زور تارىخ نۇقتىسىدىن ئوقۇش». 298 - بەت.
24) مەسىلەن، جياڭ جيېشى شىڭ شىسەينىڭ گومىنداڭغا تەسلىم

بولغانلىقىنى «شىڭ شىسەينىڭ تۇۋا قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىشى»، «ئازغان ئوغۇلنىڭ يامان يولدىن قايتىشى» دەپ ئاتىغان: شىنجاڭنىڭ ئۇنىڭ (جياڭ جيېشىنىڭ) بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشىنى «زېمىنىنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى» دېگەن. جياڭ جيېشىنىڭ مۇنداق تونۇشقا كېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، «مىللەتارىستلار ئۆزلىرىنىڭ مىللەتارىست ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلىپ باقمىغان. مەركىزىي ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن جياڭ جيېشى ئۆزىنى «قانۇنىي»لىقنىڭ، «ئىخلاسمەنلىك»نىڭ نامايەندىسى ھېسابلىغان. باشقا مىللەتارىست بۆلۈنمە كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن تەھدىت ۋە بالايىئاپەتكە ئايلانغان». قاراڭ: خۇاڭ رېنيۇ يازغان «جياڭ جيېشىنىڭ خاتىرىسىنى زور تارىخ نۇقتىسىدىن ئوقۇش». 298-بەت: گاۋ يى: «جياڭ جيېشى ۋە غەربىي شىمالدىكى تۆت ما فامىلىلىك شەخس». 74-بەت.

(25) جاڭ جىجۇڭ: «ھازىرقى شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە بىزنىڭ تۈپ قارىشىمىز ھەم پوزىتسىيىمىز» (مىنگونىڭ 36-يىلى 3-ئاينىڭ 30-كۈنى مەمۇرىي بىنادا ئۆرۈمچىدە تۇرۇشلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇل كادىرلىرىغا قىلغان سۆز).

(26) شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىتىمىدىكى «ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلايدىغان ھوقۇق بېرىدۇ» دېگەن ماددىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولۇۋاتقان سايلامنى كونترول قىلالماي قالغان ئەھۋال ئاستىدا، جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەر پەردە ئارقىسىدىن ئالدىغا سەكرەپ چىقىپ سايلامغا ئارىلىشىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلار خەلقتىن ئۇلارنىڭ (ھەربىيلەرنىڭ) ئىرادىسى بويىچە ئۇلار رازى بولىدىغان «يەرلىك ئەمەلدارلار»نى سايلاشنى تەلەپ قىلغان. جاڭ جىجۇڭ ھەربىيلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىغا كۆپ قېتىم قارشى تۇرغان. ئەمما ئۇ ھەربىيلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا ئوچۇق-ئاشكارا ئارىلىشىشىغىلا قارشى تۇرغان، بىراق ئۇ ھەربىيلەرنىڭ «پەردە ئارقىسىدا تۇرۇشى»غا، «ئارقىدا تۇرۇپ قوزغىتىشى»غا، جايلارنى كونترول قىلىشىغا قارشى تۇرمىغان، بىرلا

يېرى «باشتىنلا ئېھتىيات قىلىپ، ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىش كېرەك» دېگەن خالاس. قاراڭ: جاڭ جىجۇڭ «ھازىرقى شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە بىزنىڭ تۇتۇپ قارىشىمىز ھەم پوزىتسىيىمىز» (مىنگونىڭ 36 - يىلى 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەمۇرىي بىنادا ئۆرۈمچىدە تۇرۇشلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇل كادىرلىرىغا قىلغان سۆز».
(27) جاڭ جىجۇڭ: «ھازىرقى شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە بىزنىڭ تۇتۇپ قارىشىمىز ھەم پوزىتسىيىمىز» (مىنگونىڭ 36 - يىلى 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەمۇرىي بىنادا ئۆرۈمچىدە تۇرۇشلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇل كادىرلىرىغا قىلغان سۆز).
(28) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانىنىڭ ئارخىپى: سىياسى 1 - 3 - 9.
(29) «شىنجاڭنىڭ يېزا جەمئىيىتى». 1 - قىسىم، يېزا ئوقۇشلۇقلىرى نەشرىياتى 1988 - يىل نەشرى، 50 - بەت.
(30) «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا جەمئىيىتى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى، 112 - بەت.
(31) «شىنجاڭنىڭ يېزا جەمئىيىتى»، 1 - قىسىم، 82 - بەت.
(32) «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا جەمئىيىتى»، 44 - بەت.
(33) ئوۋېن لاتتىمور: «ئاسىيانىڭ ئوقى: شىنجاڭ ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئاسىيادىكى چېگرا رايونى»، 85 -، 178 -، 179 - بەتلەر.
(34) چېن لى: «غۇلجا ۋەقەسى ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە»، 11 - بەت.
(35) ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن: «شىنجاڭ جەمئىيىتىنى تەكشۈرۈش». 1951 - يىل مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخا، 39 - بەت.
(36)(37) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانىنىڭ ئارخىپى: سىياسى، 2 - 2 - 415.
(38) «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا جەمئىيىتى»، 44 - بەت.
(39) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى». 2 - قىسىم، 473 - بەت.
(40) «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا جەمئىيىتى»، 45 - بەت.

(41) «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا جەمئىيىتى»، 44 ـ بەت
(42) «جەنــۇبىي شــىنجاڭ يېــزا جــەمئىيىتى»، 45 ـ بــەت: «شـــىنجاڭ جەمئىيىتىنى تەكشۈرۈش»، 27 ـ بەت.
(43) «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا جەمئىيىتى»، 171 ـ بەت.
(44) ئۇۋېن لاتتىمور يازغان. ساۋ ۋېيفېڭ تەرجىمە قىلغان: «ئاسىيا تەدبىرى»، تىجارەت باسمىخانىسى 1962 ـ يىلى نەشرى. 88 ـ بەت.

# ئاخىرقى سۆز

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا
ايلاشقانلىقىغا قارىماي، شۇ چاغدىكى قالايمىقان خەلقئارا
ارائىتنى يىغىنچاق گەۋدىلەندۈرۈپ، شۇ چاغدىكى دۇنيا بويىچە
رنەچچە چوڭ دۆلەتنىڭ قوراللىق ئېلىشىشىنىڭ مۇھىم
ۈرۈنۈشىنى مەركەزلەشتۈرگەن. يەنە بىرمۇنچە يوشۇرۇنۇلمىغان
ارىخىي ۋەقەلەر باركى، ئۇلارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا
بىلىدۇ. پېقىر ئاپتور گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋاقتىدىكى
ىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىنى تونجى قېتىم مەركەزنىڭ
سياسىتى جەھەتتىن كۆزىتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى
قتىدىكى شىنجاڭ سىياسىتى ھەققىدە پۈتۈن دائىرىلىك،
سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ باردىم. بۇ يېڭى تەتقىقات
قتىئىنەزىرى يېڭىچە تەتقىقات رامكىسىنى ھاسىل قىلىپ،
ڭى تارىخىي ماتېرىياللارنى تېپىش لازىملىقىنى بەلگىلىگەن.
قىر بۇ ئىشنى ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە ئىشلىگەن بولسامۇ
ېكىن ئوبدان ئىشلىگەن بولۇشۇم ناتايىن. مەسىلەن، يېڭى
ارىخىي ماتېرىياللارنى تېپىشنى ئالساق، شارائىت
ەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ تەيۋەن رايونىدا ساقلانغان
ەزى بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى، يەنى جياڭ جيېشىنىڭ
اتىرىسىگە ئوخشاش ماتېرىياللارنى بىۋاسىتە كۆرۈشۈم ھازىرچە
ۇمكىن بولمىدى، شۇڭا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭ
سياسىتىنى تەييارلاش ۋە تۈزۈش جەريانى تازا ئېنىق بولماي
لدى، بۇنى بىر يېتەرسىزلىك دېمەي بولمايدۇ.

بۇ كىتاب پېقىرنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى

ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، تولۇقلاش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مەن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن تىرىشىپ ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇستازىم ۋېي لياڭتاۋ ئەپەندى بۇ دىسسېرتاتسىيەمنىڭ تېمىسىنى تاللاش، ئۇنى يېزىش ۋە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا يېتەكچىلىك قىلدى، پروفېسسور يۈ كۇنچى، تەتقىقاتچى شۇ خۇي، پروفېسسور سۈي جىچىڭ، پروفېسسور جۇ يىڭچۈەن، پروفېسسور يەن شىئەن، پروفېسسور لى چاڭشيەن، پروفېسسور يەن تاۋ، پروفېسسور ياڭ جيەنشىن، پروفېسسور ۋاڭ شىلۇڭ، تەتقىقاتچى رېن يىفېي، دوتسېنت خۇ ئاشياڭ، دوتسېنت يې مېيشيالار ئىنتايىن ئالدىراشلىق ئىچىدە دىسسېرتاتسىيىنى كۆرۈپ چىقتى ھەمدە ناھايىتى ئوبدان تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى. بۇ دىسسېرتاتسىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرى كىتابقا ئايلىنالىغانلىقى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاشۇ ئۇستازلارنىڭ دىسسېرتاتسىيىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى ۋە بۇنىڭغا ئىلھام بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ كىتابنى نەشر قىلىش جەريانىدا، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتىم. ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن ئېھتىرام ۋە سەمىمىي تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

خۇاڭ جيەنخۇا
2002-يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈنى
ئاۋئاتسىيە-ئالەم قاتنىشى
ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي
باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى

36.陈福霖：《通往权力之路：盛世才在新疆的最初几年（1930—1934)》，中国社会科学院近代史研究所《国外中国近代史研究》编辑部编《国外中国近代史研究》第 24 辑，中国社会科学出版社 1994 年版。
37.林正言：《盛世才简传》，台北，《传记文学》第 55 卷期。
38.郭殿丞述，徐存甫记《我随黄慕松宣慰新疆的经过纪实（未刊稿)，中国人民政治协商会议全国委员会文史资料研究委员会存稿编号 65—976。
39.沈社荣：《30 年代国民政府的西北战略意识》，《宁夏大学学报》1999 年第 3 期。
40.袁澍：《20 世纪 40 年代新疆政局风暴与美国领事馆》载《新疆师范大学学报》2002 年第 1 期。

## 四、报　纸

1.（南京）《中央日报》(1929—1937 年)，藏南京市图书馆。
2.《新疆日报》(1944—1949 年)，藏新疆日报社资料室

23.黄建华：《国民党政府的新疆政策述论》，《西北史地》1994年第4期。

24.黄建华：《杨增新的反腐败政策》，《新疆社科论坛》1999年第4期。

25.黄建华：《金树仁案探析》，《喀什师范学院学报》1994年第4期。

26.黄建华：《吴忠信与麦斯武德》，《新疆地方志》1996年第3期。

27.黄建华：《吴忠信辞职及其原因》，《喀什师范学院学报》1996年第1期。

28.黄建华：《1943—1949年国民党政府在新疆问题上的对苏政策》，《新疆大学学报》2002年第1期。

29.黄建华：《论国民党政府的新疆政策特点及其成因》，《新疆师范大学学报》2002年第2期。

30.黄建华：《北洋政府的新疆对苏政策》，《西北史地》1999年4期，中国人民大学复印报刊资料中心编《中国现代史》2000年第6期。

31.黄建华：《国民政府从盛世才手中谋取新疆的两次策划及失败的原因探析》，《喀什师范学院学报》2002年第2期。

32.黄建华：《吴忠信招降乌斯满的活动》，《西北民族研究》1999年第2期。

33.黄建华：《1944—1949年的新疆农田水利》，《新疆大学学报》1997年第1期。

34.王续添：《地方主义与民国社会》，《教学研究》2000年第2期；中国人民大学复印报刊资料中心编：《中国现代史》2000年第7期。

35.约翰·加弗：《新疆战场》，中国社会科学院近代史研究所《国外中国近代史研究》编辑部编《国外中国近代史研究》第20辑，中国社会科学出版社1992年版。

9.大森译：《新疆赤化的一剖面》，《西北评坛》1935 年
卷 2 期。

10.汤叔涛：《开发新疆的二个基本问题》，《开发西北》19
年 3 卷 4 期。

11.杨赞绪：《开发新疆实业管见》，《开发西北》1934 年
卷 1 期。

12.杨秉离：《日本国防计划与中国西北问题》，《西北问题
1934 年 1 卷 1 期。

13.薛衔天：《战后东北问题与中苏关系走向》，《近代史研
究》1996 年第 1 期。

14.高素兰：《盛世才入新疆主政经纬——（民国十九年至
二十三年）》，台北，《国史馆刊》1997 年 6 月出版。

15.邓力群：《新疆和平解放前后——中苏关系之一页》，《近
代史研究》1989 年第 5 期。

16.沈志华：《中苏结盟与苏联对新疆政策的变化（1944-
1950）》，《近代史研究》1999 年第 3 期。

17.赵明：《盛世才投靠蒋介石内幕》，《新疆社会科学》198
年第 3 期。

18.张连红：《国民政府战时外交决策机制初探》，《近代史
研究》1997 年第 2 期。

19.纪大椿：《维吾尔族度量衡旧制考索》，载殷晴主编《新
疆经济开发史研究》下册，新疆人民出版社 1995 年版。

20.黄建华：《蒋介石与新疆三区革命》，《中国边疆史地研
究》1999 年第 4 期，中国人民大学复印报刊资料中心编《中
国现代史》，2000 年第 7 期。

21.黄建华：《吴忠信与蒋介石在新疆问题上的分歧》，《新
疆大学学报》1999 年第 4 期。

22.黄建华：《迪化和谈前有关新疆问题的对苏交涉》，《西
北史地》1996 年第 1 期。

Oxford University Press,1953.（M.贝洛夫：《1944—1951年苏联的远东政策》，牛津大学出版社 1953 年版。）

5.Whiting,Allen S.& Sheng,Shih—ts' ai:Pawn or Pivot?Michigan State University Press,1958.（艾伦·怀汀、盛世才：《小卒或枢纽？》，密歇根州立大学出版社 1958 年版。）

6.Barnett,A.Doak,China on the Eve of the Communist Takeover,London,Thames & Hudson,1963.(宋希濂：《鹰犬将军——宋希濂自述》)

## 三、文　章

1.余贻泽：《新疆问题之症结》，《新亚细亚》1934 年 7 卷 5 期。

2.孟英庾：《英俄日角逐下之新疆问题》，《新亚细亚》1935 年 9 卷 2 期。

3.宗则：《望国人莫忽视新疆危机》(一)，《西北评坛》1935 年 2 卷 2 期。

4.郭维屏：《南疆事变与帝国主义者侵略新疆之分析》，《西北问题研究会会刊》1934 年 1 卷 1 期。

5.丁瑞馨：《新疆现状怎样改变》，《突厥》1937 年 4 卷 3—4 期合刊。

6.刘熙：《建设新疆之先决问题》，《边事研究》1935 年 1 卷 5 期。

7.于云疾：《新疆屯垦及今后之计划》，《新亚细亚》1931 年 2 卷 1 期。

8.陈延祺：《杨增新是如何缓解新疆财政危机的》，《新疆社会科学》1989 年第 1 期。

73.台北，天一出版社编：《罗家伦传记资料》，1985 年版

74.台北，天一出版社编：《王世杰传记资料》，1985 年版

75.陶文钊、杨奎松、王建朗：《中国对外关系》，中共党史出版社 1995 年版。

76.贺渊：《三民主义与中国政治》，社会科学文献出版社 1995 年版。

77.王绳祖主编：《国际关系史》，世界知识出版社 1995 年版。

78.吴福章编：《西安事变亲历记》，中国文史出版社 199 年版。

79.郭廷以：《近代中国史纲》，香港，中文大学出版社 198 年版。

80.《总动员与戡乱建国运动》，时代出版社 1947 年版。

## （二）英文

1.Forbes,Andrew D.W.,Warlords and Muslims in Chinese Central Asia: Political History of Republican Sinkiang 1911-1949, Cambridge University Press,1986（A.D.W.福布斯：《新疆军阀与穆斯林：1911—1949 年民国新疆政治史》，剑桥大学出版社 1986 年版。）

2.Lattimore,O.,Pivot of Asia:Sinkiang and the Inner Asian Frontiers of China, Little Brown & Co. ,1950（欧文·拉铁摩尔：《亚洲枢纽：新疆与中国内亚边疆》，立特布朗出版公司 1950 年版。）

3.Chen,Jack,The Sinkiang Story , MacMillan Publishing Co.,1977.（陈杰克：《新疆故事》，麦克米兰出版公司 1977 年版。）

4.Beloff,M,Soviet Policy in the Far East,1944-1951,

1962 年版。

58.徐矛：《中华民国政治制度史》，上海人民出版社 1992 年版。

59.陈力：《伊宁事变纪略》，正中书局 1948 年版。

60.中共新疆维吾尔自治区委员会政策研究室等多家单位组编：《新疆农村社会》，农村读物出版社 1988 年版。

61.《南疆农村社会》，新疆人民出版社 1980 年版。

62.中共中央新疆分局宣传部编：《新疆社会调查》，1951 年铅印本。

63.新疆维吾尔自治区丛刊编辑组：《维吾尔族社会历史调查》，新疆人民出版社 1985 年版。

64.《维吾尔族历史》编写组编著：《维吾尔族简史》，新疆人民出版社 1989 年版。

65.余振贵：《中国历代政权与伊斯兰教》，宁夏人民出版社 1996 年版。

66.张声作主编：《宗教与民族》，中国社会科学出版社 1997 年。

67.向青、石志夫主编：《苏联与中国革命》，中央编译出版社 1994 年版。

68.石柏林：《凄风苦雨中的民国经济》，河南人民出版社 1993 年版。

69.吴忠信：《主新日记》（未刊复印件），藏新疆社会科学院历史所资料室。

70.蒋中正：《苏俄在中国——中国与俄共三十年经历纪要》，台北，黎明文化事业公司 1982 年版。

71.全国政协文史资料委员会编：《中华文史资料文库》第 6 册，中国文史出版社 1996 年版。

72.郭德宏主编：《共产国际、苏联与中国革命关系研究述评》，中共党史出版社 1996 年版。

记》，新疆人民出版社 1994 年版。

41.新疆三区革命史编纂委员会编：《新疆三区革命领导人向中共中央的报告及文选》，新疆人民出版社 1995 年版。

42.公安部档案馆编注：《在蒋介石身边八年——侍从室高级幕僚唐纵日记》，群众出版社 1992 年版。

43.《盛世才祸新记略之二》，1945 年油印本。

44.刀抱石编：《民国吴礼卿先生忠信年谱》，台北，商务印书馆 1988 年版。

45.《新疆冤狱始末》编写组：《新疆冤狱始末》，中国青年出版社 1990 年版。

46.张宪文主编：《中华民国史纲》，河南人民出版社 198[illegible] 年版。

47.陶峙岳：《陶峙岳自述》，湖南人民出版社 1985 年版。

48.徐迅：《民族主义》，中国社会科学出版社 1998 年版。

49.《革命文献》，第 69、70 辑，台北，"国民党中央委员会党史史料编纂委员会" 1976 年版。

50.张治中：《七十回忆录》（附录），油印本。

51.新疆民族研究所近代史室编：《新疆革命史参考资料访问材料汇编》（二），1981 年打印本。

52.王云五主编：《民国朱上将绍良年谱》，台北，商务印书馆 1981 年版。

53.郭岐：《黄沙碧血战新疆》，台北，圣文书局 1986 年版。

54.F.C.琼斯著，复旦大学外语系译《1942—1946 年的远东》，上海译文出版社 1978 年版。

55.宋希濂：《鹰犬将军——宋希濂自述》，中国文史出版社 1986 年版。

56.［美］高沃龙著，刘戟锋等译：《对手与盟友》，社会科学文献出版社 1992 年版。

57.拉铁摩尔著，曹未风译：《亚洲的决策》，商务印书馆

26.余淇邦：《张治中——张治中机要秘书回忆录》，吉林文史出版社 1992 年版。

27.余湛邦：《张治中与中国共产党——张治中机要秘书回忆录》，中共中央党校出版社 1991 年版。

28.周昆田：《三民主义边疆政策》，台北，“中央文物供应社”1984 年版。

29.周昆田：《边疆政策研究》，台北，蒙藏委员会编印 1962 年版。

30.吴绍麟：《新疆概观》。

31.包尔汉：《新疆五十年》，文史资料出版社 1984 年版。

32.新疆维吾尔自治区政协文史资料委员会编：《新疆文史资料选辑》

第 2 辑，新疆人民出版社 1979 年版。

第 5 辑，新疆人民出版社 1979 年版。

第 6 辑，新疆人民出版社 1980 年版。

33.《总统蒋公思想言论总集》，台北，“国民党中央委员会党史委员会”1984 年版。

34.［美］齐锡生著，杨云若、萧延中译：《中国的军阀政治（1916—1928）》，中国人民大学出版社 1991 年版。

35.黄绍竑：《五十回忆》，岳麓书社 1999 年版。

36.台北，“中华民国外交部”编印：《苏联对新疆之经济侵略》，1950 年版。

37.［日］古屋奎二：《蒋总统秘录——中日关系八十年之证言》，台北，中央日报社译印 1976 年版。

38.［美］黄仁宇：《从大历史的角度读蒋介石日记》，中国社会科学出版社 1998 年版。

39.蒋经国：《风雨中的宁静》，台北，黎明文化事业公司 1977 年版。

40.新疆三区革命史编纂委员会编：《新疆三区革命大事

10.曾问吾：《中国经营西域史》，上海商务印书馆 1936 年版。

11.王柯：《民族与国家——中国多民族统一国家思想的系谱》，中国社会科学出版社 2001 年版。

12.新疆维吾尔自治区交通史志编纂委员会编：《新疆公路交通史》第一册，人民出版社 1992 年版。

13.王铁崖编：《中外旧约章汇编》第三册，三联书店 196 年版。

14.张大军：《新疆风暴七十年》，台北，兰溪出版社 198 年版。

15.新疆社会科学院历史所编著：《新疆简史》第三册，新疆人民出版社 1987 年版。

16.白振声、[日]鲤渊信一主编：《新疆现代政治社会史略》中国社会科学出版 1992 年版。

17.蔡锦松：《盛世才在新疆》，河南人民出版社 1998 年版

18.朱培民：《新疆革命史》，新疆人民出版社 1993 年版。

19.厉声：《新疆对苏（俄）贸易史（1600—1990）》，新疆人民出版社 1993 年版。

20.新疆三区革命史编纂委员会编纂：《新疆三区革命史》民族出版社 1998 年版。

21.新疆三区革命史编纂委员会编：《新疆三区革命领导人向中共中央的报告及文选》，新疆人民出版社 1995 年版。

22.新疆维吾尔自治区党史工作委员会等部门编：《新疆和平解放》，新疆人民出版社 1990 年版。

23.新疆三区革命史编纂委员会：《新疆三区革命大事记》，新疆人民出版社 1994 年版。

24.高屹：《蒋介石与西北四马》，警官教育出版社 1993 年版。

25.张治中：《张治中回忆录》，文史资料出版社 1985 年版。

第六编　傀儡组织，1981 年版。

第七编　战后中国，1981 年版。

5.中国科学院历史研究所第三所南京史料整理处选辑：《中国现代政治史资料汇编》第 4 辑（1946—1949），1961 年油印本。

6.陈志奇编辑：《中华民国外交史料汇编》，台北，渤海堂文化公司 1996 年版。

7.台北，“中央研究院”编《中俄关系史料——新疆边防（中华民国六——八年）》，1961 年版。

8.陈春华译：《斯大林与蒋经国会谈记录（1945.12—1946.1）》，中共中央党史研究室、中央档案馆、中央党史出版社编《中共党史资料》第 61 辑，1997 年 3 月。

## 二、书　籍

### （一）汉　文

1.陈力：《伊宁事变纪略》，正中书局 1948 年版

2.褚民谊：《视察新疆报告》，油印本，藏甘肃省图书馆。

3.吴蔼宸：《新疆记游》，商务印书馆 1935 年版。

4.蒋君章：《新疆经营论》，正中书局 1937 年版。

5.广禄：《广禄回忆录》，台北，文星出版社 1964 年版。

6.杨增新：《补过斋文牍》。

7.杨增新：《补过斋文牍续编》。

8.杨增新：《补过斋日记》。

9.杨增新：《补过斋读老子日记》。

# 主要参考资料

## 一、档　案

1.新疆维吾尔自治区档案馆档案政治类。

2.新疆社会科学院历史所资料室藏档案抄件。

3.中国第二历史档案馆编:《中华民国史档案资料汇编》。

第五辑第一编,《政治》(五),江苏古籍出版社 1994 年版。

第五辑第二编,《政治》(四),江苏古籍出版社 1998 年版。

第五辑第一编,《文化》(二),江苏古籍出版社 1994 年版。

4.秦孝仪主编:《中华民国重要史料初编——对日抗战时期》。

绪　编　台北,"国民党中央委员会"编印 1990 年版。

第二编　作战经过,1981 年版。

第三编　战时外交,1981 年版。

第四编　战时建设,1988 年版。

责任编辑：卡哈尔·普拉提
责任校对：胡达拜尔的

图书在版编目(CIP)数据

国民党政府的新疆政策研究/黄建华著；
艾·帕萨尔译.一北京：民族出版社，2005.6
ISBN 7-105-07114-1

Ⅰ.国... Ⅱ.①黄...②艾...Ⅲ.国民政府—新疆
—政策—研究—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.D693.62

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第072920号

出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街14号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2005年7月第1版　2005年7月北京第1次印刷
开　　本：850毫米×1168毫米
印　　张：15.75
印　　数：0001-3000册
定　　价：22.00元

مەسئۇل مۇھەررىر : قاھار پولات
مەسئۇل كوررېكتور : خۇدابەردى خېلىل

# گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەخمەت پاسار


| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ<br>پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | دېشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2005 ـ يىل 7 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2005 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168م م. 32كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 15.75 |
| سانى | : | 0001 ـ 3000 |
| باھاسى | : | 22 .00 يۈەن |